


# يەھۇدىيلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش تارىخى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# يەھۇدىيلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش تارىخى

پاتىگۈل ئەخمەت

تەرجىمە قىلغۇچىلار : ئابدۇجېلىل ئابدۇخېلىل

سادىق ئابلاجان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# تەرجىماندىن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن.

ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ باھانە - سەۋەبى بولىدۇ، قولىمىزدىكى «يەھۇدىيلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش تارىخى» ناملىق بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشىمىزغا ئۆزۈمىزنىڭ يەھۇدىيلار تارىخىغا بولغان قىزىقىشىمىز، خەلقىمىزنىڭ يەھۇدىيلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ يۈزەكىلىكى قاتارلىق ئامىللار سەۋەب بولغاندىن تاشقىرى، مۇھىمى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق ئېسىل ماقالىسىدىكى «ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت» قارىشى زور تۈرتكە بولدى، ئالىم ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

ئېيتىش كېرەككى، ھەر بىر ئادەمنىڭ، مەيلى ئۇ تۇغۇلما قابىل ياكى ساھىپجامال بولسۇن، مەيلى ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىئون ياكى جامائەت ئەربابى بولسۇن، مەيلى ئۇ ئىقتىساد ياكى ئىلىم - سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسۇن، ئۇنىڭ كامالەت ياكى مەئىشەت دەرىجىسى، شەخسىي ئىززىتى ۋە رىقابەت كۈچى، بەختى ۋە تەقدىر - قىسمەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ شەخسىي ئىرادىسى ياكى مۇناسىۋەت ئەۋزەللىكى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ھالقىپ - قاڭقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان، ئۇ تەۋە ئېتنىك تۈركۈمنىڭ ئومۇمىي ھالەت چەمبىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ شەخس تەقدىرىنىڭ مىللەت ھالىتىگە بېقىنىش قانۇنىدۇر.



**图书在版编目(CIP)数据**

犹太民族复兴之路/潘光等著;阿布都吉力力等译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.10
据上海社会科学院出版社 1998 年汉文版译
ISBN 7—228—06760—6

Ⅰ.犹… Ⅱ.①潘… ②阿… Ⅲ.犹太人—民族历史—研究—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 075364 号

责任编辑:巴力江·扎帕尔
责任校对:阿达来提·买合苏提
封面设计:努尔买买提·吾买尔

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 15.875 印张 2 插页
2001 年 12 月第 1 版 2001 年 12 月第 1 次印刷
印数 1—3000

ISBN 7—228—06760—6/K＊958 定价:22.00 元

ھازىرقى دۇنيا مىللەتلىرىنى ئۇلارنىڭ مەلىكە - كامالەت ۋە رىقابەت ئىقتىدارىغا قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈش مۇمكىن. ئۇلار: «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت»، «ئىجتىمائىي مىللەت» ۋە «سىياسىي مىللەت»تىن ئىبارەت.

«ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» دېگەندە، ئومۇمەن مىللەتشۇناسلىق شەرتلىرى بويىچە ئۆلچىگەندە، مىللەتلىك شەرتلىرى تولغان مىللەتنى نەزەردە تۇتىمىز. ئۇيغۇرلار ئۆز تىل - يېزىقى، تارىخى، فولكلور بايلىقى، مائارىپ سىستېمىسى، مۇقام - مەشرەپ خەزىنىسى، كلاسسىك ۋە يېڭى زامان ئەدەبىياتى، توي - تۆكۈن ۋە ئۆلۈم - يېتىم يوسۇنلىرى، مىللىي مەدەنىيەت ئىرسىيىتى بولغان تىپىك ئېتنولوگىيىلىك مىللەتلىكى سۆزسىز. ئۇلاردىكى كۆپلىگەن ئېپتىخارلىق خاسىيەتلەر بىلەن بىر قاتار ئىللەتلەر، دەل مۇشۇ مۇقامغا يەتكەنلىك، ئەمما ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمىگەنلىك بىلەن توغرا تاناسىپتۇر. كۆپ ھاللاردا ئۇلار مىللەتنىڭ ئېپتىخارى ۋە ئار - نومۇسىغا چېتىلىدىغان نەرسىلەرگە كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت ئىپادىلىسىمۇ، ئۇنى ئاقىلانە تەھلىل قىلىش، راست - يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاجىزلىق قىلىدۇ. مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن ئۇلارنى بىر - بىرىگە ھەتتا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىگە قارشى سۆز - چۆچەككە سېلىش مۇمكىن. مانا بۇ، گۇماندا بولۇپ، ئىشەنچتە بولماسلىق، غەزەپتە بولۇپ، ئەقىلدە بولماسلىقتۇر.

«ئىجتىمائىي مىللەت» دېگەنلىك ئېتنولوگىيىلىك مىللەتنى «تەبىئىي مىللەت» دەپ قاراشقا سېلىشتۇرما قىلىنغان بولۇپ، ئېتنولوگىيىلىك مىللەتتىن ئۆزىنىڭ بىر بالداق ئۈستۈنلۈكى بىلەن خاراكتېرلەنگەن مىللەتتۇر. ئەگەر بىز ئېتنولوگىيىلىك مىللەتنى ئومۇمىي تۈركۈم ئېڭى ۋە مىللىي ھەمدەملىككە ئېرىشمىگەن مىللەت، دەپ قارىساق، ئىجتىمائىي مىللەتنى بۇنداق ئاڭ، بۇنداق ھەمدەملىككە ئېرىشكەن مىللەت دېيىشىمىز مۇ-



كىن. ئىجتىمائىي مىللەتنى ئېتنولوگىيىلىك مىللەتتىن ئۈستۈن قىلغان نەرسە ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان تۈركۈم ئېڭى، كۈچلۈك ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى، ئاڭلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ۋە بۇ ئۈچىدىن مۇجەسسەم بولغان ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئۈستۈنلۈكىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، ئىجتىمائىي مىللەتنىڭمۇ بىر قاتار خۇنۇكلىكلىرى، زەئىپلىكلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئالاھىدە ئۈستۈن بولىدۇ. ئۇلار بىكار تەلەپ لايغەزەللىك، تەلۋىلەرچە ھەشەمەتخورلۇق، مىللەتنىڭ ھەمدەملىكىدىن ئېشىپ چۈشكەن يۇرتۋازلىق، ئۆز مەنپەئىتى ياكى گۇرۇھ مەنپەئىتى ئۈچۈن مىللەت گەۋدىسىنى پېتىقلاپ دەپسەندە قىلىشتىن خېلىلا چەتلەشكەن. بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئۆز قېرىنداشلىرىغا خەيرخاھلىق - تىلەكداشلىق قىلىش ئۇلارنىڭ دائىمىي ئالامىتى.

«سىياسىي مىللەت» دېگەن ئىبارە مىللەتلەرنىڭ كامالەت دەرىجىسىنى «ئىجتىمائىي مىللەت» كاتېگورىيىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، ئادەتتىكى سىياسىي سەلتەنەت مەنىسىگە قارىتىلمىغان. «سىياسىي مىللەت» ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مىللىي - ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، مىللىي ئاڭ ۋە بىرلىك - ھەمدەملىككە، رىقابەت ۋە ئىجادىيەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئۆزگىچە ئالامەتلىرى بىلەنمۇ كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ئۇلار يالغۇز پەن - تېخنىكا، تاۋار ۋە سودىدا دۇنياۋى تەسىر قوزغاپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇشنى تەشكىللەش، تۇرمۇش مەدەنىيىتى جەھەتتىمۇ باشقا خەلقلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان؛

ئۇلار ئۆز مىللىي تۈركۈمىنى ئەۋزەللىك بىلەن گۈللەندۈرۈپ قالماستىن، يەنە ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىغان. ئۆز مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي مىللەت، «تەبىئىي مىللەت» چاغلىرىدىكى غەيرىي

ئىنسانپەرۋەر، غەيرلي مەدەنىي ئىللەتلىرىنى ئاشكارا، سىستېمى-
لىق تەنقىد - مەسخىرە قىلىشقا تۇتۇنغان، بۇ ھەقتە ئەسەرلەر
نەشىر قىلغان، كىنو - فىلىملەر ئىشلىگەن؛

ئۇلار نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىدا،
ئىنسانىيەت تارىخىنى كەلگۈسى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىزدىنى-
شىدە ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان بولىدۇ.

توپلىشىپ ياشايدىغان ياپونلار بىلەن تارقىلىپ ياشاش ئازابى-
نى باشتىن كەچۈرگەن يەھۇدىيلارغا نەزەر سالساقلا كۇپايە. يا-
پونلار كىچىككىنە، ئۇنۇمسىز، تاغلىق ئارالنى ماكان قىلغان،
مەدەنىيەت تارىخىغا خېلىلا كېيىن قەدەم قويغان مىللەت. ئۇلار-
دىكى ياشاش - رىقابەت كۈچى تۈركۈم ئىگى ۋە مىللەتنىڭ قاتتىق
ھەمدەملىكىگە شۇ قەدەر زىچ مەركەزلەشكەنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ
ئۆز زېمىنىدىكى ۋە چەت ئەلدىكى ھەر بىر قەدىمى، ھەر بىر
سۆزى، ھەر بىر ھەرىكىتىگە مىللىي نومۇس - ئىپتىخارىنى
ئۆلچەم قىلغان. ئۇلار خەلق ئىگىلىكى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى
يۇقىرى ئۈنۈمدارلىق مۇمكىنلىكى ئۈستىگە ئۇيۇشتۇرغان. يەھۇ-
دىيلارمۇ ئازغىنە خەلق. ئۇلار تارىخىي ھادىسىلەر سەۋەبىدىن
چەت ئەللەرگە چېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، نەدە تۇرمۇش پاراۋان
بولسا شۇ يەرگە ئۆزىنى ئاتماي، يەنىلا كىچىككىنە بولسىمۇ، ئانا
زېمىنى ئىسرائىلىيىگە تەخىرسىز توپلىنىپ، تېز ئارىدا كۈچلۈك
رىقابەت قۇدرىتىگە ئېرىشتى.

ئەلۋەتتە، بىرىنچىدىن، ھازىرقى بۇ ئۈچ خىل مىللەت كاتې-
گورىيىسى تۇغما ياكى ئۆزگەرمەس قېلىپتا قۇيۇلغان ئەمەس.
ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ يېتىلىش تارىخىدا بۇ پەللىلەرنى
بېسىپ ئۆتۈشى ياكى چېكىنىپ تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن.
ئىككىنچىدىن، ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئىچىدىكى يۇقىرى
كاتېگورىيىدە تۇرغان مىللەتمۇ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاجىزلىق-
لار، بۆھران ۋە زىلزىلىدىن خالىي ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ



تېخىمۇ يۇقىرى كامالەتكە يۈزلىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت.

مانا، ھازىرقى جاھان مىللەتلىرىنىڭ قول ئىلكىنىڭ ئۇزۇن
- قىسقىلىقى، تۇرمۇش رىسقى، يۈز - ئابرۇيى، مەتبۇئات نوپۇ-
زى، تونۇلۇش دەرىجىسى، تەسىر دائىرىسىنى بەلگىلەپ تۇرغان
ئۈچ تامغا!

مانا ئەمدى ئۆزىمىزگە قايرىلىپ بىر قارايلىچۇ!

ئۇلۇغبېك پاجىئەسىدىن كېيىن ئەدىب - شائىرلىقتىن باشقا
بىزدە كۆرۈنگەن ئالەمشۇمۇل ئالىملار چىقمىدى، مەنىۋى مەدەنى-
يەت خەزىنىمىز ھېسسىي سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنى بىردىنبىر ئىپ-
تىخار پەللىسى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قولىمىزنىڭ يەتكىنى
ئۇسسۇل، دېمىمىزنىڭ يەتكىنى ناخشا بولدى! بىز «ئېتنولوگى-
يىلىك مىللەت» كاتېگورىيىسىدىكى «ناخشا - ئۇسسۇل مىللە-
تى»، «شېئىر مىللىتى» بولۇپ قېلىۋەردۇق. بوياقچىدىن ئار-
تۇقراق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇقراق فىزىكلىرىمىز بولمى-
دى. . .

سەنئەتتە داڭ چىقارغان، سەنئەتكە يۈلىنىپ تىرىكچىلىك
قىلىدىغان سىگانلارنىڭ ئاقىۋەتتە يۇرت - ماكانسىز جاھان كېزىپ
تىلەپ - تېرىپ ياشاشقا چۈشكەن لاماكانلىقى بىلەن، تارىخ بوران-
لىرىدا چېچىلىپ، جەڭ - جېدەللەردە قىرىلىپ ھالى قالمىغان
يەھۇدىيلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئۆتكۈر پەنلەرگە بولغان
يۈكسەك ئېتىبارىدىن «ئالىملار مىللىتى»، قۇدرەتلىك، زامانى-
ۋى مىللەت كامالىتىگە يەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمى-
دۇق.

«شېئىر مىللىتى» دېگەن نام بىلەن «تالانتلىق»، «ئاتاق-
لىق» ئىبارىلىرىگە مەست بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىمىز
نېمىشقا مىللىتىمىزنى «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» دىن ھېچ بول-
مىغاندا «ئىجتىمائىي مىللەت» لىك مۇقامىغا كۆتۈرمىگەنلىكىنى
ئويلاپ كۆردۇقمۇ؟

ھەممىگە مەلۇم ئۇلۇغبېك پاجىئەسىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ نوقۇل «كەتمەن بىلەن ھوسۇل»، «ناماز بىلەن غوسۇل»، «دۇتار بىلەن ئۇسسۇل»دىن ئىبارەت بارى - يوقى ئۇچلا شادىلىق پىرقىرىما چاقىقا بەنت بولغان مىللەت ئەمەس ئىدى.

قېنى ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، بۇگۈنكى كۈندە مەنسەپ تاپسا ئۆيمۇ ئۆي زىياپەت، پۇل تاپسا مەككە - مەدىنىگە زىيارەت، بۇ ئىككىسى بولمىغاندا كاللا - پاقالچاق، ئۆپكە - ھېسىپ چاغلىق تىجارەتتىن باشقىسىغا قۇربىتى يەتمىگەن خەلق يەنىلا كونا مۇقامىغا يورغىلىسا، ئەسىر ئالماشقان بىلەن ئۇنىڭ رىسقى - نېسىۋىسى ئالمىشارمۇ؟!

يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە «ئەۋلىيا چەتتىن، مۇرت بىزدىن» بولۇپ، ئىچكى نىزا ۋە تەپرىقچىلىكتە ئېرىشكىنىمىز زادى نېمە بولدى؟ يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان دىنىي مەزھەپچىلىك بىلەن مۇرت - مۇخلىسلىق پىرقىۋازلىقى، يۇرتۋازلىق - مەھەللىۋازلىق، موللام ياكى ئەپەندىلىرىمىزدىكى كىچىك گۇرۇھۋازلىق، ئەل غېمىنى مۇز دەرياغا پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتكەن مەنسەپ - بالداق ھېرىسمەنلىكى، تۇركۇم ئېڭى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىنىڭ تەلۋە دەبدەبىلىرى بىلەن دەل - دەرەخسىز جەزىرىدىكى قۇيۇنتازدەك مەسئۇلىيەتسىز پىتنە - ئىغۋا تۆھمەتخورلۇقى قاتارلىق ئالتە زەھەر تۇپەيلىدىن «ئوغۇز سۈتىدەك ئۇيىماق» دېگەن مەنىدىكى «ئۇيغۇر»لار ئۇيۇشۇش كۈچىنى «ئېچىغان سۈت» كە ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە «ئىسمىمىز ئۇيغۇر، ئىشىمىز ئۇرغۇي» بولۇپ چىقتى.

گەرچە تارىخىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق سەھىپىلىرى بىر - بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، ئەمما بىرقەدەر كۈچلۈك ئۇيۇشقاقلىق ئۇلىدا جىلۋىلەنگەنىدى. ئۇيغۇرلار دىغار، ھۇن، تېلى قەبىلىلىرى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنى بىرلەشتۇرۇپ جۇجان



ۋە كۆكتۈرك خانلىقىنى غۇلىتىپ، تاڭ سۇلالىسى سەلتەنىتىنى ئوڭلۇك - سۆيگۈن قوشۇنلىرى بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ تالاڭ قىلغۇچ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يىپەك يولىنى نەچچە قېتىم ئوزۇپ قويغان كۈچلەرنى تازىلاپ، سامانىلارنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۆز تەسىرىنى ئەرەب خەلىپىلىكىگىچە كېڭەيتىپ، ئۆز تىلىنى ئىمپېرىيە تىلى - ئەرەب تىلى بىلەن «بەيگىدىكى ئاتتەك» مەرتىۋىگە كۆتۈرۈپ ئىچكى ئۇيۇشۇش ۋە سىرتقا قارىتا بىرلىك - ھەمدەملىكىنىڭ شاراپىتىنى نامايىش قىلغانىدى. ۋەھالەنكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنى چېكىندۈرگەن، چىڭگىزخان سەلتەنىتىگە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىغان بۇ خەلق كېيىنچە ئەھمەتشاھ قاراقاشى غەزىلىدىكى «ئات» ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى!

بىلىشىمىز كېرەككى ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بىزگە ئۆز ئەقىل - ئىدراكىمىزدىن باشقا ھېچقانداق خىزىر رەھناما ئەمەس!

مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ يازمىلىرى بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئاشۇنداق چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغان كۈنلىرىمىزنىڭ بىرىدە ئۈرۈمچىدىكى «يىشىن كىتابخانىسى»دا قولىمىزدىكى بۇ كىتابنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. بەس - بەستە سېتىۋېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلەر قاتارىدا بىزمۇ بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۇيۇشۇش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بۇ تىپىك «سىياسىي مىللەت»نىڭ قەد كۆتۈرۈش تارىخىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتۇق. ئوقۇپ بولۇپ تەرجىمە قىلىش نىيىتىگە كەلدۇق. بۇ جەرياندا ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرىدىكى بىر قىسىم مەسئۇل يولداشلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغىمۇ مۇيەسسەر بولدۇق. ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن تەرجىمە قىلىشقا رەسمىي تۇتۇندۇق. يېرىم يىلدەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاخىر بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولدۇق.

بۇ كىتاب كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى ھېكايە - رومانلار-نى ئوقۇشقا ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشقا مەجبۇرلىمايدىغان ئام-مىباب ئوقۇشلۇقلارنى ئوقۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئوقۇرمەنلە-رىمىزنىڭ سىياسىي تەپەككۇرىغا قۇۋۋەت بېغىشلاپ، مىللىي ئېڭىنى سەگىتىپ ۋە يېڭى ئەسىر تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئەڭ مۇھىمى ئەمەلىيەتچىل بولۇشقا دالالەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگە-لەرنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى چۈشىنىش تەشنالىقىغا ئازراق بولسىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزگەن بولسا ئىدى بۇ ئەمگىكىمىزدىن رازى بولغان بولاتتۇق.

پاتىگۇل ئەخمەت
ئابدۇجېلىل ئابدۇخېلىل
سادىق ئابلاجان

2001 - يىل، يانۋار.



## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1

بىرىنچى بۆلۈم
ئۆزۈلمىگەن رىشتە

بىرىنچى باب ئالاھىدە تاللانغان مىللەت ۋە ئىجازەت قىلىنغان يەر ........................................ 3

§ 1 . قەدىمكى يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشى، خا-رابلىشىشى ۋە يەھۇدىيلار سەرسان بولۇش دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ........................................ 3

1 . ئەبراھامدىن مۇساغىچە........................ 3

2 . ئىبرانىي پادىشاھلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب-لىشىشى ........................................ 7

3 . يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە دەسلەپكى ئۆچ قېتىملىق چوڭ چېچىلىپ كېتىش ........... 9

§ 2 . دىن ئارقىلىق دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ........................ 13

1 . دىن ئارقىلىق دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ........................ 13

2 . دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىدىيە ئاساسى ........................ 17

ئىككىنچى باب قۇتقۇزۇلۇش، سىگىپ كېتىشتىن دۆ-

**لىتى ئەسلىگە كەلگۈچە ........................ 22**

§1 . يەھۇدىيلاردىكى دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە
كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئۆزگىرىشى ......... 23
1 . ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا يەھۇدىيلارغا قار-
شى دولقۇن........................................ 23
2 . مىسسىيە كومپىدىيىسى .............................. 26
§2 . ئازادلىق دولقۇنى ۋە سىڭىپ كېتىش خام
خىيالى ........................................ 29
1 . ياۋروپادا يەھۇدىيلارنىڭ ئازاد بولۇشى ......... 29
2 . مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە سىڭىپ كېتىش...32
3 . «يەھۇدىيلار مەسىلىسى» ھەل بولمىدى ....... 33
4 . يەھۇدىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ يېتىلىشى.......... 36
§4 . سىياسىي زىئونىزم نەزەرىيىسىنىڭ شەكىل-
لىنىشى ........................................ 39
1 . خېس ۋە ئۇ يازغان «رىم ۋە ئېرۇسالېم»...40
2 . پىنسكېر ۋە ئۇنىڭ «ئۆزىنى ئازاد قىلىش»
ناملىق كىتابى........................................ 43
3 . خېرزل ۋە ئۇ يازغان «يەھۇدىي دۆلىتى» ... 45

**ئۈچىنچى باب قايتىشنىڭ باشلىنىشى............ 53**

§1 . زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى ئەۋج
ئېلىشى ........................................ 53
1 . 1882 - يىلدىن بۇرۇنقى پەلەستىن ۋە كونا
يىشوۋ ........................................ 53
2 . روسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنىڭ
قىيىن ھالى ........................................ 58
3 . مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتى ۋە
كاتوۋىتسې يىغىنى ........................................ 63





4 . بىلۇ ۋە بىرىنچى قېتىملىق ئالىيا ........... 67
§2 . زىئونىزم ھەرىكىتى پۈتكۈل يەر شارىغا يۈز
لەندى ........................................ 71
1 . باسېل يىغىنى ........................................ 71
2 . پۈتۈن كۆچۈپ بىلەن ئاتالغان ئەمەلىيەتتىن
ئۆتكۈزگۈچىلەر ........................................ 77
3 . ئۇگاندا لايىھىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە.......... 81

**تۆتىنچى باب ھەركىم ئۆزى خالىغاننى ئېلىش...... 86**

§1 . بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى زىئونىزم
ھەرىكىتى ۋە پەلەستىن ........................ 87
1 . خېرزلدىن كېيىنكى دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى 87
2 . ئىككىنچى قېتىملىق ئالىيا ۋە كىببۇزنىڭ يېتىل-
دىن بارلىققا كېلىشى ........................ 93
3 . ھازىرقى زامان ئەرەب - يەھۇدىي توقۇنۇشىنىڭ
پەيدا بولۇشى ........................................ 101
§2 . بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى زىئونىزم
ھەرىكىتى ۋە پەلەستىن........................ 107
1 . ئۇرۇش مەزگىلىدە پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ
ئەھۋالى ........................................ 107
2 . زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گېر-
مانىيەپەرەسلەر ۋە ئەنگلىيەپەرەسلەر ............ 110
3 . ۋېيزماننىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەسەۋ-
ۋۇرى ۋە تىرىشچانلىقى ........................ 114
4 . ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىنگە قاراتقان ئىستراتېگىيە-
لىك غەرىزى ........................................ 118
§3 . بالفور خىتابنامىسى ........................ 124
1 . بالفور خىتابنامىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە

ئېلان قىلىنىشى …………………………… 124

2. بالفور خىتابنامىسىنى ئېلىگىرى سۈرگەن ئامىللار ……………………………… 129

3. خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدا كىم ئۈتتى 138


ئىككىنچى بۆلۈم

## مۇقەددەس يەرنى تالىشىش


**بەشىنچى باب يەھۇدىيلارنىڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى «مىللىي يۇرتى» ………… 143**

1 §. يەھۇدىي كۆچمەنلەر پەلەستىنگە كەلدى …… 144

1. ئۈچىنچى قېتىملىق ئالىيا ……………… 144

2. تۆتىنچى قېتىملىق ئالىيا ……………… 148

3. بەشىنچى قېتىملىق ئالىيا ……………… 154

2 §. پەلەستىندە يەھۇدىيلار «مىللىي يۇرتى» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ……………… 158

1. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ……………… 158

2. مەدەنىيەت تەرەققىياتى ……………… 163

3. «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت» ……………… 166

**ئالتىنچى باب ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار توقۇنۇشىنىڭ تەدرىجىي ئۆرلىشى ۋە ئەنگلىيە سىياسىتىنىڭ تەڭشىلىشى ……………… 170**

1 §. ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى دەسلەپكى سۈركىلىش ۋە ئەنگلىيە سىياسىتىنىڭ «ئازراق تەڭشىلىشى» ……………… 171

1. ئەرەبلەر پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى دەسلەپكى سۈركىلىش ……………… 171

2. «چېرچىلنىڭ ئاق تاشلىق كىتابى» — ئەنگلىيەنىڭ سىياسىتىدە «ئازراق تەڭشەش» باشلاندى… 177

2 §. ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ۋە ئەنگلىيە سىياسىتىنىڭ لىڭشىپ قېلىشى ……………… 181

1. 1929 - يىلىدىكى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار توقۇنۇشى ……………… 181

2. «پاسسفېيلد ئاق تاشلىق كىتابى» ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ماجىرا ……………… 183

3. زىئونىزم لاگېرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش ……………… 188

3 §. 1936 - ~ 1939 - يىللاردىكى ئەرەبلەر قوزغىلىڭى ۋە ئەنگلىيە سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى… 194

1. 1936 - يىلىدىكى ئەرەبلەرنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشى ۋە قوراللىق قوزغىلىڭى……………… 194

2. پېئېلنىڭ دوكلاتىدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسى پەيدا قىلغان مۇنازىرە……………… 198

3. ئەرەبلەر قوزغىلىڭىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى ۋە «17 - ماي ئاق تاشلىق كىتابى»… 203

**يەتتىنچى باب چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق ئېلىشىشى ۋە ئۇرۇش سايىسىدىكى پەلەستىن …… 211**

1 §. پەلەستىن — ياۋروپانىڭ «يان قانىتى» دىكى تالىشىش جېڭىنىڭ مۇھىم ھالقىسى ……………… 212

1. گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ پەلەستىنگە قىستاپ كىلىپ تەھدىت سېلىشى (1933—1939) … 212

2. ئوتتۇرا شەرق فرونتى ۋە پەلەستىن ......... 215
§ 2 . ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش ۋە يىشوۋنىڭ تەرەققىياتى ........................................... 220
1 . 2 . دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش ........... 220
2. ئۇرۇش مەزگىللىرىدىكى يىشوۋنىڭ تەرەققىياتى ........................................... 227

ئۈچىنچى بۆلۈم

## ئارزۇنىڭ چىنلىققا ئايلىنىشى

**سەككىزىنچى باب ناتسىستلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ۋە زىئونىزمنىڭ يەنە دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى ........................................ 233**
§ 1 . ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى زوراۋانلىقلىرى ........................................ 234
1. يەھۇدىيلارغا، كوممۇنىزمغا قارشى 20 - يىللاردىكى ئېقىم ۋە گىتلېرنىڭ فاشىستىك نەزەرىيىسى ........................................ 234
2. زىيانكەشلىك قىلىش، قوغلاش ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن «ئاخىرقى ھەل قىلىش» ............... 236
§ 2 . زىئونىزمنىڭ يەنە دولقۇن بولۇپ شەكىللىنىشى ........................................ 243
1. ئاپەت ئىچىدىكى يەھۇدىي مىللىتى: قۇتۇلدۇرۇش - ياردەم بېرىش، قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە زىئونىزمنى ئېتىراپ قىلىش ..................... 243
2. غەيرىي يەھۇدىيلار دۇنياسىنىڭ يەھۇدىيلارغا



ھېسداشلىق قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشى ......... 249

**توققۇزىنچى باب پەلەستىن تالاش - تارتىشىنىڭ كەسكىنلىشىشى ۋە ب د ت نىڭ ئارىلىشىشى ........................................ 257**
§ 1 . ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار قارشىلىشىشىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئومۇميۈزلۈك توقۇنۇشقا ئۆزگىرىشى ........................................ 258
1. ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىپ بېرىشى ......... 258
2. ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇميۈزلۈك توقۇنۇشنىڭ پارتلىشى ............ 267
§ 2 . ئەنگلىيىنىڭ چېكىنىپ چىقىشى ۋە ب د ت نىڭ ئارىلىشىشى ........................................ 269
1. ئەنگلىيە چېكىنىپ كېتىشنى قارار قىلدى... 269
2. ب د ت نىڭ پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كىرىشىشى ........................................ 278

**ئونىنچى باب ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى... 283**
§ 1 . پەلەستىنىنى بۆلۈپ باشقۇرۇشنى قوللىغان ئاساسىي كۈچ — ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى... 284
1. ئامېرىكىنىڭ يەھۇدىيلارنى قوللاپ، ئەنگلىيەنى چەتكە قېقىش سىياسىتىنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى ........................................ 284
2. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاشقا بۇرۇلۇشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ........................................ 291
§ 2 . ئاخىرقى «ئاتاكا» ........................... 296

1. ئۆز قاراشلىرىنى قويۇش — ب د تنىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىشى ... 296
2. بېن گورىئون: «بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ ئىسمى ئىسرائىلىيە بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى ............ 301

## تۆتىنچى بۆلۈم

# يەنە كۆتۈرۈلۈپ چىقىش

**ئون بىرىنچى باب ئۇرۇشتىن تىنچلىققا قەدەم تاشلاش: ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەبلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ................ 313**
§1. تۆت قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ...... 314
1. بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ... 314
2. ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ... 317
3. ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ... 321
4. تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ... 326
§2. ئىسرائىلىيىنىڭ خەۋپسىزلىك سىياسىتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە تۈزۈلمىسى ................ 330
1. خەۋپسىزلىك مەسىلىسى ۋە خەۋپسىزلىك سىياسىتى ................................ 330
2. دۆلەت مۇداپىئە تۈزۈلمىسى ................ 335
§3. تىنچلىقنىڭ ئۇزۇن يولى ................ 338
1. ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئۇچرىشىشى ................ 338
2. داۋىد لاگېرى كېلىشىمى ................ 341
3. ئۇۋان ئۇرۇشىدىن مادرىد سۈلھى كېڭىشىگىچە ................................ 144
4. ئىسرائىلىيە - پەلەستىن توختىمى ۋە ئىسرائىلىيە - ئىئوردانىيە سۈلھى شەرتنامىسى ...... 352

**ئون ئىككىنچى باب ئۆزگىچە سىياسىي تەرەققىيات يولى ................................ 358**
§1. ئاساسىي قانۇنى بولمىغان قانۇن - تۈزۈم دۆلىتى ................................ 358
1. سىياسىي قانۇن - تۈزۈمنىڭ تىكلىنىشى ... 358
2. سىياسىي تۈزۈم قۇرۇلمىسى ................ 362
§2. كۆپ پارتىيىلىك سىياسىي ................ 366
1. پارتىيە - گۇرۇھلار ................ 366
2. كۆپ پارتىيىلىك سىياسىينىڭ مەنبەسى ... 373

**ئون ئۈچىنچى باب ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ................ 377**
§1. خەلق ۋە جەمئىيەت ................ 377
1. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىكاھلىنىشتىكى ئۆزگىرىش ................................ 377
2. نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ......... 380
3. شەرق يەھۇدىيلىرى بىلەن غەرب يەھۇدىيلىرىنىڭ پەرقى ................................ 382
4. ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى ........... 384
5. دىنىنىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسىدىكى ئورنى ...... 388
§2. مائارىپ تەرەققىياتى ................ 392
1. تەرەققىيات ئىزنانى ۋە مۇساپىسى ................ 392
2. مائارىپ سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى 396
§3. مەدەنىيەتتىكى گۈللىنىش ................ 398
1. مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ... 398
2. مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرى ...... 399
3. مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ...... 404

**ئون تۆتىنچى باب قۇملۇقتىكى ئىقتىسادىي مۆجىزە 406**
§1 . تەرەققىياتنىڭ ئەگرى ـ توقاي مۇساپىسى... 406
1 . دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات .................................. 406
2 . تىنچلىق ئېلىپ كەلگەن يېڭى پۇرسەت...... 412
§2 . ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مەسىلىلەر ................................ 415
1 . «ئىسرائىلىيىچە ئەندىزە» نىڭ ئالاھىدىلىكى ... 415
2 . قىيىنچىلىقلار ۋە مەسىلىلەر .................. 422
**ئون بەشىنچى باب دۇنيا سەھنىسىدىكى ئىسرائىلىيە ................................ 425**
§1 . ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋىتى ................................ 426
1 . ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى ................ 426
2 . ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى ... 430
§2 . ئىسرائىلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى (رۇسىيە) ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ................ 436
1 . «شېرىن ئاي مەزگىلى» (1948 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە) ................................ 436
2 . مۇناسىۋەت يامانلاشقاندىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئۈزۈلگۈچە (1950 ـ يىلدىن 1967 ـ يىلغىچە) ................................ 437
3 . «توڭلىتىش مەزگىلى» (1967ـيىلدىن 1987 ـ يىلغىچە) ................................ 439
4 . كونا دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش (1987 ـ يىلدىن ھازىرغىچە) ................................ 440
§3 . ئىسرائىلىيە ۋە غەربىي ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەر ................................ 442
1 . ئىسرائىلىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ مۇناسىۋىتى... 442
2 . ئىسرائىلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى... 446
3 . ئىسرائىلىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ................................ 449
4 . ئىسرائىلىيە بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى (ياۋروپا ئىتتىپاقى) نىڭ مۇناسىۋىتى ............ 452
§4 . ئىسرائىلىيە بىلەن 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ، ئاساسلىقى ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ... 445
§5 . جۇڭگو بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ۋە جۇڭگو ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ................................ 460
1 . قەدىمكى ئىككى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ................................ 460
2 . جۇڭگو ـ ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتىدە بېسىپ ئۆتۈلگەن ئەگرى ـ توقاي مۇساپە.................. 464
**پايدىلىنىلغان كىتابلار ۋە ھۆججەتلەر ...... 472**

# كىرىش سۆز

يەھۇدىيشۇناسلىقنى تەتقىق قىلغان يىگىرمە يىلدىن بۇيان، يەھۇدىيلار تارىخىغا دائىر قانچىلىك كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىم ئېسىمدە قالماپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ يازغانلىرى ئەڭ كۆپ ئىدى. ئامېرىكىلىقلار، ئىنگلىزلار، سوۋېت ئىتتىپاقى (رۇسىيە) لىكلەر، فرانسۇزلار، نېمىسلار، ئەرەبلەر، ھەتتا ياپونلارنىڭمۇ يەھۇدىي تارىخى توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇدۇم. لېكىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ يەھۇدىيلار تارىخى توغرىسىدا يازغان ئەسىرى بولمىغىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ يۈرۈپ، جۇڭگولۇقلارمۇ يەھۇدىي تارىخى توغرىسىدا ئەسەر يېزىپ چىقىشى كېرەك، دېگەن نىيەتكە كەلدىم. شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە 1988 - يىلى يەھۇدىي تارىخىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى (يەھۇدىيلارنى تەتقىق قىلىش مەركىزى) نى قۇردۇق. بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەقسىتىمىز ئۆزىمىزنىڭ يەھۇدىيلار تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر نەزەرىيە رامكىسىنى ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەركەز يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان تېز تەرەققىي قىلىپ، بىر تۈركۈم ياش ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. بۇ مەركەز ئىتتىپاقلاشقان تەتقىقات كوللېكتىپى بولۇپ شەكىللەندى. يەھۇدىيلار تارىخىنى يېزىش ئارزۇيۇمۇ كوللېكتىپنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ، بۇ كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئاساس سېلىندى.

1988 - ، 1989 - يىللىرى ئامېرىكىغا زىيارەتكە بېرىپ، بىر قىسىم يەھۇدىيشۇناسلىق مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىكتە يەھۇدىيلار تەتقىقاتىغا دائىر تېمىلار ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلدىم. 1991 - يىلى تۇنجى قېتىم ئىسرائىلىيىنى زىيارەت قىلىپ،

ئىسرائىلىيە ئالىملىرى بىلەن بىۋاسىتە پىكىر ئالماشتۇردۇم.
شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا، ئىسرائىلىيە، گېرمانىيە، ئەنگلى-
يە، فرانسىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، كانادا، ئاۋىستىرىيە، ۋېنگ-
رىيە، ياپونىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا كۆپ
قېتىم بېرىپ، شۇ جايلاردىكى كەسىپداشلار بىلەن ئىلمىي مۇها-
كىمە ئېلىپ بېرىپ، كۆپ نەتىجىگە ئىگە بولدۇم. ئۇلار ماڭا
يەھۇدىيلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى بەردى. بۇنىڭدىن بەك
ئىلھاملاندىم. جۇڭگو بىلەن ئىسرائىلىيە 1992 - يىلى 1 - ئايدا
رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. مەركىزىمىز بىلەن
ئىسرائىلىيە ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيشۇناس-
لىق تەتقىقات ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىشىش، ئال-
ماشتۇرۇش بەش يىلدىن بۇيان تېز تەرەققىي قىلدى. بۇ جەرياندا
مەركىزىمىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەقدىم قىلىنغان
يەھۇدىيشۇناسلىققا دائىر كىتاب - ژۇرناللاردىن 500 دىن كۆپ-
رەكنى تاپشۇرۇۋالدى، بۇنداق كىتابلار ھازىر ئۈزلۈكسىز كۆپە-
يىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى يەھۇدىيلار تارىخىغا دا-
ئىر ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان،
ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق خەلقئارا يەھۇدىيشۇناسلىق تەتقىقات
تورى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، بۇ ساھەدىكى يېڭى ئەھۋاللاردىن
بىۋاسىتە خەۋەردار بولالايدىغان بولدۇق. مانا بۇلار قولىڭىزدىكى
كىتابنى يېزىپ چىقىشىمىزنى پۇختا ماتېرىيال ئاساسىغا ئىگە
قىلدى.

يۇقىرىقى ئاساسىي شارائىتلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن،
يەھۇدىيلار تارىخىغا دائىر تېمىنى ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلاشقا
باشلىدۇق ھەمدە ئۇنى 1992 - يىلى ئەتىيازدا دۆلەتنىڭ 8 - بەش
يىللىق پىلانىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىغا ئىلتىماس قىل-
دۇق. كەسكىن رىقابەت ئارقىلىق ماقۇللاشقا ئىگە بولدۇق.
شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنى پۈتكۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم كاپالەتكە



ئىگە بولدى. تۆت يىلدىن كۆپرەك جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقى-
لىق، بىزنىڭ يەنى جۇڭگو يەھۇدىيشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىرىنىڭ
ئارزۇيىمىز ئاخىر ئەمەلگە ئېشىپ، «يەھۇدىيلارنىڭ قەد كۆتۈ-
رۈش تارىخى» دېگەن بۇ كىتابنى خەلقىمىزگە سۇنۇشقا مۇيەسسەر
بولدۇق. ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان مۇشۇنداق چاغدا، تېما
گۇرۇپپىمىزنىڭ خىزمەتلىرىگە ھەمدەم بولغان ئالىملارنى ئەسلى-
مەي تۇرالمايمىز.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ كىتابتا يەھۇدىيلار
دۆلىتىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى ئەمەس، بەلكى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ
قايتا گۈللىنىشى ئاساسىي تېما قىلىنغان. 1948 - يىلى ئىسرا-
ئىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەقىقەتەن يەھۇدىي مىللىتىنىڭ
گۈللىنىش مۇساپىسىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئىش ھېسابلىنىدۇ. لې-
كىن، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ پۈتكۈل گۈللىنىش مۇساپىسىنى ئۆز
ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر دۆلەتنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈ-
لۈشى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنسا، 1948 - يىلىغىچە يېزىپ
ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلغاندا بۇ ئۇلۇغ مىللەت-
نىڭ بېسىپ ئۆتكەن جاپالىق گۈللىنىش يولىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بەرگىلى بولمايتتى. ھەر تەرەپلىمە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئاخىر
يەھۇدىي مىللىتىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان پۈتۈن گۈللى-
نىش جەريانىنى ئۆزىمىزنىڭ نەزىرى بىلەن تەتقىق قىلىش نىيى-
تىگە كەلدۇق. شۇنداق قىلغاندا ئەسەر تېخىمۇ ئىلمىي قىممەت-
كە، شۇنداقلا تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ — ئۇنىڭدىن
قانۇنىيەتلىك ئامىللارنى يەكۈنلەپ چىقىپ، مىللىتىمىزنى گۈل-
لەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى پايدىلىق ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ، دەپ
قارىدۇق. شۇنداق بولغاچقا Zionism دېگەن ئاتالغۇنى ئادەتتىكى-
دەك 犹太复国主义 (يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈ-

رۇش مەسىلىكى) دەپ تەرجىمە قىلماستىن، «زىئونىزم» دەپ ئالدۇق.① چۈنكى «يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىكى» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، «دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» تەرىپى تەكىتلىنىپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ يادرولۇق مەنىسى — «مىللەتنى گۈللەندۈرۈش» ئەكس ئەتتۈرۈلمەي قالىدىكەن. «يەھۇدىي گۈللىنىش مەسىلىكى» دەپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىشنىمۇ ئويلاشتۇق، لېكىن، يەنىلا بۇرۇنقىدەك «زىئونىزم» دەپ تەرجىمە قىلغان ياخشىكەن، چۈنكى، ئۇنداق قىلمىغاندا بەزى چەت ئەللىكلەرنىڭ بىزدىكى «جىڭگاڭشەن يولى» نى «قوراللىق كۈرەش يولى»، «يەنئەن روھى» نى «جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى» دەپ تەرجىمە قىلغىنىدەك بولۇپ قالىدىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى ئەتراپلىق چۈشەنمىگەنلىك. شۇڭا تەرجىمىدە ئەسلى تۈسىنى ساقلاپ قالغان ياخشى دەپ قارىدۇق.

ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن ئۆز زېمىنىدىن ئايرىلىپ دۇنياغا چېچىلىپ كەتكەن مىللەت قانداق قىلىپ قەيسەرلىك بىلەن ساقلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا غايەت زور تۆھپە قوشالىدى ھەمدە ئېگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى دۆلىتىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقالىدى؟ مانا مۇشۇلار بۇ كىتاب جاۋاب بېرىدىغان ئاساسىي مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق: يەھۇدىي مىللىتىدىكى گۈللىنىش كۈچىنىڭ مەنبەسى ئۇلاردا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئۇيۇشۇش كۈچىدە، بۇنداق كۈچلۈك ئۇيۇشۇش مىللىي ئەنئەنە، دىنىي ئېتىقاد، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

① 犹太复国主义 دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىلگىرى ئۇيغۇرچىغا «يەھۇدىي قىساسچىلىقى»، «يەھۇدىيچىلىق»، «يەھۇدىيزم»، «يەھۇدىي تىرىلىش ھەرىكىتى» دەپ كۆپ خىل تەرجىمە قىلىنغان. ئەرەب دۇنياسى «سەيھۇنىيە» دەپ ئاتايدۇ. خەلقئارالىق توغرا ئاتىلىشى «زىئونىزم». بىز بۇ كىتابتا مۇشۇنداق ئالدۇق.



قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكنى، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان مىللىي ئورتاقلىق تۇيغۇسى، يەھۇدىي دىنى تۈگۈن قىلىنغان ئورتاق ئېتىقاد ۋە قىممەت قارىشى، ئائىلە ئاساس، يەھۇدىيلار ئىبادەتخانىسى يادرو قىلىنغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تورىنى مەنبە قىلغان. بۇنىڭدىن تۆت مىڭ يىل ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن يەھۇدىي مەدەنىيىتى چەتتىن كەلگەن سانسىز مەدەنىيەتلەرنىڭ رىقابىتىگە ۋە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ھەتتا دۈشمەن كۈچلەر تەرىپىدىن باستۇرۇلدى ۋە ۋەيران قىلىندى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاساسىي روھىنىڭ باشتىن - ئاخىرغىچە ئۆزگەرمەي، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە تومۇرداش بولۇپ كېلەلىشى، بەلكى چەتتىن كەلگەن نۇرغۇن مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە يۇغۇرۇشى، قوبۇل قىلىشى، تاللىۋېلىشى، ئۆزگەرتىشى ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدۇ. ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ بۇ ئۈچ تۈۋرۈكنى مەنبە قىلغان كۈچلۈك ئۇيۇشۇش كۈچى غايەت زور قۇدرەت ھاسىل قىلىپ، ئىسرائىلىيە دۆلىتىدە بىردەك ئىتتىپاقلىقنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى دۇنيادىكى يەھۇدىيلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە قىلىۋاتىدۇ ھەمدە يېرىم ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يەھۇدىيلارنى قايتىدىن قەد كۆتۈرگۈزۈپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا جەھەتلەردىن يۈكسەك تەرەققىي قىلغان كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇردى.

قەدىمكى يەھۇدىيلار دۆلىتى سىرتقى كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىدا ھالاك بولغان. دۆلەت مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن يەھۇدىي مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن پايدىلىق تاشقى مۇھىت بولۇشى كېرەك. بۇ كىتابتا يەھۇدىي مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدىكى ئىچكى ئامىل — مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى تەتقىق قىلىنىش بىلەن بىللە، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ گۈللىنىش مۇساپىسىدىكى ھەرخىل سىرتقى ئامىللار — يەھۇدىيلارغا قارشى تۇ-

رۇش، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ۋە خەلقئارا
مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ تەھلىل قىلىندى. ئىككى مىڭ يىلغا
يېقىن ئۇزۇن جەرياندا يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش يەھۇدىي مىل-
لىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا باشتىن - ئاخىرغىچە تەھدىت بولۇپ
كەلدى. شۇنداقلا يەھۇدىي مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە غايەت
زور توسالغۇ بولدى. ناتسىستلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن ئىبارەت
مۇشۇنداق بالايىئاپەتتە ئۆچتىن بىر قىسمىغا يېقىن يەھۇدىي هايا-
تىدىن ئايرىلدى. لېكىن، يەھۇدىيلار قەد كۆتۈرۈش جەريانىدا
ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي ۋاسىتىلار ئارقىلىق يەھۇدىي-
لارغا قارشى تۇرۇشتەك يامان ئىشنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇشقا
ئالاھىدە ماھىر بولۇپ، يەھۇدىيلارغا قارشى بېسىمنى مىللىي
ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ۋە سىرتنىڭ هېسداشلىقىنى قولغا
كەلتۈرۈشنىڭ هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇردى. XIX
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە كاپىتالىستىك دۇنيا بازىرىنىڭ
شەكىللىنىشىگە ۋە كۈچلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى دۇنيانى بۆلۈ-
شۈۋېلىش يولىدىكى كۈرەشكە ئەگىشىپ، يەھۇدىيلارنىڭ گۈللى-
نىش ئىشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان زىئونىزم هەرىكىتى پەيتنى
پەملەپ، يەھۇدىي مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى
ئارقا تىرەك قىلىپ، دىپلوماتىيە هۇجۇمى قوزغاپ، مىللەتچىلىك
ئەۋج ئالغان دۆلەتلەر بىلەن كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، قەد كۆتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ
بۆسۈش نۇقتىسىنى ئىزدىدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى
ئاخىرقى هېسابتا يەھۇدىيلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە پايدىلىق سىرت-
قى مۇھىت يارىتىدىغان پۇرسەت بەردى. ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇ-
شىدىن كېيىنكى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددى-
يەتتىن ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە قاراتقان ئىستراتېگىيە-
لىك غەرىزىدىن پايدىلىنىپ، بالفور خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قى-
لىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەلەستىندە پۇت تىرەپ تۇرىدىغان



زېمىنگە ئىگە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇز نەچچە يىلدا
ئۇ يەرنى مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىق-
تى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پۈ-
تۈن يەر شارىدا يەھۇدىي مىللىتىگە بولغان هېسداشلىقنىڭ يۇقى-
رى كۆتۈرۈلۈشى ۋە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت
ئىككى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئىچكى، تاشقى سىياسەت ئېھتىياجى-
دىن پايدىلىنىپ، ب د ت نىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى
قارارنى ماقۇللىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش ئارزۇسىنى ئاخىر ئەمەلگە ئاشۇردى. ئىسرائىلىيە دۆلىتى
قۇرۇلغاندىن كېيىن پايدىلىق سىرتقى مۇھىت يارىتىش دۆلەتنى،
مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئىسرا-
ئىلىيە دىپلوماتىيىسىنىڭ مۇھىم نىشانى ئىدى. ئىسرائىلىيىدى-
كى بىلىملىك زاتلار قورال كۈچىگە تايىنىپ بۇ نىشانغا يەتكىلى
بولمايدىغانلىقىنى، بىردىنبىر ئۇسۇل تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى. مەلۇم
نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈش تارىخى
يەھۇدىي مىللىتى بىلەن يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرىدىغان كۈچلەر
ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تارىخى، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ گۈللىنىش
هەرىكىتى بىلەن يەھۇدىيلار كۆچۈپ بارغان يەرلەردىكى مىللەتلەر
ۋە دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆز-
گىرىش تارىخىدىن ئىبارەت.

دۇنيا تارىخىدا بىر مىللەت گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش
جەريانىدا باشقا مىللەتلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان، ھەتتا
باشقا مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلار كۆپ
ئۇچرايدۇ. يەھۇدىي مىللىتىنىڭ گۈللىنىش تارىخى بۇ جەھەتتە
تېخىمۇ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقى مۇنداق
ئىككى نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، دۆلەت زېمىنى يوق گۈللى-
نىش هەرىكىتى بولۇپ، زېمىنگە ئىگە بولۇش ئارقىلىق نىشانىنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇقەررەر. ۋەھالەنكى، ئۇ ئىگە بولماقچى بولغان زېمىندىكى ئاھالىنىڭ زور كۆپ قىسمى يەھۇدىي ئەمەس. يەنە بىرى، ئۇزۇن مۇددەت يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەت ئېچىدە ۋە باشقا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە ئازاب چېكىپ ياشىغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە نىسبەتەن ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈر ئاڭغا ئىگە بولۇپ، خالىغىنىچە بىرىنچى بولۇپ قول سالىدىغان ۋاستىنى قوللىنىپ، ئۆزىگە كېلىدىغان تەھدىتكە زەربە بېرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بىرىنچى قېتىملىق ئالىيادىن كېيىن زىئونىزم ھەرىكىتى پەلەستىندە ھەربىر ئىلگىرىلىگەندە شۇ يەردىكى ئەرەبلەر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن قارشىلىشىش يۈز بېرىپ، بۇنداق قارشىلىشىش ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، XX ئەسىردىكى چوڭ پاجىئە — ئەرەب - يەھۇدىي مىللەتلىرى ۋە ئەرەب - ئىسرائىلىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق توقۇنۇشقا تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق، ھەتتا دۇنيا تىنچ بولالماي قالدى. بۇ يەردىكى ھەق - ناھەقتىن، ئەگرى - توقايلىقلاردىن كىتابتا ئۆزىمىزنى چەتكە ئالماي، قاراشلىرىمىزنى ئېنىق بايان قىلدۇق. خۇشاللىنارلىقى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىككى تەرەپ ئۆزئارا مۇرەسسە قىلىش، چۈشىنىش ھاسىل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، تالاش - تارتىشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى ھەمدە بۆسۈش خاراكتېرلىك بەزى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. مۇئەللىپ شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ، ئەرەب، يەھۇدىي مىللەتلىرى دوستانە ياشاپ، ئورتاق گۈللىنىدىغان كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كېلىدۇ.

پەن گۇاڭ

1997 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى



## بىرىنچى بۆلۈم

# ئۈزۈلمىگەن رىشتە

ئېھ، ئېرۇسالېم
ئەگەر سېنى ئۇنتۇپ قالسام،
ئوڭ قولۇم تۇتماس بولۇپ كەتسۇن.
ئەگەر سېنى ئەسلەپ تۇرمىسام،
ئۆزۈمنىڭكىدىن ئارتۇق شادلىقىڭنى كۆرمىسەم،
تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالسۇن.

— «تەۋرات. داستان»

بىرىنچى باب

# ئالاھىدە تاللانغان مىللەت ۋە ئىجازەت قىلىنغان يەر

كىلكەيگورنىڭ: «تۇرمۇش ھامان كەلگۈسىگە باقىدۇ، ئىدراك ھەمىشە ئۆتمۈشكە ئىنتىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. تۆت مىڭ يىلدىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ مەدەنىيەت ئېقىنىدا ھازىرقى زامان زىئونىزمىنىڭ[①] شەكىللىنىشى، زامانىمىزدىكى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش مەنبەسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قەدىمكى يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش، سەرسان بولۇشتىن ئىبارەت ئەگرى - توقاي تارىخىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1 § . قەدىمكى يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشى، خارابلىشىشى ۋە يەھۇدىيلار سەرسان بولۇش دەۋرىنىڭ باشلىنىشى

### 1 . ئەبراھامدىن مۇساغىچە

① زىئون — ئېرۇسالېمدىكى تاغ بولۇپ، يەھۇدىيلار بۇ تاغنى تىلغا ئالغاندا ئېرۇسالېمنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ تاغ قەدىمكى پەلەستىن يەھۇدىيلىرىنىڭ سىياسىي، دىنىي مەركىزى ئىدى. «زىئونىزم» دېگەن ئاتالغۇ ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. «زىئونىزم» نىڭ « 犹太复国主义 يەھۇدىي قىساسچىلىقى» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى توغرا ئەمەس. زىئونىزم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنى پەلەستىنگە قايتىپ كېلىپ، يەھۇدىيلار دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرۇشقا، يەھۇدىي مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشكە چاقىرىدۇ.

بۇنىڭدىن تۆت مىڭ يىل ئىلگىرى قەدىمكى سىمىتلارنىڭ
بىر تارمىقى — كەنئانلىقلار بۇگۇنكى پەلەستىن ئەتراپىدا يېڭى
شەكىلگە ئىگە دۆلەت قۇردى. «تەۋرات»① تا بۇ رايون «كەن-
ئان» ياكى «كەنئانلىقلار دۆلىتى» دەپ ئاتالـدى. بـۇنىڭ ئالدى
- كەينىدە سىمىتلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى — يەھۇدىيلارنىڭ يەنە
بىر ئەجداتى — ئىبرانىيلار ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى ئۇردا (ھا-
زىر ئىراق چېگرىسى ئىچىدە) ياشىدى. «تەۋرات» تىكى خاتىرى-
لەردىن قارىغاندا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1900 - يىلى ئىبرانىي-
لارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئەبراھام (ئىبراھىم ئەلايھىسسالام) يەھ-
ۋا② نىڭ ۋەھىيسىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن قوۋمىنى باشلاپ
ئىككى دەريا ۋادىسىدىن ئايرىلىپ كەنئانغا كېلىپتۇ. كەنئانلىقلار
يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنى «ئىبرانىيلار» دەپ ئاتاپتۇ. مەنى-
سى «دەريادىن ئۆتۈپ كەلگەنلەر» دېگەن بولىدىكەن.

ئەبراھامنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئىبرانىيلار ئىچىدە مۇشرىك-
لىك تەرىك ئېتىلىپ يالغۇز يەھۋادىن ئىبارەت بىر ئىلاھقا ئېتىقاد
قىلىش شەكىللەنگەن، يەھۇدىي دىنى غۇۋالىق ئىچىدە پەيدا بو-
لۇشقا باشلىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبراھامنىڭ نەۋرىسى
يەئقۇپ پەرىشتە بىلەن چېلىشىپ غەلىبە قىلىپ، ئىلاھ تەرىپىدىن
«ئىسرائىلىيە» دېگەن نامنى ئاپتۇ، مەنىسى «پەرىشتە بىلەن
چېلىشقان ئادەم» دېگەنلىك بولىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىبرانىي-
لار «ئىسرائىللار» دەپ ئاتالغانىكەن. ③ ئۇزۇن ئۆتمەي كەنئان-
دا قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق بولۇپ كېتىپ، يەئقۇپ قوۋمىنى
باشلاپ نىل دەريا دېلتىسىدىكى گوسەنگە كۆچۈپ كەپتۇ. بۇ يەردە

---

① «تەۋرات» ئەسلى يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ، يەھۇدىيلار ئۇنى «بىبل-
يە» دەپ ئاتايدۇ. مەنىسى «مۇقەددەس كىتابلار» دېگەنلىك بولىدۇ. «تەۋرات» ئەنە شۇ مۇقەددەس
كىتابلار ئىچىدىكى «مۇسانىڭ بەش كىتابى» دەپ ئاتالغان كىتابلارنىڭ نامى. كېيىن خرىستىئان
دىنى تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى «كونا ئەھدىنامە» دەپ ئاتىدى. ئۆزلىرىنىڭ «ئىنجىل»
نى «يېڭى ئەھدىنامە» دەپ ئاتىدى. مۇسۇلمانلار «تەۋرات» دەپ ئاتاۋەردى.
② يەھۋا — يەھۇدىيلارنىڭ خۇداسى.
③ يەئقۇپ پەرىشتە بىلەن چېلىشقاندا پەرىشتە ئۇنىڭ يېپىنى مۇجۇۋەتكەنلىكتىن يەئقۇپ
ئاقساق بولۇپ قالغان، شۇ سەۋەبتىن يەھۇدىيلار چوڭ چارۋىلارنىڭ پاچاق يېپىنى يېمەيدۇ.



سۇ مول، ئوت - چۆپ ئەلۋەك بولغاچقا دېھقانچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىپ، ئون ئىككى چوڭ قەبىلىلىك ئىتتىپاققا تەرەققىي
قىلىپتۇ.① لېكىن، قەدىمكى مىسىر سۇلالىسىنىڭ 18 - پىرئە-
ۋنى توتمۇس III ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىبرانىيلارنىڭ خاتىر-
جەم تۇرمۇشى ئۈزۈلۈپتۇ. ئۇلار قۇل قىلىنىپ، رىيازەت چېكىپ-
تۇ.

ئىبرانىيلار يات مىللەتلەر تەرىپىدىن خورلىنىۋاتقاندا قال-
تىس مىللىي قەھرىمان مۇسا دۇنياغا كېلىپتۇ. ئۇ قەھرىمانلىق
كۆرسىتىپ ئەقىل - پاراسەت بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق،
پىرئەۋننى ئىبرانىيلارنىڭ مىسىردىن كېتىشىگە ماقۇل بولۇشقا
مەجبۇر قىلىپتۇ. تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XV ئەسىردە
مۇسا ئىبرانىيلارنى باشلاپ مىسىردىن مېڭىپ، سىنايدىن ئۆ-
تۈپ، كەنئانغا يۈرۈش قىپتۇ. «مىسىردىن چىقىش» ئىبرانىيلار-
نىڭ يات مىللەتلەرنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇشى ۋە ئۆزىنى ئويغىتى-
شى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشكە
باشلىغانلىقىنىڭ بېشارىتى بولۇپتۇ.

سىنايدىن ئۆتكۈچە مۇسا يەھۋانىڭ ئەمرىنى باھانە قىلىپ،
بۇتپەرەسلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئىبرانىيلار ئىچىدە «دىنىنى
پاكلاشتۇرۇش ھەرىكىتى» نى قوزغاپتۇ. ئۇ تەڭرى يەھۋانىڭ سى-

---

① رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبراھام قېرىغاندا ئوغلى ئىسا (ئىبرانىي تىلىدا ئىسا دېگەن
سۆز كۈلۈش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) تۇغۇلۇپتۇ. ئۇ قىرىق ياشقا كىرگەندە ئالغان خوتۇنى
قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپتۇ. دەسلەپ تۇغۇلغان ئوغۇلنىڭ بەدىنى قىزىل ھەم تېرىگە يۇڭ
قويغاندەك تۈكلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىسو (مەنىسى: تۈكلۈك) دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئىككىنچى
ئوغۇل ئاكىسىنىڭ پۇتىنى تۇتقان ھالدا تۇغۇلۇپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا يائقۇپ (تۇتۇۋالغان دېگەن مەنىدە)
دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. دادىسى ئىسوغا، ئانىسى يەئقۇپقا ئامراق ئىكەن. ئەجدادلارنىڭ ئادىتى بويىچە
قەبىلە باشلىقلىقىغا چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىدىكەن. يەئقۇپ ئاكىسىنىڭ ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش
ئۈچۈن، ئاكىسىنىڭ ئاچ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا بىر چىنە پۇرچاق ئېشى بېرىپ،
ئۇنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى سېتىۋاپتۇ. كېيىن ئانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن دادىسىنى ئالداپ ئۇنىڭ
رازىلىقىنى ئېلىپ، ئىبرانىيلارنىڭ باشلىقى بولماقچى بوپتۇ. ئىسو بۇ ئىشنىڭ تەكتىنى بىلىۋاپتۇ.
نەتىجىدە ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئىسو دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن يەئقۇپنى
ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. ئىسونىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەئقۇپ تاغىسىنىڭ
قەبىلىسىگە قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە تاغىسىنىڭ لىيا ۋە راھىلە ئىسىملىك ئىككى قىزىنى نىكاھىغا
ئاپتۇ. كېيىن ياقۇپ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرىدىن ئون ئىككى ئوغۇللۇق بوپتۇ. ئۇلار يەھۇدىيلارنىڭ
رىۋايەتلىرىدىكى ئون ئىككى قەبىلىنىڭ پىر بوۋىلىرى ئىكەن.

ـناي تىغىدا ئۆزىگە ئون ئەھكام تاپشۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى
تەگرىنىڭ ئىبرانىيلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى، يەنى مۇسا ئەلەي-
ھىسسالامنىڭ «ئون ئەھكامى» قىپتۇ. بۇ «ئون ئەھكام» تۆۋەن-
دىكىچە: 1. يەھۋادىن باشقا ئىلاھنىڭ بولۇشىغا بولمايدۇ. 2.
ئۆزىگە بۇت ياسىۋېلىشقا ياكى ھەرقانداق بۇتقا چوقۇنۇشقا بولماي-
دۇ. 3. يەھۋانىڭ ھۆرمەتلىك نامىنى ئاغزىغا كەلگىنىچە ئاتىۋې-
لىشقا بولمايدۇ. 4. شەببات كۈنى مۇقەددەس ئىبادەت كۈنى
بولىدۇ. 5. ئاتا - ئانىغا ۋاپادار بولۇش لازىم. 6. قاتىللىق
قىلىشقا بولمايدۇ. 7. زىنا قىلىشقا بولمايدۇ. 8. ئوغرىلىق
قىلىشقا بولمايدۇ. 9. ساختا ئىسپات بېرىپ كىشىلەرگە زىيان
سېلىشقا بولمايدۇ. 10. باشقىلارنىڭ ھېچنەرسىسىنى يەۋېلىشقا
بولمايدۇ. بۇ ئون ئەھكام يەھۇدىي دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام
دىنىغىمۇ ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىل-
لە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەر خىل دىنىي مۇراسىملاردا، پېسا
بايرىمى ۋە پېنتېكوست بايرىمى قاتارلىق دىنىي بايراملاردا لېۋى
قەبىلىسىنى كاھىنلىق قىلدۇردى ھەمدە ئىبرانىيلارنىڭ دەسلەپ-
كى دىنىي قامۇسىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبراھام
باشلىغان بىر ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىش ئاساسىدا، ئىنسانىيەتنىڭ
بىر ئىلاھلىق دىنى — يەھۇدىي دىنى سىنايدا بارلىققا كەلدى.
بۇ دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە
ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. چۈنكى، مىللەتنىڭ ھاسىل بولۇشى-
دىكى نۇرغۇن ئامىللار ئىچىدە ئورتاق پسىخىك ساپا ئەڭ جانلىق،
ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ ئۆز ۋۇتغىچە داۋاملىشىدىغان ئىچ-
كى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شەكسىزكى، يەھۇدىي دىنى يەھۇدىي
مىللىتىنىڭ ئورتاق پسىخىك ساپاسىنى ھاسىل قىلغان ئاساسىي
مەزمۇن بولۇپ، كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە سەرسان بولۇپ
كەتكەن يەھۇدىي مىللىتىنىڭ بەزى مىللىي ئالامەتلىرى يوقالغان



ياكى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەھۇدىي دىنى مىللەت-
نىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ساقلاپ تۇرغان كۈچلۈك تۈگۈن بولدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىبرانىيلارنى
مىڭ كىشىلىك، يۈز كىشىلىك، ئەللىك كىشىلىك ۋە ئون كى-
شىلىك ئىجتىمائىي مەمۇرىي بىرلىكلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، مىڭبې-
شى، يۈز بېشى، ئەللىكبېشى ۋە ئونبېشى تەيىنلەپ ھەر دەرىجى-
لىك مەمۇرىي باشلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ياردەملەشتۈرگەن.
شۇنىڭ بىلەن ئىبرانىي قەبىلىلىرىدە مۇستەھكەم ئىجتىمائىي
قۇرۇلما ھاسىل بولغان.

## 2. ئىبرانىي پادىشاھلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب-لىشىشى

تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى XIII ئەسىردىكى ئىبرانىيلار
سىگىپ كىرىش ۋە بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئىئوردان دەرياسى
ۋادىسىدا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلاردا ئولتۇراقلاش-
قان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدىكى مى-
سىردىن تېپىلغان «ئىسرائىللار تاش ئابىدىسى» دە ئىسرائىلىيە-
لىكلەر تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئابىدىدە قەدىمكى مىسىر-
نىڭ XIX پرئەۋنى مىنپۇتالنىڭ 1222 يىل ئىلگىرى ئەسكەر
چىقىرىپ كەنئاندىكى ئىبرانىيلارنىڭ مالىمىنىنى تىنچىتقان تارى-
خى خاتىرىلەنگەن. ئابىدىدە: «ئىسرائىلىيە خارابىيلىققا ئايلاندۇ-
رۇلدى. لېكىن ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتمىدى» ① دەپ يېزىل-
غان.
يەھۇدىي تارىخى توغرىسىدىكى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى گەپلەر
«تەۋرات» تىن ئېلىنغان. بۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى چوڭ تەرەققىي
قىلىشلارنى تەكشۈرۈشكە ئاساس بولغان.

① H.H بىن ساسان تۈزگەن «ئىسرائىلىيىلىكلەر تارىخى،» لوندون 1976 - يىل
نەشرى، 25 - بەت.

تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرى XI ئەسىردە ئېگېي دېڭىزىنىڭ ياقىسىدىكى پەلەستىنلىكلەر كەنئاندىكى ئوتتۇرا دېڭىز ياقىسىنى تەدرىجىي كونترول قىلغان. ئۇلار كەنئاننى «پەلەستىن» دەپ ئاتىغان[①]. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىسىم ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. چەتتىن كەلگەن كۈچلۈك دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئىبرانىيلار قەبىلىلەرنىڭ بۆلۈنۈپ تۇرۇشىغا خاتىمە بېرىپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1025 - يىلى يامىن قەبىلىسىدىكى سائۇل ئىبرانىي پادىشاھلىقىنىڭ تۇنجى پادىشاھى قىلىپ سايلانغان، سائۇل تۇنجى ئىبرانىيلار دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. ئاندىن سائۇلغا يەھۇدىي قەبىلىسىدىكى داۋۇد (داۋۇد ئەلەيھىسسالام) ۋارىسلىق قىلغان. داۋۇد كەنئانلىقلارنىڭ ئۆتۈشمە يەرلىرىنى بىر - بىرلەپ بويسۇندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى پەلەستىنلىكلەرنى جەنۇبتىكى دېڭىز ياقىسىغا قوغلىۋەتكەن. ئىستراتېگىيىلىك قورغان ئېبۇس (كېيىنكى ئېرۇسالېم) نى دۆلەتنىڭ پايتەختى قىلىپ، پادىشاھلىقنىڭ خەرىتىسىنى شىمالدا لىۋان تېغىدىن جەنۇبتا مىسىر چېگرىسىغىچە، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىدىن شەرقتە ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغىچە كېڭەيتكەن. ئۇ پادىشاھلىق ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، يەھۇدىي دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن، شۇنداق قىلىپ ئۇن ئىككى قەبىلىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 973 - يىلى داۋۇد ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى سولومون (سۇلايمان ئەلەيھىسسالام) ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئىبرانىي پادىشاھلىقى گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويىدۇ. قەلەمدە ۋە ئەلەمدە يېتىلگەن پادىشاھ سولومون ئىچكى جەھەتتە ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىدۇ ۋە ھوقۇقنى مەركەز-

① «پەلەستىن» دېگەن سۆز گرېكچىدە «پەلەستىنلىكلەرنىڭ زېمىنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.



گە يىغىدۇ. سىرتقى جەھەتتە قۇدىلىشىش شەكلى بىلەن ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان سودىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇ يەتتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ پايتەخت ئېرۇسالېمدا يەھۇدىي دىنىنىڭ خۇداسى يەھۋاغا ئاتاپ كاتتا قەسىر سالدۇرىدۇ. بۇ قەسىر تارىختا «تۇنجى مۇقەددەس قەسىر» دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر تەرەپتىن كېلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئېرۇسالېمۇ يەھۇدىي دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايى ۋە يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنىۋى مەركىزى بولۇپ قالىدۇ. سولومون دەۋرىدە دۆلىتى روناق تاپقان ئىبرانىي پادىشاھلىقى شۇ چاغدىكى غەربىي ئاسىيا بويىچە ئەڭ باي ئىمپېرىيىگە ئايلىنىدۇ. ئىبرانىيلار يېرىم چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ، يەھۇدىي دىنى يادرو قىلىنغان ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇ چاغدا يەھۇدىي مىللىتى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولىدۇ.

تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 930 - يىلى سولومون ئۆلگەندىن كېيىن، ئىچكى مالىمانچىلىق پەيدا بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن پادىشاھلىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. شىمالدىكى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقى سامارىيىنى، جەنۇبتىكى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقى ئېرۇسالېمنى پايتەخت قىلىدۇ. قۇدرەت تاپقان بۇ ئىككى ئىسرائىلىيە دۆلىتى شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى جەريانىدا تەدرىجىي خارابلىشىدۇ.

### 3. يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە دەسلەپكى ئۈچ قېتىملىق چوڭ چېچىلىپ كېتىش

تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 721 - يىلى ئاسسۇرىيە پادىشاھى سارگون II قوشۇن باشلاپ سامارىيىنى ئىشغال قىلىپ،

ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ، پادىشاھنى ۋە 77 مىڭدىن
ئارتۇق ئادەمنى ئاسسۇرىيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. كېيىن ئۇلار جاي
- جايلارغا تارقىتىۋېتىلىپ، باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن تەدرىجىي
ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، تارىختا «يوقىلىپ كەتكەن ئون ئىس-
رائىلىيە قەبىلىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن-
قى 586 - يىلى ئىمپېراتور نېبۇچاد نېززار بابىلون قوشۇنىنى
باشلاپ كېلىپ ئېرۇسالېمنى قولغا چۈشۈرىدۇ، سولومونىنىڭ
مۇقەددەس قەسىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. پادىشاھ، ئاقسۆڭەك،
كاھىن، ئۇستىكارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون مىڭدىن ئارتۇق
ئادەمنى بابىلونغا تۇتقۇن قىلىپ كېتىدۇ. بۇ تارىختا «بابىلون
تۇتقۇنلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبرانىي پادىشاھلىقى ئاخىرى گۇم-
ران بولىدۇ. ئاسسۇرىيە ۋە يېڭى بابىلون ئىبرانىي تۇتقۇنلىرىنى
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كېتىپ، قەدىمكى
پەلەستىن يەھۇدىيلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق چوڭ چېچىلىپ كې-
تىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ سانى پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭكى-
دىن تەدرىجىي ئېشىپ كېتىدۇ.
تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 538 - يىلى يېڭى بابىلون
ئىمپېرىيىسى يېڭىدىن گۈللەنگەن پېرسىيە ئىمپېرىيىسى تەرىپى-
دىن يوقىتىلىدۇ. پېرسىيە ئىمپېراتورى كۇرۇس سەرسان بول-
غان يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇلار-
نىڭ ئېرۇسالېمدا مۇقەددەس قەسىرىنى قايتىدىن ياساپ، يەھۇدىي
دىنىنى گۈللەندۈرۈشنى قوللايدۇ. لېكىن چەتتە سەرسان بولۇپ
يۈرگەن يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېتەلمەيدۇ. تەخمىنەن
مىلادىدىن بۇرۇنقى 516 - يىلى ئېرۇسالېمدا مۇقەددەس قەسىر
قايتا ياسىلىپ، «ئىككىنچى مۇقەددەس قەسىر» بولىدۇ. ئارىدىن
ئۇزۇن ئۆتمەي، بابىلوندىكى يەھۇدىي ئالىمى ئېزرا بابىلون خەت-



تاتلىرى ھۆسنخەت بىلەن يازغان كىتاب — «تورا»[1] نى يەھۇدىي-
لارغا ئوقۇپ بېرىپ يەھۇدىي دىنىنىڭ تۇنجى يازما تالمۇدى قد-
لىپ، دىنىي قائىدىلەرنى چىڭىتىدۇ. يەھۇدىي دىنىنىڭ سىستې-
مىلىق ئەقىدىسى ۋە دىنىي قائىدىلىرى تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ.
تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن 334 - يىلى ماكېدونىيە پادىشا-
ھى ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) قوشۇن باشلاپ پېرسىيە
ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىپ، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ھالقى-
غان ئالېكساندىرىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى
170 يىلدا پەلەستىندىكى يەھۇدىيلار گرېكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىدا بولىدۇ. زېمىنى كەڭ ئالېكساندىرىيە ئىمپېرىيىسى ئىچى-
دىكى بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ مۇئا-
مىلە قىلىشىپ، يەھۇدىيلارنىڭ تارىختىكى ئىككىنچى قېتىملىق
چېچىلىپ كېتىشىنى پەيدا قىلىدۇ. پەلەستىندىكى يەھۇدىيلار
جەنۇبىي ياۋروپاغا، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئاراللارغا ۋە شىمالىي
ئافرىقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلارغا چېچىلىپ كېتىپلا قالماس-
تىن، پەلەستىندىن باشقا جايلاردا چېچىلىپ ئولتۇراقلاشقان يە-
ھۇدىيلار ئىچىدىمۇ مىللىي چەك - چېگرىنى بۇرۇۋېتىدىغان ئىدى-
يىۋى خاھىش پەيدا بولىدۇ. مەدەنىيەت، دىن، ئادەت جەھەتلەردە
ئۇلار گرېكلارنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، يەھۇدىي دىنى
بىلەن گرېك پەلسەپىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان فرودەك مەشھۇر ئا-
لىملار بارلىققا كېلىدۇ.
تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 167 - يىلى پەلەستىن يەھۇ-
دىيلىرى كاھىن ماتاتىئا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يۇدا ماككابىنىڭ يېتەك-
چىلىكى بىلەن يات مىللەتلەرنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇش، يەھۇ-
دىي دىنىغا بولغان ئېتىقادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە مىللىي
قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 25 يىل قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، سەلۇكو

[1] تورا يەنى «ئەسفار پەنجىگانە» بولۇپ، «تەۋرات» تىكى «گېنىس»، «تەركى مىسىر»
«لېۋىتىكون»، «ئارتىموي» ۋە «دىئوتېرونوسئومۇ» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خانىدانلىقىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئېر-
ۇسالېمنى پايتەخت قىلغان يەھۇدىيلار دۆلىتى — ماككابى پادى-
شاھلىقىنى قايتا قۇردى. ماككابى پادىشاھلىقى بىر ئەسىرگە
يېقىن داۋاملىشىپ، تەخمىنەن مىلادىيدىن 64 يىل بۇرۇن رىم
ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. مىلادىيە 66 - يىلدىن 135
- يىلغىچە پەلەستىن يەھۇدىيلىرى رىم ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى
بىر نەچچە قېتىم مىللىي قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ تارىختا «يەھۇ-
دىيلار ئۇرۇشى» دەپ ئاتالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 132 - يىلدىن
135 - يىلغىچە باركوفبا رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭنىڭ كۆ-
لىمى چوڭ بولۇپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئېرۇسالېمنى بىر مەھەل
ئىشغال قىلىۋالغان. لېكىن دۈشمەننىڭ سانى كۆپ بولغانلىق-
تىن، مىليونلىغان قوزغىلاڭچىلار رىم قوشۇنلىرى تەرىپىدىن
قىرىۋېتىلدى. 135 - يىلى رىم ئىمپېراتورى ھادرىئان ئېرۇسا-
لېمنى تۈزلەپ تېرىلغۇ يەر قىلىۋېتىش، يەھۇدىيلارنى ئېرۇسا-
لېمغا قەدەم باستۇرماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. نەچچە
قېتىملىق قوزغىلاڭدا بىر مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق يەھۇدىي
ئۆلدى. ھايات قالغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پەلەستىندىن
قېچىپ كېتىدۇ ياكى قوغلىۋېتىلىدۇ. مانا بۇ قەدىمكى يەھۇدىي-
لارنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىملىق چوڭ
چېچىلىپ كېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى 1800 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە
يەھۇدىيلار ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
«سەرگەردان» بولۇپ، داۋاملىق چېچىلىپ كېتىش ھالىتىدە
تۇرىدۇ. بەزىلەر ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتكەن، كۆپ سان-
دىكى كىشىلەر شۇ يەرلەرنىڭ جەمئىيەت ئېقىمىغا سىڭىپ كې-
تىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن گەۋدىدىن ئېيت-
قاندا، يەھۇدىي دىنى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مەدەنىيەت ئادەتلىرى
يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالىدىغان مەنىۋى



تۈگۈن بولغان. قەدىمكى يەھۇدىيلار دۆلىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋ-
رىدىكى شان - شۆھرىتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ
كەتكەن يەھۇدىيلار ئىچىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىپ، ئۇلار
بىلەن قەدىمكى ماكانى پەلەستىن ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلمەس رىش-
تىگە ئايلىنىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد غايىلىك ۋە ئىرادىلىك ئادەملەر-
نىڭ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرىنىڭ ئىلھام
مەنبەسى بولغان.

## § 2 . دىن ئارقىلىق دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

### 1 . دىن ئارقىلىق دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشى

دىن ئارقىلىق دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمى
دېگەندە ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ قالغان يەھۇدىيلارنىڭ تەڭرى يەھۋا-
نىڭ قۇتقۇزۇشىنى، نىجادكار مىسسىيە① نى ئەۋەتىپ، ئۆزلى-
رىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشىغا، يۇرتىغا قايتىپ دۆلىتى-
نى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىغا ياردەم قىلىشىنى كۈتىدىغان بىر
خىل دىنىي ئېتىقاد كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى يەھۇ-
دىيلار پادىشاھلىقى يوقىتىلىپ، «بابىلون تۇتقۇنلىرى» غا سەۋەب
بولۇشى ۋە مىلادىيە 1 ئەسىردە رىم ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى
تۇرغان «يەھۇدىيلار ئۇرۇشى» نىڭ مەغلۇپ بولۇشى بۇ پىكىر

① مىسسىيە — ماشىيەمۇ دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئىبرانىي تىلىدا «مەلھەم سۈرۈلگۈچى»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى يەھۇدىيلار پادىشاھ ياكى كاھىن تىكلىگەندە تىكلەنگۈچىنىڭ
بېشانىسىگە مەلھەم سۈرۈپ قويۇپ، ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلدى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن.
يەھۇدىيلار دۆلىتى مۇنەققەرز بولغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلار ئىچىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە، خۇدا ئاخىر
«مەلھەم سۈرۈلگۈچى» نى ئەۋەتىپ يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدىكەن. شۇنىڭ
بىلەن مىسسىيە يەھۇدىيلار ئارزۇ قىلغان «دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدىغان نىجادكار» نىڭ
نامى بولۇپ قالغان.

ئېقىمىنىڭ ئىككى قېتىم يۇقىرى ئۆرلىشىگە قوزغاتقۇچ سەۋەب بولدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، «بابىلون تۇتقۇنلىرى» دىن كېيىن، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ تارىخىدىكى بىرىنچى قېتىملىق چېچىلىپ كېتىش — سەرسانلىق باشلاندى. كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە تەمتىرەپ يۈرگەن يەھۇدىي تۇتقۇنلىرى يۇرتىنى سېغىنىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلدى. لېكىن بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ماددىي كۈچ بولمىغاچقا، روھىي يۆلەكتىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا، دىن ئارقىلىق قۇتقۇزىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئەقىدە — دىنىي ئېتىقاد ئاساس قىلىنغان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمى بابىلوندىكى يەھۇدىيلار ئىچىدە بارلىققا كەلدى. يېرىمىيە،① ئېزېكىل ۋە يىشەياھ II قاتارلىق پەيغەمبەرلەر② دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدىيىسى بىلەن دىنىي ئەقىدىنى ئۇبدان بىرلەشتۈردى. شۇنداق قىلىپ، دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمى تەدرىجىي شەكىللەندى.

يېرىمىيە پەيغەمبەر مۇنداق دېدى: يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرقى پاجىئەسى تەڭرى يەھۋانىڭ ئەخلاقنى يوقاتقان يەھۇدىيلارغا بەرگەن بىر خىل «جازا» سى. لېكىن، يەھۋا ئاخىر ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. پادىشاھ داۋۇدنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن قۇتقۇزغۇچى چىقىپ، ئۇلارنى يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، ماكانىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ بېشارەت بېرىدۇ: يەھۋانىڭ مۇددىئاسىغا ئاساسەن، يەتمىش يىلدىن كېيىن، شىمالدىكى بىر دۆلەت چوقۇم يېڭى بابىلون ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، يەھۇدىيلارنى خارلىغان گالدىلاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ.

---

① يېرىمىيە — يەھۇدىيلار يېرىمىيىنى «دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان پەيغەمبەر» دەپ ئاتايدۇ. بۇ «پەيغەمبەر» نىڭ رەسىمى مەزكۇر كىتاب مۇقاۋىسىنىڭ 4 - بېتىگە بېرىلدى.

② پەيغەمبەر دېگەندە يەھۇدىيلار ئىچىدىكى ئاللانىڭ تاپشۇرۇقىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللانىڭ ۋەھيىسىنى ئاڭلىيالايدىغان ھەمدە كىشىلەرگە ئاللانىڭ مەقسىتىنى يەتكۈزىدىغان كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



يېرىمىيىنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ئېزېكىلمۇ سەرسان بولغان يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشىگە يەھۋانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ گۇناھىنى تونۇپ توۋا قىلىشى، ئەمر - مەرۇپلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىشى ئالدىنقى شەرت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ يەھۇدىيلارغا كۆڭۈلدىكىدەك پادىشاھلىق لايىھىلەپ بېرىدۇ. مۇقەددەس قەسىرنى ھەممە خەلق پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ دىنىي ئەھكاملىرىنى تولۇقلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يىشەياھ II يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەڭرى يەھۋانىڭ نىجادكار مىسسىيىنى چۈشۈرۈپ، يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىغا قايتىدىغان ئىدىيىسىنى قۇتقۇزىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىدۇ، ھەتتا مىسسىيىنى كونكرېت تەرىپلەيدۇ. بۇ ۋەز - نەسىھەتلەر ئۈمىدى ئۈزۈلگەن يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىغا قايتىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ.

دەرۋەقە، ئەللىك يىل بولماي پەيغەمبەرلەرنىڭ «ئالدىن ئېيتقانلىرى» ئەمەلگە ئاشىدۇ. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 538 - يىلى پېرسىيە ئىمپېرىيىسى يېڭى بابىلون ئىمپېرىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، كۇرۇس «يەھۋانىڭ مۇقەددەس يارلىقى بىلەن» بابىلون يەھۇدىي تۇتقۇنلىرىنى يۇرتىغا قايتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس قەسىرنى قايتىدىن ياساپ، يەھۇدىي دىنىنى گۈللەندۈرۈشنى قوللايدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمى تاسادىپىي پۇرسەتتە «ئىسپاتلىنىپ» تەسىرى كۈچىيىپ كېتىدۇ.

تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 332 - يىلى ئىسكەندەرنىڭ شەرقنى بويسۇندۇرۇش قوشۇنى ئېرۇسالېمنى ئىشغال قىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى يوققا چىقىرىدۇ. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 42 - يىلى يەھۇدىيلار سەلۇكۇ خاندانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭدا ماككابى پادىشاھلىقىنى

قايتىدىن قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى يۇز يىلدا دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ بىر مەزگىللىك ئىش بولۇپ قالىدۇ. مىلادىيىنىڭ 132 ـ، 135 ـ يىللىرى يەھۇدىيلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، رىمغا قارشى قوزغىلاڭ قىلغان داھىي باركوفبا داۋۇدنىڭ نەسلىدىن بولغاچقا، نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئۇنى «نىجادكار» دەپ قارايدۇ. مەشھۇر رابىي① ئاكىبامۇ ئۇنى «جەڭگىۋار مەسسىيە» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭمۇ بۇرۇنقى قوزغىلاڭلاردەك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇشى بىلەن يەھۇدىيلار رېئاللىقتىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن غەيرىي كۈچتىن ياردەم تەلەپ قىلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان كۆز قاراش كۈنسايىن كۈچىيىدۇ. دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يەنە دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ.

ئەينى چاغدا پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۆت چوڭ گۇرۇھ ئىچىدە كاھىن ئاقسۆڭەكلىرىدىن تەشكىل تاپقان سادۇكاي مەزھىپىدىن باشقا، قالغان ئۈچ مەزھەپتە دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بۇنداق پىكىر ئېقىمى روشەن ئىپادىلىنىدۇ، پەقەت كونكرېت تەشەببۇسى ۋە ھەرىكەت فاڭجېنلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئاساسلىقى ئوتتۇرا، كىچىك يەر ئىگىلىرى، سودىگەرلەر، ئۆلىما ۋە قول ھۈنەرۋەنلىرىدىن تەركىب تاپقان فارىسايلار رىم ھۆكۈمرانلىقىغا ھەمكارلاشماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ، لېكىن ئاكتىپ كۈرەش قىلمايدۇ. ئۇلار يەھۇدىيلار خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا قاتتىق ئەمەل قىلسا، ئاخىر ئىلتىپاتقا ئىگە بولۇپ، قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ دەپ قاراپ، مەسسىيىنىڭ

① رابىي — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇستاز» دېگەنلىك بولۇپ، مۇقەددەس كىتاب ئەھكاملىرىغا پىششىق ئالىملارنى كۆرسىتەتتى. كېيىنرەك يەھۇدىي دىنىدا دىنىي قائىدە ـ قانۇنلارنى ئىجرا قىلىدىغان ۋە دىنىي مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ نامى بولۇپ قالدى.



چۈشۈشىنى ۋە قۇتقۇزۇۋېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ۋەيران بولغان دېھقانلار ۋە چارۋىچىلاردىن تەركىب تاپقان ئېسسېنىلار مەزھىپى رىم ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولغان بولسىمۇ، كېيىن كۆپ قېتىم رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇلغانلىقتىن، ئۇلاردا رېئاللىققا ئۈمىد باغلىماسلىق كەيپىياتى پەيدا بولۇپ، زاھىتلارچە سىرلىق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. 1947 ـ يىلى تېپىلغان «ئۆلۈك دېڭىز يادىكارلىقى» دىكى «پەيغەمبەر ھاباكۇكنىڭ تەپسىرلىرى» دە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ مەزھەپمۇ فارىساي مەزھىپىگە ئوخشاش، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈمىدىنى مەسسىيىنىڭ چۈشۈشىگە باغلىغان. تۆۋەن قاتلامدىكى نامرات پۇقرالاردىن تەركىب تاپقان زېلوتېلار مەزھىپى رىم ھۆكۈمرانلىقىغا ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ، مەسسىيىنىڭ يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزۇپ، بەختلىك «مىڭ يىللىق ئالەم» قۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىدۇ. يەھۇدىيلار ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن زېلوتېلار (جاسارەتچىلەر) مەسسىيىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەشەببۇس قىلىشقا يۈزلىنىپ، جايلاردىكى يەھۇدىيلار ئارىسىدا «مەسسىيە ھەرىكىتى» نى تەشۋىق قىلىش بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىدۇ. سادۇكاي مەزھىپىنىڭ ئەزالىرى دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنى ئېنىق ئىپادىلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە بۇنداق پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. قىسقىسى، دۆلەتنى دىن بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمى ئەينى چاغدىكى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئاساسىي پىكىر ئېقىمى بولۇپ قالىدۇ.

### 2. دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىدىيە ئاساسى

نەزەرىيە جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلەتنى دىن بىلەن ئەسلىگە

كەلتۈرۈش پىكرى ئېقىمى ئاساسلىقى يەھۇدىيلار قاتتىق ئېتىقاد قىلىدىغان يەھۇدىي دىنى ئەقىدىسى بىلەن سەرسانلىق جەريانىدا شەكىللەنگەن دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئېڭىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا، دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكرى ئېقىمىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىن ئىزدەشكە بولىدۇ:

بىرىنچىسى، «ئالاھىدە تاللىۋېلىنغان قوۋم» ۋە «ئىجازەت قىلىنغان زېمىن» توغرىسىدىكى دىنىي ئېتىقاد.

«ئالاھىدە تاللىۋېلىنغان قوۋم» (the Chosen People) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى يەھۇدىيلار خۇدا تەرىپىدىن نۇرغۇن قوۋملار ئىچىدىن ئالاھىدە تاللىۋېلىنغان قوۋم بولۇپ، خۇدا تاپشۇرغان ئالاھىدە ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغانلار دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز «تەۋرات» تىكى «سىلەر باش ئىلاھ يەھۋانىڭ پاك قوۋمى بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، يەھۋا زېمىندىكى قوۋملار ئىچىدىن سىلەرنى تاللىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قوۋمى قىلدى» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VIII ئەسىردىن بۇيان يەھۇدىي دىنىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇزۇل - كېسىل بىر ئىلاھلىق قاراشنى كۈچىنىڭ بېرىچە تەكىتلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يەھۋا ئىبرانىيلارنىڭ ئىلاھى بولۇش بىلەنلا قالماستىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان رەببىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق. مۇخلىس بولغان يەھۇدىيلار يەھۋانىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلىق تۇنجى قوۋمى قىلىپ تاللىۋېلىندى. پۈتۈن يەر يۈزىدە خۇدانىڭ مۇددىئاسىنى تارقىتىشى كېرەك. بۇرۇن مۇسا ئەلەيھىسسالام يەھۋانىڭ ئەمرى بىلەن قوۋمىنى باشلاپ مىسىردىن چىقىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم قىلغانىدى. بۇگۈن دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ ئۆزلىرى سەرسانلىقتا قالغان يەھۇدىيلارمۇ ئاخىر يەھۋانىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولۇپ، يۇرتىغا قايتىپ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.



«ئىجازەت قىلىنغان زېمىن» (the Promised Land) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى پەلەستىن خۇدا تەرىپىدىن ئاللىقاچان يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانلىشىشىغا بېرىۋېتىلگەن زېمىن دېگەنلىك بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا يەھۋا بىلەن ئەبراھام ئەھدە تۈزۈپ، پەلەستىننى ئەبراھامغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىۋەتكەن. ئۇ ئەبراھامغا مۇنداق دېگەن: «سىلەر ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان زېمىننى، يەنى كەنئاننىڭ ھەممە يېرىنى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا تەقدىم قىلدىم. شۇ يەردە مەڭگۈ تىرىكچىلىك قىلىڭلار.»

شۇنىڭدىن كېيىن يەھۋا ئىلگىرى - كېيىن ئەبراھامنىڭ ئەۋلادى ئىسا ۋە يەئقۇبلارغا كۆرۈنۈپ، بۇ جاينى يەھۇدىيلارغا تەقدىم قىلغانلىقىنى قايتا تەكىتلىگەن. بۇ ساماۋى رىۋايەتلەر ماھىيەتتە دەسلەپكى كۆچمەن چارۋىچى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشايدىغان تۇرمۇشقا ئۆتۈش دەۋرىدىكى زېمىنگە بولغان ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. يەھۇدىيلار دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ، سەرسان بولغاندىن كېيىن، «ئىجازەت قىلىنغان زېمىن» قارىشى سەرسان بولغان يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېتىشتەك كۈچلۈك ئارزۇسىغا ماس كەلگەنلىكتىن بۇ قاراش ناھايىتى كۈچىيىپ كەتكەن. دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكرى ئېقىمى ھەمىشە يەھۋا يەئقۇبقا كېيىن يەھۇدىيلار قەيەرگە تارقىلىپ كەتمىسۇن، «ئالاھىدە تاللىۋېلىنغان قوۋم» نىڭ «ئىجازەت قىلىنغان زېمىن» گە ئاخىر قايتىپ كېلىشىگە ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن، دېگەن سۆزنى نەقىل كەلتۈرگەن.

ئىككىنچىسى، «گالۇت» ۋە «گېئۇللا» توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراش

«گالۇت» نىڭ مەنىسى سۈرگۈن قىلىنىش، زاھىتلىق، گۇناھىنى يۇيۇش دېگەنلىك. «گېئۇللا» نىڭ مەنىسى سۈرگۈنلۈكتىن قۇتقۇزۇلۇش ھەمدە ئەجدادلىرىنىڭ زېمىنىگە قايتىپ كېلىش

دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆزلەر «تەۋرات» نى مەنبە قىلغان: «يەھۋا ئەبراھامغا مۇنداق دېدى: بىلىشىڭ كېرەككى، ئەۋلادلىرىڭ باشقىلارنىڭ زېمىنىدە ياشاپ، شۇ يەرلەردىكى ئادەملەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. ئۇ يەرلەردىكى ئادەملەر ئۇلارغا 400 يىل جاپا سالىدۇ»؛ «تۆتىنچى ئەۋلادلىرىڭ چوقۇم بۇ يەرگە قايتىپ كېلىدۇ». يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە يەھۋا ئەڭ ئالىي، تەبىئەتتىن ھالقىغان مەنىۋى كۈچ، دۇنيادىكى ھەممە ئۆزگىرىشلەر يەھۋانىڭ مۇددىئاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەھۋا ئادىللىق ئىلاھى، ئۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىققا ئۆز لايىقىدا مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش پرىنسىپى بويىچە دۇنيانى باشقۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىشى، چوقۇنۇشى، بويسۇنۇشى ياخشىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلىشى، بۇتلارغا ۋە يات مىللەتلەرنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇشى گۇناھ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«بابىلون تۇتقۇنلىرى» دەۋرىدىن باشلاپ، يەھۇدىيلار ئارىسىدىكى دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنى تەشۋىق قىلغۇچىلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىدىيىنى ئۆزگەرتىپ، بىر يۈرۈش نەزەرىيىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلارنىڭ تەرغىب قىلىشىچە، خۇدا يەھۋا ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە تاللىۋالغان قەۋمى — يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا بىر خىل مەجبۇرىيەت بولىدۇ، سىمپاتىك ئالماشتۇرۇپ تۈزىدىغان ئەھدى مۇناسىۋىتى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خۇدانىڭ ۋەدىسى ھەرخىل ئەھكاملار بىلەن باغلىنىدۇ. ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنى شەرت قىلىدۇ؛ ئەگەر يەھۇدىيلار خۇدانىڭ ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلسا، ئاللا تەرىپىدىن تاللىۋېلىنغان قەۋم تاشلاندۇق قەۋمگە ئايلىنىپ جازالىنىدۇ؛ شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار خۇدانىڭ ئالاھىدە تاللىۋالغان



قەۋمى ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇلار جازانى ئىتائەتمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، گۇناھىغا توۋا قىلىپ، يېڭىۋاشتىن ئادەم بولسىلا، ئاخىر يەھۋانىڭ رەھىم-شەپقەت قىلىشىغا ۋە قۇتقۇزۇۋېلىشىغا ئىگە بولۇپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئۆز بېشىغا كەلگەن دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ سەرسان بولۇپ كېتىشىنى «گالۇت» — گۇناھىنى يۇيىدىغان بىر خىل زاھىتلىق دەپ چۈشەندۈرۈپ، ئىتائەتمەن بولۇپ، توۋا قىلىپ خاتالىقلىرىمىز ئۈستىدە ئويلانساقلا يەھۋا بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن بىزگە چوقۇم «گېئوللا» يېتىپ كېلىدۇ، يەنى قۇتقۇزۇۋېلىنىپ، يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتەلەيمىز، دەپ قارىدى.

روشەنكى، «ئالاھىدە تاللىۋېلىنغان قەۋم»، «ئىجازەت قىلىنغان زېمىن»، «گالۇت»، «گېئوللا» قاتارلىق ئېتىقاد ۋە قاراشلار ئۇزۇن مۇددەت ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، ھاقارەتلىنىپ، ياردەمسىز قالغان يەھۇدىي مىللىتىگە مەنىۋى جەھەتتىن تەسەللىي بېرىش رولىنى ئوينىدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىمۇ قايىل قىلارلىق نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. كېيىنكى سىياسىي زىئونىزمنىڭ شەكىللىنىشىگە كەم بولسا بولمايدىغان ئاساس سېلىپ بەردى.

## ئىككىنچى باب

# قۇتقۇزۇلۇش، سىڭىپ كېتىشتىن دۆلىتى ئەسلىگە كەلگۈچە

مىسسىيىنىڭ قۇتقۇزۇشىنى ئۈمىد قىلىشتەك دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمى هامان يەتكىلى بولمايدىغان قۇرۇق ئارزۇ بولۇپ، رېئال تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىنى هەل قىلالمايتتى. ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتقان يەھۇدىي مىللىتى ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر بۇ داۋلىنى تونۇپ يېتىپ، يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى. يېقىنقى زامانغا قەدەم قويغاندىن كېيىن يەھۇدىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، يەھۇدىيلارنىڭ بىلىملىك دانالىرى هەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ «ئازادلىق» سىياستىگە ۋە يەھۇدىيلار سىڭىپ كېتىش هەرىكىتىگە ئۈمىد باغلىمايدىغان بولۇپ، «يەھۇدىيلار مەسىلىسى»نى هەل قىلىپ، مىللىي گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار يېڭى پىكىر ۋە نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇسا خىسسىنىڭ بەرپا قىلىشى، رىئوپىنسكىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشى، سىئودخىرزىلنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئارقىلىق، بۇ نەزەرىيىلەر ئاخىر تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ هازىرقى زامان مەنىسىدىكى سىياسىي زىئونىزم بولۇپ قالدى.



## 1 § . يەھۇدىيلاردىكى دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئۆزگىرىشى

### 1 . ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇن

مىلادىيە 135 - يىلىدىن كېيىن يەھۇدىي مىللىتى دۇنياۋى چوڭ تارقىلىش دەۋرىگە كىردى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەھۇدىيلار پەلەستىندىن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى كىچىك ئاسىيا، ئەرەب يېرىم ئارىلى، مىسوپوتامىيە ياكى شىمالىي ئافرىقىغا كۆچۈپ كەتكەندىن باشقا، نۇرغۇنلىرى ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىگە چېچىلىپ كەتتى. مىڭ يىلدىن ئاشقان ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ زۇلمەتلىك يىللىرىدا ياۋروپا دۆلەتلىرىدە يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇن كەينى - كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ، چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىي مىللىتى هاقارەتلەندى.

مەدەنىيەت جەھەتتە يەھۇدىيلار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە بولالمىدى، دىنىي بىر تەرەپلىمىلىكتىن پەيدا بولغان هەرخىل بۆهتان ۋە زىيانكەشلىكلەر پات - پات يۈز بېرىپ تۇردى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا خرىستىئان دىنى يېگانە ئۈستۈنلۈكتە تۇراتتى. رىم چېركاۋى يەھۇدىيلار خۇدا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن مىللەت، دېگەننى كۈچەپ تەشۋىق قىلدى. ئۇلار بىرىنچىدىن، يەھۇدىيلارنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە، ئىككىنچىدىن، مەقسىتىگە يېتەلمىگەندە يەھۇدىيلارغا دىنىي زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇندى. ئىسپانىيىدە كاتولىك كاهىنلىرى «ئۆلۈم ياكى دىنىنى ئۆزگەرتىش» بىلەن تەهدىت سېلىپ، ئون مىڭلىغان يەھۇدىينى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى. دىنىنى

ئۆزگەرتكەن «ماررانوسلار»[1] ئادەتتە يەھۇدىي دىنىغا يوشۇرۇن ئېتىقاد قىلدى. كاتولىك دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى جازالاش ئورنى بىلىپ قالسا، قاتتىق ئازابلىدى، ھەتتا كۆيدۈرۈپ قىيىنىدى، بەزى كاتولىك مۇخلىسلىرى قىلچە ئاساسسىز بەزى دىنىي زىيانكەشلىكلەرنى پەيدا قىلدى. 1144 - يىلى ئەنگلىيىدىكى نوررىجتا بىر ئوغۇل بالىنىڭ جەسىتى تېپىلغاندا، بەزىلەر بۇ بالىنى يەھۇدىيلار كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ قېنىنى خۇدا يولىدا نەزىر قىلدى دەپ تۆھمەت قىلىپ، يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى قۇتراتتى. شۇ چاغلاردا ياۋروپادىكى كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپلەر يەھۇدىيلارنى قوبۇل قىلمىدى. 1240 - يىلى پارىژدا كىتاب كۆيدۈرۈش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 24 ھارۋىغا قاچىلانغان «تالمۇد»[2] قولىيازمىسى ۋە ئىبرانىي تىلىدىكى نۇرغۇن كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، يەھۇدىيلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، تىجارەت قىلىشى چەتكە قېقىلدى ۋە چەكلەندى، مال - مۈلكى سەۋەبسىز مۇسادىرە قىلىندى. ياۋروپا دۆلەتلىرى قانۇنىدا يەھۇدىيلارنىڭ يەر ئىگىلىشى مەنئى قىلىندى. خرىستىئان چېركاۋلىرىمۇ يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ يەكشەنبە كۈنلىرى ئېتىزغا بېرىپ ئىشلىشىگە يول قويمىدى. شەببات كۈنى (شەنبە كۈنى) ئۇلار دىنىي قائىدە بويىچە ئىشلىمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھەمىشە قوغلىنىپ كۆچۈپ يۈرگەچكە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىندى. ياۋروپا شەھەرلىرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈزۈمى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك تىجارىتى يەنە چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى سودا

① دىنىنى ئۆزگەرتكەن يەھۇدىيلارنى ئىسپانلار «ماررانوسلار» دەپ ئاتىدى.
② تالمۇد — يەھۇدىي دىنىنىڭ ئاغزاكى تارقالغان قانۇنلىرى توپلىمى بولۇپ، يەھۇدىي دىنىدىكى مۇھىم كىتابلارنىڭ بىرى.



كاپىتالى كۆچەيگەندە ئۇلار سودا، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىمۇ چەتكە قېقىلدى. ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئېغىر باج ئېلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان چەكنى بەلگىلەش، سەۋەبسىز جەرىمانە قويۇش، مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق، يەھۇدىيلارنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىش، تالان - تاراج قىلىش مەقسىتىگە يەتتى.

سىياسىي جەھەتتە، يەھۇدىيلار ھەممە جىنايەتلەرنىڭ باشچىسى دەپ قارىلىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەر خىل زىددىيەتلەرنى دۆڭگەپ قويىدىغان ئاساسىي نىشانى بولدى. 1241 - يىلى موڭغۇللار ئوتتۇرا ياۋروپاغا باستۇرۇپ بارغاندا، بەزىلەر موڭغۇللار «يوقاپ كەتكەن ئون ئىسرائىل قەبىلىسى»نىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا موڭغۇللارنىڭ ياۋروپانى دەپسەندە قىلىشىغا يەھۇدىيلار جاۋابكار بولۇشى كېرەك، دېيىشتى. 1348 - يىلى ياۋروپادا چۇما تارقالغاندا نۇرغۇن خرىستىئان مۇخلىسلىرى بۇ ئاپەتنى يەھۇدىيلار ئالۋاستى بىلەن بىرلىشىپ پەيدا قىلدى، دەپ قارىدى. چېسكى ھۇس دېھقانلار ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن دائىرىلەر يەھۇدىيلارنى بوخېمىيىنىڭ ھۇس مەزھىپىدىكى مۇخلىسلارنى قوللىدى دەپ ئەيىپلىدى. 1226 - يىلى پولشا ھۆكۈمرانى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يەھۇدىيلارنىڭ خرىستىئان مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە بولۇشىنى قاتتىق چەكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى يەھۇدىيلار پاسكىنا — كونىراپ كەتكەن كوللېكتىپ ئايرىۋېتىش رايونلىرى — «گېتتو»لارغا قوغلىۋېتىلدى. XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە يەھۇدىيلارنى قوغلايدىغان دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. 1290 - يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد I 16 مىڭ يەھۇدىينى ئەنگلىيىدىن قوغلىۋەتتى. 1306 -، 1394 - يىللىرى فرانسىيە يەھۇدىيلارنى ئىككى قېتىم قوغلىدى. 1492 - يىلىدىن كېيىن ئىسپانىيىنىڭ ئايال پادىشاھى دىنىي

ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇنىمىغان 200 مىڭدىن ئارتۇق يەهۇدىينى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا دەۋرلىك پەيدا بولۇپ تۇرغان يەهۇدىيلارنى چەتكە قېقىش دولقۇنىدا ياۋروپادىكى يەهۇدىيلار قاتتىق ئازابلاندى، ئۈمىدسىزلەندى. دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئارزۇدىن ئىجادلىق ئىزدەپ يۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭ يەهۇدىيلارنىڭ ياشاش هوقۇقى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان پاجىئەلىك ئەهۋالنى كۆرگەن، دىلى ئازار يېگەن بەزى يەهۇدىي ئالىملىرى ئىدىيە جەهەتتە رېئاللىقتىن قۇتۇلۇش خاهىشىنى بارغانسېرى كۈچلۈك ئىپادىلەپ، سىرلىق پەلسەپىدىن مەنىۋى تايانچ ئىزدەشكە ئۆرۈندى هەمدە يەهۇدىي دىنىدىكى مىستىتسىزمنىڭ تەسىرىگە بارغانسېرى قاتتىق ئۇچرىدى. ئۇلار يەهۇدىي دىنىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى تەكىتلەپ، ياقا يۇرتلارغا چېچىلىپ كەتكەن يەهۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىن ئايرىلىپ، ئاخىر زامانىنى، مىسسىيىنىڭ دۇنياغا كېلىپ يەهۇدىيلار سەرسان بولىدىغان ئازابلىق دەۋرنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى كۈتۈشنى تەشەببۇس قىلدى. مەسىلەن، فرانسىيە، ئىسپانىيە ۋە گېرمانىيىدىكى يەهۇدىيلار قوغلانغاندا بەزى يەهۇدىي مىستىتسىزمچى پەيلاسوپلار يەهۇدىيلار بۇ دۇنيادا زىيانكەشلىككە ئۇچرىسىمۇ ئۇ دۇنيالىقتا غەلىبە قىلىدۇ، دېيىشتى.

## 2 . مىسسىيە كومېدىيىسى

زۇلمەتلىك دۇنيادا دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكرى ئېقىمىنىڭ ۋە يەهۇدىي دىنى مىستىتسىزمىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان يەهۇدىي جاپاكەشلىرى يۇرتقا قايتىشنى مۆجىزىدەك ئىلاهىي كۈچنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. يەهۇدىيلار ئىسپانىيىدىن قوغلانغان ۋە «ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنى يەهۇدىيلارنىڭ قېنى



بىلەن سۇغىرىش» تىن ئىبارەت زىيانكەشلىك قىلىش دولقۇنىدىن كېيىن، «مىسسىيە كېلىپ يەهۇدىيلارنى زىئونغا قايتۇرۇپ كېتىدۇ» دەيدىغان ئارزۇ يۇقىرى پەللىگە يەتتى، يەهۇدىيلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا «مىسسىيە كومېدىيىسى» پەيدا بولدى.

ئەڭ بۇرۇن داۋىد روبېنىنى سەهنىگە چىقتى. ئۇ يەهۋانىڭ ئۇنىڭغا مەبلەغ توپلاپ، قوشۇن قۇرۇپ، مۇقەددەس جاينى تۈركىيە هۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت ئالاهىدە ۋەزىپىنى تاپشۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ رىم پاپاسى كلېرمۇن VII نىمۇ ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەندۈرۈپ، پورتۇگالىيە پادىشاهىغا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش توغرىسىدا خەت يازدۇردى. پورتۇگالىيىدىكى نۇرغۇن مارانوسلار بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يەهۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەهۇدىيلار ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. كېيىن روبېنىنى پورتۇگالىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن يات دىندىكىلەر سوتىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ سادىق مۇرىتى سولۇم مورشاۋ يەهۇدىيلارنىڭ 1540 - يىلى قۇتقۇزۇۋېلىنىدىغانلىقىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلدى. 1527 - يىلى پورتۇگالىيە قوشۇنلىرىنىڭ رىمنى ئاياغ ئاستى قىلىشى ئۇنىڭ ئالدىن ئېيتقانلىرىنى قىسمەن ئىسپاتلىغاندەك قىلدى. يەهۇدىي دىنىنىڭ مىستىتسىزملىق سۆزى بويىچە، «كاتولىك دىنىنىڭ بابىلونى» — رىم نىجادكار چۈشۈشتىن ئىلگىرى يوقىتىلىشى، كېيىن مەنتويا دىنىنىڭ هۆكۈم كېسىدىغان ئوتنى كۆيدۈرۈپ جازالىشى لازىم.

شۇ چاغدا تەسىرى ئەڭ چوڭ مىسسىيە كومېدىيىسىنى سابباتاي زۋى «ئويناپ چىقتى». 1618 - يىلى باشلانغان ياۋروپادىكى ئوتتۇز يىللىق ئۇرۇش ياۋروپا خەلقىگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. يەهۇدىيلار بۇ ئاپەتتىن تېخىمۇ قۇتۇلالمىدى. ئۇلار مىسسىيىنىڭ كېلىپ سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتىكى تۇرمۇشقا خاتىمە بېرىپ، ئۆزلىرىنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئۆزۈن ئۆتمەي، بۇنداق ئۈمىد ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك قىلدى. ياۋروپادىكى ئوتتۇز يىللىق ئۇرۇش ئاخىرلاشقان 1648 - يىلى (شۇ يىلى يەھۇدىي دىنى مىستىتسىزمچىلىرى تەرىپىدىن قۇتقۇ- زۇلۇش دەۋرىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارالدى) نىڭ مەلۇم شەببات كۇنى ساباتاي زۋى تۈركىيىدىكى سىمىرانا يەھۇدىيلار چېركاۋ- سىدا ئۆزىنىڭ يەھۋا تەرىپىدىن تاللىۋېلىنغان «مىسسىيە» ئىكەن- لىكىنى خەلققە جاكارلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سالونىكا، ئىستان- بۇل، قاھىرە، ئېرۇسالېم قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئىخلاسمەن نۇرغۇن مۇرىتلارغا ئىگە بولدى. ئۇ مۇرتلىرىغا 1666 - يىلى ئېرۇسالېمدا مۆجىزە كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ساباتاي زۋىنىڭ داڭقى چىقتى، ئۇ توغرىسىدى- كى خەۋەرلەر ھەممە جايغا تارقالدى. ئاسىيادىكى تۈركىيە، سۇ- رىيە، پەلەستىندىن تارتىپ ياۋروپادىكى ئىتالىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، ئەنگلىيىگىچە بولغان جايلاردىكى يەھۇ- دىيلار بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ، قالتىس روھلىنىپ كەت- تى. پولشا ۋە رۇسىيىدىكى يەھۇدىيلار ھاياجانلىنىپ كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلدى. ساباتاي زۋىنىڭ باش سۈرىتى بېسىلغان بايراقلارنى پۇلاڭلاتتى. ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇ- دىي چېركاۋلىرىدا ساباتاي زۋى دېگەن ئىسمنى ئىپادىلەيدىغان «S.Z» بەلگىسى پەيدا بولدى. نۇرغۇن جايلاردىكى يەھۇدىيلار ئۆگزىسىنى ئېچىۋېتىپ، ھەر خىل تەييارلىقلارنى قىلىپ، يەنە بىر قېتىملىق «مىسىردىن چىقىش» ھەرىكىتىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى. سەرسان بولۇپ يۈرگەن كەڭ يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا بولغان ئېتىقا- دى چېكىگە يەتتى. ئۇلار 1666 - يىلىدىكى مۆجىزىنىڭ پەيدا بولۇشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى. لېكىن، شۇ يىلى يېتىپ كەلگەندە ساباتاي زۋى ئىستانبۇلدا ئوسمان سۇلتانلىقى تەرىپە- دىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. بۇ «مىسسىيە» ئۆلۈم



تەھدىتى ئاستىدا 1666 - يىلى 9 - ئايدا ئىسلام دىنىغا كىردى.

بۇ ئاقىۋەت يەھۇدىيلارنىڭ مىسسىيىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، يۇرتىغا قايتىپ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈمىدىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. كەڭ يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش قىزغىنلىقى جىددىي پەسىيىپ كەتتى. ياۋروپادىكى ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋە دەسلەپكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ تە- سىرى ئارقىسىدا، بارغانسېرى كۆپ يەھۇدىيلار يۇرتىغا قايتىپ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى دىنىي يول بىلەن ئە- مەس، سىياسىي يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈستىدە ئىزدى- نىشكە باشلىدى.

## 2 §. ئازادلىق دولقۇنى ۋە سىڭىپ كېتىش خام خىيالى

### 1. ياۋروپادا يەھۇدىيلارنىڭ ئازاد بولۇشى

XVII — XVIII ئەسىردە ياۋروپادىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكى- تى ۋە ياۋروپا - ئامېرىكىدىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ جۇش ئۇرۇپ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، يېڭىچە زامان مىللەتچىلىك پىكىر ئېقىمى تېز شەكىللەندى. نۇرغۇن ياۋروپا دۆلەتلىرىدە مىللەتلەر ئەركىن، باراۋەر، مۇستەقىل ۋە ئازاد بولۇش ئىدىيە- سى كەڭ تارقىلىپ كۈندىن - كۈنگە كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىلىملىك نۇرغۇن كىشىلەر يەھۇ- دىيلارنى كەمسىتمەسلىك ياكى ئەزمەسلىكنى، ئۇلارغا باراۋەر ۋە ئەركىن ئىجتىمائىي ئورۇن بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان سىياسى- تىنى تەڭشەشكە باشلىدى. 1781 - يىلى مۇقەددەس رىم ئىمپېرى- يىسىنىڭ ئىمپېراتورى يوسېف II يەھۇدىيلارنى ئىزناك تاقاشقا ۋە ھاقارەت تۇسىنى ئالغان ئادەم بېجى تاپشۇرۇشقا زورلايدىغان

بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئىككىنچى يىلى سودا تىجارىتىدە يەھۇدىيلارغا تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك بېرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا قويۇلىدىغان چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1787 - يىلى يەھۇدىيلار هابىسبۇرگ خانىدانلىقىنىڭ قوشۇنىغا تۇنجى قېتىم قاتناشتى. ئاۋستىرىيە چېگرىسى ئىچىدىكى يەھۇدىيلار ئازادە كەيپىياتنى هېس قىلىشقا باشلىدى. «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېهرىبانلىق» تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەن فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى پۈتكۈل ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى يەھۇدىيلارغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

فرانسىيىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئازادلىقى ئىنقىلاب جەريانى بىلەن زىچ بىرلەشتى. ئىنقىلاب غۇلغۇلا قىلىنىۋاتقان چاغلاردىلا فرانسىيىدە يەھۇدىيلارنى ئازاد قىلىش ئامىللىرى بىخلانغانىدى. بەزى ئىلغار مەرىپەتپەرۋەرلەردىن گراف مىرابىئاز قاتارلىق كىشىلەر يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىدىن چۆچۈدى. ئۇلار «مۇشۇنداق تالانتلىق مىللەتنىڭ شۇنچە ئۇزۇنغىچە كۈچىنى جارى قىلدۇرالمىغانلىقى» دىن قاتتىق ھەسرەتلەندى. «جەمئىيەتتىكى ھاقارەت تۇسىنى ئالغان ھەممە چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەھۇدىيلارغا تىرىكچىلىكنىڭ ھەرخىل يوللىرىنى ئېچىۋېتىش» نى تەشەببۇس قىلدى. مائىس «خانلىق پەن ۋە سەنئەت جەمئىيىتى» ، «قانداق قىلغاندا فرانسىيىدىكى يەھۇدىيلارنى تېخىمۇ بەختلىك، تېخىمۇ پايدىلىق ياشايدىغان قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن تېمىدا دىسسېرتاتسىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. «يەھۇدىيلارنى قوغدايلى» دېگەندەك كىتابچىلارنى فرانسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقاتتى. مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بەزى يەھۇدىيلارمۇ ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئازادلىقى يولىدا ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. يەھۇدىي سېۋبېل قورال - ياراغ سودىگىرى بولۇشتەك ئالاھىدە ئورنىدىن پايدىلىنىپ، فرانسىيە پادىشاھى لۇئى VIX نىڭ



1784 - يىلى ئالاھىدە بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئالساس رايونىدىكى يەھۇدىيلاردىن ئېلىنىدىغان ئادەم بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىخەتەر، مۇقىم ياشاش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى.

فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ ئازاد بولۇش مۇساپىسى يەنىمۇ تېزلەشتى، ھەمدە قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. 1791 - يىلى 9 - ئايدا فرانسىيىنىڭ ئاساسىي قانۇن پارلامېنتى يەھۇدىيلارغا دۆلەت گرازدانى سۈپىتىدە قەسەم بېرىش ھوقۇقىنى بەردى. 1806 - يىلى 7 - ئايدا چاقىرىلغان يەھۇدىي مەشھۇر زاتلىرى يىغىنىدا ناپولېئوننىڭ يەھۇدىي ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەتچىسى گراف مولې يەھۇدىيلارغا «پادىشاھنىڭ ئون ئىككى مەسىلىسى» نى قويۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ نىكاھ قانۇنى، ئەدلىيە ھوقۇقىدىن تارتىپ، يەھۇدىيلارنىڭ قانۇنى يەھۇدىيلارنىڭ جازانە بېرىشىنى چەكلەيدىغان ياكى چەكلىمەيدىغانلىقى، يەھۇدىيلارنىڭ فرانسىيىنى ۋەتىنى بىلىپ ئۇنى قوغداشقا تەييار تۇرىدىغان ياكى تەييار تۇرمايدىغانلىقىغىچە سورىدى. يىغىنغا قاتناشقان يەھۇدىي مەشھۇر زاتلىرى «پادىشاھنىڭ مۇددىئاسى» نى چۈشىنىپ، ھەممە مەسىلىلەرگە مۇۋاپىق جاۋاب بەردى. ناپولېئون پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي شۇ يىلى 9 - ئايدا «يەھۇدىيلارنىڭ ئومۇمىي كېڭىشى چاقىرىش بۇيرۇقى» نى ئېلان قىلىپ، يەھۇدىي مەشھۇر زاتلىرى يىغىنىنىڭ ئون ئىككى مەسىلىگە بەرگەن جاۋابىنى دىنىي ئەھدە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1807 - يىلى 2 - ئايدا يەھۇدىي دىنىنىڭ ئومۇمىي كېڭىشى ناپولېئوننىڭ مەقسىتى بويىچە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ماقۇللاپ، يەھۇدىي دىنىنى تۇنجى قېتىم كاتولىك دىنى، پروتېستانت دىنى بىلەن تەڭ قانۇن جەھەتتە پۈتۈنلەي باراۋەر ئورۇنغا ئىگە قىلدى ۋە ھۆكۈمەت رەسمىي قوغدايدىغان بولدى. ناپولېئون قوزغىغان ئۇرۇشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، گېرمانىيە شتات-

لىرى ئاساسىي قانۇنلىرىدىكى «يەھۇدىيلار قانۇن جەھەتتە ھو-
قۇقسىز» دېگەن ماددىنى ئېلىگىرى - كېيىن ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇپ، يەھۇدىيلارغا پۇقرالىق ھوقۇقى بەردى. ئىتالىيە، گوللاندىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىمۇ يەھۇدىيلارنى «ئازاد قىلغان»
لىقىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيىدىمۇ يەھۇدىيلارنى ئازاد قىلىش مۇ-
ساپىسى تېزلىتىلدى. XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگەندە
كۆپ ساندىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە يەھۇدىيلار قانۇن بويىچە ئوخ-
شاشمىغان دەرىجىدە ئازاد قىلىندى.

## 2. مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە سىڭىپ كېتىش

ئازادلىققا ئىگە بولغان يەھۇدىيلارنىڭ ئەركىنلىك، دېموك-
راتىيە ئېڭى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. «گېتتودىن چىقىپ»،
«زامانىۋىيلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»نى تەلەپ قىلدى.
ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش
پۇقرالىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا يول قويغاندا، نۇرغۇن
يەھۇدىيلار ئىنتايىن خۇش بولۇپ، «سىڭىپ كېتىش» ئارزۇسىغا
غەرق بولدى. مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىش شەرتىدە
شۇ يەرلەردىكى ئاساسىي جەمئىيەتكە قاتنىشىشنى ئۈمىد قىلدى.
ئۇلار ھاسكال (ئىبرانىي تىلىدا مەرىپەت دېگەن مەنىدە) دەپ
ئاتىلىدىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى قوزغىدى. موشى
مېندېرسىن ۋە ئىساك لەيۋىنزوئىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەب-
بۇس قىلىشى بىلەن ئەنئەنىۋى يەھۇدىي دىنى تەربىيىسى ئىسلاھ
قىلىندى. زامانىۋى جەمئىيەتكە ماس كەلمەيدىغان تۇرمۇش شە-
كىللىرى يوقىتىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ مۇراسىملاردىكى روشەن
ئەنئەنىۋى تۈسلەر سۇسلاشتۇرۇلدى. تەۋرات، ئىنجىل ئايەتلىرى-
نى ئوقۇغاندا ئىبرانىي تىلى ئورنىغا شۇ يەرنىڭ تىلىنى ئىشلەت-
تى. يۇدالېيىپ گودېننىڭ «سىرتتا شۇ يەرلىكمىز، ئۆيىمىزدە
يەھۇدىيمىز» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە ئەمەل قىلدى. گېرمانە-



يىدىكى يەھۇدىي گابرىيېل رىسال «گېرمانىيە خەلقىگە تايىنىشىم-
مىز لازىم، ھەرقانداق جايدا ئۇلارغا تايىنىمىز» دېگەن. ئۇ
يەھۇدىي دىنى بىلەن نېمىس روھىنى بىرلەشتۇرۇپ مۇنداق يې-
غىنچاقلىغان: «بىزنىڭ بىر دادىمىز، بىر ئانىمىز بار. دادىمىز
خۇدا، خەلقىنىڭ ئۇ دادىسى ئاسماندا، ئانىمىز گېرمانىيە، ئۇ
زېمىندا». سىڭىپ كېتىش تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، يەھۇدىي-
لار شۇ يەرلەرنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىگە ئۇزۇل - كېسىل سىڭىپ
كەتكەندە شۇ يەردىكى جەمئىيەتنىڭ ئۇلارغا بولغان بىر تەرەپلىمە
قاراشلىرى ۋە دۈشمەنلىشىشى يوقايدۇ. ئاندىن ئۇلار مۇتلەق
باراۋەرلىككە ۋە ئۇزۇل - كېسىل ئازادلىققا ئىگە بولۇپ، ئېزىلى-
دىغان ۋە ھاقارەتلىنىدىغان قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلالايدۇ. يەھۇ-
دىي دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە
توقۇنۇشلارنى نەزەرگە ئالغان بەزى مەشھۇر يەھۇدىيلار، مەسى-
لەن، شائىر مېيىلىخ ھېينى قاتارلىقلار دىنىنى ئۆزگەرتىپ،
خرىستىئان دىنىنىڭ يۇيۇندۇرۇشنى قوبۇل قىلىپ، «ياۋروپا
مەدەنىيلىكىگە كىرىش» بېلىتىنى ئالدى. تولۇقسىز مەلۇماتلار-
دىن قارىغاندا، 1800 - يىلدىن 1810 - يىلغىچە، گېرمانىيە-
دىكى 10% يەھۇدىي يۇيۇندۇرۇشنى قوبۇل قىلغان.

## 3. «يەھۇدىيلار مەسىلىسى» ھەل بولمىدى

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، يۇقىرىقىدەك ئىل-
گىرىلەشلەر بولغان، ياۋروپا دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئازاد
قىلىش سىياسىتى ياكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزى «گېتتودىن چى-
قىش»تىن ئىبارەت مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى بولغان بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، يەھۇدىيلار ھەقىقىي، مەڭگۈلۈك ئەركىنلىك، بارا-
ۋەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىدى. سىياسىي جەھەتتە ھەرقايسى
دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى پە-
سەيتىش، خەلقنىڭ كۆرەش دىققىتىنى بۇراشنى كۆزلەپ، يەھۇ-

دىيلار بىلەن شۇ يەردىكى ئاساسىي مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەتنى كۆپەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى دۆلەتلەردى-
كى پارتىيە — گۇرۇھلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش ئېھتى-
ياجى تۈپەيلىدىن، يەھۇدىيلار ھەمىشە ھەر خىل سىياسىي توقۇ-
نۇشلارنىڭ قۇربانى قىلىنۇېتىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە مىسلىسىز
كەسكىنلەشكەن كاپىتالىستىك رىقابەت مۇھىتىدا ھەرقايسى دۆ-
لەتلەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ تەدرىجىي زورايغان كاپىتالى شۇ يەر-
لەردىكى ئاساسىي مىللەتلەر ئىچىدە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇر-
ژۇئازىيىنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى ۋە دۈشمەنلىشىشىنى قوزغىدى.
ئىقتىسادىي ھوقۇق - مەنپەئەت جەھەتتىكى توقۇنۇش يەھۇدىيلارغا
قارشى تۇرۇشنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىكى تەبىئىي سەۋەب بولدى.
مەدەنىيەت جەھەتتە، ياۋروپادىكى خرىستىئان دۇنياسىنىڭ ئوتتۇ-
را ئەسىردىن بۇيان يەھۇدىيلارغا بولغان دىنىي بىر تەرەپلىمىلىكى
ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك كۇنسايىن
يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان تار مىللەتچىلىك بىلەن بىرلىشىپ كەت-
تى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار يات، ناچار مىللەت دەپ ھېسابلى-
نىپ كەمسىتىلدى ۋە قارىلاندى. نەتىجىدە «يەھۇدىيلارنىڭ ئازاد
بولۇش» دولقۇنى قىسقا مەزگىل داۋام قىلغاندىن كېيىن XIX
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدا ياۋروپادا يەھۇدىيلارغا قارشى
تۇرۇش يەنە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.
ناپولېئون ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ياۋروپانىڭ
سىياسىي تەرتىپىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرىدىغان ۋېنا يىغىنى
يەھۇدىيلارنىڭ ناپولېئون دەۋرىدە ئىگە بولغان ھوقۇقلىرىنى ئې-
تىراپ قىلىشنى رەت قىلدى. ئاۋستىرىيىدىكى يەھۇدىيلار يەنە
گېتتولارغا قوغلاندى، يەھۇدىيلارغا قارشى مالىمانچىلىق باشلاندى-
دى. گېرمانىيىدىكى شتاتلار يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ۋە
ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا قارىتىلغان ھەر خىل چەكلىمىلەرنى ئەس-
لىگە كەلتۈردى ياكى ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىدى-

كى يەھۇدىيلار يەنە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 1881 - يىلى
4 - ئايدا گېرمانىيىدە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرغۇچىلاردىن 200
مىڭ ئادەم ئىمزا قويۇپ ھۆكۈمەتكە مۇراجىئەتنامە تاپشۇرۇپ،
يەھۇدىيلارنىڭ ئەركىن كۆچۈشىنى ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەشنى،
يەھۇدىيلارنى چەكلەيدىغان تەدبىرلەرنى جاكارلاشنى تەلەپ قىل-
دى. ئىتالىيىدە 1848 - يىلىدىكى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن
تارتىپ 1866 - يىلى بىرلىككە كېلىشتىن بۇرۇنقى چە جايلاردا
يەھۇدىيلارغا بېرىلگەن باراۋەرلىك ھوقۇقلىرى يەنە ئەمەلدىن قال-
دۇرۇلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى دۆلەتلەردە يەھۇدىيلارغا قار-
شى ئەسەرلەر پەيدا بولدى. گېرمانىيىلىك مۇخبىر ۋىلىيام مارئىن
«يەھۇدىي دىنى گېرمان جەمئىيىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى»
دېگەن كىتابنى يېزىپ داۋراڭ كۆتۈردى. ئۇ يەھۇدىيلارغا ئۇلار
ھەممە قىممەت ئۆلچەملىرىنى بۇزۇۋەتتى، غايىۋىلىكنىڭ جەمئىي-
يەتتە تارقىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، سودىنى چاڭگىلىغا ئې-
لىۋالدى، دۆلەت ئىشلىرىغا بارغانسېرى كۆپ قول تىقتى. تىيا-
تىرخانىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي
لاگېر بولۇپ شەكىللىنىۋالدى، دەپ ھۇجۇم قىلدى. ئىرقپەرەس
خوۋستون چامبېرلىن يەھۇدىيلارغا قارشى كىتاب — « XIX
ئەسىرنىڭ ئاساسى» دا يەھۇدىيلار قىممىتى يوق ئىرق. ئۇنىڭ
ۋەزىپىسى گېرمان ئىرقىنىڭ ساپلىقىنى بۇزۇش بولۇپ، بىر
توپ ساختا ئىبرانىي شالغۇتلىرىنى، يەنى جىسمانىي، مەنىۋى ۋە
ئەخلاق جەھەتتىن شەكسىز ئايىنىپ كەتكەن ئىرقنى كۆپەيتىدۇ»
دەپ كېسىپ ئېيتتى. فرانسىيە كونسېرۋاتىپ پارتىيىسىدىكى
ئىدۋارد دېلىمىن «فرانسىيىدىكى يەھۇدىيلار» دېگەن كىتابىدا
يەھۇدىيلار فرانسىيىگە ئىقتىسادىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئىجتىمائىي
نامراتلىق كەلتۈردى، دەپ جار سالدى. بۇ كىتاب بىر مەھەل
بازار تېپىپ، ئون يىلدا 140 نەچچە قېتىم نەشر قىلىندى.

## 4 . يەھۇدىيلار بۇرژۇئازىيىسىنىڭ يېتىلىشى

ياۋروپادا يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ۋە يەھۇدىيلارنى چەتكە قېقىش ھادىسىلىرى ئۈزۈلمەي پەيدا بولۇش بىلەن بىللە، كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ياۋروپادىكى يەھۇدىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كۈچىمۇ كۈنسايىن زورىيىپ باردى. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلار سودىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، پۇلى بار ۋە سودا، پۇل مۇئامىلە تىجارىتى تەجرىبىسىگە ئىگە بەزى يەھۇدىيلارنى مەسلىھەتچىلىككە ياكى تەدبىر بەلگىلەش - باشقۇرۇشقا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز رايونىدىكى سانائەت ۋە ئىچكى - تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپادا ئوردىلارغا كىرىپ - چىقالايدىغان، ئىمتىيازلىق «ئوردا يەھۇدىيلىرى» شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ھېچقانداق مەنئى قىلىش چەكلىمىلىرىگە ئۇچرىماي، پادىشاھ، يەر ئىگىسى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھىمايىسىدە ئىچكى - تاشقى سودا، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى تىجارىتى قىلىش، قورال - ياراغ ۋە ئارمىيىگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى توشۇپ بېرىش، پۇل ياساش، پۇل ئالماشتۇرۇش كەسپى بىلەن ئەركىن شۇغۇللاندى. نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ بېيىپ، ئاقسۆڭەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىگە كىردى. بەزىلەر ھوقۇقدارلارنىڭ مالىيە مەسلىھەتچىسىدىن سىياسىي مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئۆزگەردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ تەسىرى ۋە ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ، يەھۇدىيلارنىڭ جەمئىيەتتىكى سىياسىي ئورنىنى ياخشىلاپ، يەھۇدىيلارنىڭ «ئازادلىقى»نى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ چىقىرىش بىلەن بىللە، نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان يەھۇدىيلارنىڭ قەدەم بېسىشى چەكلەنگەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ساھەنى ئېچىپ بەردى.



بەزى يەھۇدىي سودا - سانائەتچىلىرى ئەنئەنىۋى سودىگەرچىلىك ئۇستۇنلۇكى بىلەن سانائەت، قاتناش - ترانسپورت، سودا، پۇل مۇئامىلە كەسىپلىرىگە پائال مەبلەغ سېلىپ غايەت زور پايدا ئالدى. XIX ئەسىردە گېرمانىيە ئوردىسىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ نەسلىدىن بولغان كىشىلەر فرانكفورد، ھامبورگ، لوندون، پارىژ، بېرلىن، ۋېنا، سايىنت پېتېربورگ قاتارلىق پۇل مۇئامىلە مەركەزلىرىدىكى سودا بانكىلىرىدا مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە فرانكفوردتىكى روتسچىلد جەمەتى ئەڭ مەشھۇر بولدى. بۇ جەمەتنىڭ ئاساس سالغۇچىسى فرانكفوردتىكى تۇنجى باي، يىراقنى كۆرەلەيدىغان مىيائامشال روتسچىلد بانكا كەسپىنى فرانكفوردتىن پۈتۈن ياۋروپاغا كېڭەيتتى. ئۆزى چوڭ ئوغلى بىلەن فرانكفوردتا تۇردى، قالغان تۆت ئوغلى ۋېنا، لوندون، ناپلېس ۋە پارىژدا جەمەت بانكىسىنىڭ تارماق ئورگانلىرىنى تەسىس قىلدى. ئۇلار ناپولېئون قوزغىغان ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ياخشى پۇرسەتتە ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرنى قەرز پۇل، رەخت، ئاشلىق، ۋە قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلىدى. ئەنگلىيە بىلەن ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى خەلقئارا پۇل پېرېۋوتىنى بېجىردى. ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپادىكى قايتا قۇرۇش پۇرسىتىنى تۇتۇۋېلىپ، ھەم فرانسىيىنىڭ ئۇرۇش تۆلىمى تۆلىشىگە ياردەم قىلدى، ھەم گېرمانىيە، ئىتالىيىدىكى ھەرخىل قايتا قۇرۇش تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىپ، ياۋروپادىكى پۇل مۇئامىلە خوجايىنى بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى پۇل مۇئامىلە، سودا كەسىپلىرىدىن باشقا، تۆمۈريول، كۆمۈر، پولات - تۆمۈر ساھەلىرىگىمۇ تەدرىجىي مەبلەغ سالدى. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە روتسچىلد بەش ئاكا - ئۇكا ياۋروپانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تارقالغان تورى ئارقىلىق ياۋروپادا ناھايىتى چوڭ سودا، پۇل مۇئامىلە ئىمپېرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتكۈل ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي تومۇرىغا ھەممىدە ياۋروپانىڭ مۇس-

تەملىكە بېقىندى دۆلەتلىرى ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىقتىسا-
دىي ھاياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. 1854 - يىلىدىكى قرىم
ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ جەمەت ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە نۇرغۇن قەرز
بېرىپ، ئەنگلىيە - فرانسىيەلەرنىڭ رۇسىيىنى مەغلۇپ قىلىشى-
ئۈچۈن چوڭ تۆھپە قوشتى.

روتسچىلد جەمەتىدىن باشقا، خىتىل جەمەتى، سىبىبىر جەمە-
تى، سىگلمات جەمەتى، ئوپپېنخېيم جەمەتى، خىللېس جەمەتى
قاتارلىق يەھۇدىيلارنىڭ چوڭ جەمەتلىرىمۇ ياۋروپادا مۇھىم تە-
سىرنى جارىي قىلدۇردى. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، XIX
ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بىرەر ياۋروپا ھۆكۈمىتى ئۇلاردىن
ئايرىلىپ زايوم تارقىتىش يولى بىلەن قەرز پۇل يىغالمىغان.
1900 - يىلى فرانكفورتتا 63% يەھۇدىينىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى
ئۈچ مىڭ ماركتىن ئېشىپ كەتكەن. پروتېستانتلاردىن 25%
ئادەم، كاتولىكلاردىن 16% ئادەم مۇشۇ سەۋىيىگە يېتەلىگەن.
مۇشۇنىڭ بىلەن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە
ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە يەھۇدىي بۇرژۇئازىيىسى ياۋروپا
سەھنىسىدە باش كۆتۈردى.

ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ كۈنسايىن ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يە-
ھۇدىي كاپىتالىستلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تەسىرىمۇ
كۈنسايىن زورايدى. ئۇلار سىياسىي ساھەگە كىرىشكە باشلىدى.
ئەنگلىيىدە يەھۇدىيلاردىن موسېس مۇنتېفىئورې تۇنجى ئاقسۆڭەك
بولدى. ئۇ لوندوننىڭ مەمۇرىي ئەدلىيە ئەمەلدارلىقىنى ئۈزۈنغى-
چە ئىشلىدى. 1837 - يىلى ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيە تەرىپىدىن
سېر① قىلىندى. روتسچىلد جەمەتىدىكى ليونېل 1858 - يىلى
ئەنگلىيە پارلامېنتىغا كىرگەن تۇنجى يەھۇدىي بولدى. يەھۇدىي
قان سىستېمىسىدىن بولغان بېنجامىن دىسرېلى 1867 - يىلىدىن

① سېر — ياۋروپادىكى پادىشاھلىق ئەللەردە بېرىلىدىغان تۆۋەن مەرتىۋە.



1868 - يىلىغىچە ۋە 1874 - يىلىدىن 1880 - يىلىغىچە ئەنگلى-
يىگە ئىككى قېتىم باش ۋەزىر بولدى. 1870 - يىلى يەھۇدىي
ئادولف كىرېم فرانسىيىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى بولدى. گوللان-
دىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ بەزى يەھۇدىيلار ئىچكى
كابىنېتقا كىردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياۋروپادىكى بەزى يەھۇدىيلارمۇ جەمئى-
يەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە قەدەم باستى. بىر تۈركۈم مۇخ-
بىر، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، ئادۋوكات، كىتاب سودىگىرى، گې-
زىت چىقارغۇچىلار بارلىققا كەلدى. گېرمانىيە ۋە ئاۋسترىيىدە
يەھۇدىيلار نەشرىياتچىلىق ۋە ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە كىشىلەر-
نىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. نۇرغۇن دۆلەتلەردە مەدەنىيەت
ساپاسى يۇقىرىراق يەھۇدىيلار كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئىقتىسادىي كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان، ئىجتىمائىي
ئورنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئەھۋالدا، بۇرژۇئازىيە-
نى يادرو قىلغان ھەر قاتلام يەھۇدىيلىرى ياۋروپادا ئەۋج ئېلىۋات-
قان يەھۇدىيلارغا قارشى رېئاللىقتىن بارغانسېرى نارازى بولدى.
ياۋروپادىكى بۇرژۇئا مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ جۇش
ئۇرۇپ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، سىڭىپ كېتىش خام خىيالى-
دىن ئويغانغان بىر تۈركۈم يەھۇدىي زىيالىيلىرى يەھۇدىي مىللەت-
چىلىكىنى بايراق قىلىپ، كىتاب يېزىپ، نۇتۇق سۆزلەپ، يەھۇ-
دىي دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرۇش، يەھۇدىي مىللىتىنى گۈللەندۈ-
رۈشنىڭ ھەر خىل لايىھىلىرىنى ئىشلىدى. سىياسىي زىئونىزم
مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي شارائىتتا بارلىققا كەلدى.

## § 4 . سىياسىي زىئونىزم نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى

XIX سىياسىي زىئونىزم نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، خېس، سىمولىسكىن،
كالشىر، پىنسكېر، بىئىنبوم، خېرزل قاتارلىق نۇرغۇن يەھۇ.
دىي دانىشمەنلىرىنىڭ ئورتاق پىكىر قىلغانلىقى، ئىزدەنگەنلىكى،
تەتقىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە خېس،
پىنىسكېر ۋە خېرزلدىن ئىبارەت ئۈچ ئادەم ئاساسلىق ئورۇندا
تۇرىدۇ.

## 1. خېس ۋە ئۇ يازغان «رىم ۋە ئېرۇسالېم»

يۇرتىغا قايتىپ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش نەزەرىيىسىنى
يەھۇدىي مۇتەپەككۇرى خېس (1812 — 1875) تۇنجى بولۇپ
سىياسىي نۇقتىدىن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بونىندىكى يەھۇدىي
دىنىنىڭ ئورتودوكىست مۇخلىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، كىچىكىدە
ئەنئەنىۋى يەھۇدىي تەربىيىسىنى ئالغان. لېكىن، ياشلىق دەۋرىدە
تەڭ دېمەتلىكلىرىگە ئوخشاش يەھۇدىي دىنىدىن ئايرىلىپ، يەھۇ.
دىيلارنىڭ سىڭىپ كېتىش يولى ئارقىلىق ئازادلىققا ئېگە بولالاي.
دىغانلىقىغا ئىشەنگەن. بونىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقاندا كا.
رىل ماركس بىلەن تونۇشۇپ، ياش گېگېلچىلارنىڭ پەلسەپە پىكىر
ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، گېرمانىيىدە ئەڭ بۇرۇنقى سوت.
سىيالىستلارنىڭ بىرى بولغان. ئۇ ئېنگلېسنى ماركسقا تونۇش.
تۇرغان ھەمدە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ئۈستىدە ئۇلار بىلەن
بىر مەھەل بىللە ئىزدەنگەن. «ھەقىقىي سوتسىيالىزم»[1] نىڭ
مۇھىم ئەزاسى سۈپىتىدە «كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتابنا.
مىسى» دا قاتتىق تەنقىدلەنگەن. ئۇ «رېيىن گېزىتى» دە تەھرىر،
مۇخبىر بولغان. 1843 - يىلى بۇ گېزىت ھۆكۈمەت تەرىپىدىن
پېچەتلەنگەندىن كېيىن، سىياسىي پاناھلانغۇچى سۈپىتىدە پارىژدا

[1] «ھەقىقىي سوتسىيالىزم» دېگەندە XIX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى گېرمانىيە ئۇششاق
بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سوتسىيالىزم ئېقىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، «گېرمانىيە سوتسىيالىزمى» دەپمۇ
ئاتىلىدۇ.



تۇرۇپ قالغان. 1852 - يىلى سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلىپ
پىنھان تۇرمۇش كەچۈرگەن.

1840 - يىلى دەمەشىق ۋەقەسى[1] يۈز بەرگەندىن كېيىن،
خېس ئۆزىنىڭ بەختسىز، كەمسىتىلىدىغان مىللەتكە مەنسۇپ
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، سىڭىپ كېتىش نەزەرىيىسىدىن ئۆ-
زىنى تارتىپ، يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا
باشلاپ، 1862 - يىلى كيولندا «رىم ۋە ئېرۇسالېم» دېگەن
كىتابىنى ئېلان قىلدۇ. بۇ كىتابتا ئاپتورنىڭ بېسىمغا ئۇچرىغان
تۇيغۇسى تەسىرلىك ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلىدۇ.

كىتابتا خېس بىر قاتار سىياسىي زىئونىزم نەزەرىيىلىرىنى
تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، يەھۇدىيلار
مەسىلىسى ھازىرقى ياۋروپادا «ئەڭ ئاخىرقى چوڭ مىللىي مەسى-
لە» بولۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ زېمىنىدا ياشاۋاتقان يەھۇدىيلارغا
نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئىسلاھات، دىنىنى ئۆزگەرتىش، مائارىپ
ۋە ئازادلىق يەھۇدىيلارغا جەمئىيەت دەرۋازىسى ئېچىپ بېرەلمەي-
دۇ. ماكانسىز قېلىش — يەھۇدىيلار مەسىلىسىنىڭ يادروسى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ». ئۇ مۇنداق دەپ ئوچۇق كۆرسىتىدۇ:
يەھۇدىيلارغا قارشى ھۇجۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى
«يۇرتقا قايتىپ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش» تىن ئىبارەت. لې-
كىن، «يۇرتقا قايتىپ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش» تە پەرۋەردى-
گارنىڭ كۈچىگە تايانغىلى بولمايدۇ. ئۇنى ھەر بىر يەھۇدىينىڭ
ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئورۇنداش لازىم. ھەر بىر يەھۇدىي
«ئىسرائىلىيىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش يولىدا ھايات - ماماتتا بىللە
بولۇپ، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش لازىم». شۇنىڭ بىلەن
ئۇ: «يەھۇدىيلار دۆلىتىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنى

[1] دەمەشىق ۋەقەسى دېگەندە، دەمەشىقتىكى كاتولوكلارنىڭ يەھۇدىيلار قەستلەپ ئۆلتۇ-
رۈشكە نەزىر قىلدى دېگەن تۆھمىتى تۈپەيلىدىن، بەزى يەھۇدىيلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن
قولغا ئېلىنغانلىقى، سوراق قىلىنغانلىقى، ئۇلاردىن ئىككى ئادەمنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى
كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سىياسىي جەھەتتىن تىرىلدۈرۈشنى ئالدىن ئويلىشىشىمىز لازىم.
. بۇنداق تىرىلدۈرۈش ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۆلىتىگە كۆچۈشتىن ئىبارەت» دېگەن سىياسىي جەھەتتىن دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاستىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ كۆچمەنلەر قوشۇنىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولغان ياۋروپا يەھۇدىيلىرى دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئەنئەنىۋى ئېتىقادىنى ساقلاپ قالىدۇ، دەپ ئالدىن ئېيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ يېڭى دۆلەتتە قانچىلىك يەھۇدىينىڭ بولۇشىنىڭ كارى چاغلىق، مۇھىمى بۇ دۆلەت يەھۇدىيلارنىڭ مەنىۋى مەركىزى، شۇنداقلا سىياسىي پائالىيەت بازىسى بولىدۇ. كەلگۈسىدىكى يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ خاراكتېرىنى خېس مۇنداق دەپ ئوچۇق كۆرسەتتى: ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن «سوتسىيالىزم» پرىنسىپلىرى ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. يەرگە ئومۇم ئىگىدارچىلىق قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەر تەقلىد قىلىدىغان ئۈلگە بولۇپ قالىدۇ.

روشەنكى، خېس يېقىنقى زاماندىكى ياۋروپا يەھۇدىيلىرى مەسىلىسىنى شۇ دەۋردىكى نۇرغۇن كىشىلەردىن كۆپ چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، سىياسىي زىئونىزمنىڭ تەخمىن رامكىسىنى تۈزۈپ چىققان. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر خېسنى سىياسىي زىئونىزمنىڭ 1 - ئورۇندىكى تەسىرگە ئىگە تەشەببۇسچىسى، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ «رىم ۋە ئېرۇسالېم» دېگەن كىتابىمۇ زىئونىزمنىڭ تۇنجى كىتابى بولۇپ قالغان. ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ خېرزل «يەھۇدىيلار دۆلىتى» دېگەن كىتابىنى پۈتكۈزۈپ، «رىم ۋە ئېرۇسالېم»نى ئوقۇغاندا، ئېغىر ئۇھ تارتىپ: «قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كىتابىغا كىرگۈزۈلۈپتۇ» دېگەن. لېكىن، خېس كىتابىدا يۇرتقا قايتىش توغرىسىدا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان كونكرېت ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابتىكى سۆزلەر سىپايە، كۆز قاراش يوشۇرۇن بولغاچقا، بۇ كىتاب 1862 - يىلى ئاران 160 پارچە سېتىلغان.



پىنسكېر، خېرزل قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن يەھۇدىي زىيالىيلىرى شۇ چاغدا بۇ كىتابنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن. بۇ كىتابنى ئوقۇغان بەزى كىشىلەرمۇ ئۇنى بىمەنىلىك دەپ قارىغان. قىرىق يىلدىن كېيىن زىئونىزم ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ قانات يايغاندا، بۇ كىتابنىڭ قىممىتىنى بىلگەن. بۇ كىتاب كېيىن نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان.

### 2. پىنسكېر ۋە ئۇنىڭ «ئۆزىنى ئازاد قىلىش» ناملىق كىتابى

پىنسكېر (1821 — 1891) سىياسىي زىئونىزم نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئىككىنچى ئورۇندىكى مۇھىم ئەرباب. پولشاد تۇغۇلغان، كېيىن موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ مېدىتسىنا ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئودېسادا دوختۇرلۇق قىلغان. ئۇ يەھۇدىي بولۇش سۈپىتى بىلەن سىڭىپ كېتىش ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىككە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، «روسىيىدە يەھۇدىيلار مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى»گە قاتنىشىپ، «ھەشقالا»[①] ۋە «رۇسلاشتۇرۇش» ھەرىكىتىگە ئاكتىپ كىرىشكەن. لېكىن 1881 - يىلى چار پادىشاھى ئالېكساندر Ⅱ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن ئەۋج ئالغان يەھۇدىيلارغا قارشى بوران ئۇنىڭغا ئۆزى كۈچەۋاتقان مەدەنىيەتتە سىڭىپ كېتىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تونۇتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەمئىيەتتىن چېكىنىپ چىقىپ، روسىيىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش لايىھىسى ئۈستىدە قايتىدىن باش قاتۇرغان. 1882 - يىلى بېرلىندا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئەسىرى «ئۆزىنى ئازاد قىلىش»

① ئەقىل - پاراسەت، مەرىپەت دېگەن مەنىدە.

نى ئىمزاسىز نەشر قىلدۇرغان.
پىنسكېر «ئۆزىنى ئازاد قىلىش» تا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:
«يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەتىنى بولمىغاچقا» يەھۇدىيلار قارشى-
لىنىقا ئۇچرىدى، چەتكە قېقىلدى. چۈنكى، «بىر مىللەتنىڭ
زېمىنى بولمىسا تەبىئىي بولمايدۇ، خۇددى بىر ئادەمنىڭ سايىسى
بولمىغاندەك» ئۇنىڭ قارىشىچە، ۋەتەنسىز يەھۇدىيلار ياشاۋاتقان
دۆلەتتە مېھمان ئەمەس، تىلەمچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتى-
سادىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ ھەسەت قىلى-
شىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھوقۇقسىز ئورنى ئۇلارنى خەلق-
نىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى تىنچىتىدىغان قۇربانلىق قىلىپ قو-
يىدۇ. پىنسكېر «يەھۇدىيلاردىكى ۋەھىمە كېسەللى» نىڭ يىلتىزى-
نى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلىنى ئوت-
تۇرىغا قويدى: «يەھۇدىيلار مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى
تۇتۇرۇقسىز ‹ئازاد بولۇش، تىن كۆتمەي، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ
مىللىي دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم.» ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ
ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاشنى، ئۆزىگە ئىشىنىشنى،
تەشەببۇسكارلىقىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ياۋروپا ھۆكۈمرانلىرى ۋە
يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ سەدىقە بېرىشىنى كۈتۈپ
ئولتۇرماستىن، بەلكى دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، ئۆزىنى - ئۆزى
قۇتقۇزۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. قەدىمكى يەھۇدىي دانىشمەن
ھىللېرنىڭ «ئۆزۈمنىڭ غېمىنى ئۆزۈم يېمىسەم، مېنىڭ غېمىمە-
نى كىم يەيدۇ؟» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى «ئۆزىنى ئازاد
قىلىش» نىڭ تېمىسى قىلغانلىقى دەل مۇشۇ ئىدىيىنىڭ مەركەز-
لىك ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پىنسكېر دۆلەتنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشنىڭ كونكرېت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رۇسىيىدى-
كى يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مەملىكەتلىك يىغىنى-
نى ئېچىپ، نەچچە مىليون يەھۇدىي ئولتۇراقلىشالايدىغان زېمىن
سېتىۋېلىشنى ھەمدە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بۇ ھەرىكەتنى قوللىشنى



قولغا كەلتۈرۈشنى مەسلىھەتلىشلىشنى تەشەببۇس قىلدى. دىققەت
قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پىنسكېر كىتابىدا يەھۇدىيلار ئول-
تۇراقلىشىدىغان رايوننىڭ چوقۇم پەلەستىن بولۇشىنى تەكىتلى-
مىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، يەھۇدىيلار مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلى-
نىشىدىكى ئاچقۇچ «مۇقەددەس جاينىڭ بولۇشىدا ئەمەس، بەلكى
ئۆزىمىزنىڭ زېمىنى بولۇشىدا»، «بۇ زېمىن شىمالىي ئامېرىكى-
دىكى كىچىك زېمىن بولسىمۇ ياكى ئاسىيادىكى ئوسمان ئىمپېرى-
يىسىنىڭ تەۋەلىكىدەك ئىگىلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان
پاشالىق زېمىن بولسىمۇ بولىدۇ.»
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پىنسكېر زىئونىزم نەزەرىيىسىنى
شەرھىلىگەندە خېسسقا قارىغاندا چوڭ بىر قەدەم ئالغا باسقان.
يەھۇدىيلار مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ
لوگىكىلىق تەھلىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى زىئونىزم نەزەرى-
يىسىنىڭ يولغا قويۇش پرىنسىپلىرىنى ۋە كونكرېت ۋاستىلىرى-
نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت قۇرىدىغان جاي قاتارلىق ئىنچىكە
مەسىلىلەرنىمۇ نەزەرگە ئالغان. رۇسىيىدە يەھۇدىيلارغا قارشى
پىكىر ئېقىمى يامراۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، ئۇنىڭ نەزەرىيىسى
كەڭ يەھۇدىيلار، بولۇپمۇ رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى يەھۇ-
دىيلار ئىچىدە خېلى چوڭ تەسىر قوزغىدى. «مۇقەددەس تاغنى
سۆيۈش ھەرىكىتى» قاتارلىق دەسلەپ پەيدا بولغان زىئونىزملىق
تەشكىلاتلار بۇ كىتابنى «يېڭى تەۋرات» دەپ بىلىپ، كەڭ تەش-
ۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا يەھۇدىيلىرىنىڭ پەلەستىنگە
كۆچىدىغان بىرىنچى قېتىملىق دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

## 3. خېرزل ۋە ئۇ يازغان «يەھۇدىي دۆلىتى»

سىياسىي زىئونىزمنى ئاخىرقى ھېسابتا خېرزل (1860 —
1904) سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل نەزەرىيە قىلىپ شەكىللەن-
دۈردى. خېرزل ۋېنگرىيىنىڭ پېشت (1872 - يىلى بۇدا بىلەن

بىرلىشىپ بۇداپېشت دەپ ئاتالغان) دېگەن يېرىدە باي يەھۇدىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا - بوۋىسى ئىسپانىيىدىكى ماررانوس بولۇپ، دادىسى ۋېنگرىيە بانكىسىنىڭ باش دىرېكتورى ۋە سودا ۋەكالەتچىسى بولغان. XIX ئەسىردە ئورنى بار نۇرغۇن ياۋروپا يەھۇدىي ئائىلىلىرىگە ئوخشاش، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ چالا ئاسسىمىلياتسىيىسىنى قوبۇل قىلىۋاتقان يەھۇدىي ئائىلىسى ئىدى. خېرزل بالىلىق دەۋرىدە يۇيۇندۇرۇلغان، كېيىن ياۋروپانىڭ خرىستىئان دىنى تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان. ئەنئەنىۋى يەھۇدىي دىنى ۋە مەدەنىيەت ئادەتلىرىنى ناھايىتى ئاز ئىگىلىگەن. ئىبرانىي يېزىقىنىمۇ بىلمىگەن. بۇنىڭدىن ئۇ ئۆمۈرۋايەت ئەپسۇسلانغان.

1878 - يىلى خېرزل ئائىلىسى بىلەن ۋېناغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ۋېنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ قانۇن ئوقۇغان، 1884 - يىلى قانۇنشۇناسلىق بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋېنا ۋە سالزبورگلاردا ئادۋوكاتلىق قىلىپ، يەھۇدىيلاردىن باشقا مىللەت نەسلىدىن بولغانلارنىڭ ھاۋالىسىنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتقان. شۇنىڭ بىلەن ئادۋوكاتلىق كەسپىنى تاشلاپ، كىچىكىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ۋېنادا ئازراق داڭق چىقارغان يازغۇچى ۋە مۇخبىرغا ئايلىنىپ، 1891 - يىلى ۋېنادا ئەڭ تەسىرى بار «يېڭى ئەركىنلىك گېزىتى» تەرىپىدىن پارىژدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىققا تەكلىپ قىلىنغان. ياش خېرزل شۇ زاماندىكى نۇرغۇن يەھۇدىي ياشلىرىغا ئوخشاش، سىڭىپ كېتىش ئارزۇسىدا بولۇپ، ئاساسىي جەمئىيەتكە قاتنىشىپ، داڭلىق يازغۇچى ۋە مۇخبىر بولۇشنى ئۈمىد قىلغان. ۋەھالەنكى، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياۋروپادا كۆتۈرۈلگەن يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇن ئۇنىڭ ھايات يولىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.



1875 - يىلى پېشت تەبىئىي پەنلەر ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ ئۇ مەكتەپتىن ئالمىشىپ كەتكەن. ۋېنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقاندا، خېرزل ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى — «ئالبىيە»گە قاتناشقان، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئۇيۇشمىدىكى يەھۇدىيلارنى چەتكە قېقىش خاھىشى تۈپەيلىدىن ئۇيۇشمىدىن چېكىنىپ چىققان. ئوگان دۇئولىنىنىڭ «ئىرىق، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت مەسىلىسى سۈپىتىدىكى يەھۇدىيلار مەسىلىسى» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغاندا، كىتابتا ئىپادىلەنگەن يەھۇدىيلارغا بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ۋە چېكىدىن ئاشقان ۋەھىمىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن. پارىژغا بېرىپ ئىشلىگەندىن كېيىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان پاكىتلار، خېرزلنىڭ سىڭىپ كېتىش ئارزۇسىنى ئاخىر بىتچىت قىلىۋەتكەن. پاناما سەتچىلىكى[1] قاتارلىق ئىشلار ئۇنىڭغا يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى سىڭىپ كېتىش يولى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەدرىجىي تونۇتىدۇ. 1894 - يىلى ئۇ ئىجاد قىلغان دراما ئەسىرى — «يېڭى گېتتو»دا بىر يەھۇدىي ياشنىڭ ئازادلىققا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر ئەتراپتىكى يەھۇدىيلارغا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلگەنلىكىدەك پاجىئەلىك ھېكايە بايان قىلىنىدۇ. مانا بۇ ھال خېرزلنىڭ سىڭىپ كېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

درېۋىس دېلوسىنىڭ[2] زىلزىلىسى تۈپەيلىدىن خېرزل ئاخىرقى ھېسابتا سىڭىپ كەتكۈچىلەر تەرەپدارلىقىدىن سىياسىي زىئونىزم تەشەببۇسچىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ دېلو ۋە بۇ دېلودىن پەيدا بولغان يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇن خېرزلنىڭ قەلبىنى

① 1893 - يىلى فرانسىيە جامائەت پىكرى پاش قىلغان پۇل مۇئامىلە سەتچىلىكى. بۇ پارىخورلۇق دېلوسىدا يەھۇدىيلار نەپسانىيەتچى پاي چېكى ھايانكەشلىرى دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

② 1894 - يىلى 12 - ئايدا فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ كاپىتانى، يەھۇدىي درېۋىس تۆھمەت بىلەن ئەيىبلىنىپ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

قاتتىق جاراھەتلەندۈردى. بۈگۈن خېرزل ئۆزىنى سىڭىپ كەتكەن «چالا يەھۇدىي» دەپ قارىغان بولسا، شۇ چاغدىكى رېئاللىق ئۇنىڭغا كېلىپ چىقىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن، ئېتىقادىنىڭ نېمە بولۇشىدىن، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە سىياسىي ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەھۇدىيلارنىڭ ھامان يەھۇدىي ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، يەھۇدىي كاتولىك بولۇپ ئۆزگىرىپ، ئەتراپتىكى مىللەتلەر ئائىلىسىگە چىن دىلىدىن قاتناشسىمۇ يەھۇدىيلارنى چەتكە قاقىدىغان شۇم تەقدىردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى. ئۇنى شۇ نەرسە قاتتىق ئېچىندۇردىكى، بۇ رەزىللىك «جۇمھۇرىيەت بولغان، زامانىۋى، مەدەنىي فرانسىيىدە ، كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى، ئېلان قىلىنغىنىغا يۈز يىل بولغاندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ». «ھەممە جەھەتتىن ناھايىتى ئىلغار، يۈكسەك مەدەنىيلىكى شەكسىز مىللەت مۇشۇنداق يولغا ماڭسا، كىشىلەر فرانسۇزلارنىڭ يۈز يىلدىن بۇرۇنقى سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەن باشقا مىللەتلەردىن نېمىنى ئۈمىد قىلالىسۇن؟»

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە خېرزل يەھۇدىيلارغا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە پۈتۈن زېھنى بىلەن پىكىر قىلىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ياۋروپادىكى چېچىلىپ كەتكەن تارىخىنى ئەسلەپ، شۇ چاغدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ رېئال ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، يەھۇدىيلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى، شۇنداق قىلغاندىلا يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يېتىدۇ. 1895 - يىلى 6 - ئايدا خېرزل يېڭى قاراشلىرىنى شەرھلەيدىغان تەپسىلىي خاتىرىسىنى ئېلىپ، مەشھۇر يەھۇدىي ساخاۋەتچىسى بارون مورس خېرىشنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەشھۇر يەھۇدىي



زاتلىرى يىغىنى ئېچىپ، يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن، بارون ئۇنىڭ تەپسىلىي سۆزلەپ بولۇشىنى كۈتمەي، ئۇنى سوغۇق رەت قىلىدۇ. خېرزل بۇنىڭ بىلەن بوشاپ كەتمەيدۇ. بەلكى پىلانىم مۇكەممەل، ئېنىق بولماپتۇ، دەپ ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ پىلانىنى خاتىرە يېزىش شەكلى بىلەن تولۇقلايدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، سىياسىي زىئونىزمنى سىستېمىلىق شەرھلەيدىغان پروگراممىلىق لايىھىسى شەكىللىنىدۇ. خېرزل باشتا «روتسچىلد جەمەتىگە» دېگەن ماۋزۇ قويۇپ، بۇ جەمەتنىڭ مول مالىيە كۈچىنى دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاساسى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەشھۇر يەھۇدىي يازغۇچىسى ماكس نورداۋنىڭ پائال رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا خېرزل ئۇ پروگراممىلىق لايىھىسىنى ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىدۇ ھەمدە ئېلان قىلىشنى قارار قىلىدۇ. خېرزلنىڭ بۇ ئەسىرى 1896 - يىلى 2 - ئايدا «يەھۇدىيلار دۆلىتى» دېگەن تېما بىلەن ۋېنادا نەشر قىلىنىدۇ.

خېرزل بۇ كىتابنىڭ بېشىدا: «بۇ كىتابىمدا ئىنتايىن قەدىمكى چۈشەنچىنى، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرۇشنى بايان قىلىمەن» دەپ ئاشكارا جاكارلايدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى «سىڭىپ كېتىش» يولى بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بىر تەرەپتىن، ياۋروپادا يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. يەنە بىر تەرەپتىن، يەھۇدىيلار ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئويغىتىدۇ. ئۇنىڭ ئويغىنىشى قارشى تۇرۇشنى غىدىقلايدۇ؛ يەھۇدىيلار مەسىلىسى ئىجتىمائىي مەسىلە ئەمەس، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى مىللەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ قارىشىچە: «ئۇ دۇنياۋى سىياسىي مەسىلە قىلىنسا ھەمدە دۇنيادىكى مەدەنىي

دۆلەتلەر يىغىنىدا مۇھاكىمە قىلىنسا، ئاندىن ھەل بولىدۇ.» ئۇ
يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: يەھۇدىيلارنىڭ قى-
يىن ھالەتتىن قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى يەھۇدىيلار ئۆزى-
نىڭ دۆلىتىگە كوللېكتىپ ھالدا يېتىپ بېرىش. ئۇ يەردە،
«ئاخىرقى ھېسابتىكى ئەركىن كىشىلەر سۈپىتىدە ئەركىن زې-
مىنىدا ياشاش ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ ماكانىدا خاتىرجەم كۆز يۇمۇش»
تىن ئىبارەت. دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان زېمىننى تاللاشتا
ئۇ پەلەستىن بىلەن ئارگېنتىنانى كۆرسەتتى. چۈنكى، «بۇ ئىك-
كى جايدا كۆچمەن كۆچۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ مۇھىم
سىناقلىرى ئىشلەنگەن». لېكىن «پەلەستىن ئېسىمىزدە مەڭگۈ
ساقلانغان تارىخىي ماكانىمىز» بولغاچقا، ئەلۋەتتە، تاللاشنىڭ
تۇنجى ئوبيېكتى بولۇشى كېرەك.
تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى شۇكى، خېرزل
بۇ كىتابىدا يەھۇدىيلار دۆلىتىنى قۇرۇشنىڭ كونكرېت قەدەملى-
رىنى خېلى زور ھەجىمدە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ، «يەھۇ-
دىيلار جەمئىيىتى» ۋە «يەھۇدىيلار شىركىتى» دىن ئىبارەت ئىك-
كى ئورگان قۇرۇشنى، ئالدىنقىسى سىياسىي ئورگان بولۇپ،
ھەرقايسى دۆلەتلەرگە چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنى ئۇيۇشتۇ-
رۇپ يېڭى دۆلەتكە تۈركۈملەپ كۆچۈشكە مەسئۇل بولۇشنى،
كېيىنكىسى ئىقتىسادىي ئورگان سانائەت تەرەققىياتىغا مەسئۇل
بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي
جەھەتتە قوللىشى ۋە يەھۇدىي بايلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى
دۆلەت قۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا،
خېرزل كىتابىدا كەلگۈسىدىكى دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە شەك-
لى، ئاساسىي قانۇنى، تىلى، دۆلەت بايرىقى، ئارمىيىسى قاتار-
لىق جەھەتلەردىكى تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەتتا
يەتتە سائەتلىك خىزمەت تۈزۈمى، يېڭى كۆچمەنلەر ئولتۇرىدىغان
ئۆيلەرنىڭ لايىھىلىنىشى ۋە سېلىنىشى، مەخسۇس ماھارىتى يوق



ئەمگەكچىلەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇششاق مەسى-
لىلەر ئۈستىدىمۇ تەپسىلىي توختىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خېرزل
سىياسىي زىئونىزمنىڭ سىستېمىلىق پروگراممىسىنى تۇنجى قې-
تىم مۇكەممەل، ئېنىق شەرھلەپ، دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى-
نىڭ قۇرۇلۇشىغا نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بېرىدۇ.
ئوتلۇق ھېسسىياتقا تولغان بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنىشى بىلەن
جايلاردىكى يەھۇدىيلار ئىچىدە چاقماق چاقماقانداك غايەت زور داۋال-
غۇش پەيدا قىلىدۇ. يۇقىرى قاتلامدىكى بەزى يەھۇدىيلار بۇ
كىتابتىكى تەشەببۇسلارغا ھەر خىل گۇمان ۋە ئەيىبلەشلەردە
بولغان بولسىمۇ، لېكىن زىيانكەشلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارت-
قان تۆۋەن قاتلامدىكى يەھۇدىي پۇقرالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا،
بۇ كىتاب ئۇلارنىڭ قەلب ساداسىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن،
ئۇلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى كۈچلۈك ھېسداشلىقىنى قوزغىدى.
بولۇپمۇ ئاپتورنىڭ چىن دىلىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئۆزىنى بېغىش-
لاش روھى ياش زىئونىزمچىلارغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەت-
تى. كېيىنكى دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى، ئىسرائى-
لىيىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭى خېيىم ۋېيزمان (1874 — 1952)
ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ كىتابنىڭ ئېلان قىلىنى-
شى ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاقماقانداك ئىش بولدى. . . بۇ
كىتاب مېنىڭدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مېنى قاتتىق تەسىر-
لەندۈرگىنى ئۇنىڭدا شەرھلەنگەن ئىدىيە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدى-
كى يۈكسەك پەزىلەت، يەنى دادىللىق، ئېنىقلىق ۋە قەيسەرلىك.
بىزگە غوم ساقلىمايدىغان غەربلىك يەھۇدىي بىز بىلەن بىر يولغا
ماڭدى. . . كىتاب ئارقىلىق بىز مۇھىم بىر تارىخىي ئەربابنى
بايقىدۇق.»
«يەھۇدىيلار دۆلىتى» دېگەن كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشى
ھازىرقى زامان سىياسىي زىئونىزم نەزەرىيىسىنىڭ نەزەرىيە جە-
ھەتتە شەكىللىنىپ بولغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. يۇقىرىقىلارنى

يىغىنچاقلىغاندا، ئىدىيىۋى مەنبە جەھەتتىن ئېيتقاندا، سىياسىي
زىئونىزم نەزەرىيىسى ھەم چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىي مىللىتىد-
نىڭ ئۆزۈندىن بۇيانقى دىنىي ئېتىقاد، ئەنئەنە قارىشىغا ۋارىسلىق
قىلىپ ئۆزگەرتىش، ھەم XIX ئەسىردە ياۋروپادا پەيدا بولغان
بۇرژۇئا مىللىي دېموكراتىك ئىدىيىسى ۋە خىيالىي سوتسىيالىزم
ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ تەتبىقلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



## ئۈچىنچى باب

# قايتىشنىڭ باشلىنىشى

نەزەرىيە — ھەرىكەتنىڭ يول باشچىسى. خېس، پىنس-
كېر، خېرزىل قاتارلىق كىشىلەر سىياسىي زىئونىزم ئىدىيىسىنى
يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سىستېمىلىق نەزەرىيىگە تەرەققىي قىلدۇرغان-
دا، سىياسىي زىئونىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان ئىجتىمائىي
تەشكىلاتلارمۇ رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادا پەيدا بولۇشقا باشلى-
دى. ئاندىن ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنى پەلەستىنگە كۆچۈشكە ئۇ-
يۇشتۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە يۇرتىغا قايتىپ دۆلىتىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سىياسىي زىئونىزمنى ئۆز
ھەرىكىتى بىلەن ئەمەلدە كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىسقىغىنا
بىر نەچچە ئون يىلدا زىئونىزم تېز تەرەققىي قىلىپ، يەر شارى
خاراكتېرلىك سىياسىي ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئانا
ماكانىغا قايتىش ۋە يەھۇدىي مىللىتىنىڭ گۈللىنىش سۈرئىتىنى
تېزلەتتى.

### § 1. زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى ئەۋج ئېلىشى

#### 1. 1882 - يىلىدىن بۇرۇنقى پەلەستىن ۋە كونا يىشۇۋ

مىسىر ئىشغال قىلغان ئون يىل (1831 — 1840) دىن

باشقا، XIX ئەسىردىكى پەلەستىن كونسايىن خارابلىشىۋاتقان
ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، ئۇ يەرنى دە-
مەشىق ۋالىيسى بىلەن ئەككە ۋالىيسى بۆلۈپ باشقۇراتتى. مۇھىم
ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ مۇقەددەس ماكانى
بولۇشتەك ئالاھىدە ئورنى تۈپەيلىدىن، غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەت-
لەر ئۇ يەرگە خىرىس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ يەردە دىن تارقىتىد-
غان مەكتەپلەرنى ئېچىپ، سودىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1838
- يىلى ئەنگلىيە ئېرۇسالېمدا ئالدى بىلەن كونسۇلخانا تەسىس
قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن فرانسىيە، رۇسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە
ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئېرۇسالېمدا كونسۇلخانا تەسىس
قىلدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر «تېررىتورىيىدىن تاشقىرىلىق ھو-
قۇق ماددىلىرى»① غا تايىنىپ، كونسۇلخانا ۋاكالەتچىسى ئار-
قىلىق، ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىپ، ئۆزىنىڭ دىن بىلەن باشقۇ-
رۇش رايونلىرىنى قۇردى. 1853 - يىلدىن 1856 - يىلىغىچە
داۋاملاشقان قىرىم ئۇرۇشى رۇسىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ پەلەس-
تىندىكى «مۇقەددەس جاينى قوغداش ھوقۇقى» نى تالىشىشتىن
پارتلىدى. بۇ مەزگىلدە پەلەستىن بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدا
پاراخوت قەرەللىك قاتناشقا باشلىدى. يەفو بىلەن ئودېسسا ئوتتۇ-
رىسىدىكى ھاۋا يولى ئېچىلدى. 1865 - يىلدىن باشلاپ ئېرۇسا-
لېم قاتارلىق شەھەرلەردە ياۋروپادىكى چوڭ شەھەر بىلەن بولغان
تېلېگراف - پوچتا مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. 1869 - يىل سۇۋە-
يىش قانىلىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، پەلەستىن بىلەن ياۋ-
روپانىڭ ئالاقىسى تېخىمۇ كۆپەيدى. ساياھەت قىلىدىغان ۋە تاۋاپ
قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئېرۇسالېم شۇ يەر-
دىكى ئەڭ چوڭ شەھەرگە ئايلاندى.

① «تېررىتورىيىدىن تاشقىرىلىق ھوقۇق» — غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى مەجبۇرلىشى بىلەن ئىمزالانغان تەڭسىز شەرتنامىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كونسۇللىرى مۇشۇ شەرتنامىغا ئاساسەن، ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇھاجىرلىرىنى قوغداش ھوقۇقىغا ۋە ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە.



1800 - يىلىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، پەلەستىندە
جەمئىي 300 مىڭ ئاھالە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلار ئاران
بەش مىڭ ئىدى. بۇلار ئاساسەن ئەرەبچە سۆزلەيدىغان سېپاردىم
يەھۇدىيلىرى① ئىدى. ئۇلار ئاساسلىقى ئېرۇسالېم، سافېد،
تىبېرىئاس ۋە ھېبرون قاتارلىق يەھۇدىي دىنىنىڭ تۆت مۇقەددەس
شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلات-
لىرى ئولتۇراقلاشقان كونا يىشوۋ② نى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ-
نىڭدىن كېيىن، كەڭ كۆلەملىك ئالىيا③ پەيدا بولۇشتىن ئىل-
گىرى چەت ئەللەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئېرۇسالېمغا ۋە باشقا
مۇقەددەس شەھەرلەرگە پارچە - پۇرات كۆچۈپ كېلىشى ئۈزۈلۈپ
قالمىدى. مەسىلەن، 1808 - يىلدىن 1810 - يىلىغىچە ۋىلنا-
دىن بىر تۈركۈم يەھۇدىيلار پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلدى. 1820
- يىلى ھېبروندا پەلەستىندىكى تۇنجى ئاشكېنازلىق يەھۇدىيلار④
تەشكىلاتى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە شەرقىي
ياۋروپادىكى يەھۇدىيلار كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار نۇرغۇن
جەھەتلەردە شۇ يەرلىك سېپاردىملارغا ئوخشاشمايتتى. كېيىنكى-
لەر ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، ئۇلار سۇلتان
ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن چوڭ راببىلارنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل
قىلاتتى. ئالدىنقىلار چەت ئەل مۇھاجىرلىرى سۈپىتىدە «تېررى-
تورىيىدىن تاشقىرىلىق ھوقۇق ماددىلىرى» ئاستىدا، يەرلىك
كاتولىك مۇھاجىرلار بىلەن تەڭ ياۋروپا كونسۇللىرىنىڭ ھىمايى-

① سېپاردىم دېگەندە ئەسلى ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيىدە ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆزدە تۇتۇلاتتى. كېيىن ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىدا ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىيلا-ر، بولۇپمۇ غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقىدىكى يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولدى.
② يىشوۋ — ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى پەلەستىندىكى يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتى ئولتۇراقلاشقان جاي. بۇ جاي كونا يىشوۋ دېيىلىپ، زىئونىزم ھەرىكىتى ئەۋج ئالغاندىن كېيىن شۇ يەردە قۇرۇلغان يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.
③ ئالىيا دېگەندە يەھۇدىيلارنىڭ كونا يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىش ۋە ياشاش پائالىيەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
④ ئاشكېنازلىقلار دېگەندە بۇرۇن ياۋروپادىكى يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلاتتى. كېيىن ئوتتۇ-را ياۋروپا ۋە رۇسىيىدىكى يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولدى.

سىگە ئىگە ئىدى. ئاشكېنازلىقلار بىلەن سېپاردىملىقلار ئوتتۇر-
سىدىكى ئالاقىمۇ ئاز ئىدى. ئىككىسى خالۇككا[1] غا خېلى زور
دەرىجىدە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىسىمۇ، لېكىن خالۇككانىڭ
تەقسىمات شەكلى روشەن پەرقلىنەتتى. ئالدىنقىلارنى يۇرتداشلار
ئۇيۇشمىسى قاتارلىق تەشكىللەر باشقۇرۇپ، ھەر بىر يەھۇدىي
ئائىلىسىغا تەڭ تەقسىم بېرەتتى؛ كېيىنكىسىنى بولسا، باش
راببى ئوخشاش ئۇچكە ئايرىپ، تۇرمۇشى قىيىنلارغا، يەھۇدىي
دىنى كىتابلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارغا ۋە جامائەت ئىش-
لىرىغا ياردەم بېرەتتى.
XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن پەلەستىندىكى يەھۇ-
دىيلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىشكە باشلاپ، 1856 - يىلى 10 مىڭ
500 ئادەمگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېرۇسالېمدا 5700 ئادەمگە،
سافېدتا 2100 ئادەمگە، تىبېرىئاستا 1500 ئادەمگە، ھېبروندا
400 ئادەمگە، يەفودا 400 ئادەمگە يەتتى. 25 يىلدىن كېيىن،
يەنى تۇنجى قېتىملىق ئالىيانىڭ ھارپىسىدىكى 1881 - يىلى
يەھۇدىيلارنىڭ نوپۇسى يەنە بىر قاتلىنىپ، 25 مىڭ ئادەمگە
يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېرۇسالېمدىكى يەھۇدىيلار ئەڭ جىق كۆپىد-
يىپ 15 مىڭغا يەتتى. لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىككى چوڭ
ئۆزگىرىش بولدى: بىرى ئاشكېنازلىقلار 60% نى ئىگىلىدى.
يەنە بىرى، نوپۇسنىڭ مەركىزىي شەھەرگە توپلىنىشى 45% كە
يەتتى. ۋەھالەنكى، كونا يىشۇۋتىكى كۆپ قىسىم يەھۇدىيلار
يەھۇدىي دىنىغا ئەمەل قىلىدىغان يەھۇدىي دىنى مۇخلىسلىرى
بولۇپ، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە ئويلا-
نماي، چەت ئەللەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىئانىسىنى ۋە ساخاۋەتچە-
لەرنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىش بىلەن قانائەتلىنىپ، ھەرقانداق

---

① خالۇككا دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، مەنىسى «تەقسى-
مات» دېگەنلىك بولىدۇ. پەلەستىندىكى يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ چەت ئەللەردىكى
يەھۇدىيلار چېچىلىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن توپلىغان ئىئانە پۇلىنى كۆرسىتىدۇ.



پىگى پىكىر ئېقىمىغا ۋە يېڭى ئىگىلىكى، قول سانائىتى ئەمگەك-
لىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى سىناپ بېقىشقا قارشى تۇردى. سىي-
ياسىي چوڭ راببىسى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ،
ئۇنىڭغا مەنسەپ ئورنى بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جە-
ھەتتىن ئېيتقاندا، پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئورنى ئىنتايىن
تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە ئوسمانلى ئەمەلدارلىرىنىڭ قاقتى
- سوقتى قىلىشىغا ئۇچراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچارچى-
لىق، ۋابا، يەر تەۋرەش توپەيلىدىن نورغۇن كىشىلەر ئىنتايىن
نامراتلىق ئىچىدە ياشىدى. ۋەھالەنكى، ھەر يىلى چەت ئەللەردىن
ئىئانە قىلىنغان خالۇككا 100 مىڭ فوند ستېرلىڭ بولۇپ، بۇ
پۇل ئېھتىياجنى قامداپ كېتەلمەيتتى.
مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ياۋروپادىكى بەزى يەھۇدىي ساخاۋەتچى-
لىرىنىڭ مەردلىك بىلەن ياردەم قىلىشى ئالاھىدە مۇھىم بولۇپ
قالدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەنگلىيىدە پۇل مۇئامىلىسى
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەھۇدىي موسېس مونتېفىئورى ئاشۇ سا-
خاۋەتچىلەرنىڭ بىرى بولدى. ئۇ ياش چاغلىرىدا لوندوندىكى ئاك-
سىيە سودىسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ بېيىغان. كېيىن ئۇ
غايەت زور بايلىقى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن سالاھىيىتى بىلەن يەھۇ-
دىيلارنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چاپقان. ئۆمرىدە
پەلەستىنگە يەتتە قېتىم كېلىپ، شۇ يەردىكى يەھۇدىيلارغا مەرد-
لىك بىلەن ياردەم بەرگەن. 1854 - يىلى ئېرۇسالېمدا يەھۇدىيلار
دوختۇرخانىسى سالدۇرغان. 1856 - يىلى باشقىلار بىلەن بىرلە-
شىپ لومېل نامىدىكى دىنىدىن خالىي مەكتەپنى سالغان. ئېرۇ-
سالېمدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ،
1860 - يىلىدىن باشلاپ مەبلەغ چىقىرىپ، ئېرۇسالېم شەھەر
سېپىلىنىڭ سىرتىدا يەھۇدىيلار ئولتۇراقلىشىدىغان بىر تۈركۈم
ئولتۇراق رايونلارنى قۇرۇشنى پىلانلىغان. دەل مۇشۇ ئولتۇراق
رايونلار كېيىن ئېرۇسالېم يېڭى شەھىرىنىڭ يادروسى بولغان.

1878 - يىلى هازىرقى تېل ئاۋىۋنىڭ شەرقىي شىمالىدا يېقىنقى زاماندىكى يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ تۇنجى ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان مەھەللىسى — پېتاتىچۋا (ئىبرانىي تىلىدا «ئۈمىد ئىشىكى» دېگەن مەنىدە) نى قۇرغان. تەبىئىي مۇھىت بەك ناچار بولغاچقا دەسلەپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئاغرىپ ئۆلگەن ياكى كېتىپ قالغان. لېكىن جىسمانىي ئەمگەككە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ھالەت پەيدا بولۇشقا باشلىغان. 1881 - يىلى پەلەستىندىكى يەھۇدىيلاردىن مىڭغا يېقىن ئادەم يېزا ئىگىلىك ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ھال كېيىن نۇرغۇن يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ كېلىشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

## 2. رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنىڭ قىيىن ھالى

ئەينى ۋاقىتتا موسى خېسس ئالدىن ئېيتقاندەك، ئەڭ بۇرۇن پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىيلار ئاساسلىقى رۇسىيىدىن ۋە شەرقىي ياۋروپادىن كەلگەن. چۈنكى، زىئونىزم تەشكىلاتلىرى شۇ يەرلەردە ئاۋۋال پەيدا بولغان. بۇ تەرەققىيات XIX ئەسىردە مۇشۇ رايون (ئاساسلىقى رۇسىيە) دىكى يەھۇدىيلارنىڭ پاجىئەلىك مۇھىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

XIV - XV ئەسىرلەردە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى نۇرغۇن يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپاغا قوغلىۋەتتى. 1650 - يىلى پولشا دۇنيا بويىچە يەھۇدىيلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان دۆلەت بولۇپ قالدى. كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ پولشانى ئۈچ قېتىم بۆلۈۋېلىشى ۋە چار رۇسىيىنىڭ سىرتقا ئۇزلۇكسىز كېڭىيىشى ئارقىسىدا، پولشانىڭ يەھۇدىيلار ئەڭ زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونى رۇسىيىگە قوشۇۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن XIX ئەسىردە رۇسىيە دۇنيا بويىچە يەھۇدىيلار



ئەڭ كۆپ دۆلەت بولۇپ قالدى. يەر شارىدىكى 10 مىليون يەھۇدىينىڭ بەش مىليونى رۇسىيىدە ئولتۇراقلاشقانىدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى رۇسىيىدىكى يەھۇدىيلارنى كەمسىتىش ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلدى. بۇ مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى رېشاتكا رايونى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەت دائىرىسىنى قاتتىق چەكلىدى. 1792 - يىلىدىن باشلاپ، ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنا II يەھۇدىيلارنىڭ رۇسىيە جەمئىيىتىنى «بۇزۇۋېتىشى» گە يول قويماسلىق باھانىسى بىلەن يېڭىدىن ئىشغال قىلغان پولشانىڭ شەرقىي قىسمىنى يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا قالدۇرۇلغان رايون — رېشاتكا رايونى قىلىپ ئايرىدى. كېيىن پاۋل I، ئالېكساندىر I تەختكە چىققاندا، رېشاتكا رايونىنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتتى. دائىرىلەرنىڭ ئالاھىدە رۇخسىتىنى ئالماي يەھۇدىيلار ئاشۇ رايوندىن چىقسا بولمايتتى. رايون ئىچىدىمۇ پراۋوسلاۋىيە دىنى ۋە كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سىلاۋىيانلار دىنىي بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ ۋە دائىرىلەر قۇترىتىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ يەھۇدىيلارنى چەتكە قاقىدىغان ۋە ئۇلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان پوزىتسىيىدە بولدى. 1802 - يىلى ئالېكساندىر I بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يەھۇدىيلارنىڭ يەر ئىجارىگە ئېلىشىنى، مەيخانا تىجارىتى قىلىشىنى چەكلىدى ھەمدە ئۇلارنى يېزىلاردىن قوغلىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يەھۇدىيلار شەھەرلەرگە ئېقىپ كىردى. ھۆكۈمەت تەۋەلىكىدىكى ئاممىۋى ئىشلارنىڭ ئىشىكى ئۇلارغا تاقاق بولغاچقا، زور كۆپ ساندىكى يەھۇدىيلار مۇقىم كەسىپكە ئىگە بولالماي، «ھاۋادىكى ئادەم» دەك لەيلەپ يۈردى. ئىش ھەققى ئىنتايىن ئاز بېرىلىدىغان ۋاقىتلىق ئىشلارنى قىلىشقا تايىنىپ جان باقتى. يەھۇدىيلارغا قارشى تۈرىدىغان رۇسىيە گېزىتلىرىمۇ: «رۇسىيىدە

بىدىكى زور كۆپ سانلىق يەھۇدىيلار ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن ئاستا
- ئاستا ئۆلۈمگە قاراپ كېتىپ بارىدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلدى.
يەنە بىرى، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يولغا
قويۇپ، يەھۇدىيلارنى پراۋوسلاۋىيە دىنىغا كىرىشكە قىزىقتۇردى
ياكى مەجبۇرلىدى. 1817 - يىلى ئالېكساندىر I «ئىسرائىلىيە
خىرىستىئانلىرى جەمئىيىتى» تەسىس قىلىپ، يۇيۇندۇرۇشنى
قوبۇل قىلغان يەھۇدىيلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېتىبار بەر-
دى، قانۇن جەھەتتىن كەڭچىلىك قىلدى، يەھۇدىيلارنى بالىلىرى-
نى ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىگە بېرىپ رۇس تىلىدا ئوقۇتۇشقا ئىل-
ھاملاندۇردى، ياكى مەجبۇرلىدى. لېكىن بۇ ئىككى تەدبىرنىڭ
ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمىدى. 1827 - يىلى نىكولاي I «ھەربىي
خىزمەت ئۆتەش قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ 12 ياش (كېيىن سەك-
كىز ياش قىلىپ ئۆلگىرى سۈردى) تىن 18 ياشقىچە بولغان
يەھۇدىي بالىلىرىنىڭ ھەربىي مەكتەپتە ھەربىي تەلىم ئالغاندىن
كېيىن يەنە 25 يىل ھەربىي خىزمەت ئۆتىشىنى بەلگىلىدى.
بۇنىڭدا بىر جەھەتتىن ھەربىي مەنبەسىنى كېڭەيتىشنى كۆزلىگەن
بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ھەربىي مەكتەپ ۋە ھەربىي لاگىردىن
پايدىلىنىپ يەھۇدىي ياشلىرىنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە
قىزىقتۇرۇش ۋە مەجبۇرلاشنى كۆزلىگەنىدى. بۇ ئۇسۇللار يەھۇ-
دىي بالىلىرىنى روھىي ۋە فىزىئولوگىيە جەھەتلەردىن نابۇت
قىلاتتى. يەھۇدىي ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ يېشىنى يوشۇرۇش،
ھەتتا بالىسىنى مېيىپ قىلىپ قويۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق
ھەربىي خىزمەت ئۆتەشتىن قاچۇردى. ھۆكۈمەت بولسا مەخپىي
ساقچىلارنى تەكشۈرۇشكە ئەۋەتىپ، ئەسكەر مەنبەسىنى كاپالەت-
لەندۈرۈشكە ئۇرۇندى.

قىرىم ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى تۈپەيلىدىن نىكولاي I
1855 - يىلى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان
ئالېكساندىر II ئىسلاھ قىلىپ كۆچىيىشكە بەل باغلىدى. ئۇ يانچە-



لىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىللە، يەھۇدىيلارنىڭ ئەھ-
ۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈنمۇ بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى.
يەھۇدىيلار نەپرەتلىنىدىغان ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى
1857 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم
يەھۇدىي بايلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار،
ئۇستىلار، دوختۇرلار ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقانلارنىڭ رېشاتكا
رايونى سىرتىدا ياشىشىغا يول قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ساي-
نىت پېتېربورگ، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە يەھۇدىيلارنىڭ
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يەھۇدىيلارمۇ
يەرگە ئىگە بولۇش، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت
قىلىندى. بىر قىسىم رايونلارنىڭ پارلامېنت ۋە ئەدلىيە تارماقلى-
رىدىمۇ يەھۇدىيلاردىن بەزى پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ئادۋوكاتلار
پەيدا بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ يۇقىرى قاتلام گۇرۇھىنى شەكىللەن-
دۈردى. بىر قىسىم يەھۇدىي مەكتەپلىرىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتى-
سادىي ياردىمىگە ئىگە بولۇشقا باشلىدى. يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان
چەكلەش خاراكتېرىدىكى قانۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەمەلدىن قال-
دۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت يەھۇدىيلارنىڭ مەسىلى-
سىنى ھەل قىلىش يولىدا تۈنجى قەدەمنى تاشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، گېرمانىيىدە ئەۋج ئالغان يەھۇدىيلار-
نىڭ ئاقارتىش ھەرىكىتىمۇ رۇسىيىگە تەدرىجىي كىرىپ، ھازىر-
قى زامان پەن - مەدەنىيەتلىرىنى ئۆگىنىشنى، دىندىن خالىي
مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يەھۇدىيلارنى رۇسىيە مەدەنىيد-
تىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا سىڭدۈرۈۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى.
1860 - يىلىدىن كېيىن ۋىلنا ۋە ئودېسسادا زامانىۋى يەھۇدىي
مەكتەپلىرى ئېچىلدى. «رۇسىيىنىڭ مېندېلسونى»[1] دەپ نام
ئالغان ئىساك لېۋېنزۇئىن يەھۇدىي مەكتەپلىرىدە ئىبرانىي تىلىدا

[1] گېرمانىيىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ مەرىپەتپەرۋەر باشلامچىسى مېندېلسون كۆزدە تۇتۇلى-
دۇ.

هازىرقى زامان مائارىپى بىلەن شۇغۇللاندى، ھەمدە «ئىسرائىللارنىڭ ئىسپات سۆزى» دېگەن ئەسىرىدە ھەشكالانىڭ نىشانى بىلەن يەھۇدىيلار ئېتىقادىنىڭ بىردەكلىكىنى تەكىتلىدى. 1863 - يىلى پىنسكېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم زىيالىيلار «رۇسىيەدىكى يەھۇدىيلار نىڭ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى» قۇرۇشنى قوزغاپ، ئالدى بىلەن رۇس، ئاندىن كېيىن يەھۇدىي بولۇشنى جاكارلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارمۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەكلىكىنى، «سىرتتا شۇ يەرلىك ئادەم، ئائىلىدە يەھۇدىي بولۇش» تىن ئىبارەت بۇ ھەرىكەت مىزانىنى تەكىتلىدى. رۇسىيەدىكى يەھۇدىيلار ئىچىدىمۇ زامانىۋى ئاڭغا ئىگە مۇخبىرلار، ئادۋوكاتلار، دوختۇرلار، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتچىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر كېيىنكى زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ داھىيلىرى ۋە تايانچلىرى بولۇپ قالدى.

شۇ چاغدا رۇمىنىيە قاتارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىمۇ رۇسىيەدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بولۇپمۇ ئالېكساندر II بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويغاندىن كېيىن بەزى جەھەتلەردە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى رۇسىيەدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىغىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. يىغىپ قارىغاندا، ئەينى زاماندا شەرقىي ياۋروپا ۋە رۇسىيەدىكى يەھۇدىيلارنىڭ تۇرمۇشى غەربىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنىڭكىدىن تەس بولۇپ، ئىنتايىن تۇراقسىز سىياسىي مۇھىتتا ئىدى. يەھۇدىيلارغا قارشى تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىغان دولقۇن ھەر قاچان مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، ھەشكالا قاتارلىق زامانىۋى پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، سىياسىي زىئونىزم تەشكىلاتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ بۇ رايوندا ئەۋج ئېلىشىغا زېمىن ھازىرلانغانىدى.



### 3. مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتى ۋە كاتوۋىتسې يىغىنى

شەرقىي ياۋروپا ۋە رۇسىيىدە يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان نىسپىي كەڭچىلىك دەۋرى ھامان ئىنتايىن قىسقا بولۇپ، رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلىش دولقۇنى بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ، بەزىدە پەسىيىپ تۇردى. ئالېكساندر II ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە رۇسىيىدە يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇن يەنە ئەۋج ئالدى. يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرىدىغان گېزىت - ژۇرناللار مەكتەپلەردىكى يەھۇدىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتتى، دەپ ھۇجۇم قىلىپ، ھۆكۈمەتتىن يەھۇدىيلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە قارىتىلغان قاتتىق چەكلىمىلەرنى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلدى. 1871 - يىلى ئودېسسادا يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرگەن پاجىئەلىك دېلو پەيدا بولدى. ئالېكساندر II 1881 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خەلق رايى پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ بومبىسىدا ئۆلدى. گۇمانلىنىپ قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە بىر يەھۇدىي ئايال بولغاچقا، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش بورىنى كۆتۈرۈلدى.

پراۋوسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ پوپى كونستانتىن پوبېدونوسسېۋ يېڭىدىن تەختكە چىققان چار پادىشاھ ئالېكساندر II نىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى. بۇ تەلۋە رۇس مىللەتچىسى يەھۇدىيلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى يوقىتىش، ئۈچتىن بىر قىسمىنى قوغلىۋېتىش، ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى «ھەل قىلىدىغان» تەلۋە پىلانىنى تۈزدى. ھۆكۈمەتنىڭ سۈكۈت قىلىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، يەھۇدىيلارغا تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلىش، ئۇلارنى قوغلاش، ئۆلتۈرۈش ئوكرائىنانىڭ جەنۇبىدىن پۈتكۈل چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسىگە ناھايىتى تېز يامراپ كەتتى. 1883 - يىلدىن 1884 - يىلغىچە روستوۋ، يېكاتېرىنوسلاۋ، يالتا قاتارلىق شە-

هەرلەردە يەھۇدىيلارنى كوللېكتىپ قىرغىن قىلىدىغان «پوگروم»① كەينى - كەينىدىن پەيدا بولدى. رۇسىيىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئىگناتىيېۋ 1882 - يىلى 5 - ئايدا «ماي پەرمانى»نى ئېلان قىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ رېشاتكا رايونىنىڭ سىرتىدا ھەرقانداق ئاھالە رايونى قۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ «گۇناھكار بولغان يەھۇدىيلارنى» قوغلىۋېتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەھۇدىيلار شۇغۇللىنىدىغان كەسىپلەرگە يەنە قاتتىق چەك قويۇلدى، بەزى چوڭ شەھەرلەردە يەھۇدىي ئاياللىرى پاھىشە بەلگىسىنى كۆرسەتكەندە تىرىكچىلىك قىلالايدىغان بولدى.

XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىكى يەھۇدىيلارغا قارشى بوران رۇسىيىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىنى ئۆرتىۋەتتى. زوراۋانلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمەنلىك بىلەن قارىشى، ھەتتا لىبېرالىزمغا ئەمەل قىلىدىغان زىيالىيلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى رۇسىيىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ «ئازاد بولۇش» ۋە «سىڭىپ كېتىش» ئىستىقبالىنىڭ ناھايىتى غۇۋا ئىكەنلىكىنى تەكرار كۆرسەتتى. جەبىر - زۇلۇم ۋە ۋەھىمە تۇپەيلىدىن نۇرغۇن يەھۇدىيلار چەت ئەللەرگە كۆچۈپ كەتتى. دەسلەپ ھەر يىلى 50 — 60 مىڭ ئادەم كۆچكەن بولسا، 1903 - يىلدىن 1908 - يىلغىچە ھەر يىلى 100 مىڭدىن 200 مىڭغىچە ئادەم كۆچۈپ كەتتى. 1882 - يىلدىن 1914 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى مىليون 500 مىڭ يەھۇدىي رۇسىيىدىن كەتتى، بۇلارنىڭ 80 پىرسەنتى ئامېرىكىغا باردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەينى يىللاردىكى ھەشكالانىڭ بىر تۈركۈم ئاكتىپ تەشەببۇسچىلىرىمۇ قۇرۇق خىيالدىن چۆچۈپ ئويغاندى. پىنسكېر، لىرىنبروم، سمولېنسكىن، يۇدا گودىن، ئېلىيېزېر پېرمان (تەخەللۇ-

① پوگروم — رۇس تىلىدا «ھالاك قىلىۋېتىش دەرىجىسىگە يەتكەن چوڭ قىرغىنچىلىق» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.



سى يەھۇدا) قاتارلىق كىشىلەر بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك بىردىنبىر چىقىش يولى يەھۇدىيلار دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرۇپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، دېگەن يەكۈنگە كەلدى. پىنسكېرنىڭ «ئۆزىنى ئازاد قىلىش» دېگەن ئەسىرىدە شەرھلەنگەن سىستېمىلىق نەزەرىيىدىن باشقا، لىرىنبرومنىڭ ئىدىيىسىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولدى. ئۇ «ئادەتتىكى يەھۇدىيلار مەسىلىسى ۋە پەلەستىن»، «يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مۇقەددەس يەردە گۈللىنىشى» دېگەن ئەسەرلىرىدە مۇنداق دەپ تەھلىل قىلدى: يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ يىلتىزى ياۋروپالىقلارنىڭ يەھۇدىيلارغا تەبىئىي دۈشمەنلىك بىلەن قارىشىدا. مىللەتچىلىك — يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇشنى پەيدا قىلىپ يامرىتىدىغان تۇپراق. پۈتكۈل ياۋروپادا ئەۋج ئېلىۋاتقان مىللەتچىلىك ئېقىمىدا، يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش تېز يوقىلىپ كەتمەيدۇ. «ئازادلىق» يەھۇدىيلارنى باراۋەر پۇقرالىق ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشى مۇمكىن. لېكىن، يەھۇدىيلارنىڭ چېچىلىپ كەتكەن ھالىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز ھامان قۇربانلىق ۋە چاقماق قايتۇرغۇچ بولىمىز»، «سىڭىپ كەتكەندە يەھۇدىي مىللىتى ئۆزىنى - ئۆزى يوقىتىدۇ». ئۇنىڭ يەكۈنى شۇكى، يەھۇدىيلار «ئەجدادلىرىنىڭ مۇقەددەس يېرى» — پەلەستىنگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن توپلىنىپ، چېچىلىپ ئولتۇراقلاشقان ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، ئۆز ۋەتىنىنى قايتىدىن قۇرۇش لازىم.

مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، 1882 - يىلدىن باشلاپ، يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ بېرىپ، مىللىي يۇرتىنى قايتىدىن قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان زىئونىزم تەشكىلاتى — «مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتى» (يەنى ھىببات زىئون) رۇسىيىدىكى سۇۋالكى (ھازىر پولشا چېگرىسى ئىچىدە) قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كې-

يىنكى 7 - 8 - يىل ئىچىدە «مۇقەددەس تاغنى سۆيۈش ھەرىكىتى» يامغۇردىن كېيىن چىققان باملۇكتەك رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ياۋروپادا بارلىققا كېلىپ، 1882 -، 1883 - يىللىرىدىكى 12 جەمئىيەتتىن 1889 -، 1890 - يىلى 138 گە يەتتى. 1885 - يىلى ئەزا سانى 14 مىڭغا يەتتى. ئودېسسادىكى ئەزالىرىلا نەچچە مىڭغا يەتتى.

1884 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە، موسى مونتېفىئورىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، سىلېسىيىدىكى كاتوۋىسكىي شەھىرىدە «مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتى» جەمئىيىتىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان 36 ۋەكىلنىڭ 22 سى رۇسىيىدىن كەلدى. گېرمانىيە، رومىنىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىنمۇ ۋەكىللەر بار ئىدى. يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە پىنسكېر قۇرۇلتايدا ئېچىلىش نۇتقى ۋە يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى. «ئۆزىنى ئازاد قىلىش»تىكى قاراشلىرىنى تۈزىتىپ، يەھۇدىيلار باشقا جايدا ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس جاي — پەلەستىندە مىللىي يۇرتىنى قايتىدىن قۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. ئۇ يىغىنغا قاتناشقانلارنى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە جىسمانىي ئەمگەك ئارقىلىق يۇرتىنى قايتىدىن قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئورتاق نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. قۇرۇلتاي پىنسكېر رەئىسلىكىدىكى مەركىزىي كومىتېتنى سايلاپ چىقىپ، باش شتابىنى ئودېسسادا تەسىس قىلدى. كاتوۋىسكىي قۇرۇلتىيى سىياسىي زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادا گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن 1897 - يىلىدىكى باسېل يىغىنىغىچە ئودېسسا كومىتېتى زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولدى.

«مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتى» 1887 -،



1889 - ۋە 1890 - يىللىرى كەينى - كەينىدىن 2 -، 3 -، 4 - قۇرۇلتايلىرىنى ئاچتى. بۇ جەرياندا بۇ تەشكىلات ئىبرانىي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش، زىئونىزم نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، يەھۇدىي بايلارنىڭ مەبلەغ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش، يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈشىنى ۋە شۇ يەردىكى تېرىقچىلىق پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغا كۈچ چىقاردى. مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتى خېيىم ۋېيزمان، راۋىد ۋولفسون، ناھۇم سوكولوۋ، لېئوموتزكىن، مېناھېم ئۇسسىكىن، ناتھان بىرنبائۇم قاتارلىق بىر تۈركۈم داھىي ۋە تايانچلارنى يېتىشتۈردى.

## 4. بىلۇ ۋە بىرىنچى قېتىملىق ئالىيا

1882 - يىلى زىئونىزم نەزەرىيىدىن ئەمەلىيەتكە ماڭغان ئاچقۇچلۇق بىر يىل بولدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، شۇ يىلى پىنسكېر ۋېنادا «ئۆزىنى ئازاد قىلىش»نى ئېلان قىلدى. دەسلەپكى زىئونىزم تەشكىلى «مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتى» مۇ رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادا قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ يەردە تىلغا ئالىدىغان ئۈچىنچى چوڭ ئىش شۇكى، مۇقەددەس تاغنى سۆيۈش ھەرىكىتى ئىچىدىكى بىر تەشكىلات — بىلۇ شۇ يىلى ياش يەھۇدىيلارنى پەلەستىنگە كۆچۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ھازىرقى زامان يەھۇدىيلىرى كۆچمەنلىرىنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈش پەردىسىنى ئاچتى، بىرىنچى قېتىملىق ئالىيا شۇنىڭ بىلەن باشلاندى.

رۇسىيىنىڭ خاركوۋ شەھىرىدىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوتتۇز نەپەر ئوقۇغۇچى 1882 - يىلى 1 - ئايدا يىغىلىپ، «مىللەتنىڭ قىيىن ئەھۋالدىن قانداق قۇتۇلۇشى توغرىسىدا» قىزغىن مۇھاكىمە قىلىپ، ئاخىرى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىنى پەلەستىندە ئۇنۇملۇك ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

مۇشۇ نىشان ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەت قانات يايدۇرۇش لازىم،
دېگەن ئورتاق تونۇشقا كەلدى. ئۇلار «تەۋرات» تىكى «ئېھ يەئقۇب
جەمەتى، كېلىڭلار، يەھۋانىڭ نۇرى ئىچىدە ماڭايلى» دېگەن
مىسرانى دەستۇر قىلىپ، ئىسرائىل بىلىكىنى باشچىلىقىدىكى
جەمئىيەتنى قۇردى. بۇ جەمئىيەتنىڭ «بىلۇ» دېگەن قىسمى
يۇقىرىقى مىسرانىڭ ئىبرانىي يېزىقىدىكى تۆت چوڭ ھەرپىنىڭ
قوشۇلۇشى ئىدى. بىلۇنىڭ ئەزالىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي
قىلىپ 500 ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى. تۇنجى تۇركۇم بىلو ئەزالى-
رى 1882 - يىلى 7 - ئايدا پەلەستىنگە ماڭدى. ئۇلار يولغا
چىقىش ئالدىدا كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان قەسەم بېرىپ،
دۇنيادا قاڭقىپ يۈرگەن يەھۇدىي قېرىنداشلىرىغا مۇنداق دەپ
مۇراجىئەت قىلدى: «سەن بىر دىنغا، بىر قانۇنغا، بىر ئاساسىي
قانۇنغا، مۇقەددەس قەسىرگە ئىگە مىللەتسەن، مۇقەددەس قە-
سىرنىڭ تېمى ھېلىمۇ ئۆتكەنكى شانلىق تارىخىڭنىڭ تىلسىز
شاھىتى»، «غەربتىكى ئەھۋالىڭ ئۈمىدسىزلىك بولىدۇ. كەلگۈ-
سى يۇلتۇزۇڭ شەرقتە چاقناۋاتىدۇ. غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغى-
نايلى، ئۇلۇغ دانىشمەنلىمىز ھىللېرنىڭ ‹ئۆزۈمنىڭ غېمىنى
ئۆزۈم يېمىسەم، مېنىڭ غېمىمنى كىم يەيدۇ› دېگەن تەلىمى
بىلەن روھلىنايلى.»
بىلۇنىڭ بېلكىنى قاتارلىق 14 ئەزاسى (بۇلارنىڭ ئىچىدە
بىر قىز بار) يافاغا بارغاندىن كېيىن، مىككۋى ئىسرائىلىيە
يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئەمگەك قىلىپ تۇرمۇش كەچۈردى.
ئۇلار ھەر كۈنى 10 - 12 سائەت ئىشلىدى. ئىنتايىن جاپالىق
ۋە ئىش ھەققى ئىنتايىن تۆۋەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.
ئېرۇسالېمدىكى زىلمان لېۋىند ۋە يوسىف فىئىنبىرگ ئىسىملىك
ئىككى يەھۇدىي ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن تەسىرلى-
نىپ كېتىپ، يافانىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىن 100 ئاكر
(ئىنگلىز موسى) يەر سېتىۋېلىپ بىلۇ ئەزالىرىغا بېرىپ، پىنا-



ۋاكتىن كېيىنكى يەنە بىر يېڭىچە ئولتۇراقلىشىش ئورنىنى قۇ-
رۇپ، بۇ يەرنى «رىسون زىئون» (زىئونغا ئاۋۋال كەلگەنلەر
دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىدى. بىلۇ ئەزالىرى بۇ يەردە ياغاچ كەپە
ياساپ يەر تۈزلەپ، زىرائەت تېرىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شەر-
قىي ياۋروپادىكى يەھۇدىيلار پەلەستىنگە كۆچۈپ، يېزا ئىگىلىك
مەھەللىلىرى — «يېڭى يىشوۋ» لارنى قۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈل-
دى. رۇمىنىيىدىن كەلگەن نەچچە يۈز يەھۇدىينىڭ بىر قىسمى
كارمىل تېغىنىڭ غەربىدە زىكرون ياكوۋ ئولتۇراقلىشىش مەھەل-
لىسىنى، يەنە بىر قىسمى گالىلىيىدا روشى پىنا ئولتۇراقلىشىش
مەھەللىسىنى قۇردى. ئۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى تاشلىۋېتىل-
گەن پىتاتىكىۋاغىمۇ بىر تۇركۇم يېڭى يەھۇدىي كۆچمەنلىرى كەل-
دى. مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيىدىغان بىر تۇركۇم يەھۇدىي-
لار كېلەر يىلى پولشادىن گالىلىيىدىكى يرسىود خامائالاغا كېلىپ
ئولتۇراقلىشىدىغان مەھەللە قۇردى. ۋەھالەنكى، رىسون زىئون
قاتارلىق بۇ يېڭى يىشوۋلاردىكى ئاھالىنىڭ ئەمگەك تەجرىبىسى
ئاز، ئات - ئۇلاغ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى يوق، يەرلەر سازلىق
ياكى تاشتەك قاتتىق ھەمدە زىياندāش ھاشاراتلار كۆپ، بەزگەك
كېسىلى ئېغىر، ھاۋا بەك ئىسسىق ھەم زەي بولغاچقا، ئالغان
ھوسۇلىنىڭ تايىنى بولمىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنى بەزگەك كې-
سىلى ھاياتىدىن ئايرىدى. نەتىجىدە نۇرغۇن كىشىلەر شەھەرلەر-
گە ياكى ياۋروپاغا كېتىپ قالدى.
بەختكە يارىشا، بارون ئېدموند روتسچىلدنىڭ ياردىمى يېڭى
يىشوۋلارنى قۇتقۇزۇپ قالدى. فرانسىيىدىكى روتسچىلد جەمەتى-
نىڭ بۇ ئاقساقىلى فىئىنبىرگنىڭ تەلىپى بويىچە 1882 - يىلى
30 مىڭ فرانك بەردى، ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭى يىشوۋغا يەر
ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئېلىپ بەردى. يېزا ئىگىلىك مۇتە-
خەسسىسلىرىنى ئەۋەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنى تەربىيە-
لەشكە، سۇغىرىش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ ياردەم

قىلدى. 1884 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە بارون روتسچىلد
جەمئىي ئالتە مىلىيون ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلدى. بۇنداق
مەردانە ياردەم كىشىنى بىزار قىلىدىغان باشقۇرۇش بىلەن تەڭ
داۋام قىلدى. بارون ياردەم قىلغان ھەر بىر يىشوۋغا ۋاكالەتچى
تەيىنلىدى. ئىگىلىك مەزمۇنىنى بېكىتىپ بەردى، ئەرەب ئىش.
لەمچىلىرىنى ياللاپ ئىشلەتتى. بۇنداق «ئائىلە باشلىقى شەكلى.
دىكى ھۆكۈمرانلىق» مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيگۈچىلەرنىڭ
دەسلەپكى ئارزۇسىغا زىت كەلدى.
مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتى 1890 ـ يىلى
رۇسىيىدە ئاخىر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «پەلەستىندىكى يەھۇدىي.
لارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ۋە ياساش كەسپىنى قوللاش جەمئىيە.
تى» نامىدا ھەرىكەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن
بۇ تەشكىلات ئالىيا فوندىغا ھەر يىلى 20 ـ 30 مىڭ رۇبلى ئىئانە
توپلىدى. 1890 ـ يىلىدىن 1891 ـ يىلىغىچە موسكۋادا يەھۇدىي.
لارنى كەڭ كۆلەمدە قوغلاش ۋەقەسى پەيدا بولغاندىن كېيىن
رۇسىيە ۋە رۇمىنىيىدىكى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق يەھۇدىي پەلەس.
تىنگە كۆچۈپ كەتتى. 1890 ـ يىلى ئودېسسا كومىتېتى ياخادا
ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىپ، زىۋ تىئومكىنىنىڭ رەھبەر.
لىكىدە كۆچمەنلەرگە يەر ئېلىپ بەردى. ئۇلارنى خىزمەتكە ئو.
رۇنلاشتۇردى. رىخوۋوت ۋە ھادېرادىن ئىبارەت ئىككى مەھەللىنى
سالدى. بۇ چاغدا ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمىتى ياۋروپادىكى
يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشىنى ۋە شۇ يەردىن يەر
سېتىۋېلىشىنى ئاشكارا چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇقەددەس
تاغنى قىزغىن سۆيگۈچىلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان رۇسىيە ۋە
شەرقىي ياۋروپادىكى يەھۇدىي كۆچمەنلىرى دۆلەتنى قايتىدىن قۇ.
رۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش قىزغىنلىقى بىلەن ھەر خىل
توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ، 1900 ـ يىلى پەلەستىندە 21 يېڭى يىشوۋ
قۇردى. 4500 ئاھالىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى يېزا ئىگىلىك



ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللاندى. زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ بۇ باشلام.
چىلىرىنىڭ جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىشى كېيىنكى كۆچ.
مەنلەرگە يول ئېچىپ بەردى.

## 2 § . زىئونىزم ھەرىكىتى پۈتكۈل يەر شارىغا يۈزلەندى

### 1. باسېل يىغىنى

1896 ـ يىلى «يەھۇدىيلار دۆلىتى» دېگەن ئەسەر ئېلان
قىلىنغاندىن كېيىن خېرزل دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇ.
سىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقىغا تولۇپ تاشقان
قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەسكىن نەزە.
رىيىچىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئىشلەش روھى تولۇپ تاشقان
پائالىيەتچى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلىدى.
لېكىن، خېرزل دىققەت نەزىرىنى ياۋروپادىكى يۇقىرى قاتلام
كىشىلىرىگىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئاب.
رۇيى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنى ئەسلىگە
كەلتۈرىدىغان چوڭ ئىشنى ئالغا سۈرمەكچى بولدى. 1896 ـ
يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پارىژدا «يىشوۋ ئاتىسى» بارون
ئىدمون روتسچىلد بىلەن كۆرۈشتى. خېرزل زىئونىزم ھەرىكى.
تىگە سىياسىي داھىي بولۇشنى بىلدۈردى. لېكىن، بارون
خېرزلنىڭ ئىشلىرىغا ئۆز تەسىرى ۋە ئىقتىسادى بىلەن كۈچ
چىقىرىشنى رەت قىلدى. ئۇ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھە.
سىنىڭ تۇتامى يوق، بۇ لايىھە كەڭ يەھۇدىيلارنى جەلپ قىلالماي.
دۇ، دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى خېرزل كىنەز بادىن
(گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلم II نىڭ تاغىسى) ۋە ھەرقايسى
دۆلەتلەردىكى مەشھۇر زاتلار بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئۆزى.
نىڭ غايىسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللاشقا ئۈندىمەكچى.

دى.
ۋەھالەنكى، ياۋروپادىكى كەڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلام زىئو-
نىزمچىلار ئىچىدە خېرزل بارغانسېرى كۆپ قوللاشقا ئىگە بول-
دى. مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتىنىڭ كيولندىكى
رەھبىرى داۋىد ۋولفزوئىن «يەھۇدىيلار دۆلىتى» نى ھاياجان بى-
لەن ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ۋېناغا بېرىپ خېرزل بىلەن
كۆرۈشتى. ۋولفزوئىننىڭ كۆرۈشتۈرۈشى ئارقىلىق، مۇقەددەس
تاغنى سۆيۈس ھەرىكىتىنىڭ گېرمانىيىدىكى بىر تۈركۈم تايانچلى-
رى بىلەن تونۇشتى ھەمدە ئۆزىنىڭ پىكرى بىلەن ئوخشاش چىق-
قان خېىس، پىنسكېرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاڭلاپ، مۇقەددەس
قىزغىن تاغنى سۆيۈش ھەرىكىتىنىڭ گېرمانىيىدە، ياۋروپادا،
پەلەستىندە قانات يايدۇرغان مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنى
ئۇقتى. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى «يەھۇدىيلار دۆلىتى» نىڭ رۇسى-
يىدە تارقىتىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا
ياۋروپادىكى نۇرغۇن يەھۇدىيلار بۇ ئەسەرنى «رېشاتكا رايونى» غا
تۇيدۇرماي ئېلىپ كىرىپ، شۇ يەرلەردە كەڭ تارقاتتى. خېرزلغا
يوللانغان تېلېگراما، خەت - چەكلەر ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇردى.
بولغارىيە، رۇسىيە ۋە پەلەستىن قاتارلىق جايلاردىكى مۇقەددەس
تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتى جەمئىيەتلىرى خېرزلدىن ئىبا-
رەت بۇ «يېڭى مۇسا» نىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى-
گە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەلەپ
قىلىشتى. سوفىيەدە پويىز ئىستانسىسىدىن چېركاۋغىچە ئارىلىق-
تا يەھۇدىيلار يولنىڭ ئىككى چېتىدە سەپ بولۇپ تۇرۇپ خېرزل-
نى قارشى ئالدى، ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيدى، ئۇنى «ئىسرائىلى-
يىنىڭ يۈرىكى» دەپ ئاتاپ، «مەسسىيە» قىلىۋالدى. ئەنگلىيىدە
يەھۇدىيلارنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇر-
غان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئىستىخىيىلىك ھالدا
لوندون شەھەر ئەتراپىدىكى ئىشچىلار كۇلۇبىغا كېلىپ، خېرزل-



نىڭ نۇتقىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن خېرزل يۇقى-
رى قاتلامدىكى زاتلارغا ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان ئۈمىدلەردە
بولماي، بەلكى يۇرتىدىن ئايرىلىشنىڭ ئازابىنى چوڭقۇر تارتقان
تۆۋەن قاتلامدىكى يەھۇدىي پۇقرالىرىنى ئاساس قىلىش كېرەكلى-
كىنى تەدرىجىي تونۇدى. ئۇ: «ئاممىنى دەرھال ئۇيۇشتۇرۇشى-
مىز كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە دۇنياۋى زىئونىزم
تەشكىلاتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.
خېرزلنىڭ تەشەببۇسى ماكىس بودېنھېيمىر قاتارلىق گېر-
مانىيە زىئونىزمچىلىرىنىڭ ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشتى. بودېن-
ھېيمىر 1891 - يىلى 9 - ئايدا «پۈتۈن دۇنيادىكى زىئونىزمچىلار
بىرلىشەيلى» دېگەن چاقىرىقنى چىقارغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى
يىلى ۋولفزوئىن، بىئىنبوم قاتارلىقلار بىلەن «يەھۇدىيلارنىڭ
مىللىي زىئون كۇلۇبى» نى ۋە مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش
ھەرىكىتىنىڭ گېرمانىيە جەمئىيىتىنى قۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ
تۈرتكىسى بىلەن 1893 - ۋە 1896 - يىللىرى بېرلىن ۋە كيولندا
گېرمانىيە زىئونىزمچىلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. بۇ ئىككى
قېتىملىق قۇرۇلتاي دۇنيا بويىچە زىئونىزمنىڭ بىرلىككە كەلگەن
تەشكىلىنى قۇرۇشنىڭ جىددىيلىكىنى تەكرار تەكىتلىدى. 1897
- يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرى خېرزل ۋە بىئىنبوم قاتارلىق زىئو-
نىزمچىلار ۋېنادا كىچىك يىغىن ئاچتى. خېرزلنىڭ تەكلىپىگە
ئاساسەن، يىغىنغا قاتناشقانلار 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ميۇنخېندا
دۇنيا زىئونىزمچىلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىشنى قارار قىلدى. رۇ-
سىيىدىن كەلگەن كۆپ سانلىق زىئونىزمچىلار قوللىسىمۇ، لې-
كىن ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ يۇقىرى قاتلام يەھۇ-
دىي زاتلىرى قۇرۇلتاي ئېچىشقا قاتتىق قارشى تۇردى. ئۇلار
قۇرۇلتاي يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرغۇچىلارنى «بومبا» بىلەن تە-
مىنلەيدۇ دەپ ئەيىبلىدى. مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش
ھەرىكىتىنىڭ ئامېرىكا، فرانسىيىدىكى تەشكىلاتلىرى بىرلى-

شىپ، يىغىن بىلەن قارشىلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. مىۋز.
خېندىكى يەھۇدىيلار تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرىمۇ يىغىنغا ساھىبخان
بولۇشنى خالىمىدى. لېكىن، خېرزل «قۇرۇلتاينى چوقۇم ئې.
چىش كېرەك» دېگەن پوزىتسىيىدە چىڭ تۇردى. شۇ يىلى 6
- ئايدا ئۇ ۋېنادا «دۇنيا» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ،
زىئونىزم ھەرىكىتىنى دۇنياۋى سىياسىي ھەرىكەت قىلىپ شە.
كىللەندۇرۇشكە دائىر تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

خېرزلنىڭ ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئار.
قىسىدا، تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا زىئونىزمچىلىرى قۇرۇلتىيى
1897 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شۋېتسارىيىدىكى باسېلدا
تەنتەنىلىك ئېچىلدى. رۇسىيە، شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ياۋرو.
پا، پەلەستىن، ئالجىرىيە ۋە شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق 11
دۆلەت ۋە رايوندىن 204 (بەزىلەر 197 دەيدۇ) زىئونىزمچى
قۇرۇلتايغا كەلدى. بۇ رىم ئىمپېرىيىسى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى
يوقاتقاندىن بۇيان چاقىرىلغان يەھۇدىيلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق
دۇنياۋى يىغىنى بولدى. قۇرۇلتاي رىياسەتچىسى خېرزل قۇرۇل.
تاينىڭ ئېچىلىش نۇتقىدا بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى
«يەھۇدىي مىللىتىنى قوغدايدىغان بىنا» غا ئاساس سېلىش ئىكەن.
لىكىنى، «زىئونىزم — يەھۇدىي روھىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى»
ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: زىئونىزم.
چىلار يەھۇدىيلاردىكى مىللىي ئاڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە
جارىي قىلدۇرۇشنى، يەھۇدىيلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى
ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇغۇللىنىۋاتقانلىرىمىز ئوچۇق -
ئاشكارا ئىش، ئۇنى پەردازلاشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ سۆزىدە
مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتىنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ۋاستىلىك تەنقىدلەپ، قانۇن ئېتى.
راپ قىلىنمىغان ھالدا پەلەستىنگە پارچە - پۇرات ئادەم كۆچۈرۈش
ۋە سېتىۋېلىش پائالىيەتلىرىنىڭ يەھۇدىيلار مەسىلىسىنىڭ



ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىنىشىغا ياردىمى بولمايدۇ. يەھۇدىيلار.
نىڭ ھوقۇقىنى خەلقئارا ئېتىراپ قىلغاندىلا زىئونىزم ئىشلىرى
پۇختا ئاساستا جۇش ئۇرۇپ زورىيالايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

قۇرۇلتاي باشلىنىش بىلەنلا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئېقىم پەيدا
بولدى. بىرى، خېرزل ۋەكىللىدىكى «سىياسىي ئېقىم» ئالدى
بىلەن ئالاقىدار چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغاندا،
يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشى ۋە دۆلەتنى
پىلان بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشى رېئاللىققا ئۇيغۇن ۋە مۇمكىن
بولىدۇ، دەپ قارىدى؛ يەنە بىرى، مۇقەددەس تاغنى قىزغىن
سۆيۈش ھەرىكىتىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى ئەزالىرىدىن شەكىل.
لەنگەن «ھەرىكەت تەرەپدارلىرى» بولۇپ، ئۇلار يەھۇدىيلارنى
دەرھال كەڭ كۆلەمدە ئۇيۇشتۇرۇپ پەلەستىنگە كۆچۈرۈپ، يەر
سېتىۋېلىپ ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، پاكىتتا ئايلاندۇرۇش
ئارقىلىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ زىئونىزم ھەرىكىتىنى ئېتىراپ قى.
لىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى.
ئۈچىنچى خىلدىكىلەر ئاھاد خائام باشچىلىقىدىكى «مەدەنىيەت
روھى تەرەپدارلىرى» بولۇپ، زىئونىزم قۇرىدىغان يەھۇدىيلار
دۆلىتى چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلارغا پاناھگاھ بولۇپلا قالماس.
تىن، بەلكى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى ساقلاش
ۋە جارىي قىلدۇرۇشنىڭ ماددىي ۋاستىسى بولۇشى كېرەك؛
يەھۇدىيلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىنى ۋە مەنىۋى ئىتتىپاقلىقىنى يۇ.
قىرى كۆتۈرگەندە ھەمدە پەلەستىننى مەدەنىي، مەنىۋى پائالىيەت.
لەرنىڭ مەركىزى قىلغاندىلا يەھۇدىي مىللىتى گۈللىنىش نىشانى.
نى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، دېگەننى تەكىتلىدى.

كەسكىن مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق، ھەرقايسى ئېقىملار.
نىڭ ۋەكىللىرى ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخ.
شاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىش
ئاساسىدا، «زىئونىزم ھەرىكەت پروگراممىسى» نى بىردەك ما.

قوللىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە بولدى:

زىئونىزم پەلەستىندە يەھۇدىي مىللىتى ئۈچۈن ئومۇم ئېتىراپ قىلغان، قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە دۆلەت قۇرۇشنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، قۇرۇلتاي تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. يەھۇدىي يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرى، ئىشچىلىرى ۋە باشقا كەسپتىكى خادىملار پەلەستىنگە كۆچۈپ بېرىشقا پىلانلىق ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ.

2. يەھۇدىيلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، يەھۇدىيلار بىرلىشىدۇ ھەمدە شۇ جايلاردا تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بولۇپ ئۇيۇشىدۇ.

3. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ۋە مىللىي تۇيغۇسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

4. ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ زىئونىزم نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى قوللىشىغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر تەييارلىق باسقۇچلىرى بېسىپ ئۆتۈلىدۇ.

بۇ پروگراما زىئونىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى دۇنياغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان تۇنجى تارىخىي ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭدا زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي نىشانى ئېنىق سۆز ۋە ئاشكارا شەكىل بىلەن دۇنياغا ئېلان قىلىندى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، باسېل قۇرۇلتىيى دۇنياۋى زىئونىزم تەشكىلاتى (World Zionist Organization) قۇرۇپ يەر شارىدىكى زىئونىزمچىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئورگىنى قىلىشنى، «باسېل پروگراممىسى»نى قوللىغان ھەمدە بەدەل تاپشۇرىدىغان 18 ياشتىن يۇقىرى يەھۇدىيلارنىڭ قاتنىشىشىغا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىللىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان باش كومىتېت ۋە باش كومىتېت ئىچىدە



ۋېنادا تۇرۇشلۇق ئەزالاردىن ئىجرائىيە كومىتېت قۇرۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. خېرزلنىڭ تۆھپىسى ۋە ئابرۇيىنى نەزەرگە ئېلىپ، قۇرۇلتاي ئۇنى دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆتىدى. بۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇلتاي ناپتال ئامبىل ئىجاد قىلغان يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ دۆلەت شېئىرى «ئۈمىد» (ھاتىكۋا) نى ۋە ۋولفزوئىن لايىھىلىگەن تېگى ئاق، يېشىل بالداق، داۋىد يۇلتۇزى چۈشۈرۈلگەن يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ماقۇللىدى. قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرى زىئونىزم بانكىسى قۇرۇش، يەر سېتىۋېلىش فوندى تەسىس قىلىش، ئىبرانىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئېچىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى. قۇرۇلتاي 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە يېپىلدى.

باسېل قۇرۇلتىيى زىئونىزم ھەرىكىتىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل يەھۇدىي مىللىتىگە نىسبەتەن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. قۇرۇلتايدا قۇرۇلغان دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ناھايىتى تېز ئېتىراپ قىلىندى ۋە ھىمايە قىلىندى ھەمدە ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئۇنىڭ شۆبە ئورگانلىرى قۇرۇلدى. ئەگەر كاتوۋىسكي يىغىنى زىئونىزم ھەرىكىتىنى تارقاق، ئىستىخىيىلىك ھەرىكەتتىن بىرلەشكەن، تەشكىللىك ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى دېيىلسە، باسېل قۇرۇلتىيى زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ پۈتكۈل يەر شارى دائىرىسىدىكى پروگراممىلىق، تەشكىللىك چىڭ سىياسىي ھەرىكەتكە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى.

## 2. پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلانغان ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچىلەر

باسېل قۇرۇلتىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشى خېرزل-

نى ئىنتايىن خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ
يازدى: «ئەگەر بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينى بىر ئېغىز گەپ بىلەن
يەكۇنلىسەم — ئېھتىيات قىلىشىم كېرەك. ئۇ ئېلان قىلىنىپ
كېتىپ قالمىسۇن، ئۇ بولسىمۇ: باسېلدا يەھۇدىي دۆلىتىنى
قۇردۇم. ئەگەر بۈگۈن بۇنى ئۈنلۈك دەۋەتسەم، كۆپچىلىك كۈ-
لۈپ كېتىدۇ. ئېھتىمال بەش يىلدىن كېيىن، قانداق بولمىسۇن،
50 يىلدىن كېيىن كۆپچىلىك ئۇنى كۆرەلەيدۇ.»
قۇرۇلتايدىن كېيىن خېرزل باسېل پروگراممىسىنى ئىز-
چىللاشتۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى.
ئۇنىڭ ۋە ئىجرائىيە كومىتېت ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقى-
سىدا زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ قوشۇنى تېز كېڭەيدى. 1898 -
يىلى 8 - ئايدا باسېلدا ئىككىنچى نۆۋەتلىك دۇنيا زىئونىزمچىلى-
رىنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
913 يەھۇدىي تەشكىلاتى دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلى-
كىنى قوبۇل قىلدى (بىر يىلدىن بۇرۇنقىسىنىڭ ئۈچ ھەسسىسى-
گە تەڭ بولدى.) 400 ۋەكىل سايلاپ قۇرۇلتايغا قاتناشتۇردى.
ئەگەر بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي خېرزل «يەھۇدىيلار دۆلىتى»
دە بېكىتكەن بىرىنچى ۋەزىپىنى — «يەھۇدىيلار جەمئىيىتى»
قۇرۇشنى ئورۇنلىدى دېيىلسە، ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا
خېرزل ئىككىنچى ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا — «يەھۇدىيلار شىركى-
تى» قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، بۇ
نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي يەھۇدىيلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بانكى-
سىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى. قارارىدا بۇ
بانكىنىڭ مەبلىغى ئىككى مىليون فوند ستېرلىڭ بولىدىغانلىقى-
نى، بۇ پۇلنى ئاساسلىقى پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ يېزا
ئىگىلىكى، سودا، ترانسپورت ۋە بىناكارلىق كەسىپلىرىگە قەرز
بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ بانكا 1899 - يىلى
3 - ئايدا ئەنگلىيە ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ نامى بىلەن لون-



دوندا قۇرۇلدى. 250 مىڭ فوند ستېرلىڭ پاي چېكى ساتقاندىن
كېيىن، بانكا تىجارەت باشلىسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇ-
ڭا، بانكا 1902 - يىلى ئاندىن رەسمىي تىجارەت باشلىيالىدى.
شۇ يىلى 2 - ئايدا بانكا كىچىك شىركەت — «ئەنگلىيە
— پەلەستىن بانكىسى» نى قۇردى. 1903 - يىلى يازدىن باشلاپ
يافادا پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىشوۋنىڭ ئاسا-
سىي پۇل مۇئامىلە ئورگىنى بولۇپ قالدى.
1901 - يىلى باسېلدا چاقىرىلغان بەشىنچى نۆۋەتلىك دۇنيا
زىئونىزمچىلىرى قۇرۇلتىيىدا يەھۇدىي مىللىي فوند جەمئىيىتى
(Jewish National Fund) قۇرۇلدى. ئۇنىڭ خىراجىتى پەلەس-
تىندە يەر سېتىۋېلىشقا، دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىقنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلدى؛ مۇشۇ مەبلەغ بىلەن سېتىۋېلىنغان
يەرلەر يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئورتۇنۇپ بېرىشكە بولمايدىغان مۈلكى
قىلىندى. بۇ فوندقا ئاساسلىقى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى
يەھۇدىيلار ئىختىيارلىقى بىلەن ئىئانە قىلغان. فوندنىڭ تەسىس
قىلىنىشى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە يېزا ئىگىلىك ئولتۇ-
راق رايونلىرىنى قۇرۇشقا، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇ-
رۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا غايەت زور ياردەم بېرىلدى. بۇ نۆۋەت-
لىك قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلىدىغان چاغدا قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغان
ۋەكىللەر 600 گە يېتىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى
يەھۇدىيلارنىڭ 1572 ئىجتىمائىي تەشكىلاتىغا ۋەكىللىك قىلدى.
«دۇنيا» ھەپتىلىك ژۇرنىلى دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئور-
گان نەشر ئەپكارى بولۇپ، تەشۋىقات، ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىدە
مۇھىم رولىنى جارىي قىلدۇردى.
قوشۇننى كېڭەيتىش، پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنى قۇرۇش
قاتارلىق جەھەتلەردە خېرزل خېلى چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىش-
كەن بولسىمۇ، لېكىن چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەل-
تۈرۈش، دۆلەت قۇرىدىغان جاينى تاللاش جەھەتلەردە ئوڭۇشسىز-

لىقلارغا ئۇچرىدى.

باسېل پروگراممىسىغا ئاساسەن، پەلەستىن يەھۇدىيلارنىڭ
يۇرتىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇدىغان جايى بولۇشى كېرەك. شۇڭا،
خېرزل يەھۇدىي مالىيە گۇرۇھلىرى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ
كۇنسايىن خارابلىشىۋاتقان مالىيە كرىزىسىگە ياردەم قىلىش شەر-
تى بىلەن بۇ ياردەمنى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە ئولتۇراقلىشىشى
ۋە دۆلەت قۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئالماشتۇرۇشنى ئويلاندى.
1896 - يىلى 6 - ئايدا خېرزل ئىستانبۇلغا تۇنجى قېتىم بېرىپ،
سۇلتانلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى،
لېكىن ئېنىق جاۋابقا ئىگە بولالمىدى. 1898 - يىلى 10 - ئايدا
خېرزل تۈركىيە سۇلتانلىقىنىڭ ياۋروپادىكى ئاساسىي ئىتتىپاق-
دىشى گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلىم Ⅱ دىن ياردەم سوراش نىيد-
تىگە كەلدى. ۋىلھېلىم Ⅱ مەلۇم سىياسىي نىيىتىنى ئاساس
قىلىپ، گېرمانىيە پادىشاھى مۇھاپىزىتى ئاستىدىكى يەھۇدىيلار-
نىڭ ئالاھىدە رۇخسەت قىلىنغان زېمىننى مۇۋاپىق پەيتتە سۇلتان
بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ بېقىش مۇمكىنلىكىگە قوشۇلدى. لېكىن
كونكرېت تەدبىر قوللانمىدى.

1898 - يىلى خېرزل 10 - ، 11 - ئايلاردا ھاياتىدا تۇنجى
قېتىم، شۇنداقلا بىر قېتىم پەلەستىنگە كەلدى. ئېرۇسالېمنىڭ
مەينەتچىلىكى ئۇنى مەيۈسلەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېڭى
يېشوۋ لېخۇوتقا كەلگەندە شۇ يەردىكى يەھۇدىي كۆچمەنلەرنىڭ
ئاتلىق قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئىبرانىي ناخشىلىرىنى ئېيت-
تىپ، «ياشىسۇن خېرزل» دەپ توۋلىغان شوئارلىرىنى ئاڭلىغان-
دا، كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلىرىنى توختىتالمىدى. دۆ-
لەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

1901 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خېرزل نۇرغۇن پۇل
بەرگەندىن كېيىن سۇلتان ئابدۇلھەمىد Ⅱ بىلەن كۆرۈشەلىدى.
ئىككى سائەتلىك ئۇچرىشىشتا خېرزل يەھۇدىي بايلىرىنىڭ تۈر-



كىيىنىڭ قەرزدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش شەرتى بىلەن يەھۇ-
دىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈشىگە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىل-
دى. سۇلتان كونكرېت ھەرىكەتنى كۆرگەندىن كېيىن قارار
قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خېرزل دەرھال ياۋروپاغا قايتىپ
كېلىپ، لوندون، پارىژ قاتارلىق جايلارغا مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن
چاپتى. لېكىن، ئۇدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، تۈزۈك نەتىجە
قازىنالمىدى. 1902 - يىلى 2 - ئايدا خېرزل سۇلتان بىلەن
يەنە كۆرۈشۈپ، ئۈچ مىليون فرانكنى تۈركىيە بانكىسىغا سېلىپ
قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن، قاقۋاش سۇلتان ئىمپېرد-
يىسىنىڭ ھەرقانداق زېمىنىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى خالىماي، ئەگەر
يەھۇدىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇقراسى بولسا ئىمپېرىيە تەۋەلىكىدد-
كى مېسوپوتامىيە قاتارلىق جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلىشىشىغا
بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە، سۇلتاندا قىلچە سەمد-
مىيەت يوق بولۇپ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يەھۇدىيلاردىن قەرز
ئېلىپ، فرانسىيىلىك قەرز ئىگىلىرىنى ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىشكە
قىستاشنى كۆزلىگەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، خېرزل سۇلتان بى-
لەن قىلغان سۆھبەتتە ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى.
خېرزل بۇرۇن ناھايىتى چوڭ ئۈمىد باغلىغان گېرمانىيىمۇ زىئو-
نىزمغا ئۆز پىكرىدە قېلىش پوزىتسىيىسىنى تەدرىجىي ئاشكارىلى-
دى. خېرزل كىنەز بادىنغا يازغان خېتىدە گېرمانىيىنىڭ قوللى-
شى بىلەن دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

## 3 . ئۇگاندا لايىھىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە

خېرزلنىڭ سۇلتاندىن ۋە گېرمانىيە پادىشاھىدىن كۈتكەن
ئۈمىدى بەربات بولغاندىن كېيىن، زىئونىزمغا ئەزەلدىن قىزىقى-
ۋاتقان ئەنگلىيىگە ئۈمىد دەرۋازىسىنى ئاچتى. ئەينى چاغدا رۇ-
سىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادا يەھۇدىيلارغا قارشى زوراۋانلىقلار ئۇز-

لۇكسىز پەيدا بولۇپ تۇرغانلىقتىن، يەھۇدىي مۇساپىرلىرى ئەنگ-
لىيىگە كېلىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى
زىئونىزم ھەرىكىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ يەھۇدىي مۇساپىرلىرىغا
مۇقىم ماكان تېپىپ بېرىش مۇمكىنلىكىنى ئويلىنىشقا باشلىدى.
خانلىقنىڭ مۇھاجىرلار كومىتېتى بۇيرۇق بويىچە بۇ خىزمەتكە
تۇتۇش قىلدى. بۇ تەرەققىياتتىن خېرزل يېڭى ئۈمىدنى كۆرۈپ،
ئەنگلىيىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاكتىپ ھەرىكەت
قىلدى. 1900 - يىلىدىكى تۆتىنچى نۆۋەتلىك زىئونىزمچىلار
قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ئورنى بۇرۇن ئۈچ نۆۋەت قۇرۇلتاي
ئۆتكۈزۈلگەن باسېلدىن لوندونغا ئۆزگەرتىلدى. خېرزل بۇنى
زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەت مەركىزىنىڭ ئەنگلىيىگە يۆت-
كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە يېقىنقى
زاماندىن بۇيان ئەنگلىيە يەھۇدىيلارغا قارشى زوراۋانلىق يۈز بەر-
مىگەن بىردىنبىر دۆلەت، «ئەركىن، كۈچلۈك ئەنگلىيە» دە زى-
ئونىزم پەرۋاز قىلالايدۇ.
ئەنگلىيىدىكى زىئونىزم تەشكىلاتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئار-
قىسىدا، خېرزل 1902 - يىلى 6 - ئايدا گۇۋاھچى سۈپىتى بىلەن
لوندونغا بېرىپ، خانلىق مۇھاجىرلار كومىتېتىغا كۆز قاراشلى-
رىنى بايان قىلدى. خېرزل بۇ قېتىم روتسچىلد جەمەتىنىڭ
قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يەنە ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى بولدى.
لوندوندا بۇ جەمەتنىڭ لوندون شۆبىسىنىڭ باشلىقى لورد[1]
ناسانىل روتسچىلد بىلەن كۆرۈشتى. لورد يەھۇدىيلارنىڭ پە-
لەستىنگە كۆچۈشىگە قارشى چىقتى. لېكىن، يەھۇدىيلارنىڭ
ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىدىكى مەلۇم زېمىندا توپلىشىپ ئولتۇراق-
لاشسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا خېرزلمۇ مۇنداق دەپ
قارىدى: تۈركلەر يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە ئولتۇراقلىشىشىنى

① لورد — ئەنگلىيىدە ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانى.



رەت قىلىۋاتسا، ۋەھالەنكى، زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان شەرقىي
ياۋروپا يەھۇدىيلىرى پاناھلىنىدىغان ماكانغا جىددىي موھتاج تۇر-
سا، ۋاقىتلىق تەدبىر سۈپىتىدە، پەلەستىندىن باشقا جايدا يەھۇ-
دىيلارنىڭ ماكانىنى قۇرۇشنى ئويلاپ كۆرۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ خانلىق مۇھاجىرلار كومىتېتىغا ئەھۋال بايان قىلغاندا،
يەھۇدىيلارنىڭ مۇستەقىل مىللىي ماكان قۇرۇشى ئۈچۈن، ئەنگ-
لىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىر پارچە زېمىن بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان-
لىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خېرزلنىڭ قارىشىچە، سىپرۇس ياكى
سىناي يېرىم ئارىلى بىر قەدەر مۇۋاپىق ئىدى. چۈنكى، ئۇ يەرلەر
پەلەستىنگە يېقىن بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ مۇھاپىزىتىدە ئىدى. شۇ
يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خېرزل ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكە
ۋەزىرى يۆسېف چامبېرلىن بىلەن كۆرۈشتى. چامبېرلىن يەھۇ-
دىيلار ئۈچۈن گرېكلارنى سىپرۇستىن قوغلىۋېتىشكە بولمايدۇ،
دەپ قارىدى. ئۇ خېرزلغا سىناي يېرىم ئارىلىدىكى ئارىش رايونى-
دا يەھۇدىيلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش رايونلىرىنى قۇرۇشنى
قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى.
ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى لورد روۋتدېخىننىڭ تەكلىپ
بېرىشى بىلەن خېرزل ئەنگلىيىدىكى زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ
رەھبىرى رىئوبود، گىرنبېرگ باشچىلىقىدىكى كومىتېتنى شۇ
يەرنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. كېيىن مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ قار-
شى تۇرۇشى بىلەن ئارىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ خېرزلغا
ئېغىر زەربە بولدى. 1903 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خېرزل
خاتىرىسىگە: «ئەمدى مېنىڭچە ئىش ئۈزۈل - كېسىل تۈگەشتى»
دەپ يازدى. مۇشۇ چاغدا شەرقىي ياۋروپادا يەھۇدىيلارغا قارشى
زوراۋانلىق ئۈزۈلمىدى. 1903 - يىلى 4 - ئايدا كىشنيوۋ (ھا-
زىرقى مولداۋىيىنىڭ پايتەختى) دە پاجىئەلىك ۋەقەدە 49 يەھۇدىي
ھاياتىدىن ئايرىلدى. 586 يەھۇدىي زەخىملەندى، نۇرغۇن يەھۇ-
دىي ئاياللىرى ئاياغ ئاستى قىلىندى. 6 - ئايدا چاررۇسىيە

ھۆكۈمىتى يەھۇدىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بانكىسىنىڭ پاي چې-
كىنى سېتىشنى ۋە يەھۇدىي مىللىي فوند جەمئىيىتىنىڭ مەبلەغ
توپلىشىنى ئۈچۈق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ چەكلىدى ھەمدە رۇسىيە-
دىكى زىئونىزم ھەرىكىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ باستى. بۇ ئىش-
لار خېرزلنىڭ ئىچىنى ئۆرتەپ، ئۇنى قاتتىق قايغۇغا سالدى.
ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇ چامبېرلىنىنىڭ شەرقىي ئافرىقىدىكى
نايروبىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى بىر پارچە زېمىنىنى يەھۇد-
دىيلارنىڭ مىللىي ماكانى قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل
قىلدى.
1903 - يىلى 8 - ئايدىكى ئالتىنچى نۆۋەتلىك زىئونىزمچى-
لار قۇرۇلتىيىدا خېرزل ۋەكىللەرگە شەرقىي ئافرىقىدا يەھۇدىي-
لارنىڭ يۇرتىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى «ئۇگاندا لايىھىسى»[1]
نى قويۇپ، ئۇنى «قوغلىنىۋېتىلگەن يەھۇدىيلارنىڭ بىر كېچە قونى-
دىغان مېھمانخانىسى» دەپ ئاتىدى. تەپسىلىي ئويلىنىش ئارقى-
لىق، بۇ لايىھىگە شەرقىي ياۋروپا ۋەكىللىرى كۈچلۈك قارشى
چىقتى. خېرزل بۇ پىلاندا ئۇگاندانىڭ زىئون ئورنىغا دەسسىمەي-
دىغانلىقىنى تەكرار چۈشەندۈرسىمۇ، شەرقىي ياۋروپا ۋەكىللىرى
قىلچە يول قويمىدى. پەلەستىندىن باشقا ھەرقانداق جايدا قايتى-
دىن ماكان قۇرۇشقا قەتئىي قارشى تۇردى، ئۇنداق قىلىش
باسېل پروگراممىسىغا ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدۇ، دەپ قارى-
دى. قۇرۇلتاي 128 ئاۋازغا قارشى 295 ئاۋاز بىلەن شەرقىي
ئافرىقىغا «زېمىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى» ئەۋەتىش قارارىنى ماقۇل-
لىغاندىن كېيىن رۇسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىن زالىدىن چې-
قىپ كېتىپ نارازىلىق بىلدۈردى. زىئونىزم ھەرىكىتى بۆلۈنۈش
گىردابىغا بېرىپ قالدى. خېرزل قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش نۇتقىنى
سۆزلىگەندە ھاياجان ئىچىدە ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، «تەۋرات»

[1] شۇ چاغدا نايروبى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ئۇگاندا قوغداش رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا
ئىدى.



تىكى «ئېھ، ئېرۇسالىم. ئەگەر سېنى ئۇنتۇپ قالسام، ئوڭ
قولۇم تۇتماس بولۇپ كەتسۇن» دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ، با-
سېل پروگراممىسىغا داۋاملىق سادىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا
قەسەم بەردى.
بۇ قېتىمقى تالاش - تارتىش خېرزلنى قاتتىق ئازابلىدى.
ئۇ شەرقىي ياۋروپا يەھۇدىيلىرىنىڭ «بوينىغا سىرتماق سېلىن-
غان» بولسىمۇ «داۋاملىق جاپا تارتىشتىن قورقماي» ئۇگاندا
لايىھىسىنى رەت قىلغانلىقىنى زادى چۈشىنەلمىدى. لېكىن ئۇ
زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، يەھۇدىيلار
ئىتتىپاقلاشمىسا ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولماي-
دۇ، دەپ قارىدى. بۇ چاغدا خېرزل بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن
قاتتىق ئاغرىپ قالغان بولسىمۇ، ئاغرىق ئازابىغا چىداپ ھەسسى-
لەپ خىزمەت قىلدى. ئىتتىپاقلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇگاندا
لايىھىسىدىن ۋاز كېچىشنى قارار قىلدى. 1904 - يىلى 5 - ئايدا
ئۇ رىياسەتچىلىك قىلغان ئىجرائىيە كومىتېت ئاخىرقى قارارنى
چىقىرىپ، يەھۇدىيلار ئۆز يۇرتىنى قۇرىدىغان بىردىنبىر جاي
پەلەستىن ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. شۇنداق قىلىپ، زىئونىزم
ھەرىكىتىنىڭ بىرلىكى ۋاقىتلىق ساقلاپ قېلىندى.
قۇرۇلتاي ئاخىرلاشقان ھامان، ئېغىر كېسەل بولغان
خېرزلنى كىشىلەر چېختىكى فرانسىس ساناتورىيىسىگە داۋالى-
نىشقا ئېلىپ باردى. يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان خېرزل 1904 - يىلى 7 -
ئاينىڭ 3 - كۈنى 44 يېشىدا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى. ۋېنادا ئالتە
مىڭدىن ئارتۇق يەھۇدىي ئۇنى ئۇزاتتى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جاي-
لىرىدىكى يەھۇدىيلارمۇ ھەرخىل تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرى-
نى ئۆتكۈزۈپ، مىللىي قەھرىمانى[1] غا ماتەم تۇتتى.

[1] 45 يىلدىن كېيىن ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى مەخسۇس ئايروپىلان ئەۋەتىپ خېرزلنىڭ
جەسىتىنى ئىسرائىلىيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئېرۇسالىمدىكى خېرزل تېغىغا تەنتەنىلىك دەپنە قىلدى.

## تۆتىنچى باب

# ھەركىم ئۆزى خالىغاننى ئېلىش

خېرزلدىن ئايرىلغان دۇنيا زىئونىزم ھەرىكىتى باسېل
پروگراممىسىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياۋروپادىكى يەھۇ-
دىيلارنى پەلەستىنگە كۆچۈرۈشنى پائال تەشكىللىدى. ئىككىنچى
قېتىملىق ئالىيا مەزگىلىدە پەلەستىندە يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ دەس-
لەپكى يېزا ئىگىلىك كوللېكتىپ تەشكىلاتى — كىببۇز بارلىققا
كېلىپ، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت
گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن
كېيىن دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي ئېقىم تەرەپدارلى-
رى كۆچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ،
پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى.
ئەنگلىيمۇ ئۆزىنىڭ پەلەستىننى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت
ئىستراتېگىيىلىك نىيىتى بىلەن زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ سىيا-
سىي نىشانى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق مەنپەئەت بارلىقىنى بايقىدى.
ئىككى تەرەپ ئاسانلا كېلىشىپ، ھەر كىم ئۆزى خالىغاننى ئې-
لىپ، ئاخىرى بالفور خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى ئىلگە-
رى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ پەلەستىندە
يەھۇدىيلار دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرۇش نىشانى چوڭ دۆلەتنىڭ
تۈنجى قېتىم ئېتىراپ قىلىشىغا ئىگە بولدى.



## 1 § . بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى زىئونىزم ھەرىكىتى ۋە پەلەستىن

### 1. خېرزلدىن كېيىنكى دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى

1904 - يىلى خېرزلنىڭ ۋاپاتى زىئونىزم ھەرىكىتىگە ناھا-
يىتى چوڭ يوقىتىش بولدى. خېرزلدىن ئايرىلىپ قالغان دۇنيا
زىئونىزم تەشكىلاتى ئىستراتېگىيىلىك لايىھە، رەھبەرلىك كول-
لېكتىپى ۋە ھەرىكەت فاكچېنى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە
تەڭشەش دەۋرىگە كىردى. بۇ تەڭشەشلەر 1904 - يىلىدىن كې-
يىنكى دۇنيا زىئونىزمچىلىرىنىڭ نەچچە نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا
يىغىنچاق ئەكس ئەتتى. دۇنيا زىئونىزمچىلىرىنىڭ يەتتىنچى
نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1905 - يىلى 7 - ئايدا باسېلدا ئېچىلدى.
قۇرۇلتاي تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلدى.

بىرىنچى، ئۇگاندا لايىھىسىنى ئاخىرقى قېتىم بېكىتتى.
دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي ئافرىقىغا ئەۋەتكەن «زې-
مىن كۆزىتىش ئۆمىكى» قۇرۇلتايدا دوكلات بېرىپ، شەرقىي
ئافرىقىنىڭ تەبىئىي شارائىتى يەھۇدىيلارنى كۆپلەپ كۆچۈرۈشكە
مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دەپ قارىدى. بۇ ھال شەرقىي ياۋروپادىكى
يەھۇدىيلارنى ئاساس قىلغان ئۆكتىچىلەرنىڭ پىكرىنى كۈچلەندۈ-
رۈۋەتتى. قۇرۇلتاي ئاخىر 190 ئاۋازنىڭ قوللىشى، 178 ئاۋاز-
نىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە 90 ئاۋازنىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى
بىلەن قارار ماقۇللاپ، پەلەستىن ۋە سۈرىيىدىن باشقا زېمىننى
يەھۇدىيلارنىڭ ماكانى قىلىپ قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشكە
بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ قارار لايىھىسىگە نارازىلىق بىل-
دۈرۈش ئۈچۈن، ئەنگلىيىدىكى ئىئاسلېي، زانگۋېل باشچىلىقىد-
دىكى ئۇگاندا لايىھىسىنى قوللىغۇچىلار قۇرۇلتايدىن چىقىپ
كېتىپ، «يەھۇدىيلارنىڭ زېمىندىن تەشكىلاتى»

(Jewish Territoral Organization) قۇرغانلىقىنى جاكارلاپ، دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىدىن ئايرىلىپ، ئارگېنتىنا، كېنىيە قاتارلىق جايلاردا يەھۇدىيلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بەند بولدى. 1917 - يىلى بالفور خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بۇ تەشكىلات روناق تاپالماي، ئاخىر 1925 - يىلى پارچىلىنىپ كەتتى.

ئىككىنچى، سىياسىي تەرەپدارلىرى بىلەن ھەرىكەت تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشنى ھەل قىلدى. نوردو، بودىنخېيم باشچىلىقىدىكى سىياسىي تەرەپدارلىرى خېرزلنىڭ قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ئىمتىياز ۋە كاپالەتكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچىنى پەلەستىنگە پارچە - پۇرات كۆچمەن كۆچۈرۈش پائالىيىتىگە سەرپ قىلىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارىدى. ئۇششىكىن قاتارلىق رۇسىيىدىكى زىئونىزمچىلارنى ئاساس قىلغان ھەرىكەت تەرەپدارلىرى مۇنازىرىلىشىپ، خېرزلنىڭ كۆپ يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن مەخپىي دىپلوماتىيىسى ھېچقانداق نەتىجىگە ئىگە بولالمىدى، ئالاھىدە رۇخسەت خېتىگە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئەمەلىي خىزمەتلەرگە قارىتىش، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىش پائالىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم، دېدى. ھەرىكەت تەرەپدارلىرى ئىچىدىكى تايانچ ئادەملەرنىڭ بىرى، گېرمانىيىدىكى يەھۇدىي بىئولوگ ئوتتوۋار بۇرگ ئۆز سۆزىدە يېڭى يىشۇۋنىڭ سىياسىي رولىنى ۋە يېڭى يىشوۋ قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەش، سىستېمىلىق كېڭەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۈچىنىڭ بېرىچە تەكىتلىدى. قۇرۇلتايدا ئىككى تەرەپ مۇرەسسەگە كەلدى. سىياسىي تەرەپدارلىرى بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش خېتىگە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى كەڭ كۆلەملىك كۆچمەن ئۇيۇشتۇرماسلىق ۋە كەڭ كۆلەمدە ئولتۇراق-



لىشىش مەھەللىرىنى سالماسلىق توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى ئۆزگەرتىپ، يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىن يېزا ئىگىلىكى ۋە سانائىتىدىكى ئورنىنى كۈچەيتىشكە قوشۇلدى؛ ھەرىكەت تەرەپدارلىرىمۇ دىپلوماتىك پائالىيەتلەرگە پرىنسىپ جەھەتتىن قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى، پىلانسىز، پۈتۈنلەي خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى قوللايدىغان كىچىك كۆلەملىك كۆچمەن كۆچۈرۈش بىلەن قايتا شۇغۇللانمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۈچىنچى، ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلىدى. خېرزل ۋاپات بولغاندىن كېيىن دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىدا نوردو، ۋولفزوئىن ۋە ۋاربۇرگدىن تەركىب تاپقان ئۈچ كىشىلىك كومىتېت خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلدى. قۇرۇلتايدا 49 ياشلىق ۋولفزوئىن دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. ئۇ لىتۋادا تۇغۇلغان، يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنە تەربىيىسىنى ئالغان، كېيىن گېرمانىيىدىكى كيولندا مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيۈش ھەرىكىتىنى پائال ئۇيۇشتۇرغان، خېرزلنى ئەڭ دەسلەپ قوللىغانلارنىڭ بىرى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى زىئونىزمچىلار ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچى بولغان. شۇنداقلا يەھۇدىيلار يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تىرىقچىلىق قىلىش بانكىسىنىڭ ۋە مىللىي فوند جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى بولغان. زىئونىزم ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىشنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئىگە. ئۇنىڭ سايلىنىشى ئىختىلاپى چوڭقۇر شەرق، غەرب ۋەكىللىرىنىڭ مۇرەسسەگە كەلگەن پىكرىنى ئىپادىلەپ بەردى. قۇرۇلتايدا سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن يېڭى ئىجرائىيە كومىتېتمۇ ئىككى تەرەپنىڭ كۈچتە تەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

يەتتىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئورۇنلىغان بۇ ئۈچ ۋەزىپە ۋولفزوئىننى ئىشەنچكە ئىگە قىلدى. قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش نۇتقىدا ئۇ زىئونىزم دۇچ كەلگەن كرىزىس ئاخىرلاشتى، دەپ جاكارلىدى. كېيىنكى ئىشلار بۇ ھۆكۈمنىڭ بالدۇر بولۇپ كەت-

كەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دۇنيا زىئونىزمچىلىرىنىڭ سەككىزىن-
چى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1907 - يىلى 8 - ئايدا گائاگادا
ئېچىلدى. ئۆتكەنكى چاغلاردىكىگە ئوخشاش، سىياسىي تەرەپدار-
لىرى بىلەن ھەرىكەت تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن مۇناز-
ىرە بولدى. ۋىلفزوئىن ياراشتۇرغۇچى بولدى. قۇرۇلتايدا ۋېيز-
مان «ئۇنىۋېرسال زىئونىزم توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا نۇتۇق
سۆزلەپ، ئىككى تەرەپنىڭ قاراشلىرىنى ئوبدان بىرلەشتۈردى.
ئۇ: «بىز ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش خېتىگە ئىگە بولىدىغان
ئۇلۇغۋار ئىرادىگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم. لېكىن بىزنىڭ بۇ
ئۇلۇغۋار ئىرادىمىز قەدىمكى ماكانىمىز: ئىسرائىلىيىدىكى ئەمە-
لىي تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ» دەپ
ئوتتۇرىغا قويدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقۇچىلار پەلەستىنىدىكى يەھۇ-
دىي كۆچمەنلىرىنىڭ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش پائالىيىتى-
نىڭ ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش خېتىدىن ئىلگىرى ئىشلىنىپ
تۇرۇشىغا، بۇ ئىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەندىن
كېيىن، ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش خېتىدىن ئۈمىد بولىدىغانلى-
قىغا قوشۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇلتاي 1908 - يىلىدىن
ئېتىبارەن پەلەستىنىدىكى يافادا ئارتۇر روپپىن رەھبەرلىكىدىكى
پەلەستىن ئىش باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىپ، شۇ يەردىكى
يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشىغا يېتەكچى-
لىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىشنى بەلگىلىدى.

بۇنىڭ ئالدى - كەينىدە، سىياسىي تەرەپدارلىرىنىڭ پىكرىگە
مايىل بولغان ۋولفزوئىن ھەرىكەتنىڭ ئىستىقبالى ئىستانبۇلنىڭ
سۇلتان ھۆكۈمىتىگە باغلىق، دەپ قارىدى. 1907 - يىلى 10
- ئايدا ئۇ تەكلىپكە بىنائەن ئىستانبۇلنى زىيارەت قىلىپ، سۇل-
تان بىلەن كۆرۈشكەندە، تۆۋەندىكى تەلەپنى قويدى: 50 مىڭ
ئۆيلۈك يەھۇدىينىڭ پەلەستىنىدە (ئېرۇسالېم بۇنىڭ سىرتىدا)
ئولتۇراقلىشىشى، ئۇلار ئىمپېرىيىنىڭ پۇقراسى بولۇپ ھەربىي



خىزمەتكە قاتنىشىشى، باجنى 25 يىل كەچۈرۈم قىلىدىغان مۇئا-
مىلىدىن بەھرىمەن بولۇشى، ئۇلارغا ئېلىپ بەرگەن يەرلەر دۇنيا
زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشى كېرەك. مالىيە
كرىزىسىنى ھەل قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەن سۇلتان 26 مىليون
فوند ستېرلىڭ تەلەپ قىلدى. لېكىن، ۋولفزوئىن ئىككى مىل-
يون فوند ستېرلىڭ بېرىشكە قوشۇلدى. ئىككى تەرەپ باھا
تالىشىۋاتقاندا، ياش تۈركىيە ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، ئابدۇلھەمىد
II ئاغدۇرۇۋېتىلدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب نۇرغۇن زىئونىزمچى-
لار قەلبىدە ئۈمىد يالقۇنىنى تۇتاشتۇردى. ئىنقىلاب غەلىبە قى-
لىش بىلەن ياش تۈرك پارتىيىسىنىڭ داھىيسى ئەنۋەر پاشا تولۇپ-
تاشقان ھاياجان بىلەن: «بۈگۈندىن كېيىن ھەممىمىز قېرىن-
داش، بۇلغار، گرېك، رۇمىنىيىلىك، يەھۇدىي، مەۋسىل دەپ
ئايرىلمايدۇ. دۇنيادىكى ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدۇ. بىز ئوسما-
نىيلار بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىپتىخارلىنىمىز» دېدى. بۇ
پارتىيىنىڭ يەنە بىر رەھبىرى مۇنداق دېدى: «ئىمپېرىيىمىزدە
ئوسمانىيلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىشتىن ئىلگىرى، بارا-
ۋەرلىك مەسىلىسىنى تىلغا ئالغىلى بولمايدۇ». يېڭى ھۆكۈمەت
يەھۇدىيلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش ئىشىنى ئويلىنىشنى رەت
قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كۆچمەنلەرگە قارىتىلغان بۇرۇنقى
چەكلەش بۇيرۇقىنىڭ داۋاملىق ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىل-
دۈردى. 1911 -، 1912 - يىللىرىغا كەلگەندە ئىتالىيە - تۈركىيە
ئۇرۇشى تۇپەيلىدىن، بالقان ئۇرۇشى بولدى. مۇشكۇل ھالدا
قالغان تۈركىيە دائىرىلىرى يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ پەلەستىندە
ئولتۇراقلىشىپ يەر سېتىۋېلىشىغا قارىتىلغان چەكلىمىسىنى سەل
- پەل بوشاتتى.

1909 - يىلى 12 - ئايدا ھامبۇرگدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا
زىئونىزمچىلىرىنىڭ توققۇزىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ۋولفزو-
ئىننىڭ ھەرىكەت تەرەپدارلىرىنى قايىل قىلىش يولىدىكى تىرىش-

چانلىقى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ئۇششىكىن، ۋېيزمان، سوكولوۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كەلدى. ئۇلار ۋولفزوئىننىڭ مەغلۇپ بولغان دىپلوماتىك ھەرىكەتلىرىنى تەنقىد قىلدى» . ئۇنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدە خېرزلدىنمۇ ئۆز بىشىمچى ئىكەنلىكىنى ئەيىبلىدى، لېكىن، قۇرۇلتاي ئاخىرىدا يەنىلا ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قالدى.

1911 - يىلى 8 - ئايدا باسېلدا چاقىرىلغان 10 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا ۋولفزوئىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. قۇرۇلتاي ۋاربۇرگ، سوكولوۋ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرىكەت تەرەپدارى زاتلىرىدىن تەشكىللەنگەن يېڭى ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. ۋاربۇرگ دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك رەئىسى بولدى. تەشكىلاتنىڭ باش شتابىمۇ ئۇ ئولتۇرۇشلۇق بېرلىنگە كۆچۈرۈلدى. يىغىنغا قاتناشقانلار ۋېيزمان تەشەببۇس قىلغان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان «ئۇنىۋېرسال زىئونىزم» ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، پەلەستىندىكى يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش پائالىيىتى ۋە ئىبرانىي مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىقلار ئۈستىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلدى. كىشىنى جەلپ قىلغىنى شۇ بولدىكى، ئۇششىكىننىڭ تەكلىپ بېرىشى ئارقىسىدا، قۇرۇلتايدا سۆزگە چىققانلارنىڭ ھەممىسى ئىبرانىي تىلى ئىشلەتتى. بۇ زىئونىزمچىلار قۇرۇلتىيىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولدى.

دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي — 11 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي 1913 - يىلى 9 - ئايدا ۋېنادا ئۆتكۈزۈلدى. بېلگىيىدىكى زىئونىزم داھىيسى كىن فىشر سۆزگە چىققاندا ئاگاھلاندۇرۇپ، كىچىك كۆلەمدىكى كۆچمەن تەشكىللىگەندە ھەرىكەت نامراتلارنىڭ غەيرىي زىئونىزملىق كۆچمەنلەر جەمئىيىتى بولۇپ قالىدۇ، دېدى، ئالاھىدە سىياسىي كومىتېت قۇرۇپ دېپ-



لوماتىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ھەرىكەت تەرەپدارلىرىنىڭ پىكرى يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. روپپىننىڭ پەلەستىن ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىدا، جاكوبسوننىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەلەستىندىكى يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پائالىيەتلىرى توغرىسىدا قىلغان دوكلاتىدا پەلەستىندە كىچىك كۆلەملىك كۆچمەنلەرنى ئۈزلۈكسىز ئورۇنلاشتۇرۇش پائالىيىتى — ھەرىكەتنىڭ توغرا يۆنىلىشى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ۋېيزمان ۋە ئۇششىكىننىڭ ئورتاق تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، قۇرۇلتاي ئېرۇسالېم ئىبرانىي ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى.

## 2 . ئىككىنچى قېتىملىق ئالىيا ۋە كىببۇزنىڭ يېڭىدىن بارلىققا كېلىشى

1882 - يىلدىن 1903 - يىلغىچە بولغان بىرىنچى قېتىملىق ئالىيا بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغىنى شۇكى، 1904 - يىلدىن 1914 - يىلغىچە ئارىلىقتا باشلانغان ئىككىنچى قېتىملىق ئالىيامۇ شەرقىي ياۋروپادا، بولۇپمۇ رۇسىيىدە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش دولقۇنى شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا كۆتۈرۈلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى، يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرغۇچىلار «زىئون مۆتىۋەرلىرىنىڭ مۇھاكىمە خاتىرىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭدا يەھۇدىيلار بىلەن ئورتاق قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى 1897 - يىلى باسېلدا يىغىن ئېچىپ، خرىستىئان مەدەنىيىتىنى پارچىلاپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۇنيا ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، يەھۇدىي ئەمەسلەرنى قۇل قىلىشتىن ئىبارەت مەخپىي ھەرىكەت پىلانى تۈزدى، دەپ جاكارلىندى. ھۆججەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى 1903 - يىلى رۇسىيىنىڭ «زىنامىيا» (تۇغ) ژۇرنىلىغا باستى. 1905 - يىلى دىنىي مەجمۇئەنىڭ

قوشۇمچىسى قىلىپ رۇسىيىدە رەسمىي ئېلان قىلدى. 1920 ـ يىلىدىن باشلاپ ياۋروپادىكى باشقا جايلاردا كەڭ تارقىتىلدى. كېيىن كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلدى. بۇ ھۆججەتنىڭ ساختىلىقى چېنىپ تۇرغاچقا، چار پادىشاھ نىكولاي II مۇ ئۇنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلاندى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇنى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى رۇسىيىنىڭ مەخپىي ساقچىلىرىغا خىزمەت قىلىدىغان بىرسى پارىژدا تەييارلىغان ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ساختا ھۆججەت يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ قولىدىكى كەم تېپىلىدىغان تەشۋىقات ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. كېيىن ھەتتا گېرمانىيە ناتسىستلىرىنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى سىياسىتىنىڭ ياخشى باھانىسى بولدى.

«زىئون مۆتىۋەرلىرىنىڭ مۇھاكىمە خاتىرىسى» پەيدا بولۇشى بىلەن رۇسىيىدە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئودېسسادىلا نەچچە يۈز يەھۇدىي ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، نەچچە مىڭ يەھۇدىي يارىدار قىلىندى، 40 مىڭ ئۆيلۈك يەھۇدىينىڭ ئۆي ۋە دۇكانلىرى بۇلاڭ ـ تالان قىلىندى ياكى كۆيدۈرۈۋېتىلدى؛ 1903 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى پاجىئەلىك دېلودىن كېيىن مولداۋادا يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرىدىغان زوراۋانلىق پەيدا بولدى. پۈتۈن رۇسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان يەھۇدىيلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ۋە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

ئۈزۈلمەس زوراۋانلىقلاردىن ئۈمىدسىزلەنگەن رۇسىيىدىكى يەھۇدىيلار تۈركۈملەپ چەت ئەللەرگە كۆچۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئامېرىكىغا ۋە غەربىي ياۋروپاغا كۆچتى. بىر قىسمى پەلەستىنگە كۆچتى. 1905 ـ يىلى ئودېسسادىن 1230 يەھۇدىي پەلەستىنگە كۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدا بىر يىلى 3459 يەھۇدىي، يەنە بىر يىلى 1750 يەھۇدىي ئۇ يەرگە باردى. 1904 ـ يىلى باشلانغان ئىككىنچى قېتىملىق ئالىيا مەزگىلىدە 35 مىڭدىن 40 مىڭغىچە يەھۇدىي



پەلەستىنگە كۆچۈپ كەتتى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جەنۇبىي رۇسىيىدىن كەلگەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتكەن بۇ يۇقىرى قاتلام يەھۇدىيلارنىڭ زىيالىي ياشلىرىمۇ دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىغا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار يەنە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپلىرى ئىدى. ئۇلار زىئونىزم غايىسى بىلەن سوتسىيالىزم نىشانىنى بىرلەشتۈرۈپ، پەلەستىندە ھەممە ئادەم باراۋەر، ئېكسپىلاتاتسىيە بولمىغان يېڭى شەكىلدىكى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ يۇرتىنى قۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۇلار جىسمانىي ئەمگەككە ماھىر ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى كەم بولسىمۇ، لېكىن «مۇقەددەس يەر» دىكى يېڭى تۇرمۇشقا تولۇپ تاشقان ئۈمىدتە بولدى. پەلەستىنگە كەلگەندىن كېيىن ئاددىي چېدىرلاردا ئۆي تۇتۇپ، بەزگەك كېسىلى ۋە ئىلان ـ چايانلارنىڭ ھۇجۇمىغا چىداپ، بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلدى. 1904 ـ يىلىدىن 1906 ـ يىلىغىچە كەلگەن يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ 80% تىن كۆپرەكى جاپالىق تۇرمۇشقا چىدىماي، رۇسىيىگە قايتىپ كەتتى ياكى ئامېرىكىغا كەتتى. قېپقالغانلار زىئونىزملىق ئېتىقادتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ، كېيىنكى يەھۇدىي ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ يادرو كۈچى بولۇپ قالدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئالىيادا يىشۇۋنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئىلگىرىلەشلىرى ئادەمنى ئالاھىدە زوقلاندۇرىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى «مەدەنىيەت روھى تەرەپدارلىرى» بۇ جەھەتتە مۇھىم رولىنى جارىي قىلدۇردى. بۇلارنىڭ رەھبىرى ئافات ھام تەربىيە ئارقىلىق، كۆچۈپ كېلىشنى ئاڭلىق، مەقسىتى ئېنىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ 1889 ـ يىلى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مەنىۋى گۈللىنىشىگە كۈچ چىقىرىدىغان «مۇسانىڭ ئوغلى» ناملىق تەشكىلاتنى قۇرۇپ، قارىغۇلار-

چە كۆچۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، پەلەستىننى يەھۇدىيلارنىڭ مەنىۋى مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش، مەدەنىيەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ئارقىلىق، ھەرقايسى دۆلەتلەرگە چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنى مىللەتنىڭ بىردەكلىكىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىدىغان قىلىش كېرەك، دېگەنىدى. ئۇنىڭ تۆرتكىسى بىلەن دۇنيا زىئونىزمچىلىرىنىڭ بەشىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى قارار ماقۇللاپ، يەھۇدىيلار ئىچىدە مىللىي روھ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش زىئونىزم پروگراممىسىنىڭ يادرو قىسمى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. شۇڭا، ئىككىنچى قېتىملىق ئالىيادا مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆتكەن قېتىمدىكىدىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇنىڭ ئەڭ روشەن نەتىجىسى ئىبرانىي تىلىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بولدى.

دۇنيانىڭ تىل تارىخىدىكى بۇ مۆجىزە «مەدەنىيەت روھى تەرەپدارلىرى»نىڭ يەنە بىر ۋەكىلى ئېلىيېسېر بېن يېھۇدانىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ھازىرقى زامان ئىبرانىي تىلىنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان بۇ كىشى لىتۋادا تۇغۇلغان. 1881 - يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلگەن. شۇ چاغدا پەلەستىندىكى يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئەرەب تىلى، يىددىس تىلى، لادىنو تىلى[1] قاتارلىقلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، ئىبرانىي تىلى يېزىقتىلا ئىشلىتىلىپ، سۆزلىگەندە ئىشلىتىلمەيتتى. لېكىن، ئېلىيېسېر بېن يېھۇدا يەھۇدىي مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئەڭ مۇھىمى كۈندىلىك مۇئامىلە تىلى بولغان ئىبرانىي تىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىدىن باشلاپ، ئىبرانىي تىلىنى قەيسەر-

① يىددىس تىلى ئاساسلىقى ئوتتۇرا ياۋروپا، شەرقىي ياۋروپادا تارقاق ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىيلار قوللىنىدىغان ئارىلاش تىل بولۇپ، ئىبرانىي يېزىقى بىلەن يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ گرامماتىكا قۇرۇلمىسى گېرمان دىئالېكتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئاساس قىلغان. لادىنو تىلى سېفادىيلار ئىشلەتكەن تىل بولۇپ، كاستىي ئىسپان تىلىنى مەنبە قىلغان، ئۇنىڭغا ئىبرانىي تىلىمۇ ئارىلاشقان. ئىسپانىيىدىكى يەھۇدىي تىلىمۇ دېيىلىدۇ.



لىك بىلەن ھارماي - تالماي كېڭەيتتى. ئۇ دەرس ئۆتكەن دۇنيا يەھۇدىيلىرى ئىتتىپاقى قۇرغان ئېرۇسالېم مەكتىپى ئىبرانىي تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان تۇنجى مەكتەپ بولدى. ئۇ 1884 - يىلى «ھارۋىس» ناملىق ھەپتىلىك ژۇرنال چىقاردى. بۇ ئىبرانىي تىلىدا چىقىرىلغان تۇنجى ژۇرنال بولدى. ئۇ 1890 - يىلى ئىبرانىي تىلى كومىتېتى (ھازىرقى ئىبرانىي تىلى پەنلىرى ئاكادېمىيىسى)نى قۇردى ھەم رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. 1904 - يىلى تۇنجى ئىبرانىي تىلى لۇغىتى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ پائال ئىلگىرى سۈرۈشى بىلەن پەلەستىندە ئىبرانىي تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، ئىبرانىي تىلىنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رولىنى جارىي قىلدۇردى. ئىرادىلىك ئادەمنىڭ ئىشى ۋۇجۇدقا چىقماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ بىرنەچچە ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئىبرانىي تىلى بارغانسېرى كۆپ يەھۇدىيلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. 1912 - يىلى پەلەستىننىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكا مەكتىپى ئىبرانىي تىلىنى نېمىس تىلى ئورنىدا ئوقۇتۇش تىلى قىلىشنى بەلگىلىدى. 1916 - يىلىغا كەلگەندە پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ تەخمىنەن 40% ى ئىبرانىي تىلىنى ئاساسىي تىل قىلىپ ئىشلەتتى. يەھۇدىي باللىرى ئىچىدە بۇ نىسبەت 70% كە يەتتى. ئىبرانىي تىلى ۋە ئۇ تىلنى ئاساس قىلغان ئىبرانىي مەدەنىيىتى پەلەستىندە پۇختا يىلتىز تارتىشقا باشلىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئالىيادا تېخىمۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى كىبۇتزنىڭ قۇرۇلۇشى بولدى.

«كىبۇتز» دېگەن بۇ ئىبرانىيچە سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «بىر يەرگە جەم بولۇش»، «كوللېكتىپ» دېگەنلىك بولۇپ، كېيىنرەك يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە كوللېكتىپ ئولتۇراقلىشىش مەھەللىلىرىنى قۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ قالدى. بىرىنچى قېتىملىق ئالىيا مەزگىلىدە تەبىئىي شارائىت

ناچار، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانچىلىق قىلىش تېخنىكىسى ئاجىز ۋە مەبلىغى كەم بولغانلىقتىن، شەرقىي ياۋروپادىن كەلگەن كۆچ-مەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىشتىن قىي-نىلىپ، تەشكىللىنىپ كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈردى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق كوللېكتىپ تۇرمۇش كېيىنكى كىب-بۇز تۇرمۇشى ئەندىزىسىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بولدى. دەسلەپكى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان «يىشوۋ ئاتىسى» ئېدمون روتسچىلد بۇنداق «كوللېكتىپلىشىش» يۈزلىنىشىگە قارشى تۇرغانلىقتىن، كۆچمەنلەر ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئالدىغا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ياكى ئەرەب ئەمگەكچىلىرىنى ياللاپ ئىش-لىتىدىغان بولدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئالىيا مەزگىلىدە ئىدىيىدە رادىكال ياش يەھۇدىي كۆچمەنلەر پەلەستىنگە كېلىشى بىلەنلا ئەرەب ئەم-گەكچىلىرىنى ياللاپ ئىشلەتكەن خوجايىنلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۆزلىرىنى ئەرەب ئەمگەكچىلىرى ئورنىدا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىشتى. لېكىن، تۇزۇكرەك نەتىجە قازىنالمىدى. چۈنكى، خوجايىنلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەھۇدىي يېڭى كۆچمەنلىرىگە قارىغاندا ئەرەبلەر ئەرزان، كۈچلۈك ھەم ئەمگەك تەجرىبىسىگە باي ئىدى. بۇ يەھۇدىي ياشلار يەككە دېھقانچىلىق قىلىپ ھېلىقى خوجايىنلاردىن ئېشىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، كول-لېكتىپ بولۇپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش يولىنى تاللىۋال-دى.

كىببۇزنىڭ ئاخىر پەيدا بولۇشمۇ تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئىدىيىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئالىيادىكى يەھۇدىي كۆچمەنلە-رىگە كۆرسەتكەن چوڭقۇر تەسىرىدىن بولدى. بىرىنچىسى، زىئو-نىزم ئىدىيىسى. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ يەرگە زىيانكەشلىكتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يۇرتىغا قايتىپ دۆلە-



تىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت باسېل پروگراممىسىنى ئىزچىللاشتۇ-رۇش ئۈچۈن كەلگەن. بۇ كۆچمەنلەر پەلەستىندە يېڭىچە مىللىي ئائىلىسىنى قايتىدىن قۇرۇشتەك گۈزەل ئارزۇ بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق ئالىياغا ئاتلانغان. ئىككىنچىسى، سوتسىيالىزم ئىدى-يىسى. سوتسىيالىزم بولۇپمۇ ئوتۇپىيىلىك (خىيالىي) سوتسى-يالىزم ئىدىيىسى زىئونىزمنىڭ مۇھىم نەزەرىيىۋى مەنبەسى بول-غان. نافمان شىلكىن ۋەكىللىكىدىكى سوتسىيالىستىك زىئونىزم گۇرۇھى — زىئونىزم ھەرىكىتىدىكى سولقاناتلار ئىدى. شىلكىن-نىڭ تەشەببۇسى بويىچە بولسا، «يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ئىقتى-سادىي جەھەتتە ئادىل بولغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئاساس قىلىپ، ھەمكارلاشقان جەمئىيەتنى قۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم». «يەھۇدىيلار دۆلىتى سوتسىيالىستىك قىم-مەت قارىشىنى ئاساس قىلغاندىلا، زىئونىزم غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.» مەيدانى ئۇنىڭكىگە يېقىن بىل بوروخوپمۇ زىئونىزم بىلەن ماركسىزم چىقىشىپ كېتەلەيدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ماسلى-شىشى لوگىكىغا ئەڭ ماس كېلىدۇ، دەپ قارىدى. مۇشۇ سولقا-ناتلارنىڭ تۇرتكىسى بىلەن XIX ، XX ئەسىر ئارىلىقىدا رۇسىيىدە ۋە پەلەستىندە ياش.ئىشچىلار پارتىيىسى، زىئون ئىشچىلار پارتى-يىسى قۇرۇلدى. شەرقىي ياۋروپادىن كەلگەن يېڭى كۆچمەنلەر مۇشۇ پارتىيىلەرنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مانىيا-ۋېربوۋېتسكىي ۋە ئىئوسىف ترومپىلدو بۇ ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان ھەمدە كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كىببۇزنىڭ ئىگىلىك ئەندىزىسىدىن ئىبارەت كونكرېت تەسەۋۋۇر-نى ئوتتۇرىغا قويدى. يەھۇدىي مۇتەپەككۇرى داۋىد گوردون تەبى-ئەتكە قايتىدىغان «ئەمگەك قىممىتى نەزەرىيىسى»نى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ 200 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان سەرسانلىق ھايات ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك سودىگەرچىلىك پائالىيىتى يەھۇدىيلارنى ئەمگەكتىن ئايرىپلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەكنى كەمسىتىدىغان

مىللەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىر مىللەت پەقەت ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زېمىنىغە ۋە مەدەنىيىتىگە يىلتىز تارتالايدۇ؛ يېزا ئىگىلىك ئەمگىكى ۋاسىتە سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ قەلب ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ھەمدە تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە قىلىۋېتەلەيدۇ. ئۇ 50 ياشتىن ئاشقانلىقىغا قارىماي، رۇسىيىدىن پەلەستىندىكى يافاغا يېقىن يېشوۋغا كەلدى ھەمدە دەسلەپكى بىر تۈركۈم كىببۇزنى قۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ «بۇ زېمىننى بىز گۈللەندۈرەيلى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ زېمىن بىزنى تەربىيىلىسۇن» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مۇشۇ ئۈچ ئىدىيىنىڭ تەسىرى كىببۇزنىڭ خاراكتېرىنى، تەشكىلىي شەكلىنى، ئىگىلىك ئەندىزىسىنى ۋە ئاساسىي ئۆلچەملىرىنى بەلگىلىدى.

دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ پەلەستىن ئىش باشقارمىسىمۇ ياردەمگە تايىنىدىغان خالۇككا تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مايىل بولۇپ، كۆچمەنلەرنى ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ جان باقىدىغان ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىش باشقارمىسى مىللىي فوند جەمئىيىتى سېتىۋالغان يەردە يېزا ئىگىلىك مەيدانى قۇردى، يېڭى كۆچمەنلەرگە بۇ يەردە يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلىدى. ئاندىن ئۇلار يېزا ئىگىلىك مەيدانىغا ياللانغان ئىشچى بولۇپ تېرىقچىلىق ئەمگەكلىرىگە قاتناشتى. لېكىن، ياش كۆچمەنلەر مۇنداق شەكلى ئۆزگەرگەن نازارەتلىك ئىش تۈزۈمىدىن ئىنتايىن نارازى بولدى. 1909 - يىلى بۇ يېزا ئىگىلىك مەيدانىدىكى يەتتە نەپەر ياش كۆچمەن گۇرۇپپا بولۇپ ئۇيۇشۇپ، باشقارما بىلەن توختام تۈزۈپ، مىللىي فوند جەمئىيىتىدىن بىر پارچە يەر سېتىۋېلىپ ئۆز ئالدىغا باشقۇردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، رۇسىيىدىن كەلگەن 12 ئوغۇل - قىز كۆچمەنمۇ بۇ يەرگە كەلدى. ئۇلار بۇ يەرنى «دېگانىيە» (ئاشلىق چىقىدىغان



يەر، دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتاپ، ئەمگەكتە باراۋەر ئىش تەقسىماتى ۋە ئەزالارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى كوللېكتىپ كاپالەتلەندۈرۈش پرىنسىپىنى تۈزۈپ چىقىپ، پەلەستىندىكى تۇنجى كىببۇزنى قۇردى. يەنە بىر كىببۇز 1911 - يىلى مېرخاۋىيادا قۇرۇلدى. بۇ چاغدىكى كىببۇزلارنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلىسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كىببۇزنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى تىكلىدى: ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولدى، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىپ ياشىدى؛ ھەر كىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەپ، ئېھتىياجىغا يارىشا تەقسىم قىلدى؛ كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت باراۋەر ۋە باشقۇرۇش دېموكراتىك بولدى.

## 3. ھازىرقى زامان ئەرەب - يەھۇدىي توقۇنۇشىنىڭ پەيدا بولۇشى

ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە ھازىرقى زامان ئەرەب - يەھۇدىي توقۇنۇشىنىڭ مەنبەسى 1917 - يىلى ئېلان قىلىنغان بالفور خىتابنامىسىدا دەپ قارىلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، بالفور خىتابنامىسى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ توقۇنۇشنىڭ ئۇرۇقى XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان جەرياندا يەھۇدىيلارنىڭ دەسلەپكى ئىككى قېتىملىق ئالىياسى مەزگىلىدە چېچىلغان.

1882 - يىلى پەلەستىندىكى 700 مىڭ نوپۇس ئىچىدە يەھۇدىيلار 23 مىڭ بولۇپ، نوپۇسنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سېفادىلار ئىدى. شۇ چاغدا پەلەستىندە ياشاۋاتقان ئاز سانلىق يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭمۇ تەڭدىن تولىسى دىنىي تۇستە بولۇپ، سىياسىي تۇستە ئەمەس ئىدى. شۇڭا شۇ يەردىكى ئەرەبلەر بىلەن

يەھۇدىيلار ئىناق ياشايتتى، دىندىمۇ ئۆزئارا كەڭچىلىك قىلاتتى. ۋەھالەنكى، 1882 - يىلىدىن 1903 - يىلىغىچە ۋە 1904 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە ئىككى قېتىم قوزغالغان ئالىيادا زىئونىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن نەچچە ئون مىڭلىغان يەھۇدىي كۆچمەنلىرى ياۋروپادىن پەلەستىنگە كېلىپ ماكانلىشىپ تىرىكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار مۇناسىۋىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى.

باشتا پەلەستىندىكى ئەرەبلەر مۇقەددەس تاغنى قىزغىن سۆيگۈچىلەرگە ۋە زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ روشەن سىياسىي خاھىشىغا دىققەت قىلدى. 1882 - يىلى يەرلىك گېزىت - ژۇرناللار يېقىندىن بۇيان شەكىللەنگەن زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋاللىرىنى خەۋەر قىلدى ھەمدە بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرى بىلەن بىللە پەلەستىنگە كېلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى يىشۇۋلارنىڭ يېنىدا ئولتۇراقلىق ئەرەب دېھقانلىرى ۋە ئېرۇسالېم، يافا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئەرەب پومېشچىكلىرى، سودىگەرلىرىمۇ يەھۇدىي يېڭى كۆچمەنلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ۋە تىرىكچىلىك قىلىش پائالىيەتلىرىگە بارغانسېرى دىققەت قىلدى. بۇ رايوننى باشقۇرىدىغان بېيرۇت، دەمەشىق دائىرىلىرىمۇ بۇ جەھەتتە دائىر ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ تۇردى. شۇ چاغدىكى ئەرەبلەر ئىچىدە زىئونىزمغا قارشى تەشكىللىك كۈچ شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا پەلەستىندىكى يەھۇدىي ئىجتىمائىي گۇرۇھلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولدى ھەمدە قەرزدار بولۇپ قېلىپ ۋەيران بولغان بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى يەھۇدىي كۆچمەنلىرىگە سېتىپ بېرىشىنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار مۇناسىۋىتىدە نىزا پەيدا بولدى. 1886 - يىلى پەلەستىندىكى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا تۇنجى قېتىم توقۇنۇش



پەيدا بولدى. بۇنىڭغا يەھۇدىيلارنىڭ يەر سېتىۋېلىشىغا ئەرەبلەرنىڭ قارشى چىققانلىقى سەۋەب بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەزى جايلاردىكى ئەرەب دېھقانلىرى زىئونىزمچىلارنىڭ سېتىۋالغان يەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، يەردىكى زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىپ ئۆيلىرىنى بۇزۇۋەتتى. ئېرۇسالېمدىكى بىر تۈركۈم ئەرەب مۆتىۋەرلىرى 1891 - يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانىغا 500 ئادەم ئىمزا قويغان خەت تاپشۇرۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالغانلىقىنى، سودىنى قولغا ئېلىۋالغانلىقىنى ھەمدە ئۇ يەرگە قورال - ياراغ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى شىكايەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە سۇلتان ھۆكۈمىتى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشىنى ۋە يەر سېتىۋېلىشىنى چەكلەشكە باشلىدى، لېكىن قاتتىق ئىجرا قىلىنمىدى. 1882 - يىلىدىن 1908 - يىلىغىچە پەلەستىندىكى يەھۇدىيلار 24 مىڭدىن 70 - 80 مىڭغا يەتتى ھەمدە 26 يېڭى يىشۇۋ قۇردى.

1909 - يىلىدىن كېيىن ئەرەبلەردىكى يەھۇدىيلارغا قارشى خاھىش تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، زىئونىزمغا تەشكىللىك قارشى تۇرىدىغان يېڭى كۈچلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ ئامىل سەۋەبچى بولدى: بىرىنچىدىن، ئەرەبلەرنىڭ زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ نىشانىغا بولغان تونۇشى تەدرىجىي ئايدىڭلاشتى. ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ نۇرغۇن رەھبەرلىرى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: زىئونىزمچىلار پەلەستىندە ئىگىدىلىك ھوقۇقىغا ئىگە مىللىي دۆلەت قۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. زىئونىزم ئەرەب مىللەتچىلىكى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەرەب گېزىت - ژۇرناللىرىمۇ زىئونىزم سىياسىيئونلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى، زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ پەلەستىندىكى نىشانى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بارغانسېرى كۆپ ئەرەبلەر زىئونىزمنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئوسمان ئىمپېرىيىسى دائىرىسى-

دىكى يەھۇدىيلارنىڭ ماكانىنى قۇرۇش ئەمەس، بەلكى پەلەستىن-
دە پۈتۈنلەي مۇستەقىل يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇش ئىكەنلىكىنى
تونۇپ يەتتى. ئىككىنچىدىن، بۇ چاغدا كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىي-
لارنىڭ زور كۆپ قىسمىدا زىئونىزم ئېتىقادى بىر قەدەر كۈچلۈك
ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە يېشۇۋنىڭ نۇرغۇن ئەرەبلەرنى ياللاپ
ئىشلىتىشى زىئونىزمنىڭ نىشانىغا خىلاپ بولۇپ، ئەرەب ئەمگەك-
چىلىرىنى ئىشتىن بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى كەلگەن
يەھۇدىيلارنى ئىشلىتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە ئە-
رەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ، ئەرەبلەر
بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋەقەلىرى كۆنسايىن
كۆپەيدى. ئۈچىنچىدىن، ئوسمانلى ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلىيەت-
سىزلىك قىلىدىغان سىياسىتى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارنى ئۆز-
ئارا گۇمانلىنىدىغان قىلىپ قويدى. 1908 ـ يىلى تەختكە چىققان
ياش تۈرك پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى باشتا زىئونىزمچىلارنى تو-
لۇق ئۈمىدلەندۈرگەنىدى، لېكىن كېيىن زىئونىزمغا تېخىمۇ قات-
تىق پوزىتسىيە بىلەن قارشى تۇردى. 1909 ـ يىلىدىن كېيىن
دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى بىلەن تۈركىيە ھۆكۈمى-
تى سۆھبەتلەشتى. بۇنىڭدىن ئەرەبلەر يەھۇدىيلار بىلەن تۈركىيە
دائىرىلىرى ھەمكارلىشىپ پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇش
مۇمكىن، دەپ گۇمانلاندى.
بۇ مەزگىلدە ئەرەبلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان زىئونىزمغا
قارشى كۈچ ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن: بىرى،
ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە سادىقلار. ئەرەبلەرنىڭ زور كۆپ ساندى-
كى داڭلىق مۆتىۋەرلىرى ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە سادىق بولۇپ،
زىئونىزم ھەرىكىتىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ۋە پەلەس-
تىندە رۇسىيىنىڭ، گېرمانىيىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشىنىڭ بې-
شارىتى دەپ قارىدى. 1911 ـ يىلى پەلەستىندە ئەرەبلەرنىڭ
زىئونىزمغا قارشى تۇنجى تەشكىلاتى «ئوسمان ۋەتەنپەرۋەر پارتى-



يىسى» نامى بىلەن شەكىللەندى. يەنە بىرى، يەرلىكنىڭ ھوقۇ-
قىنى بۆلۈشۈۋېلىش تەرەپدارلىرى. ئۇلار پەلەستىنىنىڭ ئىمپېرىيە
ئىچىدە تۇرۇپ تېخىمۇ چوڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن
بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. زىئونىزمنى بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشتىكى تەھدىت ھېسابلايدۇ. ئۇلار پەلەستىن بايرىقىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنى «پەلەستىنلىك» دېدى. ئۈچىنچىد-
سى، ئەرەب مىللەتچىلىرى. پەلەستىندىكى مەشھۇر ئەرەب خە-
لىل سەنكىنى يەھۇدىيلار «پەلەستىننى بويسۇندۇرۇۋالسا، ئەرەب-
لەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، باشقا ئىشلى-
رىمۇ ئاجىزلاپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. يەھۇدىيلارغا ئىقتىسا-
دىي جەھەتتىن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش
ئۈچۈن، زىئونىزمغا قارشى ئەرەب كۈچلىرى يافا ئىقتىساد ۋە
سودا شىركىتى (1911 ـ يىلى)، ئېرۇسالېم ۋەتەنپەرۋەر ئىقتى-
ساد شىركىتى (1914 ـ يىلى) ۋە پەلەستىن ئىقتىساد شىركىتى
(1914 ـ يىلى) قاتارلىقلارنى قۇردى.
بۇ دەۋردە ئەرەبلەرنىڭ زىئونىزمغا قارشى ئاساسىي نەزەرى-
يىسى شۇ بولدىكى، زىئونىزمچىلار پەلەستىندە (ھەتتا نىل دەر-
ياسىدىن مېسوپوتامىيىگىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ھالدا) يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرىدۇ؛ ئۇلار چەت ئەل دۆلەت تەۋە-
لىكىنى ساقلاپ قېلىپ، ئىمپېرىيىگە سادىق پۇقرا بولمايدۇ،
يەرلىك ئەرەبلەر بىلەنمۇ قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ؛ ئۇلار مۇستەقىل
ئاپتونومىيىلىك ۋە ئۆزىنى قوغداش ئورگانلىرىنى قۇرۇپ ئەرەب
تىلى ئورنىغا ئىبرانىي تىلى ئىشلىتىدۇ؛ ئۇلار غايەت زور پۇل
مۇئامىلە بايلىقىغا تايىنىپ، ياش تۈرك پارتىيىسىنى قالقان قى-
لىپ، پەلەستىنگە كېلىپ، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ
ئورنىغا دەسسەپ تەسىرىنى كېڭەيتىدۇ. پەلەستىندىكى يېڭى
كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى ۋە ئۇلار ئىگە بولغان يەرنىڭ كۆلىمىنى
ئەرەبلەر مۇبالىغە قىلىۋەتتى. ئەرەبلەرنىڭ 1910 ـ يىلىدىكى بىر

پارچە نارازىلىق تېلېگراممىسىدا: «يېقىندا 100 مىڭ ئەتراپىدا يەھۇدىي كۆچمەن كەلدى» دېيىلگەن. 1914 - يىلى تارقىتىلغان «پەلەستىن خەلقىگە ئۇقتۇرۇش» تىمۇ «يەھۇدىي يېڭى كۆچمەنلەرى 300 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى» دېيىلگەن. نۇرغۇن ئەرەب گېزىت - ژۇرناللىرىدىمۇ ھەممىشە يەھۇدىيلار پەلەستىننىڭ ناھايىتى زور بىر قىسىم يېرىنى تارتىۋالدى، دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە، 1914 - يىلى شۇ يەردىكى نوپۇسنىڭ 12% نى ئىگىلەيدىغان يەھۇدىيلار 2% يەرگە ئىگە بولغان. بۇنداق مۇبالىغە قىلىشتا تۈركىيە دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ھەمدە مۇناسىپ چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىش مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ كېلىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ يەر سېتىۋېلىشىنى چەكلەش توغرىسىدىكى تەلەپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئېرۇسالېمنىڭ 1891 - يىلىدىكى نارازىلىق بىلدۈرۈش تېلېگراممىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئىمپېرىيىدىكى ئەرەب پارلامېنت ئەزالىرى 1908 - يىلىدىن كېيىن شۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، زىئونىزمغا قارشى قانۇن چىقىرىش ھەرىكىتىنى قوللىنىشقا باشلىدى. پارلامېنت ئەزاسى ھاپىز بىسائىد 1909 - يىلى پارلامېنتتا يەھۇدىيلار مەسىلىسى توغرىسىدا تۇنجى قېتىم لايىھە قويدى. لېكىن بۇنىڭغا ئىنكاس ناھايىتى سۇس بولدى. 1911 - يىلى پارلامېنت يەھۇدىيلار مەسىلىسى توغرىسىدا ئىككىنچى قېتىم مۇنازىرە قوزغىغاندا، ئەرەبلەردىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرى ماسلاشتۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن سىياسىي ھەرىكەت قوللىنالىدى. 1913 - يىلى يازدا رېفوۋۋتتا ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار توقۇنۇشۇش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئەرەبلەر زىئونىزمغا قارشى بىر قەدەر كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغىدى. جۈملىدىن ئېرۇسالېمدا نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلدى. 1914 - يىلى ئېرۇسالېم، نابۇلۇس،



ھايفا، بېيرۇت، ئىستانبۇل ۋە قاھىرە قاتارلىق جايلاردا زىئونىزمغا قارشى تەشكىلاتلار قۇرۇلدى.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرالايمىز: ھازىرقى زاماندىكى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ توقۇنۇشى XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى باشلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇز يىل ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زاماندىكى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار توقۇنۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى، يەنى شەكىللىنىش باسقۇچى بولدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تالىشىشلىرى تۈپەيلىدىن يېپىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تۈگىمىگەن. بالفور خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى يەنە قوزغاپ، ئۇنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن، خالاس.

## § 2 . بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى زىئونىزم ھەرىكىتى ۋە پەلەستىن

### 1 . ئۇرۇش مەزگىلىدە پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالى

1914 - يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ تەقدىرى ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدى. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمىتى غەرب دۆلەتلىرىگە نوتا يوللاپ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ كونسۇلنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇرۇن كونسۇلنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى توغرىسىدىكى ماددا تۈپەيلىدىن غەربنىڭ مۇھاپىزىتىگە ئىگە بولغان بىر قىسىم يەھۇدىيلار مۇھاپىزەت كۈنلۈكىدىن ئايرىلىپ قالدى، بولۇپمۇ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ئالىيادا

بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشقان يەھۇدىيلار (ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى
ئوسمان ئىمپېرىيىسى پۇقرالىقىغا ئۆتمىگەنىدى) «دۈشمەن دۆ-
لەت پۇقراسى» ھېسابلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. تۈركىيە
ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن كېيىن ھۆكۈمەت بۇيرۇق ئېلان قىلىپ،
پەلەستىندىكى دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىنى ئىمپېرىيىنىڭ
باشقا رايونلىرىغا سۈرگۈن قىلىدىغان بولدى. 12 - ئاينىڭ 7
- كۈنى يافا دائىرىلىرى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇ شەھەردىكى رۇس-
يىدىن كەلگەن يەتتە مىڭ يەھۇدىينى قوغلىدى. بۇلارنىڭ ئىچى-
دىن 700 ئادەمنى شۇ كۈنىلا مەجبۇرىي قوغلىۋەتتى. 1915 -
يىلى ئەتىيازدا پەلەستىندىن قوغلىۋېتىلگەن يەھۇدىيلار 12 مىڭغا
يەتتى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى مىسىرنىڭ مۇساپىرلار لاگىرىغا
توپلاندى. كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدىن 500 ئادەم ئەنگلىيە ئارمى-
يىسى ئىچىدىكى يەھۇدىيلار قوشۇنىغا قاتناشتى. مۇشۇنداق ئەھ-
ۋالدا يەھۇدىيلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈرۈۋېتىلىشىدىن ساقلى-
نىشنىڭ ۋاقىتلىق تەدبىرى سۈپىتىدە، يەھۇدىيلارغا تۈركىيە
دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتۈش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئامېرىكىنىڭ تۈركىيىدىكى باش ئەلچىسى مېنرى مو-
گېنسو قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن تۈركىيە دائىرى-
لىرىنىڭ قوغلاش دولقۇنى ئاستا - ئاستا تىنچىدى. لېكىن،
ئۇرۇش ئاخىرلاشقان 1918 - يىلىغا كەلگەندە پەلەستىندىكى يە-
ھۇدىيلارنىڭ سانى 1914 - يىلىدىكى 85 مىڭدىن 56 مىڭغا
چۈشۈپ قالدى.

ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈ-
چۈن، بەزى يەھۇدىي ئوقۇغۇچىلار تۈركىيە قوشۇنىغا قاتناشتى.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەينى چاغدىكى بىلۇ ئەزاسىنىڭ ئوغلى، كېيىن
ئىسرائىلىيىگە ئىككىنچى نۆۋەتلىك زۇڭلى بولغان موشې شارېت
(1894 — 1965) مۇ بار ئىدى. غەيرىي زىئونىزملىق يىشۇۋ
رەھبەرلىرىمۇ تۈركىيە دائىرىلىرى بىلەن ئىمكانقەدەر ئۇچرىشىپ



تۇرۇشنى ساقلاپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا يىشوۋنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى-
لاشقا تىرىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ چاغدا يەھۇدىيلارنىڭ ئادەم
سانى ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرى گاللىلى ئەتراپىدا
تېرفىيىن قاتارلىق بىرنەچچە يېڭى يىشوۋ كۆپەيدى.

1914 - يىلىدىن 1917 - يىلىغىچە پەلەستىن تۈركىيە ۋە
ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مىسىردىكى ئەنگلىيە قوشۇنىغا ھۇجۇم
قىلىدىغان بازىسى قىلىنىۋېلىندى. شۇ يەردىكى ئەرەبلەرگە ئوخ-
شاش، يەھۇدىيلارمۇ ئاشلىق يېتىشمەسلىك، ئېغىر باج تۆلەپ-
دىن قاتتىق دەرد تارتتى. ھەممە يەھۇدىي ھەربىي مەجبۇرىيەت
ئۆتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى
رەسمىي خىزمەت ئۆتەيدىغان ھەربىي قىلىنماي، ھەر خىل ئەم-
گەك لاگىرلىرىغا تەقسىم قىلىنىپ، مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى
جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سېلىندى. نۇرغۇن ئادەم چارچاش ۋە
ئاغرىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئۇ يەرنىڭ
ئۈزۈم، ئاپېلسىنلىرىنى ئېكسپورت قىلىشقا بولمىدى. ئۇرۇش
پەيدا قىلغان قىيىنچىلىقنى چېكەتكە ئاپەتتى، ۋابا كېسىلى تېخىمۇ
ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە ئاشلىق يېتىشمەي، مال باھاسى
ئېشىپ كەتتى. بۇرۇندىن چەتئەلنىڭ خەير - ساخاۋەت فوندىغا
تايىنىپ كۈن ئېلىۋاتقان يەھۇدىيلار سىرت بىلەن بولغان ئالاقە
توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ئەھۋالدا ھالاكەتلىك بالا - قازاغا دۇچ
كەلدى. 1917 - يىلى ئېرۇسالېم ۋە سافېدتا نەچچە مىڭ يەھۇدىي
ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار
بىتەرەپ دۆلەتلىك (ئامېرىكا 1917 - يىلى 4 - ئايدا ئۇرۇشقا
قاتناشتى) ئورنىغا تايىنىپ، 1914 - يىلى نيۇ - يوركتا قۇرۇل-
غان زىئونىزم ئىشلىرىنىڭ ۋاقىتلىق كومىتېتى ئارقىلىق پارا-
خوت بىلەن نۇرغۇن ئاشلىق، مەبلەغ يۆتكەپ پەلەستىندىكى ئاچار-
چىلىقتا قالغان يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزدى. بېرلىندا تەسىس قىلىن-
غان دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىمۇ جاما-

ئەت پىكرىگە ۋە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە تىرىشىپ تەسىر كۆرسە-
تىپ، پەلەستىندىكى يەھۇدىي كۆچمەنلىرىگە ئىمكانقەدەر ياردەم
قىلدى. مانا شۇنداق قىلىپ يېڭى يىشوۋ ئۇرۇش ئىچىدە ساقلى-
نىپ قالدى.
1915 - يىلى 2 - ئايدا ئوسمانلى 4 - گورۇپپىۋاي ئارمىيە-
سىنىڭ قوماندانى، پەلەستىن ھەربىي ئەمەلدارى جامال پاشا
مىسىر سەپىرىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن پەلەستىندىكى «سادا-
قەتسىزلەر» نى قاتتىق باستۇردى. بىھادىنىنى «يەھۇدىيلارنىڭ
ئىشلىرى» غا مەسئۇل بولۇشقا تەيىنلىدى. بىھادىن بۆيرۇق چۈ-
شۈرۈپ، ئەنگلىيە - پەلەستىن بانكىسىنى تاقىۋەتتى. زىئونىزم-
نىڭ گېزىت، مەكتەپ ۋە سىياسىي ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قال-
دۇرۇۋەتتى. زىئونىزمنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىنى چەكلىدى. شۇ
يەردىكى داۋىدبىن گۇرىئون (1886 — 1973) قاتارلىق زىئو-
نىزم پائالىيەتچىلىرى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن
ئۇلار دەرھال چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا
تۈركىيە دائىرىلىرى ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسلۇق خىزمىتى بىلەن
شۇغۇللانغان مەخپىي يەھۇدىيلار تەشكىلى — «نىل» نى پاش
قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەلەستىندىكى يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىغا،
بولۇپمۇ يېڭى يىشوۋ ئاھالىسىگە ھەسسىلەپ زىيانكەشلىك قىل-
دى. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن ئادەم قولغا ئېلىندى ۋە ئىنتايىن
ناچار شارائىتتا قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

## 2. زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گېر-مانىيەپەرەسلەر ۋە ئەنگلىيەپەرەسلەر

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغۇچە دۇنيا بويىچە 130 مىڭ-
دىن ئارتۇق ئادەم زىئونىزم تەشكىلىگە قاتنىشىپ، دۇنيادىكى
يەھۇدىيلارنىڭ 1% نى ئىگىلەپ، يەھۇدىيلار دۇنياسىدىكى تەش-
كىلى چىڭ مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى. لېكىن، زىئونىزم ھەر-



كىتىنىڭ پەلەستىندە يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ماكانىنى قۇرۇشتىن
ئىبارەت سىياسىي نىشانى بىرەر چوڭ دۆلەتنىڭ ئېنىق قوللىشىغا
ئىگە بولالمىدى.
بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى زىئونىزم ھەرىكىتىگە
ھەم ئېغىر سىناق، ھەم ياخشى پۇرسەت بولدى. زىئونىزم رەھ-
بەرلىرى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى تىنچلىق مەزگىلىدە ئىگە بولالمى-
غان نەرسىلەرگە ئۇرۇش مەزگىلىدە ياكى ئۇرۇشتىن كېيىنكى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە ئىگە بولۇش مۇمكىنلىكىنى كۆ-
رۈپ يېتىپ، 1913 - يىلىدىكى زىئونىزمچىلارنىڭ 11 - قۇرۇل-
تىيى چىقارغان ئۇرۇش مەزگىلىدە بىتەرەپلىكنى قاتتىق ساقلاش
توغرىسىدىكى قارارنىڭ چەكلىمىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قو-
يۇپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ياكى ئانتانتا دۆلەتلىرى گورۇھى
بىلەن ھەرقايسىسى ئۆزىگە يارىشا نەپ ئالىدىغان ئىستراتېگىيە-
لىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىنى
باش شتاب قىلغان دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا
گېرمانىيەپەرەسلەر ۋە ئەنگلىيەپەرەسلەر پەيدا بولدى.
گېرمانىيەپەرەسلەر ئاساسلىقى گېرمانىيىدىكى فرانس ئوپ-
پېنخېيمېر قاتارلىق زىئونىزمچىلاردىن تەشكىل تاپتى. ئۇلار
گېرمانىيە - ئاۋستىرىيە ئىتتىپاقى گورۇھى ئاخىر غەلىبە قىلى-
دۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقاندا رۇسىيىدىكى يەھۇدىيلارنى چار
پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشقا پايدىلىق بو-
لۇپلا قالماستىن، بەلكى گېرمانىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى بول-
غان تۈركىيىنىڭ زىئونىزم ھەرىكىتىنى ۋە ئۇنىڭ پەلەستىندىكى
ئىشلىرىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى.
1914 - يىلى 8 - ئايدا ئوپپېنخېيمېر گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇشى
«ئۆزىنى قوغدايدىغان مۇقەددەس ئۇرۇش» دەپ ئوچۇق ئېيتتى،
بودېنخېيم رەئىس بولغان گېرمانىيىدىكى زىئونىزم بىرلەشمىسى-
مۇ باياناتات ئېلان قىلىپ، بۇ ئۇرۇشتا گېرمانىيە ھەقىقەت،

قانۇن، ئەركىنلىك ۋە دۇنيانىڭ مەدەنىيلىكى ئۈچۈن، ئەكسىيەت-
چى، زۇلمەتلىك، زوراۋان چار رۇسىيە ۋە ئۇنىڭ جىنايەتكار
قول چومىقى بولغان ئەنگلىيە - فرانسىيە بىلەن كۈرەش قىلىدۇ،
دېدى. بىرلەشمىنىڭ تەكلىپ بىرىشى بىلەن ئوپپېنخېمېر رەئىس-
لىككە تەيىنلەنگەن «رۇسىيىدىكى يەھۇدىيلارنى ئازاد قىلىش كو-
مىتېتى» (بۇ ئىسىم كېيىن «شەرق خىزمەت كومىتېتى» غا
ئۆزگەرتىلدى) قۇرۇلۇپ، شەرقىي ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنىڭ
مىللىي ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشنى مەقسەت قىلدى. گېرمانىيە قوشۇنى رۇسىيىنىڭ غەربىي
قىسمىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن شۇ يەردىكى يەھۇدىيلارنى
رۇسىيىنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردىيۇ، يەھۇدىيلار
ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي ئازادلىق، مەدەنىيەت ئەركىنلىكى
توغرىسىدىكى تەلەپلەرگە پەرۋا قىلمىدى. گېرمانىيە قوشۇنى
شەرقىي ياۋروپادىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە ماسلاشقانلىقتىن
شۇ يەرلەردە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش غالجىرلىشىپ كەتتى.
يەھۇدىيلارنى قىرىش پات - پات كۆرۈلۈپ تۇردى. چار پادىشاھ-
نىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى چىقارغان قانۇنلىرى گېرمانىيە ئىشغا-
لىيىتىدىكى رايونلارنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇل-
دى. ۋېيزمان باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيەپەرەسلەر ئۈمىدىنى ئەنگ-
لىيىگە باغلاپ، ئانتانتا دۆلەتلىرى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرى-
شىدۇ، تۈركىيە ئىشغالىيىتىدىكى پەلەستىن ئەنگلىيىنىڭ تەسىر
دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ، يەھۇدىيلار ئۇ يەردە دۆلىتىنى ئەسلى-
گە كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، دەپ قارىدى.
ئۇلار زىئونىزمنىڭ مەنپەئىتىنى ئەنگلىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى
تەشەببۇس قىلدى. گېرمانىيەپەرەسلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق
ئەيىبلەپ، ئۇلار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى تۇ-
رۇش سىياسىتىگە باھانە تېپىپ بېرىدۇ، دەپ قارىدى.
پوتكول ھەرىكەتنىڭ بىتەرەپ پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ تۇ-



رۇش ئۈچۈن، دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى 1914 - يىلى بىتەرەپ
دۆلەت دانىيىنىڭ كوپېنھاگېن شەھرىدە يىغىن چاقىرىپ، موت-
سكىن باشچىلىقىدىكى ئالاقە باغلاش ئىدارىسى قۇرۇپ، ئىتتىد-
پاقداش دۆلەتلەر بىلەن ئانتانتا دۆلەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى
لاگېردىكى زىئونىزم تەشكىلاتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە
ماسلىشىشنى ساقلاپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلدى. ئانتانتا دۆلەتلى-
رى تەرىپىدىكى زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ كۆچىنى كۆچەيتىشنى
نەزەرگە ئېلىپ، ۋېيزمان ۋاربۇرگ رەھبەرلىك قىلغان بېرلىن
ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ھەرىكىتىنى توختىتىشنى، تەشكىلاتنىڭ
باش شتابىنى ئامېرىكىغا كۆچۈرۈشنى، كۇندىلىك ئىشلارنى لو-
ئىس براندېس رەئىسلىكىدىكى زىئونىزم ئىشلىرىنىڭ ۋاقىتلىق
كومىتېتى بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋېيزماننىڭ
پىكرى گېرمانىيىدىكى گېرمانىيەپەرەس كۆپ ساندىكى زىئونىزم-
چىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراش بىلەنلا قالماستىن، رۇسىيىدىكى
زىئونىزمچىلار تەرىپىدىنمۇ ئىنكار قىلىندى. رۇسىيىدىكى زىئو-
نىزمچىلار ئۇنداق قىلغاندا زىئونىزم ھەرىكىتى بىلەن گېرمانىيە،
تۈركىيىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ، پەلەستىندىكى يەھۇدىيلار
(ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمى رۇسىيىدىن بارغان يەھۇدىيلار) نىڭ
تەقدىرىگە خەۋپ يېتىشىدىن ئەنسىرىدى. نەتىجىدە يىغىن ئۇرۇش
مەزگىلىدە باش شتابنى يەنىلا بېرلىندا قويۇشنى بەلگىلىدى.
لېكىن، مۇرەسسە لايىھىسى شۇپىتىدە، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ
بىر قىسىم ئەزالىرىنى ئىستانبۇلغا ئەۋەتىپ پەلەستىندىكى يە-
شۇۋنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىشنى، سوكولوۋ قاتارلىق كى-
شىلەر لوندونغا بېرىپ شۇ يەردىكى زىئونىزم ھەرىكىتىگە مەس-
ئۇل بولۇشنى، بەزى ئەزالار ئامېرىكىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى
قانات يايدۇرۇشنى، بېرلىندا قالىدىغانلار گېرمانىيە دائىرىلىرى-
نىڭ ھەرىكەتنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى بەلگىلىدى.
گېرمانىيە پەرەسلەر ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆر-

سەتكەن بولسىمۇ گېرمانىيە زىئونىزم ھەرىكىتىگە كۆرۈنۈشتە
دوستانە، ئەمەلىيەتتە سوغۇق پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلدى. بىر
تەرەپتىن، گېرمانىيە ھۆكۈمرانلىرى گېرمانىيىدىكى زىئونىزم-
چىلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قېلىشىنى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى
يەھۇدىيلارنىڭ گېرمانىيىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىشىغا سەۋەبچى
بولۇپ قېلىشىنى خالىمىدى. شۇڭا، پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ
ئەھۋالى توغرىسىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە كۆپ قېتىم غەيرىي
رەسمىي بېسىم ئىشلىتىپ، تۈركىيىنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پو-
زىتسىيىسىنى ساقلاشقا دەۋەت قىلدى. گېرمانىيە تاشقى ئىشلار
مىنىستىرلىكى 1915 - يىلى 11 - ئايدا ئوسمان ئىمپېرىيىسىد-
كى ھەممە كونسۇلخانىلارغا يوليورۇق چىقىرىپ، پەلەستىندىكى
يەھۇدىيلارنىڭ تەلپۈنۈش ۋە ئارزۇسىغا گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ
ياخشى تەسىراتتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. گېرمانىيىنىڭ بەزى
مەشھۇر ئەربابلىرى 1917 - يىلى «پەلەستىنپەرەس كومىتېت»
قۇردى. يەنە بىر جەھەتتىن، بېرلىن ھۆكۈمىتى زىئونىزمنى
قوللاش توغرىسىدا بىر پارچە رەسمىي خىتابنامە ئېلان قىلىشنى
خالىمىدى. كونكرېت مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېخىمۇ
يېقىنلاشمىدى. روشەنكى، ئۇرۇش مەزگىلىدە گېرمانىيە بىلەن
تۈركىيە مۇناسىۋىتىدە كرىزىس پەيدا بولۇشنى خالىمىدى.
گېرمانىيەپەرەسلەرنىڭ سىياسىتى نىشانغا يېتەلمىگەن بول-
سىمۇ، لېكىن گېرمانىيىنىڭ لىڭگىرتاقتاق پوزىتسىيىسى ئەنگ-
لىيە پەرەسلەرنىڭ ئەنگلىيىنى قايىل قىلىشىغا كۈچلۈك ئاساس
بولۇپ بەردى ھەمدە ئۇلارنىڭ جىددىي ھەرىكەت قىلىشىنى ئىلگ-
رى سۈردى.

## 3 . ۋېيزمانىنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەسەۋ-ۋۇرى ۋە تىرىشچانلىقى

ۋېيزمانىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھايات كەچۈرمىشى ئەنگلىيە ھۆكۈ-



مىتىنىڭ زىئونىزم ئىشلىرىنى پائال قوللىشىنى قولغا كەلتۈ-
رۈشكە ئىنتايىن پايدىلىق بولدى.
ئۇ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى پولشانىڭ يەھۇدىيلار رايونىدا تۇ-
غۇلۇپ، ئىخلاسمەن يەھۇدىي ئائىلىسىدە چوڭ بولدى. چار پادى-
شاھ ھۆكۈمىتىنىڭ يەھۇدىيلارغا رەھىمسىزلەرچە قارشى تۇرۇش
سىياسىتى ۋە ئەنگلىيىنىڭ يەھۇدىيلارغا تۇتقان بىر قەدەر ياخشى
مۇئامىلىسى ياش ۋېيزماندا يەھۇدىيلارغا پەقەت ئەنگلىيىدىن ياخ-
شىلىق كېلىدۇ، دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلدى. 1896 - يىلى
خېرزىل «يەھۇدىيلار دۆلىتى» ناملىق ئەسىرىدە يەھۇدىيلار دۆلە-
تىنى قايتىدىن قۇرۇش چاقىرىقىنى چىقىرىش بىلەن بىرلىندا
ئوقۇۋاتقان ۋېيزمان ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىنتىلىپ، دەرھال زىئو-
نىزم ھەرىكىتىگە ئاتلىنىپ، ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ
ۋەكىلى بولدى، 1900 - يىلى جەنۋە ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىمىيە
دوكتورى بولغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن ئىل-
مىي تەتقىقاتنى بىرلەشتۈردى. جەنۋە ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۆت يىل
دەرس ئۆتكەندىن كېيىن، ئەزەلدىن ئەنگلىيىگە ياخشى تەسىراتتا
بولۇپ كەلگەن ۋېيزمان 1904 - يىلى ئەنگلىيىگە كۆچۈپ بې-
رىپ، مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىئوخىمىيە دەرسى ئۆتتى.
دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغۇچە ئەنگلىيىدە توپتوغرا ئون يىل ياشىدى.
ئۇ ھەم ئەنگلىيىنىڭ سادىق پۇقراسى بولدى، ھەم ئەنگلىيىدە
ئاسسىملىياتسىيە بولۇپ كەتمىگەن يەھۇدىي ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق
قوش سالاھىيىتى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى
بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا بىر خىل پەۋقۇلئاددە ئورۇنغا ئىگە
قىلدى.
زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي تەرەپ-
دارلار بىلەن ھەرىكەت تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش -
تارتىشتا ئۇ ھەرىكەت تەرەپدارلىرىغا مايىل بولدى. ئۇ ئالاھىدە
رۇخسەت خېتى ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى دىپلوماتىك

پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە، پەلەستىندە يېڭىچە يېزا ئىگىلىك ئولتۇراق رايونلىرىنى، ئىقتىسادىي ئورگانلارنى ۋە پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇپ، دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پۇختا ئاساس سېلىشنى تەكىتلىدى. شۇڭا ئۇ خېرزلىنىڭ ئۇگاندا لايىھىسىگە قەتئىي قارشى تۇردى. 1907 - يىلى سەككىزىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا ۋېيزماننىڭ «ئۇنىۋېرسال زىئونىزم» قارىشى ھەمراھلىرىنىڭ كەڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ھەرىكەت ئىچىدىكى تەسىرىمۇ كۈچەيدى. ۋېيزمان ئىزچىل مۇنداق دەپ قارىدى: چوڭ دۆلەتلەر ئىچىدە ئەنگلىيە زىئونىزم ھەرىكىتىنى قوللىشى مۇمكىن بولغان دۆلەت ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى XVIII ئەسىردىن بۇيان ئەنگلىيىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ كەلدى. XIX ئەسىرگە كەلگەندە بەزىلەر ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە خېلى چوڭ سىياسىي كۈچكە ئىگە بولدى. 1914 - يىلى ئۇرۇش پارتلىغاندا، شۋېتسارىيىدە ھاردۇق ئېلىۋاتقان ۋېيزمان دەرھال ئەنگلىيىگە قايتىپ كېلىپ، دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشنىڭ زىئونىزم ئىشلىرىغا ئېلىپ كېلىدىغان پۇرسىتىنى مۇھاكىمە قىلدى. ۋېزمان ئەنگلىيىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغاندا زىئونىزمنىڭ نىشانى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكىنى چوقۇم ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈپ يەتتى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى بىر پارچە خېتىدە ئۇ مۇنداق دەپ يازدى: «مېنىڭ پىلانىم تەبىئىيكى ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ غەلىبە قىلالىشىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق مۇھىم تەسەۋۋۇر ئۈستىگە قۇرۇلغان. . . قاراشلىرىمدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن. ئۇ بولسىمۇ كەلگۈسى پەلەستىن ئەنگلىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىدۇ. پەلەستىن — مىسىرنىڭ تەبىئىي سوزۇلۇشى بولۇپ، سۈۋەيش قانىلى بىلەن قارا دېڭىز ۋە ئاشۇ يۆنىلىشتىن كېلىدىغان دۈشمەن كۈچلەر



ئوتتۇرىسىدىكى توساق ھېسابلىنىدۇ. . . ئەگەر ئەھۋالىمىز سەل ياخشىلانسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى 50 - 60 يىلدا بىر مىليون يەھۇدىينى پەلەستىنگە ئاسان كۆچۈرەلەيمىز. ئۇ چاغدا ئەنگلىيە ئۈنۈملۈك توساققا ئىگە بولىدۇ، بىزمۇ بىر دۆلەتكە ئىگە بولىمىز.»

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ «مانچېستېر گېزىتى»نىڭ باش تەھرىرى چا. سىگارت ۋە باش مۇخبىرى خېربېرت سېيد بوتىم بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنى زىئونىزم تەرەپتە تۇرۇشقا قايىل قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋېيزمان «مانچېستېر گېزىتى»دىن مەقسەتلىك پايدىلىنىپ پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇش تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە بۇ ئىككىيلەننىڭ ياردىمىدە ئەنگلىيىنىڭ ھەر ساھەدىكى مۇھىم ئەربابلىرى بىلەن كەڭ تونۇشۇپ، ئەنگلىيە پەلەستىن كومىتېتى ئۇيۇشتۇردى. سىگارتنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، ۋېيزمان 1914 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى يەھۇدىي، ئىچكى كابىنېت ئەزاسى خېربېرت سامۇئېل بىلەن ئۇچراشتى. سامۇئېل ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى «ناھايىتى چەكلىك» دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆز تەشەببۇسلىرىنى «يۈرەكلىك» ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇردى ھەمدە ئىچكى كابىنېتتىكىلەرنىڭمۇ زىئونىزم نىشانىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇچرىشىشتىن كېيىن سامۇئېل باش ۋەزىر ئاسكۋىتقا بىر پارچە مېموراندۇم تاپشۇرۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىنگە ھامىي دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ۋېيزماننىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.

1915 - يىلىدىن 1916 - يىلىغىچە ئىشلەنگەن خىمىيە تەجرىبىسى ۋېيزمانغا مۇۋەپپەقىيەت ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. شۇ چاغدا گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئەنگلىيىدە پارتلىتىش دورىسى ياسايدىغان ماتېرىيال يېتىشمەيتتى. ۋەھالەنكى

ۋېيزماننىڭ تەتقىقات نەتىجىسى تۈتۈنسىز پارتلىتىش دورىسى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتكۈچ ۋاستە ئاتسېتوننى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەينى چاغدىكى ھەربىي ئەشيالار كومىتېتىنىڭ رەئىسى داۋىد لويىد گېئورگي بۇ مۇنەۋۋەر خىمىكنى تەكلىپ قىلدى. ۋېيزمان 1915 - يىلى دېڭىز ئارمىيە بۆلۈمى خىمىيە تەجرىبىخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئاتسېتون ئىشلەپچىقىرىش سىنىقىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋېيزمان كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، «ئىككىنچى يىلى كۆپلەپ ئاتسېتون ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىپ، ئەنگلىيە ھەربىي سانائىتىنىڭ چوڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە مىننەتدارلىقىغا ئىگە بولدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ۋە دوستلۇقى كۈچەيدى. كېيىن ۋېيزماننىڭ يېقىن دوستى بولۇپ كەتكەن لويىد گېئورگي «ئاتسېتوننىڭ ئۆزىنى زىئونىزمغا يۈزلەندۈرگەن» لىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

ۋېيزماننىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتسېتون كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى پەن - تەتقىقاتقا مەركەزلەشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىزىنداشلىرىنى قۇتقۇزىدىغان زىئونىزم ئىشلىرىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى.

## 4 . ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىنگە قاراتقان ئىستراتېگىيىلىك غەرىزى

زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ پەلەستىندىكى نىشانى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسى بىر - بىرىنى چەتكە قاقمايدىغان مەنپەئەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، ۋېيزمان ئاخىر غەلىبە قىلدى.

ئەنگلىيە پەلەستىنگە بۇرۇندىن باشقىچە غەرەزدە بولۇپ يۇر-



گەنىدى. سۇۋەيش قانىلى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ئەنگلىيە يەھۇدىي كۆچمەنلىرىدىن پايدىلىنىپ پەلەستىنگە قول تىقىش نىيىتىدە بولدى. ئەنگلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئەنگلىيىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە 1840 - يىلى خەت يېزىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئەگەر سۇلتاننىڭ يول قويۇشى، قوغدىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن يەھۇدىيلار پەلەستىنگە يېنىپ كەلسە، مىسىر ۋالىيسى مۇھەممەد ئەلى ياكى ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ھەرقانداق يامان نىيىتىنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ» . ئىككىنچى يىلى ئۇ، يەنى شۇ باش ئەلچىنى سۇلتاننىڭ يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە يېنىپ كېلىشىگە يول قويۇشقا قايىل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. «ئەگەر سۇلتان ياۋروپا ۋە ئافرىقىغا چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كېلىپ ماكانلىشىشىغا ئىلھام بەرسە، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن چوڭ پايدىلىق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، يەھۇدىيلار ھەقىقىي ھەم كونكرېت بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئەنگلىيىنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىشىنى تەكلىپ قىلىمەن. ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئارقىلىق ئىلتىماسىنى تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىگە يول قويىمەن.»

1869 - يىلى قاتناش باشلانغان سۇۋەيش قانىلى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى تېخىمۇ مۇھىم قىلىۋەتتى. ئەنگلىيە ياۋروپانىڭ يان قانىتىدىكى قاتناش تۈگۈنىنى ۋە نېفىت بايلىقىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، فرانسىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن قاتتىق تالاشتى. 1882 - يىلى ئەنگلىيە مىسىرنى ئىشغال قىلىپ، سۇۋەيش قانىلىنى كونترول قىلىۋالدى. ئەنگلىيە 1899 - يىلى كۇۋەيتنىمۇ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت قىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىراننىڭ جەنۇبىي قىسمى، مېسوپوتامىيە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى كۈچ دائىرىسىنى تۇتاشتۇردى. نەتىجىدە بۇ كۈچ دائىرىسى بىلەن

يەنە بىر كۈچ دائىرىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەلەستىننى قولغا كەلتۈرۈش برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسىدىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ قالدى. 1892 - يىلىدىن 1906 - يىلىغىچە مىسىردىكى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىلەن پەلەستىندىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا پات - پات توقۇنۇش بولۇپ تۇردى.

پېرسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ روھى سۇنغان فرانسىيە ياۋروپادا ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىپ گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇستەملىكە تالىشىشىدا ئەنگلىيىگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمەلىيەتتە، مىسىر ۋە مېسوپوتامىيىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ كۈچ دائىرىسىگە كىرىشىگە سۈكۈت قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچ دائىرىسىنى — ھازىرقى سۈرىيە، لىۋان، پەلەستىن، ئىئوردانىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتالمىش «بۈيۈك سۈرىيە» نى قۇردى. فرانسىيىنىڭ بۇ رايون بىلەن ئەنئەنىۋى مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ يەردىكى تەسىرى چوڭقۇر ئىدى. بولۇپمۇ 1904 - يىلى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئەنگلىيە «بۈيۈك سۈرىيە» پىلانىغا ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا قىينالدى. شۇنىڭ بىلەن پەلەستىن بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ كۈچ دائىرىسىنى تىكلەشكە ئۇرۇنۇشىدىكى گىرەلەشكەن نۇقتا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىنى پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ داھىيسى قىلىۋالغان رۇسىيەمۇ پەلەستىندىكى دىنىي مۇقەددەس جاينىڭ تالاش - تارتىشىغا قول تىقتى. تۈركىيە بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان گېرمانىيەمۇ «شەرققە ئىلگىرىلەش» ئىستراتېگىيىسىنى پائال يولغا قويدى. نەتىجىدە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ پەلەستىندىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۈرەشلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئوسمان ئىمپېرىيىسى گېرمانىيە - ئاۋستىرىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىش-



تى. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى بۆلۈشۈۋېلىشىغا ۋە ئۇزۇندىن كۆز تىكىپ كەلگەن پەلەستىننى تارتىۋېلىشىغا باھانە بولدى. 1914 - يىلى 11 - ئايدا چارپادىشاھ ئەنگلىيە، فرانسىيىلەردىن ئۆزىنىڭ جەنۇبىي تراس، ئىستانبۇل، بوسفورۇ دېڭىز قولتۇقىدىكى ئاسىيا دېڭىز قىرغىقىنى ئىشغال قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلغاندا، فرانسىيە چار پادىشاھنى سۈرىيە، پەلەستىندىكى مەنپەئىتىگە دىققەت قىلىشنى ئاگاھلاندۇردى. ئەنگلىيە بولسا پەلەستىنگە يېقىن مىسىردا نۇرغۇن قوشۇن تۇرغۇزۇپ، پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بولۇۋالدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئەنگلىيە ئۆزىنى مىسىرنى قوغدايدىغان دۆلەت دەپ جاكارلىدى. بىر ئايدىن كېيىن سامۇئېل باش ۋەزىر ئاسكۋىتقا تاپشۇرغان مېمورانددۇمدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھازىر دۇنيادىكى يەھۇدىيلار بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئانا يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلاۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئەرەبلەر مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پەلەستىندە مۇستەقىل يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇشنىڭ پۇرسىتى پىشمىدى. شۇڭا، «دۇنيا زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرى ئەڭ قارشى ئالىدىغان پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى بۇ يەرنى برىتانىيە ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېتىشتىن ئىبارەت. يەنى ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم». شۇنداق بولغاندا «ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، يەھۇدىيلار كۆپ سانلىق بولىدۇ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشسا، شۇ چاغدىكى شارائىتنىڭ يول قويۇش ئەھۋالىغا قاراپ، مەلۇم دەرىجىدىكى ئاپتونومىيىگە ئىگە بولالايدۇ.» 1915 - يىلى 6 - ئايدا باش ۋەزىر ئاسكۋىت ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن دېبىنسىن كومىتېتى ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدا ئەنگلىيىنىڭ مېسوپوتامىيە ۋە

كېيىن ئەنگلىيە بۇ جەھەتتە ماھىيەتلىك ھەرىكەت قوللىنىشقا
باشلىدى.

## § 3 . بالفور خېتابنامىسى

### 1 . بالفور خېتابنامىسىنىڭ غۇلغۇلا قىلىنىشى ۋە ئېلان قىلىنىشى

1916 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، ئۇرۇشتىكى ئو-
ڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن ئەنگلىيىدە ئاسكۇئىت ھۆكۈمىتىگە بولغان
نارازىلىق كۈنسايىن كۈچىيىپ كەتتى. 12 - ئاينىڭ باشلىرى
ئاسكۇئىت ئىچكى كابىنېتى ئىستېپا بەردى. 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى
لويىد گېئورگې يېڭى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەپ، ئارتۇر جامېس
بالفور (Arthur James Balfour) نى تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە
تەيىنلىدى. يېڭى ئىچكى كابىنېتنىڭ ئەزاسى 88 ئادەم بولسىمۇ،
لېكىن، چوڭ ئىشلارنى باش ۋەزىر قاتارلىق بەش ئادەمدىن تەر-
كىب تاپقان يادرو گۇرۇھ بېكىتەتتى، راۋلويىد گېئورگې قاتار-
لىقلار ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي سەپتە ئىستراتېگىيىلىك ھۇ-
جۇم قىلىشنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان «شەرقىي سەپ-
چىلەر» بولۇپ، گېرمانىيە - ئاۋستىرىيە ئىتتىپاقى گۇرۇھىنى
مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۈركىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ
قىلىش كېرەك. بۇ ئىش پەلەستىندىكى ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ،
دەپ قارىدى. بۇ يادرو گۇرۇھتىكى بەش ئادەم ئىچىدە زىئونىزمغا
ھېسداشلىق قىلىدىغان لويىد گېئورگې، بالفور، مىلنېر كۆپ
سانلىقنى ئىگىلەپ، پەلەستىن مەسىلىسىگە ھۆكۈمەت تېخىمۇ
كۆپ كۆڭۈل بۆلدى. يېڭى ھۆكۈمەت ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە
جەھەتتىن قول سېلىپ، پەلەستىننى تېز تارتىۋېلىشنى قارار
قىلدى. بىر تەرەپتىن، باش شتاب باشلىقىدىن مىسىرغا ئەسكەر



كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلىپ، ئەنگلىيە قوشۇنىغا سىناي يېرىم
ئارىلىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن پەلەستىنگە تەشەببۇسكارلىق بى-
لەن ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى؛ يەنە بىر جەھەت-
تىن، دىپلوماتىيىدە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زىئونىزم
ھەرىكىتى بىلەن بولغان ئۇچرىشىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ،
فرانسىيىنىڭ كاشىلىسىنى ئىمكانقەدەر تۈگەتتى.
ئىچكى كابىنېت 1917 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مۇھىم
يىغىن ئاچتى. يىغىنغا سىكېس، سامۇئېل، زىئونىزمنىڭ دا-
ھىيسى ۋە روتسچىلد جەمەتىنىڭ ئىككى ئەزاسى قاتناشتى. يى-
غىندا سىكېس زىئونىزم داھىيلىرىنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ھەمكار-
لىشىپ، فرانسىيىنى پەلەستىنگە بولغان تەلەپتىن ۋاز كېچىشكە
قايىل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىن دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى-
نىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى سوكولوۋنىڭ فرانسۇزلار
بىلەن ئۇچرىشىشىنى بەلگىلىدى. سوكولوۋ دەرھال پارىژ، رىم،
ئېپىسكوپىغا بېرىپ، فرانسىيە، ئىتالىيىلەرگە ۋە رىم ۋاتىكانىغا
زىئونىزمچىلارنىڭ پەلەستىننى خەلقئارا ئورتاق باشقۇرماي،
ئەنگلىيىنىڭ باشقۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئارزۇسىنى بىلدۈر-
دى، نەتىجىدە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. فرانسىيە تاش-
قى ئىشلار مىنىستىرى خەت يېزىپ، «يەھۇدىي مىللىتىنىڭ
نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى سۈرگۈن قىلىۋېتىلگەن ئاشۇ زېمىننى
گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت بۇ نىشانىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان-
لىقىنى بىلدۈردى. رىم ئېپىسكوپى ئەگەر پەلەستىندىكى مۇقەد-
دەس جايلارنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە بولالىسا، پوپمۇ زىئونىزم
ھەرىكىتىنىڭ نىشانىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سوكولوۋ-
نىڭ بۇ غەيرىي رەسمىي دىپلوماتىيە سۆھبەتلىرى ئەنگلىيە بىلەن
زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدە دىپلوماتىيە ھۇ-
جۇمىنى قانات يايدۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى.
3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى گازاغا ھۇجۇم

قىلىپ ئۇخۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن 4 - ئاينىڭ
2 - كۈندىكى ئىچكى كابىنېت يىغىنى باش شتابىنىڭ چېكىنىش
توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئىنكار قىلىپ، يەنىلا قوشۇن يۆتكەپ،
پەلەستىننى قەتئىي ئىشغال قىلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
بىللە ۋېيزمانمۇ ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. ۋېيزمان 1917
- يىلى 1 - ئايدا ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مېموران-
دۇم يەنى «زىئونىزم نىشانىغا ماس كېلىدىغان، يەھۇدىيلارنى
پەلەستىنگە كۆچۈرۈشنىڭ پىلان لايىھىسى» نى تاپشۇرۇپ، ئەنگ-
لىيە ھۆكۈمىتىدىن پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ بىر مىللەت
ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا پۇقرالىق،
مىللەتلىك، سىياسىي ۋە دىنىي ئەركىنلىكلەرنى ۋە يەر سېتىۋې-
لىش، كۆچۈپ كېلىش ھوقۇقى بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

1916 - يىلىدىكى «سىكېس — پىكوت كېلىشىمى» دىن
خەۋەر تاپقان ۋېيزمان 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەنگلىيە تەرەپكە
كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈردى. ئەنگلىيە تەرەپ ۋېيزمانغا دۇنيادى-
كى يەھۇدىيلارنى ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىننى كونترول قىلىشنى
قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە ھەرىكەتلەندۈرۈش توغرىسىدا بېشا-
رەت بەردى. ۋېيزمان بىلەن لورد روتسچىلد دەرھال ئامېرىكا
زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى براندىسقا تېلېگرامما يوللاپ،
ئۇنىڭدىن ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ،
مۇناسىپ قارار ماقۇللاپ، ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىننى باشقۇرۇشى-
نى قوللاشقا جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. براند-
دىس جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ھەمدە كې-
يىن بالفور بىلەن كۆرۈشكەندە كەلگۈسى ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىن-
نى قوغداش مەيدانىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ چاغدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق
دۆلەتلەردىكى زىئونىزم تەشكىلاتلىرى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ كۈچلۈك
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىننى قوغدىشى-



نى قەتئىي قوللىشىغا ئىگە بولدى. فرانسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر
ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە تېخىمۇ پايدىلىق شارا-
ئىت ياراتتى. شۇنداقلا ھەربىي ھەرىكەت ئىشەنچىسىنى كۈچەيت-
تى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1917 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى
ئاللېنبىنى مىسىردىكى يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ قوماند-
انلىقىغا رەسمىي تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا مىلاد بايرىمىدىن ئىلگىرى
ئېرۇسالېمنى ئېلىپ بولۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. بۇ
بۇيرۇق ئېلان قىلىنىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى تاشقى ئىشلار
مىنىستىرىنىڭ ياردەمچىسى گراخام بالفورغا بىر پارچە مېموران-
دۇم تاپشۇرۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھەقىقىي شۇنداق دەپ
قارايمەنكى، زىئونىزمچىلارنىڭ ئۈمىدىنى قاندۇرساق بولىدۇ،
ھەمدە ئۇلارغا ئالىيلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا ئو-
مۇميۈزلۈك ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋاقىتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى-
گە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇ ئىشنى خەت ئەۋەتىش شەكلى
بىلەن ئورۇنلاشقا بولىدۇ ياكى بالفور ئەپەندى خالىغان چاغدا بىر
يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇپ ئېلان قىلسىمۇ بولىدۇ.»

دەل بىر ھەپتىدىن كېيىن ۋېيزمان ۋە لورد روتسچىلد
بالفور بىلەن كۆرۈشۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ زىئونىزمچىلارنى قوللاي-
دىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بايانات ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى.
بالفور ئۇلاردىن يازما تەلەپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ
بىلەن بىللە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە زىئونىزمچىلارنىڭ
تەلىپىگە جاۋاب بېرىدىغان بايانات تەييارلاشقا يوليورۇق بېرىدىغان-
لىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن زىئونىزم تەرەپكە ۋەكىل-
لىك قىلىدىغان سوكولوۋ بىلەن ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىس-
تىرلىكىدىكى دونروب ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ھۆججىتىنى پىرىشقا
مەسئۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى تەرەپ لايىھىدە
ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. زىئونىزم ھە-
رىكىتى تەرەپ تەييارلىغان لايىھىنى سوكولوۋ 7 - ئاينىڭ 18

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بالفورغا رەسمىي تاپشۇرۇپ بەردى.
كۈندىكى ئىچكى كابىنىت يىغىنىغا لويىد گېئورگې بىلەن بالفور
قاتنىشالمىغانلىقتىن، زىئونىزمغا قارشى تۇرىدىغان ئىدۋىن مونـ
تاگونىڭ يىغىندا خىتابنامە لايىھىسىگە قاتتىق قارشى تۇرۇشى
ئارقىسىدا بۇ ئىش توغرۇلۇق قارار چىقىرىلمىدى. ئۇنىڭدىن
كېيىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما
ئەۋەتىپ خىتابنامىنى ئېلان قىلىش ئىشى توغرىسىدا پىكىر ئالـ
دى. ۋىلسون زۇڭتۇڭنىڭ مەسلىھەتچىسى مايور خۇۋس تېلېگـ
رامما ئەۋەتىپ، زۇڭتۇڭنىڭ قارىشىچە ھازىر زىئونىزم ھەرىكىـ
تىگە ئۇچۇق ۋەدە بېرىدىغان پەيت ئەمەس، دېدى. نەتىجىدە
خىتابنامە لايىھىسى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلدى.
مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيدىغان ۋېيزمان بىلەن روتسچىلد
بىرلىكتە 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بالفورغا بىر پارچە مېموراندۇم
تاپشۇرۇپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشكارا پوزىتسىيە بىلدۈرۈ-
شىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار تەشكىلا-
تىنىڭ داھىيسىنىڭ مەسلىھەت بېرىشى بىلەن پوزىتسىيىسىنى ئۆز-
گەرتكەن ۋىلسون زۇڭتۇڭ باش ۋەزىر لويىد گېئورگېغا خەت
ئەۋەتىپ ئامېرىكا تەرەپ ئەنگلىيىنىڭ باياناتنى ئېلان قىلىشىغا
قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا بالفور لېئوپولد ئېمورىغا
خىتابنامە لايىھىسى يېزىپ چىقىشنى ھەمدە ئۇنىڭغا «زىئونىزمـ
چىلارنىڭ نىشانى ۋە ئۇلارنى تەنقىدلىگۈچىلەرنىڭ قارشى تۇرىدىـ
غان بەزى پىكىرلىرىنىمۇ تەڭ نەزەرگە ئېلىش» نى ھاۋالە قىلـ
دى. ئەنگلىيە ئىچكى كابىنىتىنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈندىكى
يىغىنىدا ئاخىر قارار چىقىرىلىپ، ئېمورىنىڭ ئىبارىلىرى ئىنتاـ
يىن مۇجمەل لايىھىسىنى ئاساس قىلىپ خىتابنامە ئېلان قىلدى.
ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بالفور 1917 ـ يىلى 11 ـ
ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەنگلىيىدىكى زىئونىزمچىلار تەشكىلاتىنىڭ
داھىيسى لورد روتسچىلدقا خەت يېزىش شەكلى بىلەن بايانات



ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ھۆرمەتلىك لورد روتسچىلد:
مەن ئەنگلىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى نامىدىن زىئونىزمنىڭ
ئارزۇسىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان خىتابنامىنى ئىنتايىن خۇشالـ
لىق بىلەن سىزگە يەتكۈزىمەن. بۇ خىتابنامە ئىچكى كابىنىتقا
يوللاندى، ئىچكى كابىنىت تەرىپىدىن تەستىقلاندى:
«ئەنگلىيە پادىشاھى ئالىيلىرى ھۆكۈمىتى پەلەستىندە يەھۇـ
دىيلارنىڭ مىللىي يۇرتىنى قۇرۇشنى قوللايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ
ئەمەلگە ئېشىشىنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرـ
دۇ. لېكىن شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، پەلەستىندە
ھازىر ياشاۋاتقان غەيرىي يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكىـ
لەرنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە دىنىي ھوقۇقى ياكى باشقا دۆلەتلەرـ
دىكى يەھۇدىيلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان ھوقۇق ۋە سىياسىي ئورۇن
ھەرگىز زىيانغا ئۇچرىماسلىقى لازىم.»
ئەگەر بۇ خىتابنامىنى زىئونىزم تەشكىلاتىغا بىلدۈرۈپ قويـ
غان بولسىڭىز، ئىنتايىن مىننەتدار بولغان بولاتتىم.
ئالىي سالام يوللاپ:

ئارتور جامېس بالفور
1917 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى
شۇنىڭ بىلەن زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي نىشانى باـ
سېل يىغىنىدىن يىگگىرمە يىل كېيىن، خېرزل ۋاپاتىدىن 13
يىل كېيىن ئاخىرچوك دۆلەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئىگە بولدى.

## 2. بالفور خىتابنامىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئامىلـ لار

كۆپ يىللاردىن بۇيان بالفور خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىـ

شى ئۇستىدە گەپ بولغاندا، كىشىلەر ھامان ئەمەلگە ئېشىش
مۇمكىن بولمايدىغاندەك ئىش نېمە ئۈچۈن بىر كېچىدە رېئاللىققا
ئايلىنىپ قالىدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ. بالفور خىتابنامىسىنىڭ ئې-
لان قىلىنىش سەۋەبى ھازىرغىچە يېشىلمىگەن سىر بولۇپ كەلگە-
نىدى. شۇڭا، بالفور خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا تۈرتكە
بولغان سەۋەبلەر ئۈستىدە بەزى قاراشلىرىمنى بايان قىلماقچى-
مەن. ئالدى بىلەن خىتابنامىنى ئېلان قىلغان ئەنگلىيە تەرەپتىن
ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپ خىتابنامىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە
تۈرتكە بولدى:

بىرىنچى؛ شەخسىي ئامىل. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىكى خېلى
كۆپ بىر قىسىم مۇھىم ئەربابلار زىئونىزم ھەرىكىتىگە ھېسداش-
لىق قىلدى ۋە ياردەم بەردى.

1918 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى شەخسلەر يىغىلى-
شىدا بەزىلەر بالفوردىن دۇنيا ئۇرۇشىدا يەھۇدىيلارنىڭ قوللىشى-
نى قولغا كەلتۈرۈش خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا تۈرتكە
بولغان مۇددىئامۇ دەپ سورىغاندا، بالفور: «ئەلۋەتتە ئۇنداق
ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەن. مەن باش ۋەزىر گېئورگېغا ئوخ-
شاش، باشتىن - ئاخىرغىچە بىر خىل ئارزۇنىڭ قوماندانلىقىدا
بولۇپ كەلدىم. يەنى «يەھۇدىيلار دۇنيادا ئۆزىنىڭ قانۇنىي ماكا-
نىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بىر ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ئائىلىسى بول-
مىسا ئادىللىق بولمايدۇ» دېدى. 1917 - يىلى ھەربىي لاۋازىمەت
ۋەزىرى بولغان ۋىنستون چېرچىلمۇ مۇنداق دەپ قارىدى: يەھۇ-
دىيلار «كەڭ قورساقلىققا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ھوقۇققا تاي-
نىپ» پەلەستىنگە قايتىپ كېلىپ ماكانلىشىپ دۆلىتىنى ئەسلى-
گە كەلتۈردى. لويد گېئورگى، ساموئېل، سىكېس ۋە سېيىشىل
قاتارلىق مۇھىم ئەربابلارمۇ زىئونىزمغا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە
ھېسداشلىق قىلدى. بۇ ھال خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا
تۈرتكە بولۇشتا شەكسىزكى، خېلى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.



خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىكى سەۋەب مەسىلىسىنى
ئويلانغاندا، شەخسىي ئامىلنى بەك مۇھىم بىلىپ كەتمەسلىك
كېرەك. ئۇرۇش ئېھتىياجى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن پەلەستىنىنى
ئىگىلەش مەقسىتى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتابنامىنى ئېلان
قىلىشىدىكى مۇھىم مۇددىئاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى — دۇنيا يەھۇدىيلىرى-
نىڭ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەنگلىيىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش
زۆرۈر بولدى.

بالفور خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىشمۇ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى
ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتىنىڭ دۇنيادىكى (ئاساسلىقى رۇسىيە ۋە
ئامېرىكىدىكى) يەھۇدىيلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈ-
چۈن ئىشلەتكەن سىياسىي دىپلوماتىك تاكتىكىسىدىن ئىبارەت.
1917 - يىلى ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر كۈچ
سىنىشىدىغان ئاچقۇچلۇق پەيت بولدى. شۇ يىلى فېۋرال ئىنقىلا-
بىدىن كېيىنكى رۇسىيە ۋەزىيىتى تۇراقسىز بولدى. مىنشىۋىك
ۋە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەخت-
كە چىققاندىن كېيىن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈر-
گەن بولسىمۇ، لېكىن رۇسىيىدىكى كەڭ ئەسكەرلەر ۋە ئامme-
نىڭ ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش دولقۇنى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆر-
لىدى. 1917 - يىلى كۈزدە رۇسىيە ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش
بولۇپ، رۇسىيىنىڭ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىش ئېھتىماللىقى
كۆرۈنەرلىك ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر غەر-
بىي سەپتىكى ھۇجۇمدىن تۈزۈك نەتىجىگە ئىگە بولالمىدى. 10
- ئايدىكى كاپلىتو جېڭىدە قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ئېغىر زىيان
تارتتى. ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشقان بولسىمۇ، زور تۈركۈمدىكى
ئامېرىكا قوشۇنى ياۋروپاغا يېتىپ كەلمىگەنىدى. شۇڭا، ئەنگلىيە
سىياسىيئونلىرى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئوڭلاش ئۈچۈن، ئوتتۇرا
شەرق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، يەھۇ-

دىيلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرگەندە ھەم ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە پايدىلىق بولىدۇ، ھەم رۇسىيىنىڭ ئۇرۇشقا داۋاملىق قاتنىشىشىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئاتلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى.

شۇ چاغدا ئەنگلىيە سىياسىيئونلىرى ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر مۇنداق دەپ قارىدى: ئادەم سانى كۆپ يەھۇدىيلارغا رۇسىيە ۋەزىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئويناۋاتىدۇ؛ چار پادىشاھنىڭ يەھۇدىيلار قارشى سىياسىتىگە بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىكى بىلەن ئۇلار چار پادىشاھىنى ئاغدۇرۇۋېتىدىغان فېۋرال ئىنقىلابىغا قاتناشتى. ) نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى بولدى. ئۇلارنىڭ چار پادىشاھنى قوللايدىغان ئانتانتا دۆلەتلىرى لاگېرىدىن ئايرىلىپ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىشى تەبىئىي، لېكىن ئۇلار تەبىئىيتىدىن زىئونىزمغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. شۇڭا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى زىئونىزم ھەرىكىتىنى قوللاپ ئاشكارا پوزىتسىيە بىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلاردىكى ئىنقىلاب قىلىش ۋە ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش خاھىشىنى تۈگىتىشى كېرەك. ئۇلار زىئونىزم نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ غەلىبىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنسە، ئۇلار تەبىئىي ھالدا داۋاملىق ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى خالايدۇ. بۇ ئەنگلىيە سىياسىيئونلىرى مۇنداق دەپ قارىدى: يەھۇدىيلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان يەنە بىر دۆلەت — ئامېرىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان يەھۇدىي مالىيە گۇرۇھلىرى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ قالدى. ئەگەر ئەنگلىيىنىڭ زىئونىزمنى قوللايدىغان پوزىتسىيىسى ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولالىسا، ئامېرىكىنىڭ ئانتانتا دۆلەتلىرى تەرىپىدە قەتئىي تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا پايدىلىق بولىدۇ. 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خىتابنامىغا دائىر ئىشلارنى ئاخىرقى قېتىم مۇزاكىرە قىلىدىغان ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا بالفور ئو-



چۇق گەپ قىلىپ: «رۇسىيە ۋە ئامېرىكىدىكى مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى يەھۇدىيلار پۈتۈن دۇنيادىكى يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ھازىر زىئونىزمغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ئارزۇنى قوللايدىغان خىتابنامە ئېلان قىلالىساق، رۇسىيە ۋە ئامېرىكىدا ئىنتايىن پايدىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بارالايمىز» دېدى. بالفور قارشى تۇرغۇچىلارنى خىتابنامىنى ئېلان قىلىشقا مۇشۇ يول بىلەن ماقۇل قىلدى.

ئۈچىنچى، ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئويلاندى — پەلەستىننى ئىگىلەش ئارقىلىق «ياۋروپانىڭ يان قانىتى»نى كونترول قىلماقچى بولدى.

ئالدىنقى پاراگرافتا فرانسىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيىلەر بىلەن بولغان كەسكىن ئېلىشىشتا پەلەستىننى تارتىۋېلىش XIX ئەسىردىن بۇيانقى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىل ئىستراتېگىيىلىك نىشانى ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلغاندۇق. «سىكېس - پىكوت كېلىشىمى»دىكى پەلەستىننى خەلقئارا ئورتاق باشقۇرۇش توغرىسىدىكى پرىنسىپلار ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق تەدبىرى بولۇپ، بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ يىراقنى كۆزلىگەن ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىگە ماس كەلمەيتتى. ئەنگلىيە سىياسىيئونلىرى ئۇزۇندىن بۇيان پەلەستىنگە كۆز تىكىپ كەلگەن فرانسىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ئورتاق باشقۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پەلەستىنگە قاراتقان تەلىپىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. قانداق قىلغاندا فرانسىيىنىڭ خىرىس قىلىپ تۇرغان نىيىتىنى يوقاتقىلى بولىدۇ؟ لويىد گېئورگى مۇنداق دەپ قارىدى: «بىزنىڭ ئارمىيىمىز پەلەستىننى ئىشغال قىلىۋالسا، ئۇ يەرنىڭ ئىستىقبالى باشقىچە بولىدۇ.» ھەربىي جەھەتتىن ئىشغال قىلىش قەغەزدىكى كېلىشىمدىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە فرانسىيە دىپلوماتىيە جەھەتتىنمۇ پەلەستىندىن «چىرايلىق گەپ

بىلەن» سىقىپ چىقىرىۋېتىلسە ئېخىمۇ كاتتا ئىش بولمامدۇ؟
زىئونىزم ھەرىكىتى ئىزچىل تۈردە چوڭ دۆلەتنىڭ قوللىشىغا
ئىگە بولۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانىكەن، ئەنگلىيە ئۇلارنىڭ پەلەس-
تىنگە بولغان تەلىپىنى قوللىشى كېرەك. پەلەستىن زىئونىزم-
نىڭ قولىغا ئۆتسە، ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىنىڭ قولىغا ئۆتكەن
بولىدۇ. باشقا چوڭ دۆلەتلەر دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ قالىدۇ.
ۋېيزمانمۇ ئەنگلىيىنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىنى چۈ-
شىنىپ، زىئونىزمنىڭ نىشانى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئىستراتېگ-
يىلىك مەنپەئىتى تېپىشمەيدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن «زىئونىزم-
چىلار سۈۋەيش قانىلىغا نىسبەتەن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك
ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ يېڭى مەھسۇلاتنىڭ ئەنگلىيىنىڭ كۈچ
دائىرىسىدە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغاندا» يەھۇدىيلارنىڭ پەلەس-
تىندە ماكان قۇرۇشىنى قوللايدىغانلارمۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى
ئىچىدە بارغانسېرى كۆپەيدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى خىتابنامىدىن
پايدىلىنىپ پەلەستىننى يالغۇز ئىشغال قىلىش مەقسىتىگە يەت-
مەكچى بولغانلىقتىن، ئىچكى كابىنېت زىئونىزم تەرەپنىڭ ئوتتۇ-
رىغا قويغان لايىھىسىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ
ئىبارىلىرى ئىنتايىن مۇجمەل باياناتىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.
ئەنگلىيىنىڭ خىتابنامە ئېلان قىلىشىنىڭ سەۋەبى سوفران
ئېيتقاندەك: «كەڭ قورساق ئىنسانپەرۋەرلىك نەزەرگە ئېلىن-
غان، نۆۋەتتىكى تاكتىكىلىق سىياسىي مەنپەئەت كۆزدە تۇتۇل-
غان، كەلگۈسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتمۇ كۆزدە تۇتۇل-
غان. تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئىگە سىياسىيئونغا نىسبەتەن ئېيت-
قاندا، بۇ ئۈچىنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.»
ئۇنىڭدىن قالسا، ئەنگلىيىنىڭ رولىنى تەھلىل قىلغاننىڭ
سىرتىدا، باشقا چوڭ دۆلەتلەرنىڭمۇ بۇ ئىشنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى
رولىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىم. بۇ يەردە گېرمانىيە بىلەن
ئامېرىكىنىڭ رولىغا قاراپ باقايلى.



ۋىلھېلىم II نىڭ گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ يەر شارىغا
خوجايىنلىق قىلىدىغان «دۇنيا سىياسىتى» دە «شەرققە ئىلگىرى-
لەش» ئىنتايىن مۇھىم ھالقا بولغاچقا، گېرمانىيە ھەرقانداق
بەدەل تۆلەشكە قارىماي، ئوسمان ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاق
تۈزدى. پادىشاھ ۋىلھېلىم 1898 - يىلى ئۆزى تۈركىيىنى زىيا-
رەت قىلىپ، پەلەستىنگە بېرىپ مۇقەددەس يەرنى تاۋاپ قىلىپ،
«300 مىليون مۇسۇلماننى جان پىدالىق بىلەن قوللاش» ھېسا-
بىغا كونيا — باغدات — پارس قولتۇقى تۆمۈر يولىنى ئىجارىگە
ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كې-
يىن گېرمانىيە تۈركىيىنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرەپكە سۆرەپ
كىرەلىدى. 1914 - يىلى غەربىي سەپتە قوزغىغان «چاقماق
ئۇرۇشى» مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى يىلى گېرمانىيە
ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم مەركىزىنى شەرققە يۆتكەپ، رۇسىيە
ئارمىيىسىنى تار مار قىلىپ، ئۇنى يالغۇز سۈلھى قىلىشقا مەج-
بۇرلىماقچى بولدى. ھەربىي جەھەتتە شەرققە قىستاش بىلەن
بىللە، دىپلوماتىيە جەھەتتە گېرمانىيىمۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى
قوللىنىپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەر خىل مىللەتچى كۈچلەرنى،
جۈملىدىن زىئونىزم ھەرىكىتىنى ئۆز يېنىغا تارتتى. يۇقىرىدا
بايان قىلغىنىمىزدەك، گېرمانىيە دۇنيادىكى يەھۇدىيلارنى ئۆز
يېنىغا تارتىش ئۈچۈن، دوستانە ھەرىكەتلەرنىمۇ قىلدى. 1917
- يىلىغا كەلگەندە ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىكى ئىنتايىن پايدىسىز بول-
غان پاجىئەلىك رېئاللىقنى نەزەرگە ئېلىپ، گېرمانىيە زىئونىزم
ھەرىكىتى بىلەن ھەمكارلىشىشتىن ئېنىق يالتايدى. گېرمانىيە-
نىڭ نۇرغۇن گېزىت - ژۇرناللىرى گېرمانىيە ۋە تۈركىيە زىئو-
نىزم ھەرىكىتى بىلەن بولغان دوستلۇقتىن پايدا ئالىدۇ، بولۇپمۇ
مۇشۇ ئىش بىلەن رۇسىيە، ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىتىگە
تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قاراپ، ھۆكۈمەتنىڭ يەھۇدىيلارغا ما-
يىل سىياسەت قوللىنىپ، زىئونىزمچىلارنىڭ ئۆزۈندىن ئارزۇ

قىلىپ كەلگەن پەلەستىنگە كۆچۈش «ئالاھىدە ئىجازەت خېتى» گە ئىگە بولۇشىغا ياردەم قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

بۇ ئىشلار ئەنگلىيىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئاخباراتلارغا ئاساسەن يەكۈن چىقىرىپ، فرانسىيە زىئونىزمغا ھېسداشلىق قىلىدىغان كامپان خىتابنامىسىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن گېرمانىيمۇ زىئونىزم ھەرىكىتىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان ياكى مەدەت بېرىدىغان بايانات ئېلان قىلىشى مۇمكىن دەپ قاراپ، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئاۋۋال قول سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىچكى كابىنېتنى بالدۇر ھەرىكەت قوللىنىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. 1917 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خىتابنامىغا دائىر ئىشلارنى 2 - قېتىم مۇھاكىمە قىلغان يىغىندا بالفور خىتابنامىنى ئېلان قىلىشنىڭ ئاخىرقى سەۋەبى «گېرمانىيە ھۆكۈمىتى زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقى» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارى گراخام بىر پارچە مېموراندۇمدا ئۇلارغا زىئونىزمنى قوللايدىغان كاپالەتنامە بەرمىسەك، زىئونىزمچىلار ئۆزىنى گېرمانىيەنىڭ قوينىغا ئېتىشى مۇمكىن، دەپ يازدى. مانا بۇلار لويىد گېئورگې بىلەن بالفورنىڭ تەشەببۇسىنى كۈچەيتتى.

ئەگەر گېرمانىيە ئامىلى ئەنگلىيىنىڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي خىتابنامىنى ئېلان قىلىش قارارىنى چىقىرىشقا سەلبىي جەھەتتىن تۈرتكە بولدى دېيىلسە، ئىتتىپاقداش دۆلەت بولغان ئامېرىكىنىڭ ۋىلسون ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قوللىشى خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى ئىجابىي جەھەتتىن ئىلگىرى سۈردى.

ئەنگلىيە 1917 - يىلى 9 - ئايدا خىتابنامە توغرىسىدا ئامېرىكىدىن تۇنجى قېتىم پىكىر ئالغاندا، زۇڭتۇڭ ۋىلسون ئۇنداق



قىلىش ئۆزىنىڭ «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» پرىنسىپىغا خىلاپ دەپ قاراپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەبلەردە ئامېرىكىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان پوزىتسىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇشتىن قورقۇپ، ئارىسالدى بولۇپ بىر يەرگە كېلەلمىگەنىدى. كېيىن بالفور ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلدى ھەمدە ئامېرىكىدىكى زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى براندىس ۋە فىلىكىس فرانكفورت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشتى. زۇڭتۇڭنىڭ يېقىن دوستى ۋە مەسلىھەتچىسى براندىس قاتارلىق كىشىلەر زۇڭتۇڭغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. يەھۇدىي مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ ئامېرىكىدىكى تەسىرىگە نىسبەتەن ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولغان ۋىلسون ئاخىر خىتابنامىنى قوللاش مەيدانىغا ئۆتتى. لېكىن ئۇ «خىتابنامىنىڭ زىئونىزمچىلارغا ئىلھام بولۇشىنى ھەم غەيرىي زىئونىزمچىلارنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭمۇ قوبۇل قىلالىشى»نى ئۈمىد قىلدى. شۇڭا، «خىتابنامىدىكى چەكلەش خاراكتېرىنى ئالغان ئىبارىلەر ۋىلسوننىڭ چىك تۈزۈشى بىلەن قوشۇلدى. ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتى ئەرەبلەرنىڭ مىللىي كەيپىياتىنى نەزەرگە ئېلىپ خىتابنامىنى ئېلان قىلىش ياكى ئېلان قىلماسلىق ئۈستىدە بىر يەرگە كېلەلمەيۋاتقاندا، ۋىلسون بالفور قاتارلىق كىشىلەرنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خىتابنامىنى ئېلان قىلىشقا قارشى تۇرغان كىشىلەرگە بېسىم ئىشلەتتى.

ئۈچىنچىدىن، زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ تىرىشچانلىقىمۇ خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بۇرۇنقى باسېل يىغىنىدا ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ زىئونىزم نىشانىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش باسېل پروگراممىسىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خېرزل ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا چىك

تۆردى. دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ۋېيزمان پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئەنگلىيە هۆكۈمىتىگە ئەپچىللىك بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ ئاخىر مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ۋېيزمان بالفور خىتابنامىسىنىڭ «ئىككى مىڭ قېتىم زىيارەت قىلىپ بېرىش ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن» لىكىنى ئەسلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنىشى يەهۇدىيلارنىڭ «مۇۋەپپەقىيەتلىك دىپلوماتىيىسىنىڭ بىر مىسالى» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

## 3 . خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدا كىم ئۇتتى

بەزى ئەسەرلەردە بالفور خىتابنامىسى ئەنگلىيە سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ «غەلىبىسى» دېيىلىپ، ئەنگلىيە مۇشۇ خىتابنامە ئارقىلىق زىئونىزم هەرىكىتىنى ئوتتۇرا شەرقتە زومىگەرلىك قىلىدىغان «قورال» غا ئايلاندۇرۇۋالدى، دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بالفور خىتابنامىسى زىئونىزم هەرىكىتىنىڭ نىشانى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىنىڭ «توساتتىن ئۇچرىشىپ قالغان» لىقىنىڭ تارىخىي مەهسۇلى. بۇ سىياسىي ئويۇندا زىئونىزم هەرىكىتى هەرگىز ئەنگلىيىنىڭ قورالى بولمىدى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا پايدىلىنىدىغان هەمراهلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، هەرقايسىسى ئۆزىگە ئېهتىياجلىق بولغانغا ئېرىشتى. ئەگەر «غەلىبە» توغرىسىدا گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە، ئىككىلا تەرەپ غەلىبە قىلغۇچى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بالفور خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئەنگلىيە هۆكۈمىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر چالما بىلەن ئۈچ پاختەكنى سوقتى. بىرىنچىسى، كەلگۈسىدە پەلەستىننى ئۆچىنچى تەرەپكە — يەهۇدىيلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى باهانە قىلىپ، ئۇ يەردە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشىنى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرسىزلىكىنى ئېيتىپ، فرانسىيىنىڭ كۈچىنى دىپلوماتىيە جەهەتتىن پەلەستىندىن چەتكە قېقىۋەتتى. ئىككىنچىسى، ئەنگلىيە پەلەستىندە ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، يەهۇدىيلار ماكانىنىڭ غېمىنى يەيدىغان هالەتتە بولۇپ، ئامېرىكا قاتارلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىننى كونترول قىلىشىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. ئۈچىنچىسى، يەهۇدىيلارنىڭ ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇشقا ياردەم بېرىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، پۈتۈن دۇنيادىكى يەهۇدىيلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ، مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى يەهۇدىيلارنى ئانتانتا دۆلەتلىرى تەرىپىگە تارتىپ كەلدى.



شۇنىڭدەك زىئونىزم هەرىكىتىمۇ ئەنگلىيە بىلەن هەمكارلىشىشتىن كۆپ پايدا ئالدى. بالفور خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ رەسمىي قوللىشىغا تۇنجى قېتىم ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەرنىڭ زىئونىزمنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قوللىشىغا ئىگە بولۇپ، يەر شارىدىكى يەهۇدىيلارنىڭ رەسمىي ۋەكىلى سۈپىتىدە پارىژ يىغىنىغا قاتنىشالىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا سەھنىدە چوڭ دۆلەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلدى. دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردى، قوشۇننى كېڭەيتتى، كۈچىنى كۈچەيتتى. تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك مىللىي گۈللىنىش هەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىنۋالدى. ئەنگلىيە بىلەن بولغان هەمكارلىقىغا تايىنىپ، زىئونىزم هەرىكىتى كۈتمىگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. دېمەك، زىئونىزم هەرىكىتىنىڭ ئەنگلىيىدىن پايدىلىنىشى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ زىئونىزم هەرىكىتىدىن پايدىلىنىشى تەڭ مەۋجۇت بولدى، بەلكى ئالدىنقىسى كېيىنكىسىدىن هەرگىز قېلىشمىدى. خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئارقىلىق، ئەنگلىيە بۇرۇن تۇرلۇك يوللار بىلەن يەتمەكچى بولغان ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىغا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى كۆر-

سەتتىكى، بۇ قېتىم ئەنگلىيە دۆمبىسىگە تاشلىۋېتەلمەيدىغان ئې-
غىر يۈكنى ئارتىۋېلىپ، بۇنىڭغا غايەت زور بەدەل تۆلىدى.
زىئونىزمچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بالفور خىتابنامىسى، شەك-
سىزكى، زىئونىزم ھەرىكىتى ئەۋج ئالغاندىن بۇيانقى چوڭقۇر
ئەھمىيەتكە ئىگە تۇنجى قېتىملىق دىپلوماتىيە غەلىبىسى، يەھۇ-
دىيلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇ-
سىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ھەقىقىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى
بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋېيزمانمۇ يەھۇدىيلارنىڭ خېرزل بىلەن
تەڭ ئورۇندىكى داھىيسى بولۇپ قالدى. كېيىنكىلەر مۇنداق دەپ
باھا بەردى: ۋېيزمان مىللىي ماكاننىڭ قۇرغۇچىسى، مىللىي
ماكان بولمىسا، كېيىنكى ئىسرائىلىيە دۆلىتى بولمىغان بولات-
تى.



ئىككىنچى بۆلۈم

# مۇقەددەس يەرنى تالىشىش

يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن، زىئون ئە-
زەلدىن سىمۋول، ئۆلارنىڭ ئۆزىنىڭ سىم-
ۋولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانى-
يەتنىڭ كەلگۈسىدىكى سىمۋولى.

M . گوتمان

ئەرەبلەر ۋەدىگە ئەمەل قىلىشتا باشقا
ھەممە مىللەتلەردىن ئېشىپ كېتىدۇ.

شېرودود

بەشىنچى باب

# يەھۇدىيلارنىڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى «مىللىي يۇرتى»

بالفور خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى نەچچە كۈندە ئەنگلىيە پەلەستىنگە ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ ئۆتمەي ئېرۇسالىمنى ئىشغال قىلدى. 1918 - يىلى 9 - ئايدا پەلەستىننىڭ ھەممە يېرىنى كونترول قىلىۋالدى. مۇشۇ ئىشنىڭ ئالدى - كەينىدە فرانسىيە، ئامېرىكا، ئىتالىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى بالفور خىتابنامىسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىننى ئۇزۇن مۇددەت كونترول قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن پايدىلىق دىپلوماتىك كەيپىيات يارىتىپ بەردى. 1919 - يىلىدىكى پارىژ يىغىنىدا ئەنگلىيە ۋە زىئونىزم رەھبەرلىرىنىڭ ئاكتىپ تىرىشىشى بىلەن بالفور خىتابنامىسىنىڭ روھى ئاساسىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىندى ھەمدە ئوتتۇرا شەرققە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەردە ئىپادىلەندۈرۈلدى. ئەنگلىيە مۇشۇ خىتابنامىنىڭ بارلىققا كەلتۈرگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتابنامىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى تەبىئىي ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پەلەستىننى ئىگىلىشىمۇ ئورۇنلۇق ئىش بولۇپ قالدى. يوشۇرۇن رىقابەتچى فرانسىيە ئورۇنشتا ناھايىتى ئاجىزلاپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئورۇنشتىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئەنگلىيە بىلەن مۇرەسسەگە كېلىشنى ئۈمىد قىلدى. ئەنگلىيە

ئۇنىڭ سۇرىيە ۋە لىۋاننى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا سۇكۇت
قىلغاندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىننى ئىگىلىشىگە فرانسىيە
قارشى تۇرمايدىغان بولدى. 1920 - يىلى 4 - ئايدا سانرېمودا
ئېچىلغان ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقىرى قاتلام يىغىنىدا پەلەس-
تىنگە ئەنگلىيىنىڭ ماندانلىق[1] ھۆكۈمرانلىق قىلىشى رەسمىي
قارار قىلىندى. خەلقئارا ئىتتىپاق 1922 - يىلى 7 - ئايدا
ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ماندانلىق ھۆكۈمرانلىق كىنىشكىسى بەر-
دى.

شۇنىڭ بىلەن ۋەتەنسىز يەھۇدىيلار تۇنجى قېتىم كۈچلۈك
دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، «مىللىي يۇرت» قۇرۇش-
قا بولىدىغان زېمىنغا ئىگە بولدى. مانا بۇ زېمىن زىئونىزمچىلار
ئۇزۇندىن ئارزۇ قىلىپ كەلگەن «ئىجازەت قىلىنغان يەر» ئىدى.

## 1 § . يەھۇدىي كۆچمەنلەر پەلەستىنگە كەلدى

### 1. ئۇچىنچى قېتىملىق ئالىيا

بالفور خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن دۇنيانىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى
شاد - خۇراملىققا تولدى. ئامېرىكا، رۇسىيىدىكى يەھۇدىيلار
خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى قوللاش ۋە تەبرىكلەش يۈز-
سىدىن نەچچە يۈز قارار ۋە بايانات ماقۇللىدى. ھەتتا ئىتتىپاق-
داش دۆلەتلەر لاگېرىدىكى گېرمانىيە، ئاۋستىرىيىدە ياشاۋاتقان
يەھۇدىيلار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ خىتابنا-
مىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى قارشى ئالدى. ئۇرۇش داۋاملىشى-
ۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشنىڭ دەردىنى يېتەرلىك تارتقان
ياۋروپادىكى يەھۇدىي مۇساپىرلىرى پەلەستىنگە كۆچۈشكە تەقەز-

[1] ماندانلىق ھۆكۈمرانلىق — جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش شەكلى.



زالىق بىلەن تەييارلاندى. دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىمۇ ۋېيزمان،
ۋىللىيام ئومىسبت گور ۋە جامېس دى روتسچىلد باشچىلىقىدىكى
كومىتېتنى پەلەستىنگە ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى ئەنگلىيە دائىرىلى-
رى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا قېچىپ كەتكەن
يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىشىنى ئورۇنلاشتۇرماقچى ۋە
زور تۈركۈمدىكى يەھۇدىي كۆچمەنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە تەي-
يارلىق قىلماقچى بولدى. لېكىن، ئۇرۇش توختىمىغان، دېڭىز
ۋە قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان، پەلەستىنمۇ
ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھالەتتە تۇرغان سەۋەبلىك 1918 - يىلى ئۇ-
رۇشتىن قېچىپ يۈرگەن ئاز ساندىكى يەھۇدىيلار پەلەستىنگە
يېنىپ كەلدى. يېڭى كەلگەن كۆچمەنلەر ئاز بولدى.

1918 - يىلى 11 - ئايدا دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. بىر-
نەچچە ھەپتىدىن كېيىن پولشادىن يولغا چىققان تۇنجى تۈركۈم
يەھۇدىيلار تۈركىيە ئارقىلىق پەلەستىنگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۈچىنچى قېتىملىق ئالىيانىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. 1919 -
يىلى، يەنى ئۈچىنچى قېتىملىق ئالىيانىڭ تۇنجى يىلى تۈركۈملى-
گەن يەھۇدىيلار ياۋروپادىن ۋە باشقا جايلاردىن پەلەستىنگە كەل-
دى. ئىككىنچى قېتىملىق ئالىيا بىلەن ئوخشاشمايدىغىنى شۇ-
كى، بۇ قېتىم كەلگەن كۆچمەنلەر ئىچىدە ياشلار كۆپ. زور كۆپ
ساندىكىسى تەشكىللىك سوتسىيالىزمچىلار بولۇپ، ئىبرانىي تى-
لىنى بىلەتتى ھەمدە پەلەستىندە جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەيدى-
غان ئىدىيىۋى تەييارلىقنى پۇختا قىلغانىدى. شۇ يىلى يەتتە
مىڭغا يېقىن يەھۇدىي پەلەستىنگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ
چاغدا ئەنگلىيە رەسمىي ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە
بولمىغاچقا، نۇرغۇن يەھۇدىيلار پەلەستىندە «مىللىي يۇرتى» نى
قۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولۇشىدىن گۇمان
قىلدى. ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۇ يەردە بىر مەھەل تۇرۇپ بېقىپ
يەنە كېتىپ قالدى.

1920 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى سانرېمو يىغىنى پەلەستىننىڭ
ماندائلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئەنگلىيىگە رەسمىي تاپشۇرۇپ
بەرگەندىن كېيىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يەھۇدىي نەسلىدىن بولغان
سېر خېربېرت سامۇئېلنى پەلەستىندە تۇرۇشلۇق تۇنجى يۇقىرى
دەرىجىلىك ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئۈچ يىل داۋاملاشقان ھەر-
بىي ئىدارە قىلىش ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.
خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئەنگلىيىگە بەرگەن ماندائلىق ھۆكۈمرانلىق
كىنىشكىسىدا ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە
«مىللىي يۇرتى»نى قۇرۇشقا ياردەم بېرىشى كېرەكلىكى ئېنىق
بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، 2 ـ ماددىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن:
«ماندائلىق قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت بۇ رايوندا يەھۇدىيلا-
رنىڭ مىللىي يۇرتىنى قۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرىدىغان سىياسىي،
مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي شەرت ئاستىدا...»؛ 4 ـ ماددىدا
مۇنداق بەلگىلەنگەن: «يەھۇدىيلارنىڭ مۇۋاپىق ئىش بېجىرىش
ئورگىنىنى ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك. ئۇ مەسلىھەت بېرىش رو-
لىنى جارىي قىلدۇرالىسۇن ھەمدە پەلەستىننىڭ مەمۇرىي دائىرى-
لىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي يۇرتىنى قۇ-
رۇشىغا ۋە پەلەستىندىكى يەھۇدىي ئاھالىسىنىڭ مەنپەئىتىگە تە-
سىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە
باشقا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلسۇن». 6 ـ ماددىدا مۇنداق دەپ
بەلگىلەنگەن: «پەلەستىننىڭ مەمۇرىي دائىرىلىرى... يەھۇدىي
كۆچمەنلەرنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشى
لازىم». سامۇئېل ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن يەھۇدىي كۆچ-
مەنلەرنىڭ پەلەستىنگە كېلىشىگە ئىلھام بېرىدىغان تەدبىرلەرنى
يولغا قويۇشنى باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ھەر ئايدا مىڭ كۆچمەن-
نىڭ كېلىشىگە رۇخسەت قىلدى. كېيىن بۇ ساننى ھەر يىلى
16 مىڭ 500 كىشى كېلىدىغان قىلىپ كۆپەيتتى. ئەرەبلەرنىڭ
قارشىلىقىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئەنگلىيە دائىرىلىرى يەھۇدىي



كۆچمەنلىرىگە چېتىلىدىغان سىياسىتىنى ئازراق تەڭشىدى (ئە-
رەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلە-
شىشى ۋە ئەنگلىيىنىڭ سىياسىتىنى تەڭشىشىنى 6 ـ بابتا مەخ-
سۇس بايان قىلىمىز). پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشنى تەلەپ
قىلغان يەھۇدىيلارنىڭ مۇئەييەن ساندا بايلىقى بولۇشى كېرەكلى-
كىنى بەلگىلىدى. بۇ يېڭى بەلگىلىمە يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە
كۆچۈپ كېلىشىگە چوڭ توسالغۇ پەيدا قىلالمىدى. چۈنكى، پە-
لەستىنگە كۆچۈپ كېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ
قىسمى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز،
ھەتتا نەچچە مىڭ فوند ستېرلىڭ پۇل تەييارلىشى قىيىن ئەمەس
ئىدى. نامرات ئادەملەر زىئونىزمچىلار تەشكىلاتىنىڭ ياردىمى
بىلەن بۇ قىيىنچىلىقنى يەڭدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ
تەدبىر يەھۇدىيلار كاپىتالىنى پەلەستىنگە جەلپ قىلىشقا پايدىلىق
بولدى ھەمدە تېخىمۇ كۆپ يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ كېلىشىگە
ماددىي ئاساس سېلىپ بەردى. شۇنداقلا ئەرەبلەرنىڭ يەھۇدىي
كۆچمەنلىرىنىڭ كېلىشىگە قارشى تۇرىدىغان كەيپىياتىنى پەسەيت-
تى.

مۇشۇ مەزگىلدە دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى ئىزچىل ئاكتىپ
ھەرىكەت قوللىنىپ، يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ بېرىشى-
نى قوللىدى. 1920 ـ يىلى يەھۇدىي مىللىي فوند جەمئىيىتى
ئاساسىدا، يەنە پەلەستىن تېرىقچىلىق فوندى قۇرۇپ تەرەپ ـ
تەرەپتىن مەبلەغ توپلاپ پەلەستىندە نۇرغۇن يەر سېتىۋېلىپ،
يەھۇدىي كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ستاتىستىكىدىن قارىغان-
دا، 1920 ـ يىلدىن 1923 ـ يىلغىچە (ئۈچىنچى قېتىملىق
ئالىيانىڭ ئاخىرقى بىر يىلىغىچە) يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە
سېتىۋالغان يېرى 148 مىڭ 780 دۇنامغا يەتتى (دۇنام —
پەلەستىننىڭ يەر بىرلىكى بولۇپ، بىر دۇنام 4.1 موغا توغرا
كېلىدۇ). شۇ مەزگىلدە يەنە 30 مىڭ يەھۇدىي پەلەستىنگە

كېلىپ ماكانلىشىپ، 31 يېڭى مەھەللە قۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچىنچى قېتىملىق ئالىيا مەزگىلىدە جەمئىي 37 مىڭدىن ئارتۇق يەھۇدىي پەلەستىنگە قانۇنلۇق كۆچۈپ كەلدى (يەنە مەلۇم ساندىكى يەھۇدىيلار پەلەستىنگە باشقا يوللار بىلەن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن). بۇ سان پەلەستىندە قىسقا ۋاقىت تۇرۇپ كېتىپ قالغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.[1]

## 2. تۆتىنچى قېتىملىق ئالىيا

1924 - يىلىدىن 1926 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىق شۇنىڭ ئۈچۈن تۆتىنچى قېتىملىق ئالىيا قىلىنىدىكى، بۇ ئۈچ يىلدا پەلەستىنگە كەلگەن يەھۇدىي كۆچمەنلەر تېز كۆپىيىپ، ئومۇمىي سانى 60 مىڭدىن ئېشىپ، ئۈچىنچى قېتىملىق ئالىيا مەزگىلىدىكىدىن بىر ھەسسە ئېشىپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالنى ئاساسلىقى سىرتقى سەۋەب پەيدا قىلدى.

بىرىنچى سەۋەب: پولشا ھۆكۈمىتى ئىقتىساد، سودا ساھەسىدە يەھۇدىيلارنى كەمسىتىدىغان، چەتكە قاقىدىغان ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پولشا جۇمھۇرىيىتى قايتىدىن قۇرۇلدى. پولشادا ئۈچ مىليون يەھۇدىي بار ئىدى. 1919 - يىلى پارىژ يىغىنىدا زىئونىزمچىلارنى يادرو قىلغان يەھۇدىيلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى پولشادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى (ئاساسلىقى يەھۇدىيلارنى) قوغداش شەرتنامىسى تۈزۈپ چىقىپ، ئامېرىكا قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. پولشا ھۆكۈمىتى بۇ شەرتنامىنى قوبۇل قىلىشنى باشتا رەت قىلدى. كېيىن ئۇرۇشتىن كېيىنكى يېڭى زېمىن خەرىتىسىنى

① 1921 - يىلى ئەنگلىيە ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدە تاشقى ئىئوردانىيە خەلىپىلىكىنى قۇردى. شۇڭا شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان پەلەستىن ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تارىختا كۆرسىتىلگەن ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ پەلەستىن بولماي قالدى.



كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شەرتنامىغا ئىلاجسىز ئىمزا قويدى. لېكىن، پولشا ھۆكۈمىتى ئەمەلىيەتتە بۇ شەرتنامىنى ئىجرا قىلىش نىيىتىدە بولماي، يەھۇدىيلارنى كەمسىتىدىغان، چەتكە قاقىدىغان ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىقتىساد، سودا ساھەسىدە گەۋدىلىك بولدى. پولشا جۇمھۇرىيىتى قايتا قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەھۇدىيلاردىن يۇقىرى باج ئېلىش تۈزۈمىنى ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ سانىنى چەكلەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 20 - يىللارغا كەلگەندە پولشا ھۆكۈمىتى يەھۇدىيلارنىڭ كاپىتالى كۈچلۈكرەك بولغان نۇرغۇن سانائەت، قاتناش، سودا تارماقلىرىنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈشنى يولغا قويدى. ھەمدە مۇشۇ كەسىپلەردە ئىشلەۋاتقان يەھۇدىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىشتىن بوشاتتى. بۇنداق قىلىش پولشادىكى يەھۇدىي سودا - سانائەتچىلەرگە ئېغىر زەربە بولدى. ئاياغ كىيىم تىكىش كەسپىنى مىسالغا ئالساق، يەھۇدىيلار باشقۇرغان ئىككى مىڭ سەككىز يۈز ئاياغ كىيىم زاۋۇتىدىن بىر مىڭ ئاتمىشى تاقىلىپ قالدى. بۇ سىياسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى شۇ چاغدىكى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى گرابىسكى ئىجرا قىلغانلىقتىن «گرابىسكىنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكىتى» دەپمۇ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دۆلەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقان يەھۇدىيلارمۇ خىزمەتتىن بوشىتىلدى. قىسقىغىنا نەچچە يىلدا ئون مىڭلىغان يەھۇدىي ئىشسىز قالدى، يەھۇدىي مىللىتى تېز نامراتلاشتى. 1923 - يىلىغا كەلگەندە ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، نۇرغۇن يەھۇدىيلار پولشادىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى نىشانى ئامېرىكا بولدى.

ئىككىنچى سەۋەب: ئامېرىكىدا يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇن

پەيدا بولدى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يەھۇدىي كۆچمەنلەرنى چەكلەيدىغان تەدبىرلەرنى قوللاندى. XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن شەرقىي ياۋروپا ۋە رۇسىيىدىن ئامېرىكىغا نۇرغۇن يەھۇدىي كېلىپ، ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ سانى تېز كۆپىيىپ كەتتى. XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا كەلگەندە ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار ئىككى مىليون 500 مىڭغا يەتتى (1924 - يىلى). يەھۇدىيلارنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئەۋلادلىرى ئاق ياقىلىقلار قاتلىمىدا بارغانسېرى كۆپىيىپ، سودا، پۇل مۇئامىلە، ئاخبارات، داۋالاش، ئادۋوكاتلىق، كىنو ساھەلىرىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئامېرىكىدىكى مەنپەئەت كۆرىدىغان گۇرۇھلار بۇ تەرەققىياتتىن نارازى بولۇپ، يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تۇرلۇك يوللار بىلەن چەكلەشكە ئۇرۇنۇپ، ئاخىر 20 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يەھۇدىيلارغا قارشى بىرىنچى قېتىملىق دولقۇننى قوزغىدى. ئامېرىكىدىكى ئاپتوموبىل شاھى ھېنرى فورد 1920 - يىلى 5 - ئايدا ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ساختا «زىئون دانىشمەنلىرىنىڭ مۇھاكىمە خاتىرىسى» نى تەشۋىق قىلدى ھەمدە يەھۇدىيلارغا قارشى بىر قاتار ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، يەھۇدىيلارغا قارشى پائالىيەتنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. بۇ مەزگىلدە ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەر يەھۇدىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىغا چەك قويۇپ، نۇرغۇن يەھۇدىي ياشلىرىنى ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدى؛ ئىشچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا گېزىتلەرگە بېسىلغان ئېلانلاردا «يەھۇدىيلار قارشى ئېلىنمايدۇ» دېگەن سۆزلەر پەيدا بولدى. ئۆي سودىگەرلىرى يەھۇدىي ئەۋلادلىرىغا ئۆي سېتىپ بېرىشنى رەت قىلدى. 1921 - يىلى ۋە 1924 - يىلىدىكى كۆچمەنلەر قانۇنىدا سىرتتىن كېلىدىغان كۆچمەنلەرگە قاتتىق چەك قويۇلدى. يەھۇدىي كۆچمەنلىرىگە قويۇلىدىغان چەك ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈ-



رۈلدى. مەسىلەن، 1924 - يىلى كۆچمەنلەر سانىنى تەقسىم قىلىش قانۇنىدا ھەر يىلى پولشادىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئالتە مىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، رۇسىيىدىن كېلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى مىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، رۇمىنىيىدىن كېلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئالتە يۈزدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بىر نەچچە ئون يىلدا ئىككى مىليونغا يېقىن يەھۇدىي مۇشۇ دۆلەتلەردىن ئامېرىكىغا كەلگەنىدى.

نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقاندا ئامېرىكا ئىشىكنى تاقىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يەھۇدىيلار پەلەستىنگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. 1924 - يىلى پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىيلار 13 مىڭغا يېتىپ، 1923 - يىلىدىكىدىن 73% ئېشىپ كەتتى. 1925 - يىلى پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىيلار سانى 34 مىڭغا يېتىپ، 1924 - يىلىدىكىگە قارىغاندا بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتتى.

تۆتىنچى قېتىملىق ئالىيانى يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە قايتىش تارىخىدىكى بىرىنچى قېتىملىق كۆچۈش ھەرىكىتى، شۇنداقلا بالفور خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن پەلەستىننىڭ يەھۇدىيلارنىڭ «مىللىي يۇرتى» بولۇش رولىنى تۇنجى قېتىم جارىي قىلدۇرۇشى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا «مىللىي يۇرت» رەسمىي شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، پولشادا قىيىن ئەھۋالغا قېلىپ، بارار يېرى يوق يەھۇدىيلارنى قوبۇل قىلدى.

ئالدىنقى نەچچە قېتىملىق ئالىياغا ئوخشاشمايدىغىنى شۇكى، بۇ قېتىم پەلەستىنگە كەلگەنلەر ئوتوپىيە ئىدىيىسىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئولتۇراقلاشقۇچىلار ۋە جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان پرولېتارلار بولماستىن، پولشانىڭ ۋارشاۋا، لودوكى،

كىراكوۋ قاتارلىق شەھەرلەردىن كەلگەن ئوتتۇرا، كىچىك سودا - سانائەتچىلەر ئىدى. ئەنگلىيە ماندات ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ يېڭى بەلگىلىمىسى بويىچە، شۇنداقلا پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ مەھرۇم قىلىش خاراكتېرىدىكى سودا - سانائەت سىياسىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار پەلەستىنگە مەلۇم مەبلەغ ئېلىپ كېلىپ، يېڭى يۇرتقا مەبلەغ سېلىپ سودا - سانائەت ئىشلىرىنى يولغا قويدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېلئاۋىف، ھايفا قاتارلىق دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا كىردى. شۇڭا، بەزىلەر تۆتىنچى قېتىملىق ئالىيانى «شەھەر ئالىياسى» دېدى. مۇشۇ قېتىمقى ئالىيا مەزگىلىدە تېلئاۋىفنىڭ ئاھالىسى 10 مىڭدىن كۆپرەكتىن تەرەققىي قىلىپ 40 مىڭدىن ئېشىپ، تۇنجى ھەقىقىي «يەھۇدىيلار شەھىرى»گە ئايلاندى. شەھەر ئەتراپىدىكى خۇرزىيە، مەقتېير ۋە لانانالەر مۇشۇ چاغدا ئاۋاتلاشتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، كىببۇز، موشاۋىم (Moshavim) ھەمكارلىق تىپىدىكى بىر خىل ئولتۇراقلىشىش رايونى بولۇپ، خوسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقى بىلەن كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ئىگىلىكىنى يولغا قويغان)، كۋۇزوت (Kvozot — يەنە بىر خىل كولخوز) قاتارلىق كوللېكتىپ ياكى ھەمكارلىق تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىدىكى ئولتۇراقلىشىش نۇقتىلىرى بۇ چاغدا تېز تەرەققىي قىلالمىدى.

يەھۇدىيلار مەبلىغىنىڭ كۆپلەپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا، كىچىك دۇكانلار ۋە كارخانىلار شەھەرلەردە يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك پەيدا بولدى. تېلئاۋىف ۋە ھايفالاردا ياۋروپانىڭ مودا كىيىملىرىنى ۋە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغىلى بولىدىغان بولدى. بىناكارلىق تېز تەرەققىي قىلدى. ياۋروپا پاسونىدا سېلىنغان ئولتۇراق رايونلىرى پۈتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ مال باھاسى ئۆرلىدى، تۇرمۇش خىراجىتىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. ئاشۇنداق گۈللىنىش ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ ئوتتۇرا



بۇرژۇئازىيىسى پەلەستىندە شەكىللەندى، تېلئاۋىف ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىك ئۇلارنىڭ تەرەققىيات بازىسى بولدى.

1925 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇق ھەتتا كرىزىس ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. بۇنداق بولۇشتىكى مۇھىم سەۋەب پولشادا ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بېرىپ، پۇل پاخاللىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ھال پولشادىن پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئېغىر ئاقىۋەت دەرھال كۆرۈلدى، چەتتىن كېلىدىغان مەبلەغ ئازىيىپ كەتتى. قۇرۇلغان بەزى سودا - سانائەت كەسىپلىرىنى ساقلاپ قېلىش تەس بولدى. 1926 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، نۇرغۇن زاۋۇتلار ۋەيران بولدى، دۇكانلار تاقالدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشسىز قالدى. 1927 - يىلى سەككىز مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (كۆپىنچىسى يەھۇدىي) ئىشسىزلار قوشۇنىغا قوشۇلدى. شۇ چاغدا يۈز مىڭدىن كۆپرەك ئادىمى بولغان يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىغا نىسبەتەن بۇ خېلى جىق سان ئىدى. پولشادىن كەلگەن نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يېزا ئىگىلىكى ۋە سانائەتكە مەبلەغ سالماي، يەر ۋە ئۆي - ئىمارەت سودىسىغا كىرىشىپ كەتكەنلىكتىن، بىناكارلىق توختاپ قالغان ھامان ئېغىر زىيان تارتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر پەلەستىندىن ياۋروپاغا ياكى باشقا جايلارغا تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ كەتتى.

ئىقتىسادنىڭ تۇرغۇنلىشىشى بىلەن 1926 - يىلى پەلەستىنگە كېلىدىغان يەھۇدىيلار ئازىيىپ، ئاران 13 مىڭ 81 ئادەم كېلىپ، 1925 - يىلى كەلگەنلەرنىڭ %40 گىمۇ يەتمىدى. 1927 - يىلى كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىيلار ئۈچ مىڭغا يەتمىدى، كۆچۈپ كەتكەنلەر بەش مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ بالفور خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان پەلەستىندە تۇنجى قېتىم پەيدا

بولغان يەھۇدىيلارنىڭ سىرتقا كېتىشى ۋە نوپۇسىنىڭ ئازىيىش
ھادىسىسى بولدى. بۇ ھال تۆتىنچى قېتىملىق ئالىيانىڭ 1926
- يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاماملانغانلىقىنى جۇشەندۇرۇپ بەردى.

## 3. بەشىنچى قېتىملىق ئالىيا

1929 - يىلىغا كەلگەندە پەلەستىن ئىقتىسادىي كرىزىستىن
ئاساسەن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن يەر شارى
دائىرىسىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىسى پارتلاپ، 30 - يىللارنىڭ
باشلىرىغىچە داۋاملاشتى. يەھۇدىيلارنىڭ «مىللىي يۇرتى»نىڭ
قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۇنيا زىئونىزم تەشكىلا-
تى ئەنگلىيە مانداتلىق ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن
پەلەستىندە 1929 - يىلى يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنى رەسمىي
قۇردى. ۋاكالەتخانىدا زىئونىزمچىلار يادرولۇق رول ئوينىسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭغا غەيرىي زىئونىزمچىلارنىمۇ قاتناشتۇرۇپ، ھەر
قاتلامدىكى يەھۇدىيلار بىلەن كەڭ بىرلەشتى ھەمدە پەلەستىندىكى
يەھۇدىيلار بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ
مۇناسىۋىتىنى تەڭشىدى. 1928 - يىلىدىن 1931 - يىلىغىچە
دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى ۋە يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى بارلىق
كۈچىنى سەرپ قىلىپ يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلى-
شىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەمدە پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ
ياۋروپاغا يېنىپ كېتىشىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئانچە
ئۈنۈمى بولمىدى. بۇنىڭغا ئاساسلىقى ئىقتىسادنىڭ گۈللەنمەسلى-
كى سەۋەب بولدى. 1928 - يىلى پەلەستىنگە ئىككى مىڭ 178
يەھۇدىي كۆچۈپ كەلدى. بۇ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كۆچۈپ
كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ سانى ئەڭ ئاز بىر يىل بولۇپ، كۆچۈپ
كەلگەنلەرنىڭ سانى كېتىپ قالغانلارنىڭ سانىغا يەتمىدى. يەھۇ-
دىيلار سانىنىڭ بۇنداق كېمىيىشى قىسقا ۋاقىتلىق بولۇپ، ئىك-
كى يىل داۋاملاشتى (1927 -، 1928 - يىللىرى) . 1929 -



يىلىدىن كېيىن بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلمىدى. پەلەستىندىكى يە-
ھۇدىيلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن تۆتىن-
چى قېتىملىق ئالىياغا سېلىشتۇرغاندا بۇنداق كۆپىيىشنىڭ تىلغا
ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى، ھەتتا ئۈچىنچى قېتىملىق ئالىيا مەزگى-
لىدىكىگىمۇ يەتمىدى.

1932 - يىلى پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ
سانى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، 10 مىڭغا يېتىپ، 1931 -
يىلىدىكىدىن بىر ھەسسە ئېشىپ كەتتى. تارىخشۇناسلار بۇ يىلنى
بەشىنچى قېتىملىق ئالىيانىڭ باشلىنىشى دەپ بېكىتتى. بۇ قې-
تىمقى يېڭى كۆچمەنلەر دولقۇنى دۇنيا زىئونىزمچىلار تەشكىلاتى
ۋە يەھۇدىيلار ۋەكالەتخانىسىنىڭ ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق
كۆرسىتىشى ۋە پەلەستىن ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا ئاساسلىقى سىرتقى قوزغى-
تىش كۈچى — فاشىزمنىڭ گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىدە باش كۆتۈ-
رۈپ چىقىشى سەۋەب بولدى. گىتلېر 1933 - يىلى گېرمانىيە-
نىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇن
قوزغىدى. بۇ يىلى پەلەستىنگە كەلگەن يەھۇدىيلار 30 مىڭدىن
ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گېرمانىيىدىن كەلگەنى-
دى. بۇلار ئادەتتىكى كۆچمەن ئەمەس، بەلكى مۇساپىرلار ئىدى.
1934 - يىلى باشپاناھ ئىزدەش دولقۇنى داۋاملىق تەرەققىي قى-
لىپ، ئوتتۇرا ياۋروپادىن پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىيلار
43 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 1935 - يىلى ناتسىست گېرمانىيە-
سىنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكىتى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈل-
دى. شۇ يىلى ئېلان قىلىنغان نيۇرنبېرگ پەرمانىدا يەھۇدىيلار
پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن پەلەس-
تىنگە كەلگەن يەھۇدىي مۇساپىرلىرىنىڭ سانى 61 مىڭ 844 كە
يېتىپ، رېكورت يارىتىلىپ، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى
ئارىلىقىدىكى يىگىرمە يىلدا پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىي-

لارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بىر يىل بولدى. 1936 - يىلى پەلەستىنى-
دە ئەرەبلەر يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشىگە قارشى تۇرىدىغان
چوڭ قوزغىلاڭ پارتلىغانلىقتىن ئەنگلىيە دائىرىلىرى يەھۇدىيلار-
نىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشىنى چەكلەشكە باشلىدى. شۇ
يىلى پەلەستىنگە قانۇنلۇق كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىيلار 30 مىڭغا
چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بەشىنچى قېتىملىق ئالىيانىڭ
بىرىنچى باسقۇچى ئاخىرلاشتى. مۇشۇ بەش يىلدا 190 مىڭدىن
200 مىڭغىچە يەھۇدىي پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلدى. شۇنىڭ بى-
لەن پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ سانى بىر قاتلاندى. 1937 -
يىلدىن 1939 - يىلغىچە ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمران
دائىرىلىرى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كېلىشىنى بارغانسېرى
قاتتىق چەكلىدى، بۇ چاغدا ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى
زوراۋانلىقى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇرۇش ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا
قىستاپ كەلدى. چېگرىدىن كىرىش ئىجازەت خېتى ئالالمىغان
نۇرغۇن يەھۇدىيلار قانۇنسىز ۋاستىلەرنى قوللىنىپ پەلەستىنگە
كېلىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئۈچ يىلنى بەشىنچى قېتىملىق
ئالىيانىڭ 2 - باسقۇچى، يەنى قانۇنلۇق كۆچمەنلەر ئازايغان،
قانۇنسىز كۆچمەنلەر كۆپەيگەن باسقۇچى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.
قانۇنسىز كۆچمەننىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم
بولمىغاچقا، بۇ ئۈچ يىلدا پەلەستىنگە كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ
توغرا سانىنى ستاتىستىكا قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى. ھەر تەرەپ-
تىكى ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۆلچەرلىگەندە ھەر يىلى
20 مىڭدىن، ئۈچ يىلدا 50 - 60 مىڭ ئادەم كەلگەن. 1939
- يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇش پارتلىغاندا، بەشىنچى قېتىملىق
ئالىيا توختىدى.
ئالدىنقى نەچچە قېتىملىق ئالىياغا سېلىشتۇرغاندا، بەشىن-
چى قېتىملىق ئالىيا تۆۋەندىكىدەك روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئى-
گە: بىرىنچىدىن، كۆلىمى مىسلىسىز بولدى. ستاتىستىكىلار-



دىن قارىغاندا، بەشىنچى قېتىملىق ئالىيا مەزگىلىدە ھەر خىل
يوللار ئارقىلىق پەلەستىنگە كەلگەن كۆچمەن (مۇساپىر) لار سا-
نى 250 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى (بەزىلەر 300 مىڭ دەيدۇ).
بۇ سان ئۆتكەنكى ئالىيالار مەزگىلىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ ئومۇمىي
سانىدىن ئېشىپ كەتتى. ئىككىنچىدىن، كىرگەن مەبلەغ كۆپەي-
دى. يەھۇدىيلار گېرمانىيىدە تىرىكچىلىك قىلىش ھوقۇقىدىن
مەھرۇم قىلىنغاچقا، پەلەستىنگە كۆچكەن مۇساپىرلار ئېلىپ
كېتىشكە بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى گېرمانىيىدىن ئېلىپ كې-
تىشنىڭ ئىلاجىنى قىلدى. بىرىنچى باسقۇچتا (1932 - يىلدىن
1936 - يىلغىچە) شۇنداق قىلىشقا بولاتتى. كېيىن ناتسىستلار
مال - مۈلۈكنى ئېلىپ چېگرىدىن چىقىپ كېتىشنى قاتتىق چەك-
لىدى، شۇنىڭ بىلەن 1931 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە يەھۇدىي
مۇساپىرلىرى پەلەستىنگە ئېلىپ كەلگەن مەبلەغ 35 مىليون فوند
ستېرلىڭغا يەتتى. ۋەھالەنكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئون يىلدا
(1921 - يىلدىن 1931 - يىلغىچە) پەلەستىنگە كىرگەن مەب-
لەغ 20 مىليون فوند ستېرلىڭ بولغانىدى. نۇرغۇن مەبلەغنىڭ
كېلىشى پەلەستىندە يەھۇدىيلارنىڭ «مىللىي يۇرتى» نى شەكىل-
لەندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پۇختا ئىقتىسادىي ئاساس
سېلىپ بەردى. ئۈچىنچىدىن، مەدەنىيەت قاتلىمى يۇقىرى بول-
دى. بۇ قېتىمقى ئالىيا مەزگىلىدە گېرمانىيىدىن پەلەستىنگە
كەلگەن يەھۇدىيلار ئىچىدە پروفېسسور، دوختۇر، ئادۋوكات،
ئىنژېنېر، يازغۇچى، مۇزىكانت، مۇخبىر، تېخنىك قاتارلىقلار
كۆپ بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەلقئارادا تونۇلغان ئالىملارمۇ
بولۇپ، پەلەستىندىكى يەھۇدىيلار «مىللىي يۇرتى» نىڭ مەدەنى-
يەت، پەن - تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىن تەرەققىي
قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. تۆتىنچىدىن، ئولتۇراق-
لىشىش رايونلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. گېرمانىيىدىكى يەھۇ-
دىي مۇساپىرلىرى نۇرغۇن پۇل ۋە مال - مۈلۈك ئېلىپ كەلگەنلى-

كى، دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىمۇ يەھۇدىي مۇساپىرلىرىغا ياردەم
بېرىش ئۈچۈن مەبلەغ سالغانلىقى ئۈچۈن، بەشىنچى قېتىملىق
ئالىيا مەزگىلىدە يەھۇدىيلار پەلەستىندە كۆپلەپ يەر سېتىۋالدى.
1933 - يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا سېتىۋالغان
يېرى 172 مىڭ 12 دۇنامغا يەتتى. 1937 - يىلىدىن كېيىن
ناتسىست دائىرىلىرى يەھۇدىيلارنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىش
سىياسىتىنى قوللانغانلىقتىن، نۇرغۇن يەھۇدىيلار پەلەستىنگە
قۇرۇق قول كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قانۇنسىز كۆچمەنلەر
بولغاچقا، چوڭ شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشالماي، يېڭى سېتىۋې-
لىنغان يەرلەرگە بېرىپ ئولتۇراقلاشتى. كېيىن ئاۋاتلاشقان بە-
زى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىنى مۇشۇ مەزگىلدە گېرمانىيىدىن
كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىي مۇساپىرلىرىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى-
دىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.
1917 - يىلى بالفور خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغاندىن 1937
- يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغۇچە كۆلىمى بىر -
بىرىدىن چوڭ بولغان ئۈچ قېتىملىق ئالىيادا پەلەستىندىكى يەھۇ-
دىيلار يىگىرمە يىلدا 23 مىڭدىن 450 مىڭغا كۆپەيدى ( بەزىلەر
500 مىڭ دەيدۇ)، شۇنىڭ بىلەن يىشۇۋ ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان
ئادەم كۈچى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقىغا ئىگە بولۇپ،
ئىسمى - جىسمىغا باب كېلىدىغان يەھۇدىيلار «مىللىي يۇرتى»
نىڭ شەكىللىنىشىگە نوپۇس ئاساسى سېلىندى.

## 2 § . پەلەستىندە يەھۇدىيلار «مىللىي يۇرتى» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

### 1 . ئىقتىسادىي تەرەققىيات

نۇرغۇن يەھۇدىي كۆچمەنلەر ئېلىپ كەلگەن مەبلەغنىڭ پە-
لەستىنگە كىرىشىگە ئەگىشىپ، يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلى-



رىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى تېز ئاشتى. يەھۇدىيلار باشقۇرغان يېزا
ئىگىلىكى، سانائەت، سودا ۋە تاشقى سودا تېز تەرەققىي قىلدى.
دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى ۋە يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى دۆ-
لەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇساپىسىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، پە-
لەستىندە يەر سېتىۋېلىش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلى-
كىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى قوللاندى. 1921 - يىلى-
دىن 1939 - يىلىغىچە يەھۇدىي مىللىي فوند جەمئىيىتى ۋە
پەلەستىندە تېرىقچىلىق قىلىش فوند جەمئىيىتى ئەرەبلەردىن
843 مىڭ 854 دۇنام يەر سېتىۋالدى. بۇ سان مانداتلىق ھۆكۈمە-
ران دائىرىلىرى يەھۇدىيلارغا رۇخسەت قىلغان ۋە ئىجارىگە بەر-
گەن يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. نۇرغۇن يەھۇدىيلار بۇ يەر-
لەرگە كېلىپ، زەيكەش چېپىپ، تاشلارنى يۆتكەپ، شور تازى-
لاپ، ئوغۇتلاپ يەرنى مۇنبەتلەشتۈرۈپ، ھەر خىل زىرائەتلەرنى،
بولۇپمۇ ماندارىن، لىمون، ئاپېلسىن قاتارلىق مېۋىلەرنى ئۆس-
تۈردى. باشتا نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئۆز ئالدىغا يەككە ئىشلىدى،
لېكىن تەجرىبىسى كەم بولغاچقا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرى-
دى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتىكى ئەرەبلەر بىلەن سۈركىلىپ
خاتىرجەم بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي تەشكىللىنىپ،
ئەجدادلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، نۇرغۇن مۇشاۋىم ۋە كىببۇزلارنى
قۇردى. بۇ ھەمكارلىق ياكى كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش تەشكى-
لاتلىرى كۆچمەنلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا تېز تە-
رەققىي قىلىپ، پەلەستىندىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى-
نىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ماندارىننى مىسالغا ئال-
ساق، 1925 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە مەھسۇلات ئالتە ھەسسە
كۆپەيدى. 30 - يىللارغا كەلگەندە ماندارىن ئىشلەپچىقىرىش
تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى. 1929 - يىلىدىكى ماندارىن
مەھسۇلاتى ئىككى مىليون 897 مىڭ 686 يەشىك بولغان بولسا،
1937 - يىلى 11 مىليون 408 مىڭ 964 يەشىككە يېتىپ، نەچچە

قاتلىنىپ، كۆپ قىسمى ئېكسپورت قىلىنىدى. ئىككىنچى دۇنيا
ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى پەلەستىن ھەر يىلى ئون مىليون
يەشىك ماندارىن ئېكسپورت قىلىپ، تاشقى پىرېۋوتنىڭ %90
تىن كۆپرەكىنى شۇنىڭدىن تاپتى. يەھۇدىيلارنىڭ يەرنى كۆپ
سېتىۋېلىشى بىلەن نۇرغۇن ئەرەبلەرنىڭ يەردىن ئايرىلىپ قېلى-
شى ئەرەبلەرنىڭ يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ پەلەستىنگە كېلىشىگە
قارشى تۇرۇشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولدى. ئەلۋەتتە، يەھۇدىيلار
ئىگە بولغان يەرلىرىدە بەزىدە ئەرەبلەرنىمۇ ياللاپ ئىشلەتتى.
مەسىلەن، 1933 - يىلى ماندارىنلىقنى كېڭەيتىشكە توغرا كەل-
گەنلىكتىن يەھۇدىيلار بەش مىڭدىن ئارتۇق ئەرەبنى ئىشلەتتى.
لېكىن، يەردىن ئايرىلىپ قالغان زور كۆپ ساندىكى ئەرەب دېھ-
قانلىرى ئىش تاپالمىغانلىقتىن، يۇرتىنى تاشلاپ، شەھەرلەرگە
كىرىپ كەتتى.

يېشوۋ سانائىتىنىڭ ھەقىقىي گۈللىنىشى ئۈچىنچى قېتىم-
لىق ئالىيا مەزگىلىدە باشلاندى. تۆتىنچى، بەشىنچى قېتىملىق
ئالىيا مەزگىلىدە خېلى چوڭ تەرەققىي قىلدى. دۇنيا ئۇرۇشىدىن
كېيىنكى دۇنيا ئىقتىسادى ئەسلىگە كېلىۋاتقان ئەھۋالدا، ئۈچىن-
چى قېتىملىق ئالىيا بۇرۇنقى ئالىيالاردەك يېزا ئىگىلىكىگە ئەھ-
مىيەت بېرىپ كەتمەي، سانائەت، سودىغا ئەھمىيەت بەردى.
1920 - يىلى قۇرۇلغان «پەلەستىن رايونىدىكى يەھۇدىي ئىشچى-
لىرى باش ئۇيۇشمىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ يەھۇدىي ئىشچى-
لار ئۇيۇشمىسى دېيىلىدۇ) شۇ چاغدا يەھۇدىي سانائەت، سودىسى-
نىڭ گۈللىنىش ۋە يەھۇدىي ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يېتىلىش
ئېھتىياجىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن. كېيىن ئۇ پەلەستىنىنىڭ
سانائىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ھەتتا پۈتكۈل ئىگىلىكنى تە-
رەققىي قىلدۇرىدىغان مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى. تۆتىنچى،
بەشىنچى قېتىملىق ئالىيادا پولشا ۋە گېرمانىيىدىن كەلگەن يە-
ھۇدىي سانائەتچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى ئۆزىنىڭ پۇلى ۋە تەجرى-



بىسى بىلەن سانائەت ۋە سودىنىڭ گۈللىنىشىنى داۋاملىق ئالغا
سۈردى. ئۇلار تېلئاۋىۋ، ھايفا، ئېرۇسالېم قاتارلىق چوڭ شە-
ھەرلەردە دۇكان ئاچتى، زاۋۇت قۇردى، ئاممىۋى ئىشلارنى
تەرەققىي قىلدۇردى. ئالدى بىلەن بىناكارلىق گۈللەندى، ھەممە
يەردە ئەۋج ئالغان ئۆي سېلىش، يول ياساش دولقۇنى بىناكارلىق
ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈر-
دى. تۆۋەن قاتلامدىكى نۇرغۇن يەھۇدىيلار ۋە يەرسىز قالغان
ئەرەب دېھقانلىرى بىناكارلىق ئىشچىلىرى قوشۇنىغا كىردى.
يەھۇدىي ئىشچىلار باش ئۇيۇشمىسى 1923 - يىلى قۇرغان بىنا-
كارلىق شىركىتى ئۆزىنىڭ پولات پروكاتلاش، سېمونت، ئەينەك
ۋە خىمىيە سانائىتى زاۋۇتلىرىغا ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى 50 مىڭ
يۇرۇش ئولتۇراق ئۆينى پۈتكۈزەلىدى. باشقا سانائەتلەرمۇ تېز
تەرەققىي قىلدى. بىر تۈركۈم يەھۇدىي تېخنىكلار ئۆلۈك دېڭىز-
دىكى كالىي، شور قاتارلىق بايلىقلارنى پائال ئاچتى ھەمدە زاۋۇت
قۇردى. 1939 - يىلى كالىينىڭ يىللىق مەھسۇلاتىنى 63 مىڭ
500 تونىغا يەتكۈزۈپ ئېكسپورت قىلىشقا باشلىدى. 1935 -
يىلى ئىراقتىن ھايفاغىچە نېفىت تۇرۇبىسى ئۇرناتتى. شۇنىڭ
بىلەن پەلەستىندە كىچىك تىپلىق نېفىت چەككىلەش زاۋۇتلىرى
قۇرۇلدى. يەھۇدىي ئىشچىلىرى باش ئۇيۇشمىسى ئالدى بىلەن
دېڭىزدا بېلىق تۇتۇش ئەترىتى ۋە دېڭىز ترانسپورت شىركىتى
تەشكىللىدى، ھەتتا پەلەستىن خەلق ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇر-
ماقچى بولدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىقى، برىليانت پىششىق-
لاپ ئىشلەش، سەرەڭگە، تاماكا، مېتاللورگىيە، يېمەكلىك قا-
تارلىق سانائەتلەرمۇ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى. سانائەتنىڭ
تەرەققىي قىلىشى ئېنېرگىيىگە بولغان ئېھتىياجنى ئاشۇرۇۋەت-
تى. ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى بولغان ئېلېكتر قۇۋۋىتى-
نىڭ سەرپ قىلىنىشى 1931 - يىلىدىكى ئۈچ مىليون كىلوۋات
سائەتتىن 1939 - يىلى 25 مىليون كىلوۋات سائەتكە كۆپەيدى.

مەشھۇر يەھۇدىي مۇتەخەسسىس پىنچاش رودىنبېرگ لايىھىلىگەن
ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىپ
توك چىقىرىپ، پەلەستىننىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى
زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. بەشىنچى قېتىملىق ئالىيا ئاخىرلاشقان-
دا سانائەت مەھسۇلاتى قىممىتى ئون مىليون فوند ستېرلىڭغا
يەتتى.

1939 - يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگە-
رى پەلەستىننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسى
ئوتتۇرا شەرق بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. بىرنەچچە
قېتىملىق كرىزىسنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، پۈتكۈل ئى-
گىلىك تەرەققىي قىلىپ ماڭدى. شۇ چاغدا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ
ھۆكۈمەت مالىيىسىدە ناھايىتى چوڭ قىزىل رەقەم كۆرۈلگەن
بولسىمۇ، لېكىن پەلەستىندىكى مانداتلىق ھۆكۈمران دائىرىلىرى
پايدىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتى. ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشى بول-
غانلىقتىن، پەلەستىننىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئوتتۇرا شەرق را-
يونى بويىچە خېلى يۇقىرى بولدى. يەھۇدىي ئىشچىلىرى باش
ئۈيۈشمىسى باشقۇرغان سودا - سېتىق تورلىرى ھەممە شەھەرلەر-
گە يېيىلدى. 1932 - يىلى تېلئاۋىفتا ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا
دېڭىز تاۋار يەرمەنكىسىگە 1300 شىركەت قاتناشتى. 1939 -
يىلى تېلئاۋىفنىڭ ئاھالىسى 150 مىڭغا يېتىپ، «دۇنيا بويىچە
بىردىنبىر ساپ يەھۇدىيلار شەھىرى» دەپ ئاتالدى. پەلەستىننىڭ
ئاممىۋى قاتناش، يېمەك - ئىچمەك ۋە ساياھەت ئىشلىرىمۇ
20 -، 30 - يىللاردا تېز تەرەققىي قىلدى.

1939 - يىلغا كەلگەندە يەھۇدىيلار سان جەھەتتە ئەرەبلەر-
دىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن پەلەستىندىكى 80% تىن ئارتۇق
سانائەتنى، ئەڭ مۇنبەت يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنى، ئاساسلىق
سودا تورلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، تاشقى سودا قاتارلىق
ئىقتىسادنىڭ جان تومۇرلىرىنى ئىگىلەپ، «مىللىي يۇرت» نىڭ



ئىقتىسادىي ئاساسىنى تەدرىجىي ھازىرلىدى.

## 2. مەدەنىيەت تەرەققىياتى

يىشۇۋنىڭ تېز كېڭىيىشى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشى
يەھۇدىي مەدەنىيىتىنىڭ پەلەستىندىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈردى. يەھۇدىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل يەھۇدىي
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مىللىي ساپاسىنى ۋە ئۇيۇشۇش
كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆز نۆۋىتىدە يىشۇۋ ئىقتىسادىي
جەمئىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن
پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ «مىللىي يۇرتى» نىڭ شەكىللىنىشى
ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇستەھكەم مەنىۋى تۈۋرۈك تۇرغۇزدى.

يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى مائارىپنىڭ قىممىتىگە
ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. يىشۇۋنىڭ داھىي-
لىرىمۇ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇندىكى
چوڭ ئىش، دەپ قارىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ،
پېداگوگىكا مەكتىپى، كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەش مەكتىپى ۋە
يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مائارىپ
سىستېمىسى 20 - يىللاردا پەلەستىندە قۇرۇلۇپ، 30 - يىللاردا
يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ھەربىر يەھۇدىي بالىسى ھېچبول-
مىغاندا باشلانغۇچ مائارىپنى تاماملىدى. مائارىپ تورىنىڭ مۇ-
ھىم نۇقتىسى يىشۇۋ يېڭى كۆچمەنلەرنى كەسپىي جەھەتتىن تەر-
بىيىلەشكە قارىتىلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا، بىناكارلىق ئو-
رۇنلىرىغا ۋە زاۋۇتلارغا يېڭىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ كەسپىي
سەۋىيىسىنى قىسقا ۋاقىتتا تېز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىق-
تىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس-
لاشتۇردى. پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ تۇنجى ئالىي مائارىپ
يۇرتى — ئىبرانىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى
1918 - يىلى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېرۇسالېمدا تەنتەنىلىك

ئۆتكۈزۈلدى. ئەنگلىيىنىڭ ئارمىيە ۋەكىلى ۋە يەھۇدىيلار، مۇسۇلمانلار، خرىستىئانلار ئىچىدىكى مەشھۇر زاتلار مۇراسىمغا قاتنىشىپ تەبرىكلىدى. مۇراسىمدا ۋېيزمان سۆز قىلىپ، ئىبرانىي ئۇنىۋېرسىتېتى «يەھۇدىيلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەركىزى» بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ مەكتەپنى سېلىش جەريانىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلار نۇرغۇن ئىئانە بەردى. . نۇرغۇن ئوقۇتۇش بىنالىرى ئىئانە بەرگەنلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. 1925 - يىلى بۇ مەكتەپ پۈتتى. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا بالفور ئۆزى كېلىپ قاتناشتى ھەم تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. 30 - يىللارغا كەلگەندە ئىبرانىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا شەرقتە ئوقۇتۇش سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يىشۇۋغا ۋە پەلەستىنگىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىغىمۇ بىرىنچى قاتاردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە 1924 - يىلى ھايفادا قۇرۇلغان ئىسرائىلىيە قۇرۇلۇش تېخنىكا ئىنستىتۇتى ۋە 1925 - يىلى رېخوۋوتتا قۇرۇلغان دانىئېل سىئاف تەتقىقات مەركىزى يىشۇۋنىڭ تەبىئىي ۋە تېخنىكىلىق پەنلەر مائارىپىغا ۋە پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىغا ئاساس سېلىپ بەردى.

ئەنگلىيە دائىرىلىرى 1920 - يىلى ئىبرانىي تىلىنى پەلەستىندە ھۆكۈمەت قوللىنىدىغان ئۈچ تىل (يەنە ئىككىسى ئىنگلىز تىلى ۋە ئەرەب تىلى) نىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىبرانىي تىلى پەلەستىندە ناھايىتى تېز ئومۇملاشتى. 30 - يىللارغا كەلگەندە يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىدا ئىبرانىي تىلىدا سۆزلەش ئاڭلىق قائىدىگە ئايلاندى، بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلار ئەيىبلەندى. بالىلارنىڭ ھەممىسى ئىبرانىي تىلىدا سۆزلەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارمۇ ئىبرانىي تىلىنى يېڭىۋاشتىن



ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۇ قەدىمكى تىل قىسقىغىنا نەچچە ئون يىلدا قايتىدىن گۈللىنىپ، ئىبرانىي مەدەنىيىتى پەلەستىندە مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى. ئىبرانىي تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن مەشھۇر شائىرلار، يازغۇچىلار، ئالىملار ۋە ئەدىبلەر بەس - بەستە پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار ئىبرانىي تىلىنىڭ «ئانا ماكانى» دا ئۆز ماھارەتلىرىنى ئىپادىلەپ، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئىبرانىي تىلىغا تەرجىمە قىلدى. تېلئاۋىۋ ئىبرانىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات مەركىزى بولۇپ قالدى. ئۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا نۇرغۇن گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىندى. تىياتىرلار قويۇلدى. ھەر جۈمە كۈنى كەچتە ئىبرانىي ئەدەبىيات كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى.

مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت، ئۇسسۇل قاتارلىقلارمۇ بۇ مەزگىلدە جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى. 30 - يىللاردا گېرمانىيىدىن نۇرغۇن يەھۇدىي مۇزىكانتلار پەلەستىنگە قېچىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يىشۇۋنىڭ مۇزىكا پائالىيىتى مىسلىسىز جانلاندى ھەم دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سەۋىيىگە يەتتى. پەلەستىندىكى يەھۇدىي ئۇسسۇلچىلىرى شۇ يەردىكى قەدىمكى يەھۇدىيلارنىڭ خەلق ئۇسسۇلى بىلەن ياۋروپاغا چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلار ئۇسسۇلىنىڭ ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، ئۆزگىچە يىشۇۋ ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئىجاد قىلدى.

يىشۇۋ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىبرانىي مەدەنىيىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يەھۇدىيلار ئالغاچ كەلگەن غەيرىي يەھۇدىي مەدەنىيەتلىرىنىمۇ يۇغۇرۇپ، كۆپ مەنبەلىك، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان پەلەستىننىڭ يەھۇدىي مەدەنىيەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

## 3. «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت»

ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ،
يىشوۋنىڭ ئىجتىمائىي ئاپتونومىيە قۇرۇلمىسىمۇ كۈنسايىن مۇ.
كەممەللىشىپ ۋە پىشىپ باردى. ياۋروپادىكى يەھۇدىيلار نەچچە
ئەۋلادتىن ياشاپ كەلگەن ماكانلىرىدىن قوغلانغاندا، يەھۇدىيلار.
نىڭ تەشكىلى پۇختا، گۈللەنگەن «مىللىي يۇرتى» پەلەستىندە
رېئاللىققا ئايلاندى ھەم داۋاملىق پۇختا تەرەققىي قىلدى.

1920 - يىلى دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ پائال قوللىشى
بىلەن شۇ چاغدا ئاران نەچچە ئون مىڭ ئادىمى بولغان پەلەستىندى.
كى يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتى مىللەت ۋەكىللىرى
كېڭىشىنى سايلاپ چىقتى. بۇ كېڭەش مىللىي كومىتېتنى ۋەزى.
پىگە تەيىنلەپ، پەلەستىندىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىش.
لىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق
ھۆكۈمران دائىرىلىرى بۇ كومىتېتنىڭ يىشوۋنىڭ ۋەكىلى ئىكەن.
لىكىنى ئېتىراپ قىلدى. دىنىي ئىشلار ئالاھىدە بولغانلىقتىن،
يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتى باش رابىي ۋە رابىيلار سو.
دىيىسىنى سايلاپ چىقىپ مىللىي كومىتېتنىڭ دىنىي مەسىلىلەر.
نى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملەشتۈردى. زىئونىزمغا قارشى
تۇرىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئورتودوكسال يەھۇدىيلار ئىسرا.
ئىلىيە ئاگۇدات پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللەت ۋەكىللىرى
كېڭىشى ۋە مىللىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى
رەت قىلدى. لېكىن، كېڭەش ۋە كومىتېت پەلەستىندىكى مۇتلەق
كۆپ سانلىق يەھۇدىيلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئاساسىي جەھەتتىن ۋە.
كىللىك قىلالىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى
1929 - يىلى پەلەستىندە يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى قۇردى. بۇ
ئورگاننى قۇرغاندا خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئەنگلىيىگە بەرگەن مان.
داتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش گۇۋاھنامىسىنىڭ 4 - ماددىسىنى



قانۇنىي ئاساس قىلدى. مۇشۇ ماددىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يەھۇ.
دىيلار ۋاكالەتخانىسى ئەمەلىيەتتە مانداتلىق ھۆكۈمران دائىرىلى.
رى ئېتىراپ قىلغان پەلەستىن يەھۇدىيلىرىنىڭ بىردىنبىر رەس.
مىي ۋەكىلى بولدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى
پەردە كەينىدىن پەردە ئالدىغا چىقىپ، يىشوۋنىڭ ھەممە ئىشلىرى.
نى بىۋاسىتە باشقۇرۇشقا باشلىدى. دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى.
نىڭ رەئىسى ۋاكالەتخانىنىڭ تەبىئىي رەئىسى بولىدىغانلىقى ئۈ.
چۈن، ۋېيزمان يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ تۇنجى رەئىسى بول.
دى. دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى كەڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتكە
ۋە مول ئىقتىسادىي كۈچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەجرىبىلىك، قابىل
رەھبەرلىك گۇرۇھىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدىيلار ۋاكا.
لەتخانىسى ئەسلى زىئونىزمنى قوللىمايدىغان يەھۇدىيلار بىلەن
ئىتتىپاقلاشتى. ئۇنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى كېڭەش ۋە كومىتېتى.
نىڭ خىزمەت ئۈنۈمىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. 1929 - يىلىدىن
1939 - يىلىغىچە بولغان ئون يىلدا يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى
يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشىگە ياردەم قىلىش،
ئىبرانىي تىل مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈ.
رۈش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، يىشوۋنىڭ
ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قاتارلىق غايەت زور
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە پەلەستىندىكى «يەھۇ.
دىيلار ھۆكۈمىتى» بولۇپ قالدى.

پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى ۋە
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىمۇ «مىللىي يۇرت» نىڭ تەرەققىي قىلى.
شىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆزىگە خاس رولىنى جارىي قىلدۇر.
دى. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەھۇدىيلارنىڭ باش
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەم ئىشچىلار تەشكىلاتى، ھەم سوتسىيا.
لىزم خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىي سىياسىي تەشكىلات، ئەمەلىي
كۈچكە ئىگە ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇپ، باشقۇرۇش دائىرىسى

سانائەت، سودىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، دائىرىسىنى
يېزا ئىگىلىكى، بىناكارلىق، قاتناش، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە،
مائارىپ، سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا
قاتارلىق ساھەلەرگە كېڭەيتتى. 1912 - يىلى ئامېرىكىدا قۇرۇل-
غان ئاياللار زىئونىزم تەشكىلاتى پەلەستىندە نۇرغۇن ئاياللارنى
قوبۇل قىلىپ، تارماق ئورگانلىرىنى قۇردى. دۇنيانىڭ ھەرقاي-
سى جايلىرىدىكى، بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ مەبلەغ
ئىئانە قىلىشى ئارقىلىق يىشۇۋنىڭ داۋالاش - سەھىيە ئىشلىرىنى
تەرەققىي قىلدۇردى. شۇ چاغدا پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ئىلغار ھەم يۇقىرى ئۈنۈملۈك داۋا-
لاش، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا،
ئاممىۋى سەھىيە، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تورىغا ئىگە بولدى.
بۇنىڭدىن باشقا، ياشلار، ئۆسمۈرلەر، ئوقۇغۇچىلار، تەنتەربىيە،
ئەدەبىيات - سەنئەت، مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى قاتلام، ھەرقاي-
سى كەسىپ، ئوخشاشمىغان ياشتىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپ-
قان، ھەر خىل دۆلەتلەر ۋە رايونلاردىن كەلگەن كۆچمەنلەردىن
تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. ئۇلار ئۆز يولى
ئارقىلىق، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىج-
تىمائىي تەشكىلاتلىرىدىن، بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىدىن نۇرغۇن ئىئانە توپلىدى ھەمدە ئۆز-
لىرى ئالاقە قىلغان ئاما ئىچىدە يىشۇۋنىڭ ئىقتىساد، مەدەنى-
يەت، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە تۆھپە
قوشتى.

ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۈن-
سايىن ئۆتكۈرلىشىشىگە ئەگىشىپ (كېيىنكى بابتا مەخسۇس مۇ-
شۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىمىز) يىشۇۋنىڭ ئۆزىنى قوغ-
داش ئىقتىدارىمۇ كۈنسايىن كۈچەيدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى
ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يىشۇۋنىڭ داھىيلىرى بۇرۇن قۇرۇلغان



ئولتۇراق رايونلىرىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىللىرىنى ئاساس
قىلىپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنگلىزلار قۇرغان يەھۇدىيلار قو-
شۇنىدىن بوشانغان ئوفىتسىر - ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىپ،
يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئەترەتلىرىنى قۇردى. زىئونىزم
تەشكىلاتى 1920 - يىلى يوشۇرۇن غەيرىي رەسمىي ھەربىي قى-
سىم — خاگانا (خاگانا ئىبرانىيچە سۆز بولۇپ «ئۆزىنى قوغ-
داش» دېگەنلىك بولىدۇ) قۇرۇپ، يىشۇۋنىڭ بىخەتەرلىكىنى
قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1931 - يىلى خاگانادىن
بىر قىسىم ئوڭ قانات ئەسەبىيلەر بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئىرگۇن
زىۋاي لېئۇمى (ئىبرانىي تىلىدا «مىللىي ھەربىي تەشكىلات»
دېگەنلىك بولىدۇ، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئىرگۇن دېيىلىدۇ)
قۇردى. بۇ تەشكىلمۇ مەخپىي قوراللىق كۈچ بولۇپ، ھۇجۇم
قىلىش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلەرنى كۆپ قوللاندى. بەزىدە تېر-
رورلۇق تۈسىنى ئالغان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇملارنى قىلدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا، يىشۇۋدىن ئىبارەت
بۇ يەھۇدىيلارنىڭ «مىللىي يۇرتى» ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىقتىسا-
دىي سىستېمىسىغا، مەدەنىيەت تورىغا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلى-
رىغا، قوراللىق كۈچلىرىگە، ھەتتا ئەمەلىيەتتىكى ئاپتونومىيە
ھۆكۈمىتىگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ۋېيزمان، بېن گۇرىئون، مو-
سى شارېت قاتارلىق رەھبەرلىرى خەلقئارادىكى دىپلوماتىيە ساھە-
سىدە مىللەت (دۆلەت) نىڭ ئەمەلىي ۋەكىللىك ئورنىدىن بەھرى-
مەن بولدى. شۇڭا، قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن، بۇ «مىللىي
يۇرت» ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى «دۆلەت
ئىچىدىكى دۆلەت» بولۇپ قالدى.

ئالتىنچى باب

# ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار توقۇنۇشىنىڭ تەدرىجىي ئۆرلىشى ۋە ئەنگلىيە سىياسىتىنىڭ تەڭشىلىشى

بەزى ئەسەرلەردە بالفور خىتابنامىسى ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە يولغا قويغان سىياستىنىڭ ئاساسى دېيىلىدۇ. بۇنداق قاراش بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا تېزرەك غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە سىياسىيئونلىرى بىر - بىرىگە زىت كېلىدىغان بىر قاتار مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالدى. بالفور خىتابنامىسى شۇلارنىڭ بىرى، خالاس. پەلەستىندە يەھۇدىيلارنىڭ «مىللىي يۇرتى» قۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى ئەرەبلەرگە بۇنداق قىلىشنىڭ پەلەستىندىكى ئەرەبلەرنىڭ مەنپەئىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدىغانلىقى توغرىسىدا تەكرار كاپالەتلىك قىلدى ھەمدە ئۇرۇشتىن كېيىن پەلەستىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق جايلاردا مۇستەقىل ئەرەب دۆلىتى قۇرۇشنى قوللاش توغرىسىدا ۋەدە بەردى. لېكىن، ئۇرۇشتىن كېيىن ئىنگلىزلار پەلەستىنگە ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق كەڭ زېمىنگە ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى باشلىغاندا، بۇ بىر - بىرىگە زىت كېلىدىغان ۋەدىلەرنى نەقلەشتۇرۇشنىڭ قانچىلىك تەس ئىكەنلىكىنى بىلدى. بولۇپمۇ پەلەستىندە يەھۇدىي كۆچمەنلىرى كۆپە-



يىپ، «يەھۇدىيلىشىش» تېز تەرەققىي قىلغاندا، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى ھەمدە كەڭ كۆلەمدىكى توقۇنۇشقا كۆتۈرۈلدى. ئەنگلىيە بۇنىڭغا تاقابىل تۇرالماي، سىياسىتىنى تەڭشەشكە مەجبۇر بولدى. دېمەك، بالفور خىتابنامىسى يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىنى قايتىدىن قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىتابنامىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىن سىياسىتىگە بولغان ماھىيەتلىك تەسىرى ناھايىتى كىچىك بولدى. ئەمەلىيەتتە ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى 20 يىلدا ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىنگە قاراتقان سىياسىتى ئىزچىل تۈردە ئۈزلۈكسىز تەڭشىلىش داۋامىدا تۇردى. ئەگەر بۇ سىياسەتتە قانداقتۇ «ئاساس» بار دېيىلسە، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش، ئەنگلىيىنىڭ بۇ رايوندىكى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىنى قوغداش بولدى.

## 1 § . ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى دەسلەپكى سۈركىلىش ۋە ئەنگلىيە سىياستىنىڭ «ئازراق تەڭشىلىشى»

### 1 . ئەرەبلەر پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى دەسلەپكى سۈركىلىش

بالفور خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈشىنى ئاكتىپ قوللاش بىلەن بىللە، ئەنگلىيە ۋە دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەرەبلەرنى خاتىرجەملەندۈردى، ئۇلاردىكى دەككە - دۈككىچىلىكنى تۈگىتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلدى. ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈ-

مەت ۋەكىلى D. G خوگگارت 1918 - يىلى 1 - ئايدا جىددەگە
كېلىپ ھېجاز پادىشاھى ھۆسەيىنگە[①] : بالفور خىتابنامىسى بى-
لەن ئەنگلىيىنىڭ بۇرۇن ئەرەبلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ زىت
ئەمەسلىكىنى، پەلەستىنىدە يەھۇدىيلارنىڭ «مىللىي يۇرتى» نى
قۇرۇش ھازىرقى ئاھالىسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەركىن-
لىكىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
1918 - يىلى 3 - ئايدا ۋېيزمان دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى
كومىتېتىنى باشلاپ پەلەستىنگە ماڭغاندا قاھىرەدىن ئۆتكۈچە ئۇ
يەردە مىسىر ۋە پەلەستىنىنىڭ ئەرەب رەھبەرلىرى ۋە مۇسۇلمان
مەشھۇر زاتلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا زىئو-
نىزم تەشكىلاتىنىڭ پەلەستىننى كونترول قىلىۋالمايدىغانلىقىغا
ھەم ئۇ يەردە دەرھال يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرمايدىغانلىقىغا كاپا-
لەت بەردى. پەلەستىندىكى يەھۇدىي مەكتەپلىرىنىڭ ئەرەبلەرگە-
مۇ ئېچىلىۋېتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. 4 - ئاينىڭ
27 - كۈنى ئۇ پەلەستىندە سۆز قىلىپ: «ئەرەبلەر ئاشكارا ياكى
مەخپىي ئىپادىلەۋاتقان ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش
ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ زىئونىزمنىڭ نىشانىنى تۇپتىن خاتا چۈشى-
نىپ قالغانلىقىدىن بولغان ياكى ئۇنى ئورتاق دۈشمىنىمىزنىڭ
جىنايەتلىك پائالىيەتلىرى پەيدا قىلغان» دېدى. 6 - ئاينىڭ
4 - كۈنى ۋېيزمان ياكوبادا پادىشاھ ھۆسەيىننىڭ ئوغلى ئەمىر
فايسال (ئەمىر دېگەن سۆز ئەرەبچىدە «شاھزادە»، «داھىي»
دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ) بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا زىئو-
نىزمنىڭ نىشانىنى ھەمدە ئەرەبلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈز-
مەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. يەھۇدىيلارنىڭ «مىللىي يۇرتى»
نىڭ پەلەستىندە قۇرۇلۇشىنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلدى. ۋېيز-

① مەككە شېرىپ ھۆسەيىن. مەككە شېرىپ دېگەندە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى-
دىن بىرى بولغان مەككىدىكى دىنىي داھىي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ 1916 - يىلى ئۆزىنى «ئەرەب
پادىشاھى» دەپ ئېلان قىلغان. كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر ئۇنى «ھېجاز پادىشاھى» دەپ
ئېتىراپ قىلغان.



مان قاتارلىق زىئونىزم رەھبەرلىرى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىشى-
تىن ئىلگىرى كۆپ قېتىم سۆز قىلىپ ئەرەبلەرنىڭ ئوسمان
ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى-
نى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
ئۇ چاغدا ئەرەب رەھبەرلىرى مىللىي قوزغىلاڭنىڭ نەتىجى-
لىرىنى كېڭەيتىش بىلەن بەنت بولۇپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ
غەربىي ئاسىيادىكى لىڭشىپ قالغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋې-
تىش كويىدا بولۇۋاتاتتى. دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا
ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ئۇلارنى قوللىشى كەم بولسا بولمايتتى.
ئەنگلىيە بولسا ئۇلارنىڭ تۈركىيىگە قارشى جەڭدىكى ئەڭ كۈچ-
لۈك دوستى ئىدى. زىئونىزم ھەرىكىتى شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ
قارىشىچە ئەرەبلەرگە ھېچقانچە ماھىيەتلىك تەھدىت شەكىللەندۈ-
رەلمەيتتى. شۇڭا، ئەرەبلەرنىڭ بەزى داھىيلىرى بالفور خىتابنا-
مىسىدىن خاتىرجەمسىزلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلار خىتابنامىنىڭ يى-
راق تەسىرىنى يېتەرلىك تەتقىق قىلمىغاچقا ۋە چۈشەنمىگەچكە،
ئەنگلىيىنىڭ ۋە زىئونىزم رەھبەرلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى
قوبۇل قىلدى، بالفور خىتابنامىسىغا كەسكىن ئىنكاس قايتۇرمى-
دى. بەزىلەر ھېسداشلىق قىلىش ۋە قوللاش پوزىتسىيىسىدە
بولدى. خوگگارت پادىشاھ ھۆسەيىن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن
دوكلات قىلىپ مۇنداق دېدى: «پادىشاھ پەلەستىننى خەلقئارانىڭ
كونترول قىلىشىنى قوللايدىغانلىقىنى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ پەلەس-
تىنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشىغا ئىلھام بېرىدىغانلىقىنى ئېيت-
تى». زىئونىزمچىلار بالفور خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنغانلى-
قىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن لوندوندا ئۆتكۈزگەن يىغى-
لىشتا ئەرەبلەرنىڭ ئىككى بايانatچىسى سۆز قىلىپ خىتابنامىنى
تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قاھىرەدىكى «تەرەققىيات»،
«ئەلئېھرام» گېزىتلىرى بالفور خىتابنامىسىنى چۈشىنىدىغانلى-
قىنى بىلدۈردى. «تەرەققىيات» گېزىتى ئەرەبلەر يەھۇدىيلار دۆ-

لىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، دەپ قارىدى. مەك-
كىدە ئەرەب تىلىدا چىقىدىغان گېزىتلەر ھەتتا يەھۇدىيلارنىڭ
پەلەستىنگە قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:
«ئۇلار ئەسلى مۇشۇ زېمىنىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ
ئەرەب قېرىنداشلىرى مەنىۋى جەھەتتىن ماددىي جەھەتكىچە ئۇلار-
دىن پايدا كۆرگەن» دېدى. شاھزادە فايسال 1918 - يىلى 12
- ئايدا «تايمىس گېزىتى»دە بايانات ئېلان قىلىپ: «سېمىتلارنىڭ
ئىككى تارمىقى بولغان ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئۆزئارا ئەپۇ
قىلىشى كېرەك. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان،
ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى ۋە مىللىي غايىسىنىڭ سىمۋولى
بولغان پارىژ يىغىنى مەزگىلىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ،
ئۆزلىرىنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە ھەل قىلغۇچ
ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەرەبلەر
زىئونىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەھۇدىيلارغا ھەسەت قىلمايدۇ ھەم
ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ. زىئونىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان
يەھۇدىيلارمۇ مىللىي ئاڭغا ئىگە ئەرەبلەرگە ۋەدە بېرىدۇكى،
ھەممە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى يەھۇدىيلار رايونىدا
ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچراتمايدۇ ھەمدە ئوخشاش ئادىل مۇئا-
مىلىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ». ئەنگلىيىنىڭ ئەپلەشتۈرۈشى ئار-
قىسىدا فايسال بىلەن ۋېزمان 1919 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى
يەنە بىر كېلىشىم ئىمزالىدى: فايسال بالفور خىتابنامىسى ئاسا-
سىدا يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشىنى قوللاشقا ما-
قۇل بولدى. ۋېيزمان بولسا زىئونىزمچىلارنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئىق-
تىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى توغرىسىدا ۋەدە
بەردى.

لېكىن زىئونىزم ھەرىكىتى بىلەن ئەرەب داھىيلىرى ئوتتۇ-
رىسىدىكى بۇ قىسقا مۇددەتلىك «شېرىن ئاي» ناھايىتى تېز
ئاخىرلاشتى. بالفور خىتابنامىسىگە چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ھېس-



داشلىق قىلىش توغرىسىدا سادالار نەچچە ئايدىن كېيىن ئەرەب
دۇنياسىدا تەدرىجىي يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئەيىبلەش ۋە
قارشى تۇرۇش دولقۇنى ئىگىلىدى. نېمە ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ
پوزىتسىيىسىدە مۇنداق ئۆزگىرىش بولىدۇ؟ بۇنىڭ مۇنداق ئۈچ
سەۋەبى بار: بىرىنچى، تارىختا يىغىلىپ قالغان ئاداۋەت رول
ئوينىدى. ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ئون
نەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان، ئۇزاق يىللاردا يىغىلىپ قالغان،
ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدىغان تۇيغۇسى چوڭقۇر
ئورناپ كەتكەن. بۇ بىرەر، ئىككى خىتاب ياكى كېلىشىم بىلەن
يوقاپ كەتمەيدۇ. مۇۋاپىق كېلىماتقا توغرا كەلسىلا پارتلاپ چىقى-
دۇ. ئىككىنچى، رېئال ھوقۇق - مەنپەئەت توقۇنۇشى كۈچەيدى.
نۇرغۇن يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ پەلەستىنگە كېلىشىگە ئەگى-
شىپ، ئۇ يەردىكى ئەرەبلەرنىڭ مەنپەئىتى تەسىرگە، ھەتتا زىيان-
غا ئۇچرىدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ھوقۇق
- مەنپەئەت تالىشىش سۈركىلىشى، توقۇنۇشى يۇقىرى ئۆرلىدى.
ئۈچىنچى، خەلقئارادىكى چوڭ كېلىمات ئۆزگەردى. بىرىنچى
دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ھەرىكىتى بىلەن
ئانتانتا دۆلەتلىرى ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە قارشى كۈرەشتە ئىت-
تىپاق تۈزگەنىدى. لېكىن، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئە-
رەب داھىيلىرى مىللىي مۇستەقىللىقنى تېزرەك قولغا كەلتۈ-
رۈشنى ئۈمىد قىلدى. ئانتانتا دۆلەتلىرى بولسا ئەرەب خەلقىنىڭ
ئارزۇسىنى نەزەرگە ئالماي، ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق
يەرلەرنى ئىگىلەش، بۆلۈشۈۋېلىش بىلەن بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ
بىلەن دوستلار ناھايىتى تېز رەقىبلەرگە، ھەتتا دۈشمەنگە ئايلى-
نىپ قالدى. مانا بۇمۇ ئەرەب رەھبەرلىرىنىڭ ئانتانتا دۆلەتلىرى-
نىڭ بالفور خىتابنامىسىنى قوللىشىغا قارشى تۇرۇشىنىڭ بىر
مۇھىم سەۋەبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتىدە ئەرەب-

لەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ئالامەتلىرى
پەلەستىنىدە پەيدا بولدى. 1918 - يىلى 12 - ئايدا بالفور خىتابنا-
مىسى ئېلان قىلىنىپ بىر يىل بولغاندا، پەلەستىنىدىكى ئەرەبلەر
غەيرىي زوراۋانلىق قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتى ئويۇشتۇ-
رۇپ، بالفور خىتابنامىسىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
فايسال - ۋېيزمان كېلىشىمى ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي،
1919 - يىلى 1 - ئايدا پەلەستىنىدىكى ئەرەبلەر يىغىنى بايانات
ئېلان قىلىپ بۇ كېلىشىمنى ۋە بالفور خىتابنامىسىنى رەت قىل-
دى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەب مىللەتچىلىرى ئېرۇسالېم ۋە
يافادا تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىپ، ئەرەبلەرنى بىرلىشىپ زىئو-
نىزمغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. 1919 - يىلى يەھۇدىي كۆچمەن-
لەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇ-
دىيلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشلەرمۇ كۆنسايىن كۆپەيدى. ئې-
رۇسالېمدىكى ئەرەبلەر 1920 - يىلى 2 - ئايدا شەھەر باشلىقى
مۇسا قاسىمنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە كوچىلارغا چىقىپ زى-
ئونىزمغا قارشى نامايىش قىلىپ، شەھەرنىڭ ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ
جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. 4 - ئايدا نۇرغۇن ئەرەبلەر ئېرۇسالېمغا
كېلىپ دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە تۇنجى قېتىم قانلىق ۋەقە
پەيدا بولدى: بىر توپ ئەرەبلەر ئېرۇسالېمنىڭ كونا شەھىرىدىكى
يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراق رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. يەھۇدىيلار ئۆچ
ئېلىش ھەرىكىتىنى قوللاندى. نەتىجىدە زوراۋانلىققا ئايلىنىپ
كەتتى. 1921 - يىلى 5 - ئايدا ئەرەبلەرنىڭ يەھۇدىي كۆچمەنلەر-
گە قارشى قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئىككى تەرەپ قاتتىق توقۇنۇ-
شۇپ، 95 ئادەم ئۆلدى، 220 ئادەم يارىدار بولدى. بۇ قېتىمقى
ۋەقە ئوتتۇرا شەرق ۋە پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. ئەنگلىيە
دائىرىلىرى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، قانداق تەد-
بىر قوللىنىپ كۆندىن - كۈنگە يامانلىشىپ كېتىپ بارغان ۋەزى-
يەتنى كونترول قىلىشنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى.



## 2. «چېرچىلنىڭ ئاق تاشلىق كىتابى» — ئەنگلىيىنىڭ سىياسىتىدە «ئازراق تەڭشەش» باشلاندى

ئەنگلىيە پەلەستىندە ھەربىي ھۆكۈمرانلىقنى دەسلەپ يولغا
قويغاندا، ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىندە تۇرۇشلۇق بەزى ھەربىي،
مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى بالفور خىتابنامىسىغا ۋە لوندوننىڭ يەھۇ-
دىيپەرەس ھۆكۈمىتىگە باشقىچە قاراشلىرىنى قويدى. يۇقىرى
دەرىجىلىك ئەمەلدار گېنېرال مونېي لوندونغا تېلېگرامما يوللاپ،
بالفور خىتابنامىسىدىن ۋاز كېچىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەمەلىي
ھوقۇقلۇق يەنە بىر گېنېرال بوللىسمۇ دوكلات قىلىپ: يەھۇدىي-
لار ھەربىي ئىشغالىيەت دائىرىلىرىدىن ئادىللىققا ئەمەس، بەلكى
يەھۇدىيلار كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەممە مەسىلىلەردە يەھۇدىيلارنىڭ
ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىشىغا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغان،
دېدى. ئەنگلىيىنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى زىئونىزم كومىتېتىنىڭ
پەلەستىندە پائالىيەت قىلىشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارى-
دى. ھەتتا بۇ كومىتېتنىڭ پەلەستىندىكى ئورگانلىرىنى ئەمەل-
دىن قالدۇرۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن، لوندون تەرەپ
بۇ پىكىرلەرگە ئەھمىيەت بەرمەي، بالفور خىتابنامىسىدىكى فاڭ-
جېننىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، زىئونىزم ۋە پەلەستىنگە قارى-
تىلغان سىياسەتنىڭمۇ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى تەكرار ئېيتتى.

1920 - ۋە 1921 - يىللىرى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار
ئوتتۇرىسىدا ئىككى قېتىم توقۇنۇش پارتلىغاندا، پەلەستىندىكى
ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئەرەب ۋە يەھۇدىي تەرەپلەرنىڭ قوراللىق
ئادەملىرىنى ئوخشاش باستۇرۇش تەدبىرىنى قوللاندى. بىر تۈر-
كۈم ئەرەبلەرنى تۇتۇش بىلەن بىللە زىئونىزمنىڭ ۋىلادىمىر جابو-
تىنسكىي، (1880 — 1940) قاتارلىق رادىكال كاتتىۋاشلىرى-
نىمۇ قولغا ئالدى ھەمدە ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئىچىدىكى يەھۇدىي-
لار قوشۇنىنى تارقىتىۋەتتى. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك،

مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا يىشوۋ ئۆزىنىڭ تەييارلىق قوشۇنى — خاگانانى قۇردى. بولۇپمۇ 1921 - يىلىدىكى توقۇنۇش ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغاندىن كېيىن، خېربېرت سامۇئېل يەھۇدىيلار-نىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشىنى ۋاقىتلىق توختىتىشنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ تەدبىر زىئونىزم تەشكىلاتى بىلەن ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق بىۋاسىتە توقۇنۇشقا سەۋەب بولدى. پەلەستىندە تۇرۇشلۇق زىئونىزم كومى-تېتى، يىشوۋ سايلاپ چىققان يەھۇدىي مىللەت كېڭىشى ۋە مىل-لىي كومىتېت ئېستېپا بېرىپ نارازىلىق بىلدۈردى.

بۇ بىر قاتار ئېغىر ئەھۋاللار لوندون يولغا قويغان سىيا-سەت- پرىنسىپلارنىڭ پەلەستىننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەنگلىيىنىڭ تەدبىر بەلگىلەيدىغان ئەربابلىرى ئاخىر ھەرىكەت قوللىنىپ سىياسەتنى قىسمەن تەڭ-شەپ، پەلەستىن ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ، ئۇ يەردىكى ئەنگلىيە دائىرىلىرىغا مەدەت بېرىپ، ئەرەبلەر ۋە يەھۇ-دىيلارنىڭ نارازىلىق ۋە ئەيىبلەشلىرىنى تىنچىتىشقا بەل باغلى-دى. ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكە ۋەزىرى ۋىنستون چېرچىل 1922 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىنگە قاراتقان سىياسىتى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى (ئادەتتە «چېرچىل ئاق تاشلىق كىتابى» دەپ ئاتىلىدۇ). ئۇنىڭ ئاساسىي روھى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) بالفور خىتابنا-مىسى «پۈتكۈل پەلەستىننى يالغۇز يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي ئائىلى-سىگە ئايلاندۇرۇپ» قويمايدۇ، بەلكى «مۇشۇنداق يۇرت پەلەس-تىندە قۇرۇلۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ؛ (2) بۇ نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن «يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكى-لاتلىرى يېڭى كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئادەم سانىنى كۆپەيتىشى زۆرۈر»، لېكىن «بۇ رايوننىڭ يېڭى كۆچمەنلەر قىلالايدىغان ھازىرقى ئىقتىسادىي ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىشى»



دىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆچمەن سانى بەك كۆپ بولۇپ كەتمەس-لىكى لازىم؛ (3) بۇرۇن پەلەستىنگە قاراشلىق بولغان ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي يۇرتىنى قۇرۇشقا ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان-لىقى قايتا تەكىتلىنىپ، 1921 - يىلى ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدە قۇرۇلغان ئىئوردانىيە خەلىپىلىكىگە دائىر ھۆججەتلەر يەنە بىر قېتىم ئېتىراپ قىلىنىدى؛ (4) قانۇن چىقىرىش كېڭە-شى قۇرۇش ئارقىلىق كۆچمەنلەر مەسىلىسىگە چېتىلىدىغان ھەر-خىل تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىش، بۇنىڭدا ئون ئىككى ھەيئەتنىڭ سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىشى، ئون ھەيئەتنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلىنىشى، ئالىي ۋالىينىڭ كېڭەشنىڭ تەبىئىي رەئىسى بولۇشى تەكلىپ قىلىنىدى.

چېرچىلنىڭ ئاق تاشلىق كىتابى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بالفور خىتابنامىسىنى تۇنجى قېتىم تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشى بول-دى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى نەچچە ئېغىز گەپ بىلەن پۈتكەن بالفور خىتابنامىسى قۇرۇق پرىنسىپتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بۇ خىتابنامىنى يولغا قويغاندا ئۇنى خالىغانچە چۈشەندۈرگەنلىكتىن، تالاش - تارتىش پەيدا بولغاندا قانداق قىلىشنى بىلمەي قېلىشاتتى. چېرچىلنىڭ ئاق تاشلىق كىتابىدا بالفور خىتابنامىسىدىكى «يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي يۇر-تى» نى قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم روھتا چىڭ تۇرۇلدى. لېكىن، «يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي يۇرتى» نىڭ مەنىسىگە ھەرخىل چەكلەر قويۇلدى. يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشىگە-مۇ ئىقتىسادىي تۇستىكى بەزى شەرتلەر قوشۇمچە قىلىنىپ، ئەرەبلەرنىڭ قارشىلىقى پەسەيتىلدى. شۇڭا، ئاق تاشلىق كىتاب ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1917 - يىلىدىن بۇيان يولغا قويۇلغان يەھۇدىيپەرەس سىياسىتىنى «ئازراق تەڭشەش» نى باشلىغانلىقى-نىڭ بەلگىسى، دەپ قارالدى.

زىئونىزم رەھبەرلىرى چېرچىلنىڭ ئاق تاشلىق كىتابىنى ئەرەبلەرگە «ماداراچىلىق قىلىش» سىياسىتى دەپ ئەيىبلىسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاق تاشلىق كىتابىنىڭ روھىنى ئىلاجىسىز قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئۇلار يىشۇۋنىڭ كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، كۈچلۈك ئەرەب ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى بىلەن قارشىلىشالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ يەھۇدىي كۆچمەنلىرىگە قويغان ئىقتىسادىي شەرتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى تەس بولمىدى، بەلكى يەھۇدىيلار كاپىتالىنىڭ پەلەستىنگە جەلپ قىلىنىشىغا پايدىلىق بولدى. بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق. شۇڭا، چېرچىلنىڭ ئاق تاشلىق كىتابى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بىر مەھەل توختاپ قالغان يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ كېلىشى ئەسلىگە كېلىپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى دولقۇن شەكىللەندى. ئەرەب رەھبەرلىرى مۇستەقىل پەلەستىن ئەرەب دۆلىتى قۇرۇش نىشانىنى ئاشكارا جاكارلىغانلىقتىن، ئەنگلىيىنىڭ سىياسەتنى بۇنداق ئازراق تەڭشىشىگە رازى بولماي، چېرچىلنىڭ ئاق تاشلىق كىتابىنى قوبۇل قىلىشنى قەتئىي رەت قىلدى.

چېرچىلنىڭ ئاق تاشلىق كىتابى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پەلەستىن مەسىلىسىگە بولغان پىكىر ئىختىلاپلىرىنى ۋاقىتلىق ياراشتۇردى. بىر مەزگىللىك پاراكەندىچىلىكتىن كېيىن پەلەستىن ۋەزىيىتىمۇ ۋاقىتىنچە مۇقىملاشتى. لېكىن، يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ كۆپلەپ كېلىشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇرەسسە قىلمايدىغان مەيدانى تېخىمۇ كەسكىن توقۇنۇشنىڭ تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.



## 2 § . ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ۋە ئەنگلىيە سىياسىتىنىڭ لىگشىپ قىلىشى

### 1 . 1929 - يىلىدىكى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار توقۇنۇشى

1920 -، 1921 - يىللىرىدىكى توقۇنۇش ئىككى تەرەپتە كرىزىس تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق قىلىپ، زوراۋانلىق توقۇنۇشى كۆچىيىپ كېتىدىغان ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا ئەرەبلەردىكى مىللەتچىلىك كەيپىياتى كۈنسايىن يۇقىرى ئۆرلىدى. 1920 - يىلى ئەرەب ئىجرائىيە كومىتېتى قۇرۇلدى، 1921 - يىلى ئالىي مۇسۇلمانلار كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىرۇسالېمدىكى چوڭ مۇپتى ھاجى ئەمىن ھۈسەيىننى بۇ كومىتېتنىڭ رەئىسى قىلىپ سايلىدى. بۇ ئادەم شۇنىڭدىن كېيىن يىگىرمە يىلغا يېقىن پەلەستىن ئەرەبلىرىنىڭ مەنىۋى داھىيسى بولدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەرەب مىللەتچى كۈچلىرى ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ يەھۇدىيلارغا يار - يۆلەك بولۇش سىياسىتىگە قوراللىق كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇپ، پەلەستىننى «يەھۇدىيلاشتۇرۇش» يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان يىشۇۋ ئەرەبلەردىمۇ قاتتىق، بەزىدە ئادەمنى قىستايدىغان سىياسەت قوللاندى.

1929 - يىلى ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلەشتى. نەچچە يىل داۋاملاشقان ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇق ئالدى بىلەن ئەرەبلەرنى زىيانغا ئۇچراتتى. يەر شارىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ پارتلىشى

ئۇلارنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قويدى. ئۇلار بۇ بالايىئاپەتلەر-
نىڭ مەنبەسى يەھۇدىي كۆچمەنلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن بولدى دەپ
قارىغاچقا، يەھۇدىيلارغا قارشى كەيپىيات كۈنسايىن كەسكىنلەش-
تى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، يەھۇدىي كۆچمەنلەر بۇ يىل
يەنە كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ هال ئەرەبلەرنى تېخىمۇ غەزەپلەن-
دۈردى. «ئېرۇسالېمدىكى ئەرەب ئوقۇغۇچى» نامىدا كۆپلەپ
تارقىتىلغان تەشۋىقات ۋارىقىدا مۇنداق دەپ يېزىلدى: «ئېسىڭ-
لاردا بولسۇنكى، يەھۇدىيلار سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلاردۇر. قەدىم-
دىن بۇيان ئەجدادلىرىڭلارنىڭ دۈشمىنى ئىدى. . . ئۆزۈڭلارنى
ۋە ئانا يۇرتۇڭلارنى چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچى ۋە ئاچ كۆز
يەھۇدىيلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇ-
سۇلى ئۇلارنى قوغلىۋېتىشتىن ئىبارەت». ئەرەبلەرنىڭ يەھۇدىي-
لارغا قارشى كەيپىياتىغا قارىتا يەھۇدىيلار ئىچىدىكى رادىكاللارمۇ
تىغمۇ تىغ تاقابىل تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ
بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشى قىل ئۈستىگە كېلىپ قالدى.

8 - ئاينىڭ باشلىرى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئېرۇسالېم-
دىكى «ئەلبەقەر تېمى» دا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە جېدەل
چىقتى①. ئەسەبىيلەشكەن دىنىي كەيپىيات توقۇنۇشقا تۈتۈرۈق
بولدى. بىر تۈركۈم ئەرەب مىللەتچىلىرى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى
هازا تېمىنىڭ ئالدىدا يەھۇدىيلارغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈپ،
زىئونىزمچىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى
يەھۇدىيلارنىڭ پۇتبولى ئەرەبلەرنىڭ شوخلا ئېتىزىغا چۈشۈپ كەت-
كەنلىكتىن جېدەل چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە كۈندە يۈز
بەرگەن پارچە - پۇرات زوراۋانلىقلار كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۆرد-
شىگە ئايلىنىپ كەتتى. 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەرەبلەر ئېرۇسا-

① «ئەلبەقەر تېمى» ئادەتتە «هازا تېمى»، «يىغا - زار تېمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خەنزۇ-
چىدا «哭墙» دەپ يېزىلىدۇ. يەھۇدىيلار بۇ تامنى قەدىمكى يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس قەسرىنىڭ
بىر قىسمى، دەپ قارايدۇ. مۇسۇلمانلار بولسا بۇ تامنى مەسچىتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ.
ھەر ئىككى تەرەپ بۇ تامنىڭ ئالدىدا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈش هوقۇقىمىز بار، دەيدۇ.



لېمدىكى يەھۇدىيلار رايونىغا قوراللىق هۇجۇم قىلدى. خاگانامۇ
ئەرەبلەرگە قايتۇرما هۇجۇم قىلدى. توقۇنۇشتا يۈزدىن ئارتۇق
ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ھېبروندا
67 يەھۇدىي ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يەھۇدىيلار
ئېرۇسالېمدىكى مەسچىتنى بۇلاپ، ئىمامنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تو-
قۇنۇش باشقا جايلاردىمۇ داۋاملىشىپ ئىككىلا تەرەپتىن ئادەم
ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى.

ئەنگلىيە دائىرىلىرى مىسىر ۋە سىرتقى ئىئوردانىيىدىن
مۇنتىزىم قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ باستۇرۇپ، 8 - ئاينىڭ ئاخىرى
تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە،
يېرىم ئاي داۋاملاشقان پاراكەندىچىلىكتە 130 نەپەر يەھۇدىي ئۆل-
تۈرۈلگەن، 339 نەپەر يەھۇدىي يارىدار قىلىنغان، 116 نەپەر
مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلگەن، يارىدار بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى
ئېنىق ئەمەس. ئەنگلىيە قوشۇنى نەچچە مىڭ ئادەمنى قولغا
ئالغان، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى سوتقا تاپشۇرغان، بۇلارنىڭ
90% ى ئەرەب، 10% ى يەھۇدىي. 25 نەپەر مۇسۇلمان، بىر
نەپەر يەھۇدىي ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان.

## 2. «پاسسفېيلد ئاق تاشلىق كىتابى» ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ماجىرا

8 - ئايدىكى پاراكەندىچىلىك جىمىقتۇرۇلغاندىن كېيىن،
ئەنگلىيە هۆكۈمىتى سېر ۋولتېر شاۋ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش
ئۆمىكىنى پەلەستىندىكى توپىلاڭنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ كې-
لىشكە ھەمدە بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى
ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئەۋەتتى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن سېر جونسون خوف
سىمپسوننى پەلەستىنگە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى، يەر مەسىلىسىنى
ۋە كۆچمەنلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقئارا ئىتتىپاقمۇ پەلەستىندىكى مۇقەددەس

يەر تالاش - تارتىشىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە پەلەستىنگە «ئەلبەقەر تېمى» ماجىراسىنى تەكشۈرىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى.

ۋولتېر شاۋنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى 1930 - يىلى 3 - ئايدا ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. بۇ دوكلاتتا مۇنداق دەپ قارالدى: 8 - ئايدىكى پاراكەندىچىلىكتە قىرغىنچىلىقنى ئالدى بىلەن ئەرەبلەر قوزغىغان. بۇنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەبى «ئەرەبلەرنىڭ يەھۇدىي كۆچمەنلىرىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى» دا؛ نۇرغۇن يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى ھەم يەر سېتىۋېلىشى بىلەن ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ زېمىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، تىرىكچىلىك قىلالماي قالغان. «شۇڭا يەردىن ئايرىلىپ نارازى بولغان ئەرەبلەر تەبىقىسى» يەھۇدىيلارغا ئۆچمەنلىك قىلغان. دوكلاتتا بەك كۆپ يەھۇدىينى قوبۇل قىلىپ پەلەستىننىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولماسلىق؛ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ سىياسىتى توغرىسىدا ئېنىق بايانات ئېلان قىلىش، ئۇنىڭدا ئەرەبلەرنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش تەكلىپ قىلىندى.

نەچچە ئايدىن كېيىن سىمپسونمۇ ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. بۇ دوكلاتتا تەپسىلىي ھېسابلاش ئارقىلىق، پەلەستىندىكى تېرىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ ئومۇمىي سانى يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ ستاتىستىكىسىدىن كۆپ تۆۋەن ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. شۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ دوكلاتتا چەكلىك تېرىلغۇ يەر بىلەن ئەرەب دېھقانلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولمايدۇ، بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنى بېقىپ كېتىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ پەلەستىنگە كېلىشىگە قاتتىق چەك قويۇپ كەڭ كۆلەمدىكى ئىشسىزلىق ھادىسىسىدىن ساقلىنىش لازىم، دەپ قارالدى. سىمپسون دوكلاتىدا يەھۇدىيلار مىللىي فوند جەم-



ئىيىتىنىڭ يەر سىياسىتى ۋە يەھۇدىي باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئوتتۇرىغا قويغان «ئىبرانىي ئەمگەكچىلىرى» شوئارى تەنقىد قىلىنىپ، يەر ماجىراسىنى ھەل قىلىشنىڭ چىقىش يولى ئەرەبلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ۋە تۈجۈپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى كېڭەيتىشتە، دەپ قارالدى.

مۇشۇ ئىككى دوكلات ئاساسىدا، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكە ۋەزىرى لورد پاسسفېيلد 1930 - يىلى 10 - ئايدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت باياناتى (پاسسفېيلد ئاق تاشلىق كىتابى) نى ئېلان قىلدى. ئاق تاشلىق كىتابتا 1922 - يىلدىكى چېرچىل ئاق تاشلىق كىتابىنىڭ روھى پرىنسىپ جەھەتتىن قايتا بايان قىلىندى. مانداتلىق ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ يەھۇدىيلار ۋە غەيرىي يەھۇدىيلارغا ئوخشاش مەسئۇل بولۇشى تەكىتلەندى ھەمدە يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي يۇرتى بىلەن يەھۇدىيلار دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈلدى. ئاق تاشلىق كىتابتا پەلەستىندە تېخىمۇ كۆپ قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ئاھالىنىڭ، بولۇپمۇ ئاسان ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان يەھۇدىيلار ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا ۋەدە بېرىلدى. ئاق تاشلىق كىتابتا ئەرەبلەرنىڭ قانۇن چىقىرىش كېڭىشى قۇرۇشقا تۇتقان قارشى تۇرۇش مەيدانى تەنقىد قىلىندى. لېكىن، كەلگۈسىدە تەدبىر قوللىنىپ پەلەستىنگە بەزى ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنى بېرىدىغان بولدى. ئاق تاشلىق كىتابتىكى ئەڭ مۇھىم مەزمۇن يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كېلىشى ئەرەبلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تەسىر يەتكۈزسە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنلىكىدە ھەمدە ئەرەبلەر ئىچىدە ئىشسىزلىق مەۋجۇت بولسا، يەھۇدىي كۆچمەنلەرنىڭ پەلەستىنگە كېلىشىنى ئازايتىش، ھەتتا توختىتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا. بۇ مەيدان ئەرەبلەرنىڭ مەنپەئىتىنى يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي يۇرتىنى قۇرۇش ئۈستىد-

گە قويۇپ، تۇنجى قېتىم ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان لىبېبورىستـ-
لار پارتىيىسىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىنگە قاراتقان سىياسىتىنى
بىر قەدەر چوڭ ھەجىمدە تەڭشىگەنلىكىنى چۈشەندۈردى.
ۋولتېرشاۋ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ دوكلاتى بىلەن سىمپ-
سوننىڭ دوكلاتى يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى تەرە-
پىدىن تەنقىدلەندى. زىئونىزمچىلارنىڭ قارىشىچە، ۋولتېرشاۋ-
نىڭ دوكلاتى ئەرەبلەرگە يان باسقان، سىمپسوننىڭ دوكلاتى پە-
لەستىندىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى كۆرمەي،
تېرىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمىنى بەك تۆۋەن مۆلچەرلىگەن. پاس-
سفېيلدنىڭ ئاق تاشلىق كىتابى يىشۇۋنىڭ ۋە دۇنيادىكى يەھۇ-
دىيلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئەنگلىيە بىلەن ھەم-
كارلىشىش سىياسىتىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن ۋېيزمان
يەھۇدىيلار ۋەكالەتخانىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا
بەردى. زىئونىزمنىڭ مېلچېر، ۋالبورگ قاتارلىق رەھبەرلىرىمۇ
كەينى - كەينىدىن ئىستېپا بەردى. ئەنگلىيە پارلامېنتى 11 -
ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاق تاشلىق كىتابنى مۇزاكىرە قىلغاندا،
كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى بىلەن لىبېراللىستلار پارتىيىسىنىڭ
باياناتچىلىرى ئاق تاشلىق كىتابنى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىق،
دەپ ئەيىبلىدى. لىبېبورىستلار پارتىيىسى ئىچىدىمۇ نۇرغۇن كى-
شىلەر ئاق تاشلىق كىتابنى تەنقىد قىلدى. كۈچلۈك تەنقىد سادا-
سى ئاستىدا پاسسفېيلد زىئونىزمچىلار ئاق تاشلىق كىتابنىڭ
روھىنى خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ، دېيەلىدى ھەمدە بەزى مەسىلىلەر-
دە ئۆزىنىڭمۇ بىر يەرگە كېلەلمىگەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇ مەز-
گىلدە زىئونىزم تەشكىلاتى لوندوندا نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى قىل-
دى، ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىمۇ
ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەت-
تى.
بىر مەزگىل ئارىسالدى بولۇش ئارقىلىق، ئەنگلىيە بەزى



تولۇقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، پاسسفېيلد تەڭشىگەن سىيا-
سەتنى قايتىدىن تەڭشەپ، يەھۇدىيلار دۇنياسىنىڭ نارازىلىقىنى
جىمىتتى. ئەلۋەتتە، ئاق تاشلىق كىتابنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەت-
مەي، بەلكى يەنە بىر ھۆججەت ئېلان قىلىپ ئاق تاشلىق كىتابقا
بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزىدىغان ئەنگلىيىچە ئۇسۇلنى قوللان-
دى. ئۇزۇن مۇددەت كېڭىشىش ئارقىلىق ئەنگلىيە تەرەپ بىلەن
يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى بۇ ھۆججەتتىكى بەزى ئاساسىي نۇقتىلار
توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بۇ ھۆججەت ئەنگلىيىنىڭ
باش ۋەزىرى رامساي ماكدونالدنىڭ ۋېيزمانغا يازغان خېتى شەك-
لىدە 1931 - يىلى 2 - ئايدا ئېلان قىلىندى. خەتتە ئەنگلىيە
ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاق تەرىپىدىن جاكارلانغان مانداتـ-
لىق ھۆكۈمرانلىق كىنىشكىسىدىكى ماددىلارنى ئىجرا قىلىدىغان-
لىقى، جۈملىدىن پەلەستىندە يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي يۇرتىنى
قۇرۇشنى داۋاملىق قوللايدىغانلىقى تەكىتلەندى؛ خەتتە پاسسـ-
فېيلد ئاق تاشلىق كىتابىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كېلى-
شىنى ئازايتىش ياكى توختىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ سىياسىيە
سۆزلەر بىلەن ئىنكار قىلىندى، «يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كېلى-
شىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەم ئۇلارنىڭ بۇ زېمىندا توپلىشىپ
ئولتۇراقلىشىشىغا ئىلھام بېرىش مانداتلىق ھۆكۈمران دائىرىلى-
رىنىڭ ئىجابىي بۇرچى» دېيىلدى.
رامساي ماكدونالدنىڭ خېتى ئەرەبلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوز-
غىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پەلەستىنگە قاراتقان سىياسىتى
لىڭشىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە مانداتلىق ھۆكۈمران
دائىرىلىرى پەلەستىندە كۆنسايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قال-
دى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بارغان-
سېرى زورلۇق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سالغانلىقتىن، ئەنگلىيە ھۆ-
كۈمىتىنىڭ سىياسەتنى تەڭشەش مۇددىئاسىمۇ ئېنىق بولغانلىق-
تىن، زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپ ۋە

مۇنازىرىلەرمۇ كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشتى.

### 3. زىئونىزم لاگېرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش

1922 - يىلى چېرچىلنىڭ ئاق تاشلىق كىتابى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەنگلىيەنىڭ سىياسىتىنى تەڭشىشىگە قانداق قاراش كېرەك، «يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي يۇرتى» نىڭ تەرەققىياتىنى قانداق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، ئەرەبلەرنىڭ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىختىلاپ پەيدا بولدى. جابوتىنىسكىي باشچىلىقىدىكى قاتتىق قوللۇق تەرەپدارلىرى ئەنگلىيىنىڭ سىياسىتى «تۇراقسىز» دەپ ئەيىبلەپ، چېرچىلنىڭ ئاق تاشلىق كىتابىنىڭ ئېلان قىلىنىشى زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى دەپ قاراپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدە تاشقى ئىئوردانىيە خەلىپىلىك دۆلىتى قۇرۇشقا قارشى تۇردى، يەھۇدىيلارنىڭ قوراللىق كۈچىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئەرەبلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىغا ئەنگلىيىنى ئەيىبلەيدىغان بايانات تاپشۇردى. لېكىن، بايانات ئىنكار قىلىندى. جابوتىنىسكىي 1923 - يىلى 1 - ئايدا دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، ۋېيزمان يولغا قويغان «مادارا قىلىش» سىياسىتىگە قارشى چىقتى. جابوتىنىسكىي قاتارلىق كىشىلەر 1925 - يىلى 4 - ئايدا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پارتىيىسى — زىئونىزم رېۋىزىيىچىلىرى ئىتتىپاقىنى قۇردى. ئۇنىڭ مەقسىتى زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ لۇشيەن ۋە سىياسەتلىرىگە «تۈزىتىش» كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت بولدى. 1926 - يىلى نەشر قىلىنغان «زىئونىزمنىڭ رېۋىزىيىچىلىرى نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟» دېگەن كىتابتا جابوتى-



نىسكىي زىئونىزمنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا يەھۇدىيلار كۆپ سانلىقنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاخىر يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇش كېرەك، دەپ ئاشكارا جاكارلىدى. رېۋىزىيىچىلەر ئىدېئولوگىيە جەھەتتە كونسېرۋاتىپراق بولغاچقا، زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوڭ قاناتلار دەپ ئاتالدى.

رېۋىزىيىچىلەر ئىنتايىن ھەرىكەتچان بولسىمۇ، لېكىن زىئونىزم تەشكىلاتى ئىچىدە دەسلەپ تەسىرى ئانچە چوڭ بولمىدى. 20 - يىللاردا بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەپ سوتسىيالىزمغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن زىئونىزملىق سىياسىي پارتىيە - گۇرۇھلار، ئاساسلىقى ئەمگەكچىلەر ئىتتىپاقى، زىئون ئىشچىلار پارتىيىسى، ياش ئىشچىلار پارتىيىسى، يەھۇدىي ئىشچىلار باش ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلار كېيىن بىرلىشىپ پەلەستىن ئىشچىلار پارتىيىسىنى قۇردى. بېن گۇرىيون قاتارلىق كىشىلەر رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سول قاناتلار دەپ ئاتالدى. بۇلارمۇ ۋېيزماننىڭ سىياسىتىگە باشقىچە قاراشتا بولدى. لېكىن، پاسسفېيلدنىڭ ئاق تاشلىق كىتابى ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئومۇمىي جەھەتتىن ۋېيزماننى قوللىغانىدى. ئېنىق ئاساسىي ئېقىم تەرەپدارى بولغان سوتسىيالىزم گۇرۇھى ۋە ئېنىق ئۆكتىچى — رېۋىزىيىچىلەر گۇرۇھىدىن باشقا، زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇنىۋېرسال زىئونىزمچى سىياسىي پارتىيە ۋە دىنىي زىئونىزمچى سىياسىي پارتىيە قاتارلىق گۇرۇھ، ئېقىملار مەۋجۇت بولدى. ئۇنىۋېرسال زىئونىزمچى پارتىيە چېچىلاڭغۇ بولۇپ، بۇنىڭدا ۋېيزمان داھىي ئىدى. ئۇلار رېۋىزىيىچىلەرگە تاقابىل تۇرغاندا سوتسىيالىزم گۇرۇھى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. لېكىن، «يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي يۇرتى» نى قۇرۇش مەسىلىسىدە شەخسلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە ئوتتۇرا بۇر-

ژۇئازىيىنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ،
سوتسىيالىزم گۇرۇھى تەشەببۇس قىلغان كوللېكتىپنىڭ ئاكتىپ-
لىقىنى ۋە ئىشچىلار رولىنى جارى قىلدۇرۇش فاكچىنى جەھەتتە
بىر دەكلىككە كېلەلمىدى. دىنىي زىئونىزمچى پارتىيە بولسا ئا-
ساسلىقى مەنىۋى مەركەز پارتىيىسى، مەنىۋى مەركەز ئىشچىلار
پارتىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار زىئو-
نىزم ھەرىكىتىنى دىنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ پائالىيەت
دائىرىسى دىنىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت ساھەسى بىلەن چەكلەن-
دى. سىياسىي مەسىلىلەردە ئېنىق قارىشى بولمىغاچقا، باشقا
پارتىيە - گۇرۇھلار قولغا كەلتۈرىدىغان ۋە بىرلىشىدىغان ئوب-
يېكت بولۇپ كەلدى.
ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ
كۆنسايىن كەسكىنلىشىشىگە ۋە ئەنگلىيىنىڭ سىياسەتنى تەدرى-
جىي تەڭشىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيە بىلەن زىئونىزم ھەرىكىتى
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ كۆنسايىن ئۆتكۈرلەشتى. شۇنىڭ بى-
لەن رېۋىزىيىچىلەرنىڭ كۈچى تەدرىجىي زورىيىپ، ئۇنىڭ تەشەب-
بۇسى بارغانسېرى كۆپ زىئونىزمچىلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بول-
دى. 1925 - يىلى چاقىرىلغان 14 - نۆۋەتلىك زىئونىزمچىلار
قۇرۇلتىيىدا رېۋىزىيىچىلەرنىڭ ۋەكىلى ئاران تۆت كىشى بو-
لۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە جابوتىنىسكىيمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ
ۋەكىلى 15 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا (1927) توققۇزغا، 16 -
نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا (1929) 21 گە، 17 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا
(1931) 52 گە يېتىپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ زىئونىزم
ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ
كۈچ بولۇپ قالدى. پاسسفىيلدنىڭ ئاق تاشلىق كىتابى ئېلان
قىلىنغاندىن كېيىن يەھۇدىيلار دۇنياسىدا نارازىلىق پەيدا بولدى.
شۇنىڭ بىلەن رېۋىزىيىچىلەر تېخىمۇ كۈچەيدى. سوتسىيالىزم
گۇرۇھىمۇ ۋېيزماننىڭ سىياسىتىگە بارغانسېرى تەنقىدىي پوزىت-



سىيە تۇتىدىغان بولدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر خىل
تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ رېۋىزىيىچىلەرنىڭ رادىكال تەشەب-
بۇسىغا قارشى تۇرۇپ، رېۋىزىيىچىلەرنىڭ يەھۇدىيلار ۋاكالەتخا-
نىسى ۋە دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە تۇزى-
تىش كىرگۈزۈشىنى توسۇدى. ۋېيزماننىڭ سىياسىتى قىيىن
ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىۋېرسال زىئونىزم پارتىيە-
سى ئىچىدىمۇ بۆلۈنۈش بولدى. ۋېيزماننى قوللايدىغانلار A
تەرەپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، سوتسىيالىستىك پارتىيە - گۇرۇھلار
بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مايىل بولدى. ۋېيزمانغا قارشى تۇرىدى-
غانلار B تەرەپ بولۇپ، رېۋىزىيىچىلەرنىڭ قارىشىنى قوللايدىغان-
لىقىنى بىلدۈردى.
ۋېيزمان مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغاندا يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانى-
سىنىڭ مۇدىرلىقىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن زىئونىزم ھە-
رىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ يېتەكچى-
لىك ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەت-
تى. 1931 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 15
- كۈنىگىچە شۋېتسارىيىنىڭ باسېل شەھرىدە ئېچىلغان 17 -
نۆۋەتلىك زىئونىزمچىلار قۇرۇلتىيىدا بۇ كۈرەش مەركەزلىك
ئىپادىلەندى. قۇرۇلتاي باشلانغاندىن كېيىن كۈچلۈك رېۋىزىيە-
چىلەر ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىر قىسىم ئۇنىۋېرسال زىئونىزم
ۋەكىللىرى ۋە دىنىي زىئونىزم ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىشىپ،
ۋېيزماننىڭ ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىش فاكچىنىغا قاتتىق ھۇجۇم
قىلدى. زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ «ئاخىرقى نىشانى» ئىئوردان
دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى پەلەستىنىدە يەھۇدىيلار كۆپ
سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەت قۇرۇشنى رەسمىي بېكىتىشنى تە-
لەپ قىلدى. لېكىن، زىئونىزمنىڭ بەزى مۇھىم رەھبەرلىرى،
مەسىلەن، يەھۇدىيلار فوند جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئۇشىسكىن
قاتارلىق كىشىلەر بۇنداق «ئاخىرقى نىشان» نى بېكىتىشكە قارشى

چىقىپ، ئۇنداق قىلغاندا ئەرەبلەر بىلەن ئىبخىمۇ كەسكىن توقۇ-
نۇشقا سەۋەب بولۇشى، ئەنگلىيە دائىرىلىرىمۇ كۈچلۈك ئىنكاس
قايتۇرۇشى مۇمكىن، دەپ قارىدى. پەلەستىندىن كەلگەن خەۋەر-
لەردىن ئەگەر قۇرۇلتاي مۇشۇ نىشاننى بېكىتسە ئەرەبلەر كەڭ
كۆلەملىك نارازىلىق دولقۇنى قوزغايدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ، ئۇ-
شىسكىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەندىشىسىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەن-
لىكى ئىسپاتلاندى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە رېۋىزىيىچىلەرنى ئاساس
قىلغان ئۆكتىچىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئاخىرقى
نىشان» نى بېكىتىش تەلىپى زور كۆپ ساندىكى ۋەكىللەر تەرىپى-
دىن رەت قىلىندى. غەزەپلەنگەن جابوتىنىسكىي ئۆزىنىڭ ۋەكىل-
لىك كىنىشكىسىنى يىرتىۋېتىپ نارازىلىق بىلدۈردى ھەمدە قۇ-
رۇلتايدىن كەتتى. ۋېيزماننىڭ ئىناۋىتىمۇ مىسلىسىز چۈشۈپ
كېتىپ، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا رەئىسلىككە سايلىنالمىدى. لې-
كىن، رەھبەرلىك ھوقۇقى رېۋىزىيىچىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قالمىدى. ۋېيزماننىڭ يېقىن دوستى سوكولوۋ دۇنيا زىئونىزم
تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى ھەمدە يەھۇدىيلار ۋاكالەتخا-
نىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇنىڭ يەنە بىر يېقىن دوستى
ئارلوسولوۋ يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈم مۇدىر-
لىقىغا سايلاندى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئارقىلىق سوتسىيالىزم
گۇرۇھى، ئۇنىۋېرسال زىئونىزمچىلار ۋە دىنىي زىئونىزمچىلار
زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىنى كونترول قىل-
دى. سوتسىيالىزم گۇرۇھىنىڭ يادروسى بولغان پەلەستىن ئىش-
چىلار پارتىيىسى بۇلارنىڭ ئىچىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇردى.
17 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن كېيىن ئىشچىلار پارتىيىسى،
ئىشچىلار باش ئۇيۇشمىسى ۋە رېۋىزىيىچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تو-
قۇنۇش كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. رېۋىزىيىچى ياشلار تەش-
كىلاتى — بېتار بىلەن ئىشچىلار باش ئۇيۇشمىسىنىڭ ياشلار
تەشكىلاتى پات - پات توقۇنۇشۇپ قالدى. بېتار يېڭىدىن كەلگەن



يەھۇدىي كۆچمەنلەردىن يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى بىلەن ھەمكار-
لاشماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئارلوسولوۋ 1933 - يىلى 6 -
ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلئاۋىۋ دېڭىز ساھىلىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.
ئىككى ئايدىن كېيىن پراگادا 18 - نۆۋەتلىك زىئونىزمچىلار
قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ئىشچىلار پارتىيىسى ۋە ئىشچىلار باش
ئۇيۇشمىسىنىڭ بېن گۇرىئون قاتارلىق رەھبەرلىرى دۇنيا زىئو-
نىزمچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىغا سايلىنىپ، رېۋى-
زىيىچىلەرنىڭ كۈچى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇلدى. 1934 - يىلى-
نىڭ ئاخىرى بېن گۇرىئون بىلەن جابوتىنىسكىي تەكرار سۆھبەت
ئۆتكۈزۈپ پىكىر ئىختىلاپلىرىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا كېلى-
شىم ھاسىل قىلدى. لېكىن، ئىشچىلار پارتىيىسى بىلەن ئىش-
چىلار باش ئۇيۇشمىسىنىڭ كۆپ ساندىكى رەھبەرلىرى بۇ كېلى-
شىمنى تەستىقلىمىدى. چۈنكى، ئۇلار رېۋىزىيىچىلەر چۈشكۈن-
لىشىپ فاشىستىك پارتىيە بولۇپ كەتتى، دەپ قارىدى. رېۋىزى-
يىچىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بۇ كېلىشىمگە كۈچلۈك قارشى-
لىق بىلدۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى ترىشچانلىقنىڭ مەغلۇپ بولۇشى
بىلەن رېۋىزىيىچىلەرنىڭ دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ
چىقىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. رېۋىزىيە-
چىلەر 1935 - يىلى 9 - ئايدا ئۆزىنىڭ تەشكىلاتى — يېڭى
زىئونىزم تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، باش شتابىنى لوندوندا تەسىس
قىلدى. جابوتىنىسكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان داھىي بولدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە (1935 - يىلى 8 -، 9 - ئايلاردا) شۋېتسارد-
يىنىڭ لۇسېرن شەھىرىدە ئېچىلغان 19 - نۆۋەتلىك زىئونىزمچى-
لار قۇرۇلتىيىدا رېۋىزىيىچىلەر چەتكە قېقىلغان چوڭ بىرلىشىش
شەكىللەندى. ۋېيزمان يەنە رەئىسلىككە سايلاندى، سوكولوۋ
پەخرىي رەئىس بولدى. بېن گۇرىئون ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ
رەئىسى ۋە ۋاكالەتخانىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ سايلىنىپ، چوڭ
ھوقۇقنى قولىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا زىئونىزم ھەرىكىتى

تەشكىلىي جەھەتتە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

## § 3 . 1936 - ~ 1939 - يىللاردىكى ئەرەبلەر قوزغىلىڭى ۋە ئەنگلىيە سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

### 1 . 1936 - يىلىدىكى ئەرەبلەرنىڭ چوڭ ئىش تاش- لىشى ۋە قوراللىق قوزغىلىڭى

ناتسىستلارنىڭ ياۋروپادا قوزغىغان يەھۇدىيلارغا قارشى دول-
قۇنى 1932 - يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە نۇرغۇن يەھۇدىيلارنىڭ
پەلەستىنگە كېلىشىگە سەۋەب بولدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان-
دەك، 1935 - يىلى پەلەستىنگە كەلگەن يەھۇدىيلار 60 مىڭدىن
ئېشىپ كەتتى. بۇ هال ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. ئەرەبلەر ئىچىدىكى ئاز سانلىق
ئەسەبىيلەر ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى نەزەرىيىسىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن زور كۆپ ساندىكى ئەرەب-
لەرنى يەنىلا مىللەتچىلىك تۇيغۇسى رىغبەتلەندۈردى. بولۇپمۇ
ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مىسىر ۋە سۈرىيىلەردىكى تە-
رەققىياتى ئۇلارغا تېخىمۇ ئىلھام بولدى. ئۇلار كۈچلۈك ھەرىكەت
قوللىنىپ پەلەستىندىكى يەھۇدىيلىشىپ كېتىشنى ئۆزگەرتىپ
ئەرەبلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك، دەپ قارى-
دى.

رامساي ماكدونالدىنىڭ ۋېيزمانغا يازغان خېتى ئېلان قىلىن-
غاندىن كېيىن 1933 - ، 1934 - يىللىرى ئەرەبلەرنىڭ پەلەس-
تىندە ئۆتكۈزگەن ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ يەھۇدىيپەرەس سىيا-
سىتىگە قارشى نامايىشلىرى ئۈزۈلمىدى. دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى
شۇ بولدىكى، بۇنداق پائالىيەتكە يەرسىز قالغان دېھقانلار ۋە
ئىشسىز ئىشچىلار ئاكتىپ قاتنىشىپلا قالماستىن، بارغانسېرى



كۆپ زىيالىيلارمۇ بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە قاتناشتى. 1935
- يىلى يەھۇدىي كۆچمەنلەرنىڭ تېز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئە-
رەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىدە دولقۇن شەكىللىنىشىنىڭ ھەممە
شەرتلىرى هازىرلاندى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئەرەب رەھبەرلىرى
ئالىي ۋالىي سىر ۋاۋخوپقا خەت يېزىپ، خەلقئارا ئىتتىپاقىنىڭ
ئەھدىنامىسى ۋە پەلەستىنگە مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش كې-
نىشكىسىنىڭ روھى بويىچە پەلەستىندە ئەرەبلەرنى يېتەكچى قىل-
غان دېموكراتىك ئاپتونومىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىل-
دى. بىر ئايدىن كېيىن بۇ خەتنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە ۋاۋخوپ
قانۇن چىقىرىش كېڭەشى قۇرۇش تەكلىپىنى يېڭىۋاشتىن ئوتتۇ-
رىغا قويۇپ، 11 نەپەر مۇسۇلمان، يەتتە نەپەر يەھۇدىي، ئۈچ
نەپەر خرىستىئان، ئىككى نەپەر سودا - سانائەتچى، بەش نەپەر
ئەنگلىيە ئەمەلدارىدىن تەركىب تاپقان قانۇن چىقىرىش كېڭەشى
قۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئەرەبلەر بۇ لايىھىنى ئويلاپ كۆرۈشنى
خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەھۇدىيلار بولسا ئەنگلىيىنىڭ تەك-
لىپىنى رەت قىلدى. يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ رەھبىرى شۇ
چاغدا يەھۇدىيلارنىڭ كۆپلەپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىلھاملىنىپ،
يەھۇدىيلارنىڭ نوپۇسى مۇشۇ سۈرئەت بىلەن كۆپەيسە، ئۇزۇن
ئۆتمەي پەلەستىندە كۆپ سانلىققا ئايلىنىدۇ، شۇ چاغدا قانۇن
چىقىرىش كېڭەشى قۇرۇلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، دەپ قارى-
دى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيە پارلامېنتىدىكى يەھۇدىيپەرەس
كۈچلەرمۇ بۇ لايىھىگە قارشى تۇردى. 1936 - يىلى 4 - ئايدا
ئالىي ۋالىي بۇ ئاپتونومىيە پىلانىنى يولغا قويۇشنى كېچىكتۈ-
رۈشنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۈمىدسىزلەنگەن ئەرەب رادى-
كاللىرى قورال كۈچى ئىشلىتىشكە باشلىدى. 4 - ئاينىڭ
15 - كۈنى ئەرەب قوراللىق ئادەملىرى نابۇلۇستا بىر كولونىنا
ئاپتوموبىلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى يەھۇدىينى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئەتىسى، يەھۇدىيلار ئولتۇراق رايونىنىڭ يېنىغا ئولتۇراقلاشقان ئىككى ئەرەب ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەچچە كۈندە بىر قاتار ئۆچ ئېلىش ۋەقەلىرى كەينى - كەينىدىن پەيدا بولدى، ۋەقە تېز كېڭەيدى. 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەرەبلەر «ئەرەب ئالىي كومىتېتى» قۇردى. ئۇزۇندىن بۇيان مۇسۇلمانلار كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن ئىرۇسالېمنىڭ چوڭ مۇپتىسى ھۇسەيىن بۇ يېڭى كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ ھال ئەرەبلەرنىڭ دىنىي نىزالاردىن ۋە سىياسىي ئىختىلاپلاردىن ھالقىپ مىللىي بىرلىكسەپ قۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئەرەب ئالىي كومىتېتى قۇرۇلۇشى بىلەن ئىراق، سۇرىيە، لىۋان، مىسىر قاتارلىق جايلاردىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىش تاشلاش ئارقىلىق ئەنگلىيە دائىرىلىرىنى يول قويۇشقا مەجبۇر قىلغان مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، پۈتۈن پەلەستىندە ئىش تاشلاشنى جاكارلىدى. نەتىجىدە ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى قىسمەن توقۇنۇش ئەرەبلەرنىڭ يىشۇۋغا ۋە ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمران دائىرىلىرىگە قارشى تۇرىدىغان ئومۇم خەلق قارشىلىق ھەرىكىتى بولۇپ تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالىي كومىتېت ئەنگلىيە دائىرىلىرىدىن يەھۇدىيلارنى پەلەستىنگە كۆچۈرۈشنى دەرھال توختىتىشنى، ئەرەبلەرنىڭ يېرىنى يەھۇدىيلارغا سېتىپ بېرىشكە يول قويماسلىقنى، مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان مىللىي قانۇن چىقىرىلغان ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەرەب ئالىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولمىدى. لېكىن 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەگەر ئىش تاشلاش توختىتىلسا، لورد پېئىل باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى پەلەستىندە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ كۈنى پەلەستىندىكى ئەنگلىيە دائىرىلىرى چېگرىدىن



كىرىدىغان كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، 4500 يەھۇدىي ئىشچىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە ئايدا پەلەستىنگە كېلىشىگە رۇخسەت قىلدى. بۇ ئىش ئەرەب مىللەتچىلىرىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى. ئەرەب ئالىي كومىتېتى بۇرۇن پەرەز قىلغان زورلۇق كۈچتىن خالىي ئىش تاشلاشنى مىللىي قوزغىلاڭغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. تىغ ئۇچى يەھۇدىيلارغىلا قارىتىلىپ قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيە ھۆكۈمران دائىرىلىرىغا قارىتىلدى. يازدا ئىش تاشلاش ۋە زوراۋانلىق توقۇنۇشى تۈپەيلىدىن پۈتۈن پەلەستىن پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئەرەب قوراللىق كۈچلىرى ھەممە يەردە زەربە بېرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيە ساقچىلىرىغا ۋە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. تاشيول، تۆمۈريول، نېفىت تۇرۇبىلىرىنى بۇزۇۋەتتى. خاگانا ۋە ئىرگۇن قاتارلىق يەھۇدىي قوراللىق كۈچلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قوزغىدى. يەھۇدىيلارنىڭ ھەممە ئولتۇراق رايونلىرى قوراللاندى. يىشۇۋدىمۇ ھەممە ئادەم ئەسكەر بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى يەھۇدىيلار ئاساس قىلىنغان «كېچىدە ئالاھىدە چارلاش ئەترىتى» ئۇيۇشتۇرۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرىنى ۋە نېفىت تۇرۇبىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلدى.

كۈنسايىن يامانلىشىۋاتقان ۋەزىيەت ئالدىدا، ئەنگلىيە دائىرىلىرى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كېچىدە مېڭىشنى چەكلىدى. پات - پات تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىپ، نۇرغۇن قاماش لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، «زوراۋانلار»نى قاماپ قويدى. قوزغىلاڭنى قوللىغانلارنى كوللېكتىپ جەرىمانە بىلەن جازالىدى. ئەنگلىيىدىن، مىسىردىن ۋە مالتادىن 20 مىڭ مۇنتىزىم ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، باستۇرۇش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە تەييارلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلاردىن ئوتتۇرىغا چىد-

قىپ «كېلىشتۈرۈپ قويۇش» نى تەلەپ قىلدى. ئىش تاشلاش ۋە
پاراكەندىچىلىك 1936 - يىلى 10 - ئايغىچە ئالتە ئاي داۋاملاش-
تى. ئەرەب ئالىي كومىتېتىمۇ تەرتىپكە سېلىش پۇرسىتىنىڭ
زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىراق ۋە
تاشقى ئىئوردانىيە رەھبەرلىرىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن ئىش
تاشلاشنى توختىتىلىشنى جاكارلىدى. پېئېل تەكشۈرۈش ئۆمىكى
11 - ئايدا پەلەستىنگە كېلىپ، تەكشۈرۈشنى باشلىدى.

## 2. پېئېلنىڭ دوكلاتىدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسى پەيدا قىلغان مۇنازىرە

پېئېل تەكشۈرۈش ئۆمىكى پەلەستىندە ئۈچ ئاي زىيارەت
قىلىپ، تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئاندىن يېرىم يىل ۋاقىت
سەرپ قىلىپ دوكلات يازدى. پېئېل تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ
دوكلاتى 1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى رەسمىي ئېلان
قىلىندى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالدى: ئەرەبلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇسى ۋە ئۇلارنىڭ
يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي يۇرتىنى قۇرۇشىغا بولغان ۋەھىمىسى،
ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش ۋە قوراللىق
قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەرەب ئىج-
تىمائىي تەشكىلاتلىرى بىلەن يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى
ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسە قىلىش قىيىن. ئىرق، دىن، تىل، مەدە-
نىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، تەپەككۇر شەكلى قاتارلىق جەھەت-
لەردە ئىككىسىدە ئورتاق ئاساس يوق. شۇڭا، بىر تەرەپنىڭ
ھەممە تەلىپىنى قاندۇرۇش ئارقىلىق تالاش - تارتىشنى ھەل
قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش ئۇسۇلىنى
يولغا قويغىلى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۆلۈپ باشقۇرۇش ئاسا-
سىدا ئەنگلىيىنىڭ پۈتكۈل پەلەستىنگە بولغان مانداتلىق ھۆكۈمە-
رانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پەلەستىندە بىر يەھۇدىيلار دۆلىتى،



يەنە بىر ئەرەبلەر دۆلىتى قۇرۇشقا ھەمدە ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقى-
دىكى بىر پارچە ئۆتۈشمە يەرنى ساقلاپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ.
پېئېلنىڭ دوكلاتى ئېلان قىلىنىش بىلەن بىللە، ئەنگلىيە ھۆكۈ-
مىتى سىياسىي باياناتى ئېلان قىلىپ، پېئېلنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغان بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىنى قوللاپ، بۇ قاتمال
ۋەزىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، دېدى. بايا-
ناتتا ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىندە تىنچلىق تەرتىپىنى قوغداش مەس-
ئۇلىيىتىنى داۋاملىق ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى، بۆلۈپ باشقۇرۇشقا
ئۆتۈش مەزگىلىدە ھەرقانداق «پاراكەندىچىلىك» نى قاتتىق باستۇ-
رىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە باياناتتا ئەرەب
دۆلىتىگە ئايرىلىدىغان رايوندا يەھۇدىيلارنىڭ يەر سېتىۋېلىشىنى
چەكلەش، بۇنىڭدىن كېيىنكى سەككىز ئايدا سەككىز مىڭ يەھۇ-
دىينىڭ كۆچۈپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىش ئېلان قىلىندى.
پەلەستىننى بۆلۈپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرنى بەزى-
لەر بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەسەۋۋۇر
پېئېلنىڭ دوكلاتىدا تۇنجى قېتىم كونكرېت لايىھىگە ئايلاندى.
بۇ لايىھىدە پەلەستىن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدىغان
بولدى: يەھۇدىيلار گازانىڭ شىمالىدىكى دېڭىز ياقىسى رايونىنى
ۋە گالىلىنى ئىگىلەيدىغان بولدى؛ ئەنگلىيە ئېرۇسالېم رايونىنى
ۋە ئېرۇسالېمدىن يافانىڭ دېڭىز قىرغىقىغا بارىدىغان تار، ئۇزۇن
كارىدورنى داۋاملىق كونترول قىلىدىغان بولدى؛ باشقا رايونلار
( بۇ سامارىيەنىڭ چوڭ قىسمى، ئۆلۈك دېڭىزنىڭ غەربىي قىرغى-
قىدىكى رايونلار، گازا ۋە پۈتكۈل نىگاب رايونىنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ ). بىلەن تاشقى ئىئوردانىيىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەرەب دۆ-
لىتى قۇرىدىغان بولدى. مۇشۇ لايىھە بويىچە، يەھۇدىيلار دۆلىتى
پەلەستىن ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 20% ئىگىلەيدىغان
بولدى ( تاشقى ئىئوردانىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ). بۇ لايىھىدە
ئۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن كېيىن ئوت-

تۇرىغا قويۇلغان بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىلىرىدە، 1947 - يىلى
ب د ت دا ماقۇللانغان بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىدە مۇشۇ لايىھە
ئاساس قىلىندى.

پېئىلنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۆلۈپ باشقۇرۇش
لايىھىسى ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىيلار ئىچىدە كەسكىن مۇنازىرە قوز-
غىدى. بىر قىسىم پەلەستىن ئەرەبلىرى ۋە تاشقى ئىئوردانىيە
ئەرەبلىرى بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىنى قىزغىن قوللايدىغانلى-
قىنى بىلدۈردى. ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى
بەزى شەھەرلەردە ئەرەبلەر ئەنگلىيە بايرىقىنى چۈشۈرۈۋېتىپ،
ئىئوردانىيە دۆلىتىنىڭ بايرىقىنى چىقاردى. لېكىن، بۆلۈپ باش-
قۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن
ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ، پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىغا يامراپ
كەتتى. چوڭ مۇپتى ھۇسەيىن باشچىلىقىدىكى ئەرەب ئالىي كو-
مىتېتى بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىگە قاتتىق قارشى چىقتى ھەمدە
نارازىلىق بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. 9 - ئاينىڭ
8 - كۈنى سۇرىيىدىكى بۇلۇتاندا «پەلەستىننى قوغداش» ئاساسىي
تېما قىلىنغان ئەرەبلەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. مىسىر، ئىراق،
سۇرىيە، لىۋان، پەلەستىن، تاشقى ئىئوردانىيە قاتارلىق دۆلەت-
لەردىن كەلگەن 400 دىن ئارتۇق ۋەكىل قۇرۇلتايغا قاتناشتى.
قۇرۇلتاي قارار ماقۇللاپ بۆلۈپ باشقۇرۇش پىلانىنى ئەيىبلىدى.
نۇرغۇن ۋەكىللەر بۆلۈپ باشقۇرۇش پىلانىنى قوللىغان تاشقى
ئىئوردانىيىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللانى كۈچلۈك تەنقىد قىلدى.
كۆپ ساندىكى ئەرەبلەرنىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش پىلانىغا قارشى
تۇرۇشقا تۈۋەندىكى ئىككى نۇقتا سەۋەب بولدى: بىرى، بۇ پىلاندا
نۇرغۇن ئەرەب ئاھالىسى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ماندارىن، لىمون،
ئاپېلسىن باغلىرى يەھۇدىيلار دۆلىتىگە ئايرىپ بېرىلىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدىغان بۇ ئەرەبلەر مەزكۇر
پىلانغا قارشى تۇرىدىغان ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى. يەنە بىرى،



بۇ پىلاندا پەلەستىن ئەرەب ئالىي كومىتېتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە
چوڭ مۇپتى ھۇسەيىنىڭ تەسىر كۈچى پۈتۈنلەي نەزەرگە ئېلىن-
ماي، بەلكى پەلەستىندىكى ئەرەب دۆلىتى تاشقى ئىئوردانىيىدىكى
ھاشىم جەمەتىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا قويۇلدى. بۇمۇ پەلەس-
تىن ئەرەبلىرىنىڭ قارشى چىقىشىنى پەيدا قىلغان ئاساسىي سە-
ۋەب بولدى. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھاشىم
جەمەتى ئۇزۇندىن بۇيان ئىرۇسالېمنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا قول
تىقىشنى كۆزلەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ يەردىكى مەشھۇر
جەمەتلەر ۋە ھۇسەيىن جەمەتىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ،
ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كۆپ قېتىم توقۇنۇش بولغانىدى.
بۆلۈپ باشقۇرۇش پىلانى ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەن يەنە بۇ تالاش
- تارتىش بولدى. نەتىجىدە ئابدۇللا «پەلەستىنگە قارا نىيەتلى
بار» دەپ ئەيىبلەندى. ھۇسەيىن پەلەستىندىكى ئەرەب مىللەتچى-
لىك ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن بىۋاسىتە
قاراشلىشىش يولىغا ماڭدى. 8 - ۋە 9 - ئاي ئارىلىقىدا ئەرەب
قوراللىق كۈچلىرى ئەرەب ئالىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە
يەنە ھۇجۇم قوزغىدى. ئەنگلىيىنىڭ گالىلىدا تۇرۇشلۇق مەمۇرىي
ۋالىيسى ئاندرېۋېس بىلەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئۆلتۈرۈۋېتىل-
دى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئەرەب ئالىي
كومىتېتىنى قانۇنسىز دەپ جاكارلىدى ھەمدە بۇ كومىتېتنىڭ
كۆپ قىسىم ئەزالىرىنى قولغا ئالدى. چوڭ مۇپتى ھۇسەيىن 10
- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى لىۋانغا چىقىپ كېتىپ، شۇ يەردە باش
شتاب قۇردى.

زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئىچىدىمۇ بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھە-
سى ئۈستىدە كەسكىن مۇنازىرە قانات يايدۇرۇلدى. پېئىلنىڭ
دوكلاتى ئېلان قىلىنىپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، 20
- نۆۋەتلىك زىئونىزمچىلار قۇرۇلتىيى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى
شۋېتسارىيىدىكى سيۇرىختا ئېچىلدى. بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھە-

سىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي تېمىسى
بولدى. ۋېيزمان ۋە بېن گۇرىئون قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قارىشى-
چە، بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ،
لېكىن ھېچبولمىسا ھازىر ياۋروپادا قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان
يەھۇدىيلارنى پاناھگاھ بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. زىئونىزم
ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىممەتلىك ۋا-
قىتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇ مۇنبەت زېمىندا تۇجۇپىلەپ
ئىشلىگەندە يەھۇدىي كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى تۇراقلىق كۆپەيتىپ،
يەنىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. ئۇششى-
كىن، گولدا مېئىر (1898 — 1978) قاتارلىق كىشىلەر بۆلۈپ
باشقۇرۇش لايىھىسىگە قارشى تۇرۇپ، بۇ لايىھە يەھۇدىيلارنى بەك
چوڭ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. زېمىنى يوق دۆلەت ئۆزۈنىچە
مەۋجۇت بولالمايدۇ. يەھۇدىيلار دۆلىتىدە ئېرۇسالېم بولمىسا،
ئۇ بېشى يوق تەنگە ئوخشاپ قالىدۇ، دەپ قارىدى. مەنىۋى
مەركەز پارتىيىسى بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىگە دىنىي نۇقتىدىن
قارشى تۇرۇپ، بۇ لايىھە «تەۋرات» نىڭ روھىغا خىلاپ، ۋەھالەن-
كى، «تەۋرات» بولسا يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە تەلەپ قويۇشى-
نىڭ ئاساسى، دەپ قارىدى. سول قانات زىئونىزمچىلار ئەرەبلەر
بىلەن يەھۇدىيلار تىنچلىقتا بىللە ياشايدىغان ئىككى مىللەتلىك
دۆلەت قۇرۇشنى ئۈمىد قىلغاچقا، بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىگە
قارشى چىقتى. قۇرۇلتاي ئاخىر ئاۋاز بەرگەندە 300 ۋەكىل
ۋېيزماننى قوللىدى، 158 ۋەكىل ۋېيزمانغا قارشى ئاۋاز بەردى.
قۇرۇلتاي قارارىدا ئىجرائىيە كومىتېتىغا يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇ-
رۇشنىڭ كونكرېت پىلانى ئۈستىدە ئەنگلىيە بىلەن يەنىمۇ ئىلگى-
رىلەپ ئىزدىنىش تاپشۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن پىئېلنىڭ دوك-
لاتى ۋە ئەنگلىيىنىڭ سىياسەت باياناتىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار،
مەسىلەن، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئۆزئارا سىغىشالمايدۇ،
يەھۇدىي كۆچمەنلىرىگە چەك بەلگىلەپ بېرىش، ئەرەبلەر دۆلىتىگە



ئايرىلىدىغان زېمىندىن يەھۇدىيلارنىڭ يەر سېتىۋېلىشىغا يول
قويماسلىق، دېگەندەك نۇرغۇن مەزمۇنلار رەت قىلىندى. قۇرۇل-
تايدىن كېيىن يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى.
بۇ يىغىندىمۇ بۆلۈپ باشقۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇنازىرە
قىلىندى. يىشۇۋنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ھەتتا خاگانانىڭ ئىچكى
قىسمىدىمۇ بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىگە ئوخشاشمىغان قاراشلار
مەۋجۇت بولدى.

### 3. ئەرەبلەر قوزغىلىڭىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈ-رۈلۈشى ۋە «17 - ماي ئاق تاشلىق كىتابى»

پەلەستىندىكى ئەرەبلەرنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى 1937 -
يىلى 10 - ئايدىن كېيىن يەنە دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، ئاساسلىق
جەڭ مەيدانى شەھەرلەردىن تەدرىجىي يېزىلارغا يۆتكەلدى. تۈر-
كۇم - تۈركۇم ئەرەب پارتىزانلىرى پۈتكۈل پەلەستىندە ئومۇ-
يۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرىغا
ھۇجۇم قىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ زىرائەت ۋە باغلىرىنى ۋەيران
قىلىش بىلەنلا قالماستىن، ساقچى ئىدارىلىرىگە ۋە ئەنگلىيە
ئارمىيىسىنىڭ بازىلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مانداتلىق ھۆ-
كۈمران دائىرىلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قوغلىدى. تېلېفون سىم-
لىرىنى كېسىۋەتتى، تۆمۈر يولنى بۇزدى، ئاپتوموبىللارنى تو-
سۇۋالدى. پەلەستىننىڭ سىرتىدىن كەلگەن قوراللىق خادىملار
ۋە پىدائىيلارمۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتناشتى. ئەنگلىيە دائىرى-
لىرىنىڭ سۈكۈت قىلىشى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ قوراللىق خاگانا-
سى ئادىمىنى ئون مىڭدىن ئاشۇردى ھەمدە ئادەملىرىگە خىل
قوراللارنى سەپلەپ بېرىپ، ئەرەب قوراللىق كۈچلىرى بىلەن
ئېلىشىپ، ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولۇپ قالدى.
رېۋىزىيىچىلەر رەھبەرلىك قىلغان ئىرگۇن خاگانانىڭ مۇداپىئەنى
ئاساس قىلغان ئىستراتېگىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، تەشەببۇسكار-

لىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى، ھەسسىلەپ ئۆچ ئېلىشنى، ئاساس-
لىقى تېررورلۇق ھۇجۇمى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەشەببۇس قىل-
دى. ئومۇمەن، چوڭ مۇپتى ھۇسەيىن قوزغىلاڭغا لىۋاندا تۇرۇپ
قوماندانلىق قىلىسىمۇ، لېكىن پەلەستىندىكى ئەرەب قوراللىق
كۈچلىرى ئارىسىدىكى ماسلىشىش كەم بولدى. يەھۇدىي قوراللىق
كۈچلىرى بولسا زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا قوللىدى. بۇ مەز-
گىلدە ئەرەب ۋە يەھۇدىيلار ئارىسىدىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار توپى-
لاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ، پۇقرانىڭ ھاياتىغا
ۋە مال - مۈلكىگە ئېغىر زىيان سالدى.

بۆلۈپ باشقۇرۇش تەسەۋۋۇرى تەدرىجىي كونكرېت پىلانغا
ئايلانغانلىقتىن، يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى مۇشۇ مالىمان پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ، ئادەم ئولتۇرمىغان رايونلارغا، ئىككى تە-
رەپ تالىشىۋاتقان رايونلارغا ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە
رايونلارغا پىلانلىق، تەشكىللىك يېڭى كۆچمەن رايونلىرىنى قۇ-
رۇپ، ھەقىقىي بۆلۈپ باشقۇرۇش ئىشقا ئېشىپ قالسا، كۆپرەك
زېمىنگە ۋە پايدىلىق چېگرىغا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلدى.
يېڭى كۆچمەن رايونلىرىنى قۇرىدىغان بۇنداق ھەرىكەت قويۇق
ھەربىي تۈسكە ئىگە بولغاچقا، بۇنىڭغا خاگانا قاتارلىق قوراللىق
تەشكىلاتلار ماسلاشتى. رېۋىزىيىچىلەرنىڭ بېتا قاتارلىق ياشلار
تەشكىلاتلىرىمۇ قاتناشتى. قۇرۇلغان يېڭى رايونلار بىر قەدەر
كۈچلۈك مۇداپىئە ئىقتىدارىغا ۋە ئۇنىۋېرسال ياشاش ئىقتىدارىغا
ئىگە بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا مەلۇم دائىرىنى كونترول قىلىپ
تۇرالغۇلار ۋە مەلۇم قاتناش لىنىيىلىرىنى قوغدىيالىدى. شۇڭا
بۇ رايونلار «قورغان ۋە رىشاتكا شەكلىدىكى ئولتۇراق رايونى»
دەپ ئاتالدى. ستاتىستىكىلاردىن قارىغاندا، 1936 - يىلىدىن
1939 - يىلىغىچە يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇنداق ئولتۇراق رايونى
55 كە يەتكەن. ئەرەبلەرنىڭ ئادىمى كۆپ، بۆلۈپ باشقۇرۇشقا
قارشى تۇرۇشى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئاشۇنداق



ئالدىن كۆرىدىغان ئىستراتېگىيىلىك نەزەر كەم بولغاچقا، ھەم
ئۇلار بۆلۈپ باشقۇرۇشنى چەكلەيدىغان ياكى بۆلۈپ باشقۇرۇش
ۋەزىيىتى پەيدا بولغاندا پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە بولىدىغان ھېچقان-
داق تەدبىر قوللانمىغاچقا، توقۇنۇش كۆنسايىن كەسكىنلىشىۋات-
قان ئەھۋالدا كۆپىنچە پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

ئەلۋەتتە، بۇنداق قالايمىقان ئۇرۇش ھالىتىدە يەنىلا ئەنگلىيە
دائىرىلىرى ئەڭ قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. ۋەزىيەتنىڭ كۈنسا-
يىن جىددىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1938 -
يىلى 4 - ئايدا پەلەستىنگە سېر چارلىز ۋود خېئاد باشچىلىقىدىكى
تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، ھەل قىلىشنىڭ يېڭى لايىھىسى-
نى تەتقىق قىلدى. بۇ تەكشۈرۈش ئۆمىكى 11 - ئايدا ئۆز دوكلا-
تىنى ئېلان قىلىپ، تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈچ خىل
مۇمكىنچىلىكىنى يىغىنچاقلىدى ۋە مۆلچەرلىدى. بۇنىڭ بىرى،
پېئېلنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھە-
سى بولۇپ، ۋود خېئادنىڭ دوكلاتىدا بۇ لايىھىدە تەكلىپ قىلىن-
غان يەھۇدىيلار دۆلىتىنىڭ 49% ى ئەرەبلەر بولغاچقا، بۇنىڭدا
يەھۇدىيلار دۆلىتى كەسكىن توقۇنۇشقا پېتىپ قېلىپ، مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇش قىيىن بولىدۇ، دەپ قارالدى. يەنە بىرى، يەھۇ-
دىيلار دۆلىتىنىڭ خەرىتىسىنى كىچىكلىتىپ، يەھۇدىيلار دۆلى-
تىدىكى ئاھالىنىڭ 62% نى يەھۇدىي، 38% نى ئەرەب قىلىش.
ۋود خېئادنىڭ دوكلاتىدا: بۇنداق بولسا يەھۇدىيلار دۆلىتى بەك
ئۇزۇن، بەك تار ۋە ئاسان ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان بولۇپ قېلىپ،
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى قىيىن بولىدۇ، دەپ قارالدى. ئۈچىن-
چىسى، پەلەستىننىڭ كۆپ قىسىم رايونىنى ئەنگلىيىنىڭ مانداتى-
لىق ھۆكۈمرانلىقىدا قويۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ كىچىك دۆلىتىنى
قۇرۇش (ئاساسلىقى شىمالدىكى دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنى
ئۆز ئىچىگە ئېلىش) ۋە چوڭراق ئەرەب دۆلىتى قۇرۇش (سامارى-
يە، ھېبرون ۋە گازا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش) مۇمكىنچىلى-

كى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋود خېئاد دوكلاتى ئۇچىنچى لايىھىگە
مايىل بولدى. لېكىن، ئەرەبلەر ھەرقانداق شەكىلدىكى بۆلۈپ
باشقۇرۇشقا قەتئىي قارشى تۇردى. يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىمۇ بۆ-
لۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىگە قارشى تۇرىدىغان پىكىرلەر كۆنسايىن
كۆچەيدى. ۋود خېئاد دوكلاتىنى يەنە تاشلاپ قويۇشقا توغرا كەل-
دى. كېيىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسى-
دىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ چاغدا پەلەستىن ئومۇميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش ئىچىگە
چۈشۈپ قالدى. ئەرەب قوراللىق كۈچلىرى 1938 - يىلى 10
- ئايدا ئېرۇسالېمنىڭ كونا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئەنگلىيە
دائىرىلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن باستۇردى، نۇرغۇن ئەسكەر يۆت-
كەپ كېلىپ قوراللىق كۈچلەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. «ئۆلتۈر-
گەننىڭ سورىقى يوق» بولۇشتەك قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللاندى،
مەخسۇس ھەربىي سوت تەسىس قىلىپ ئەرەب قوزغىلاڭچىلىرىنى
سوراق قىلدى. 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 58 ئادەم
ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەم
مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئەنگلىيە پەلەستىن
بىلەن سۈرىيە، لىۋان ۋە تاشقى ئىئوردانىيە چېگرىسىغا سىم
«توساق» تارتىپ، سىرتقى كۈچلەرنىڭ پەلەستىنگە كىرىپ قوز-
غىلاڭچىلارغا ياردەم بېرىشىدىن مۇداپىئە كۆردى. 1939 - يىلى
ئەتىيازدا كۈچلۈك ئەنگلىيە قوشۇنى ۋە سەرخىل يەھۇدىي قورال-
لىق كۈچلىرىنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىسىپ زەربە بېرىشى بىلەن
قوزغىلاڭ دولقۇنى تەدرىجىي پەسەيدى. بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار
تاشقى ئىئوردانىيىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە چېكىنىپ كەتتى. كې-
يىن ئىنگلىزلار قوماندانلىق قىلغان ئەرەب ئارمىيىسى ئۇلارنى
پارچىلاپ تارمار قىلدى.

ئەنگلىيە ئەرەبلەرنىڭ قوزغىلىڭىنى جىددىي باستۇرۇش بى-
لەن بىللە، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش -



تارتىشنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار سىياسىي ۋە دىپلوماتىك
ھەرىكەتلەرنىمۇ قوللاندى. ۋود خېئاد دوكلاتى ئېلان قىلىنغاندىن
كېيىن بىرنەچچە ھەپتىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۆلۈپ باشقۇرۇش
پىلانىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى رەسمىي جاكارلىدى، ئەرەبلەر بى-
لەن يەھۇدىيلار سۆھبەتلىشىپ كېلىشەلىسە پەلەستىندە تىنچلىق
ۋە گۈللىنىش ئەسلىگە كېلەلەيدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە
يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مۇستەملىكە ۋەزىرى مالكولم ماكدونالد ئە-
رەب، يەھۇدىي ۋەكىللىرىنى لوندوندا سۆھبەتلىشىشكە رەسمىي
تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئىككى تەرەپ مەلۇم مەزگىل تىرىشىش
ئارقىلىقمۇ كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا، ئەنگلىيە ئۇلارغا ھەل
قىلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىنى تېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ، دېدى.
1939 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى لوندوندا يۇمىلاق ئۈستەل
يىغىنى ئېچىلدى. ئەرەبلەر تەرەپتىن پەلەستىن، مىسىر، ئى-
راق، تاشقى ئىئوردانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، يەمەندىن كەل-
گەن ۋەكىللەر قاتناشتى. يەھۇدىيلار تەرەپتىن يەھۇدىيلار ۋاكا-
لەتخانىسى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، بېلگىيە، گېرماند-
يە، پولشا، جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى يەھۇدىيلار-
نىڭ رەھبەرلىرى كېلىپ قاتناشتى. يىغىن باشلىنىش بىلەنلا
ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئەرەب ۋەكىللىرى يەھۇدىيلار بى-
لەن بىللە ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. نەتىجىدە يىغىننى ئىككىگە
ئايرىپ، ئەنگلىيە بىلەن ئەرەبلەر، يەھۇدىيلار ئايرىم - ئايرىم
ئۆتكۈزىدىغان يىغىنغا ئايلاندۇرۇشقا توغرا كەلدى. بۇ جەرياندا
يەھۇدىيلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن مىسىر، ئىراق ۋە سەئۇدى
ئەرەبىستاننىڭ ۋەكىللىرى ئىككى قېتىم غەيرىي رەسمىي ئۇچ-
راشتى. لېكىن، پەلەستىن ئەرەبلىرى يەھۇدىيلار بىلەن ئۇچرى-
شىشنى رەت قىلىپ تۇرىۋالدى. ھەممە مەسىلىلەردە ئىككى
تەرەپنىڭ پىكىر بىرلىكى بولمىدى. ئاخىر ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ
تۆۋەندىكى تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى: ئۇن

يىللىق ئۆتكۈنچى دەۋردىن كېيىن پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇلىدۇ.
ئۆتكۈنچى دەۋردە ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ، مىللىي
يىغىن چاقىرىلىپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈلىدۇ؛ كەلگۈسى بەش
يىلدا 75 مىڭ يەھۇدىينىڭ پەلەستىنگە كېلىشىگە رۇخسەت قىلى-
نىپ، يەھۇدىيلار پەلەستىندىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئۈچتىن بىر
قىسمىغا يەتكۈزۈلىدۇ، يەھۇدىي كۆچمەنلەرنىڭ يەر سېتىۋېلىشىغا
مەلۇم چەك قويۇلىدۇ؛ يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەت-
لەندۇرۇش ئۈچۈن، ئەرەب ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى-
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان فېدېراتىپ تەشكىلات قۇرۇلسىمۇ بولىدۇ.
يەھۇدىيلار بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. چۈنكى، بۇ تەكلىپ يەھۇ-
دىيلارنىڭ پەلەستىندە مەڭگۈ ئاز سانلىق بولۇپ قېلىشىدىن دې-
رەك بېرەتتى. ئەرەبلەرمۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. چۈنكى،
ئۇلار يەنە ئون يىل كۈتمەي، يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشىنى
دەرھال توختىتىشنى، دەرھال پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇشنى تەلەپ
قىلدى. داۋاملىق سۆزلىشىشنىڭ ئورنى قالمىغاچقا، يىغىن 3
- ئاينىڭ 17 - كۈنى كۆڭۈلسىز تارقىلىپ كەتتى.

بۇ چاغدا ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەت-
تى. گېرمانىيە، ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە بولغان تەھدىتىمۇ
كۈنسايىن ئېغىرلاشتى (بۇ ھەقتە كېيىنكى بابتا تەپسىلىي توختى-
لىمىز). ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ھۆ-
كۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، كەسكىن تەدبىر قوللى-
نىپ، بىر خىل ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىي-
لارغا تاڭدى. مانا بۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1939 - يىلى 5 -
ئاينىڭ 17 - كۈنى ئېلان قىلغان پەلەستىن مەسىلىسى توغرىسى-
دىكى ئاق تاشلىق كىتابتۇر. بۇ يەردە ئۇنى «17 - ماي ئاق
تاشلىق كىتابى» دەيمىز. «17 - ماي ئاق تاشلىق كىتابى»
ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىنىڭ لوندون يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان ھەل
قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ كىرىش سۆزدىن، ئاسا-



سى قانۇندىن ۋە كۆچمەنلەر بىلەن يەر مەسىلىسىنى ئايرىم-
ئايرىم شەرھلىگەن ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئاق تاشلىق
كىتابتا «پەلەستىننى يەھۇدىيلار دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىش»
ئەنگلىيىنىڭ سىياسىتى ئەمەسلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىللە «پە-
لەستىننى ئەرەب دۆلىتى قىلىش تەلىپىنىڭ ئادىل ئاساسى يوق»
لۇقى؛ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتى ئون يىل ئىچىدە «مۇس-
تەقىل پەلەستىن دۆلىتى» قۇرۇش بولۇپ، ئەرەبلەرنى ۋە يەھۇ-
دىيلارنى ھۆكۈمەتكە قاتناشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئىتىنى
قوغداش ئىكەنلىكى جاكارلاندى. ئاق تاشلىق كىتابنىڭ كۆچمەن-
لەر قىسمىدا 1939 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ بەش يىل ئىچىدە
75 مىڭ يەھۇدىينىڭ پەلەستىنگە كېلىشىگە رۇخسەت قىلىش،
«پەلەستىندىكى ئەرەبلەر يەھۇدىيلارنىڭ داۋاملىق كېلىشىگە سۈ-
كۈت قىلمىسا»، بەش يىلدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ يەھۇدىيلارنىڭ
كېلىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاق تاشلىق
كىتابنىڭ يەر قىسمىدا «ئالىي ۋالىيغا يەر ئۆتۈنۈپ بېرىشنى
توختىتىش ياكى چەكلەشنىڭ ھەممە ھوقۇقى بېرىلىدۇ» غانلىقى
جاكارلاندى. «17 - ماي ئاق تاشلىق كىتابى» ئەنگلىيىنىڭ
پەلەستىنگە قاراتقان سىياسىتىدە «يەھۇدىيلارغا مەدەت بېرىپ،
ئەرەبلەرنى بېسىش» تىن «يەھۇدىيلارنى چەكلەپ، ئەرەبلەرنى يې-
نىغا تارتىش» تەك زور ئۆزگىرىشنىڭ بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ،
يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى، دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى ۋە پۈتۈن
دۇنيادىكى يەھۇدىيلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. نەتى-
جىدە ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىي يامانلاش-
تى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەرەبلەرمۇ ئاق تاشلىق كىتابنى رەت
قىلىپ، مۇستەقىل ئەرەب پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇشنى تەلەپ
قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۈچلۈك بېسىم ئاستىدا ئەرەبلەرنىڭ
قوراللىق قوزغىلىڭى تەدرىجىي جىمىقتۇرۇلدى، يەھۇدىيلارنىڭ
ئەنگلىيىگە قارشى ھەرىكەتلىرى كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. ئىرو-

سالىمدا رادىكال يەھۇدىيلار ئەنگلىيىگە قارشى نامايىش قىلدى. يەھۇدىي قوراللىق ئۇنسۇرلىرى ئەنگلىيىلىك بىر ساقچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بىن گۇرىئون بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئەنگلىيىنىڭ يېڭى سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشى باشلانغانلىقىنىڭ «بەلگىسى» دېدى. بۇ چاغدا ئەنگلىيىگە «17 - ماي تاشلىق كىتابى» دا بەلگىلەنگەن سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىشتىن باشقا يول قالمىدى. چۈنكى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى. پەلەستىننىڭ، ھەتتا ئوتتۇرا شەرقنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئەنگلىيىگە نىسبەتەن بىرىنچى مۇھىم ئىش بولۇپ قالغانىدى.



## يەتتىنچى باب

# چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق ئېلىشىشى ۋە ئۇرۇش سايىسىدىكى پەلەستىن

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ناپولېئون قوشۇن باشلاپ ئوتتۇرا شەرققە يۈرۈش قىلغاندا، ئەسكەرلىرىگە: «سىلەر ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان ئارمىيىنىڭ يان قانىتى» دېگەنىدى. بۇ ياۋروپالىق مۇھىم ئەربابنىڭ ئوتتۇرا شەرققە ياۋروپانىڭ «يان قانىتى» دېگەن ئىستراتېگىيىلىك تەبىرنى بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ھەرقانداق چوڭ دۆلەت ياۋروپادا ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقماقچى بولسا، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوتتۇرا شەرقنى كونترول قىلىشقا توغرا كەلدى. نەتىجىدە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى ئىككى كۈچ تىركىشىپ قالغاندا، ئوتتۇرا شەرقتە پاراكەندىچىلىك بېسىقمىدى. ياۋروپادا ئۇرۇش پارتلىسا، ئوتتۇرا شەرق ئاپەتتىن خالىي بولالمىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، رۇسىيە بىلەن گېرمانىيە، ئاۋستىرىيىنىڭ بالقان، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقىدىكى توقۇنۇشى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللۇق ئۇرۇشى بولۇپ، كېيىن ياۋروپادىكى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ جەنۇبىي قانات فرونتى بولۇپ قالدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىلدا تارىخ تەكرارلىنىپ، 30 - يىللاردا گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىزمى ياۋروپادا باش كۆتۈردى. ئوتتۇرا

شەرق ياۋروپادىكى ئىككى ھەربىي گورۋھ ئوتتۇرىسىدىكى قورال-
لىق ئېلىشىش ئىچىگە يەنە بىر قېتىم چۈشۈپ قالدى. 1939
- يىلى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئوتتۇرا شەرق
ياۋروپا فرونتىنىڭ يان قانىتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۇنيا-
ۋى توقۇنۇشتا ئىككى تەرەپ تالىشىدىغان «مۇھىم تۈگۈن» بولۇپ
قالدى. ئوتتۇرا شەرق جەڭ مەيدانى قىلىنغان «ياۋروپا ئۇرۇشى»
دىن باشقا، ئوتتۇرا شەرق مىللەتچىلىكىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە
ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە ئارىلىشى-
شىمۇ مۇشۇ دەۋردە ئوتتۇرا شەرقنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆر-
سىتىدىغان مۇھىم ئامىل بولدى. شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدىكى
«مۇنبەت ھىلال ئاي بەلبېغى» دىكى مۇھىم ھالقا بولغان پەلەس-
تىن مۇشۇ مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ گىرەلىشىپ تەسىر كۆرسىتى-
شى بىلەن ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى داۋالغۇش
دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. مۇشۇ قانلىق يىللاردا زىئونىزم رەھ-
بەرلىرى ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ پايدىسىز ئامىللارنى تۈگى-
تىپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كۈچ توپلاپ ئۆزىنى كۈ-
چەيتىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ھەل قىلغۇچ ئېلىشىشقا پۇختا
تەييارلىق قىلدى.

## 1 §. پەلەستىن — ياۋروپانىڭ «يان قانىتى» دىكى تالىشىش جېڭىنىڭ مۇھىم ھالقىسى

**1. گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ پەلەستىنگە قىس-
تاپ كېلىپ تەھدىت سېلىشى (1933 — 1939)**

30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ناتسىستلار گېر-
مانىيىسى بىلەن فاشىستلار ئىتالىيىسى ياۋروپادا بىر مەھەل
غالجىرلىشىپ، ئىبلىس قولىنى ئوتتۇرا شەرققىمۇ تەڭ سوزدى.
گېرمانىيە، تۈركىيە، ئىران، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەرگە زور



كۈچ بىلەن سىڭىپ كىرىپ، بۇ دۆلەتلەردىكى گېرمانىيەپەرەس-
لەرنى يېنىغا تارتىپ ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىپ، ئەنگلىيە، فران-
سىيە پەرەس كۈچلەرنى چەتكە قاقتى ۋە ئۇلارغا زەربە بەردى
ھەمدە ئۇ يەرلەردە نېفىت ئېچىشقا سۇقۇنۇپ كىرىش نىيىتىدە
بولدى. ئىتالىيە تىغ ئۇچىنى شەرقىي شىمالىي ئافرىقىغا قارات-
تى. 1933 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىتالىيە ئۆز دۆلىتىنىڭ
جەنۇبىي قىسمىدا، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئاراللاردا، ئىتالىيىگە
قاراشلىق لىۋىيىدە ۋە شەرقتىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدا ھەربىي
بازىلىرىنى كېڭەيتىپ، ھەربىي ئەشيالارنى توپلاپ، چوڭ ھەربىي
ھەرىكەت قوللىنىشنىڭ تەييارلىقىنى پۇختىلىدى. 300 مىڭ
كىشىلىك ئىتالىيە ئارمىيىسى 1935 - يىلى 10 - ئايدا ئېفىئوپ-
يىگە ئۇرۇش ئېلان قىلماي ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئىككىنچى
يىلى بۇ دۆلەتنى تامامەن ئىگىلىۋالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن قىزىل
دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئەنگلىيىگە تاقابىل تۇرۇشنى مەقسەت
قىلغان ھەربىي بازىلارنى قۇردى. 1939 - يىلى ئەتىيازدا، گېر-
مانىيە بىلەن ئىتالىيە قوللىغان فرانكو ئىسپانىيىنى كونترول
قىلدى. ئىتالىيە ئالبانىيىنىمۇ يۇتۇۋېلىپ، ئوق مەركىزى دۆ-
لەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. گېر-
مانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ياۋروپانىڭ يان قانىتىدىكى ھۇجۇمى
ئەنگلىيە، فرانسىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى كونا مۇستەملىكىچى
دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە، بولۇپمۇ ئەنگلىيىنىڭ نەزىرىدىكى ھايات-
لىق لىنىيىسى بولغان ئوتتۇرا دېڭىز — قىزىل دېڭىز — ھىندى
ئوكيان قاتناش يولىغا ئېغىر تەھدىت بولدى.

گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى پە-
لەستىندىن ئىبارەت بۇ تالاشتا قالغان «مۇقەددەس يەر» نىڭ قان-
چىلىك مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى
بىلەتتى. گۇنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار
ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا ئەنگلىيە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قال-

غاندا، بولۇپمۇ 1936 - يىلى پارتلىغان ئەرەبلەرنىڭ قوزغىلىڭى ئەنگلىيىنى پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىدا مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغاندا، گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە دەرھال بۇ پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ، ئەرەب دۇنياسىنى يېنىغا تارتىپ، ئەنگلىيىگە زەربە بېرىشنى نىشان قىلغان ھۇجۇمنى قانات يايدۇردى. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئەرەب تىلىدىكى رادىئو ئاڭلىتىشلىرىدا پەلەستىن مەسىلىسىدە كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئەرەبلەرنى «قوزغىلىپ ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش»قا ئىلھاملاندۇردى. مۇسسولىنى 1937 - يىلى 3 - ئايدا لىۋىيىگە زىيارەتكە بېرىپ، نۇتۇق سۆزلىگەندە ئۆزىنى «ئىسلام دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى» دېدى. گېتلېر 1938 - يىلى 2 - ئايدىكى بىر قېتىملىق سۆزىدە ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنىڭ «ئېرۇسالېمدىكى ئەنگلىيە ھەربىي سوتىنىڭ ھۆكۈملىرىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، گېرمانىيە خەلق سوتىنىڭ ھۆكۈملىرى توغرىسىدا ئازراق ئۇنداق - مۇنداق دېيىشى»نى تەلەپ قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن بۇ قانخور كاتتىۋاش «ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىندىكى ئەرەبلەرنى ئۆلتۈرۈشكە نېمە ھەققى بار ئىكەن؟» دەپ سورىدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھىنىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلىنى قوبۇل قىلغاندا، پەلەستىندىكى ئەرەبلەرنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى قوزغىلىڭىنى ئاشكارا ماختىدى. تەشۋىقات ئۇرۇشىدىن باشقا، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە پەلەستىندىكى ئەنگلىيىگە قارشى كۈچلەرگە بىۋاستە ماددىي ياردەم بەردى. گېرمانىيە ئاخبارات ئورگىنىنىڭ كاتتىۋېشى گېنېرال پولكوۋنىك كانالىس قاتارلىقلار ئوتتۇرا شەرقنى كۆپ قېتىم مەخپىي زىيارەت قىلىپ، چوڭ مۇپتى ھۇسەيىن ۋە باشقا ئەرەب رەھبەرلىرى، جۈملىدىن پەلەستىندىكى ئەرەب قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھەربىي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەمكارلىشىدىغان ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ھۇسەيىنمۇ گېرمانىيىنى زىيارەت قىلىپ، گىتلېر بىلەن كۆرۈشتى. پەلەستىن ئەرەبلىرىنىڭ قوزغىلىڭى 1938 -



يىلى يازدا يەنە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە گېرمانىيىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىراق ئارقىلىق پەلەستىنگە كۆپلەپ قورال يەتكۈزۈپ بېرىشنى پائال پىلانلاپ ئۇيۇشتۇردى.

ۋەقەنىڭ بۇ بىر قاتار تەرەققىياتى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ساھەدىكى نۇرغۇن مۇھىم ئەربابلىرى پەلەستىنگە قارىتىلغان سىياسەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئاساسىي ئامىل بولدى. بۇ ئادەملەرنىڭ قارىشىچە، ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ شەرققە، بولۇپمۇ پەلەستىنگە قاراتقان ھۇجۇمى ئالدىدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دەرھال ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندىكى تەرەققىياتىنى چەكلەپ، ئەرەبلەر بىلەن ئىتتىپاق تۇزۇپ، ئەرەب رايونىدىكى نېفىت بايلىقىنى ۋە ئىستراتېگىيىلىك قاتناش لىنىيىسىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئەنگلىيىنىڭ بۇ رايوندىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن گىتلېر ميۇنخېن شەرتنامىسىنى يىرتىپ تاشلاپ چېخ - سلوۋاكىيىنى يۇتۇۋالغان ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ «17 - ماي ئاق تاشلىق كىتابى» تەتبىق قىلىنىشقا باشلىدى.

## 2. ئوتتۇرا شەرق فرونتى ۋە پەلەستىن

1939 - يىلى 9 - ئايدا گېرمانىيىنىڭ پولشاغا تاجاۋۇز قىلىشى، ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى بىلەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى توققۇز ئېيىدا پەلەستىننىڭ ۋەزىيىتى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇقىم بولدى. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى، بى-

رىنچىدىن، بۇ مەزگىلدە ياۋروپادا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە چوڭ ئۇرۇش بولمىدى. ئىككىنچىدىن، ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىيلار ئەنگلىيە بىلەن كېلىشىش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. «17 - ماي ئاق تاشلىق كىتابى» ئەنگلىيە دائىرىلىرى بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتتى. ئەرەبلەرنىڭ ئۈچ يىل داۋاملاشقان قوزغىلىڭى تەدرىجىي تىنچىدى. ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يەھۇدىيلار ئەنگلىيىگە قارشى كەسكىن ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن ئۇلار ئەنگلىيىگە قارشى ھەرىكەتلىرىنى توختاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بۇ ئۇرۇشتا يەھۇدىيلارنىڭ ئالدىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاشتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى.

ئەمما، 1940 - يىلى 5 - ئايدا گېرمانىيە ئارمىيىسى ياۋروپاغا ھۇجۇم قوزغىغاندىن كېيىن ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى تېخىمۇ ناچارلىشىپ، ئەنگلىيىگە بارغانسېرى پايدىسىز بولدى. 6 - ئايدا فرانسىيە تەسلىم بولدى. گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ ئادەملىرى فرانسىيىنىڭ قورچاق ھۆكۈمىتى كونتروللۇقىدىكى لىۋان ۋە سۈرىيىلەرگە كىرىشكە باشلىدى. ئاندىن ئىتالىيە بىلەن ئەنگلىيە شىمالىي ئافرىقا ۋە شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئاراللاردىكى دېڭىزدا، قۇرۇقلۇقتا، ھاۋادا ھەرە تارتىشتەك ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. ئىتالىيە ئارمىيىسىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، گىتلېر 1941 - يىلى 3 - ئايدا مارشال روممېلنى زور قوشۇن بىلەن شىمالىي ئافرىقىغا ماڭدۇرۇپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە مىسىرغا قاراتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە گېرمانىيە ئارمىيىسى يۇگوسلاۋىيىگە ۋە گرېتسىيىگە ھۇجۇم قىلدى. گرېتسىيىدىكى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئالاقزادە بولۇپ دېڭىز ئارقىلىق چېكىنىپ كەتتى. گېرمانىيە ئارمىيىسى بالقاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ھاۋادىن ئەسكەر تاشلاپ، كرېت ئارىلىنى تارتىۋالدى.



1941 - يىلى يازغا كەلگەندە ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى بالقان، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئاراللاردا ۋە لىۋىيىدە كۈچلۈك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، غەربىي ئاسىيانى ۋە فرانسىيىگە قاراشلىق غەربىتىكى كۆچلەرنى كونترول قىلالايدىغان ياردەمگە ئىگە بولۇپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى پەلەستىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنگلىيىگە تەۋە رايونلارغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلدى. گېرمانىيىنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىكى گېرمانىيە پەرەس كۆچلەرنى يېنىغا تارتىشى ۋە قوللىشىمۇ ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى. ئىراقتا 1941 - يىلى 4 - ئايدا رەشىد ئەلى رەھبەرلىك قىلغان ئەنگلىيىگە قارشى تۇرۇپ، گېرمانىيە بىلەن يېقىنلىشىدىغان سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مىسىردا 1940 - يىلى 6 - ئايدا ۋە 1942 - يىلى 2 - ئايدا ئەنگلىيىگە قارشى ئىككى قېتىم ۋەقە يۈز بەردى. چەتتە قېچىپ يۈرگەن چوڭ مۇپتى ھۈسەيىن كونترول قىلىدىغان پەلەستىندىكى ئەنگلىيىگە قارشى كۆچلەر پائالىيىتىنى توختاتمىدى.

بۇ مەزگىلدە پەلەستىن پارچە - پۇرات بىرنەچچە قېتىم ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن باشقا، بىۋاسىتە ھۇجۇمغا ئۇچرىمىدى. لېكىن، غەرب تەرەپتىن كەلگەن بېسىم تۈپەيلىدىن، ئۇ يۈكسەك تەييارلىق ھالىتىدە تۇردى. بولۇپمۇ لىۋان بىلەن سۈرىيە دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئىراق بىلەن مىسىردا تۇراقسىزلىق پەيدا بولغاندا، پەلەستىن بىلەن تاشقى ئىئوردانىيە ئەنگلىيىنىڭ مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان ئالغا بېسىش بازىسى بولۇپ قالدى. پەلەستىن ۋە تاشقى ئىئوردانىيىنى ئارقا سەپ قىلغان ئەنگلىيە 1941 - يىلى 4 -، 5 - ئايلاردا كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىپ، ئىراقتىكى ئەنگلىيىگە قارشى تۇرۇپ، گېرمانىيىگە يېقىنلىشىدىغان سىياسىي ئۆزگىرىشنى تارمار قىلدى. رەشىد ئەلى، گېرمانىيە كونسۇلى ۋە ئىراقتا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چوڭ مۇپتى ھۈسەيىن باغداتتىن ئىرانغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيە پەلەستىننىڭ شىما-

لىي قىسمىدا نۇرغۇن ئەسكەر توپلىدى، دې گول باشچىلىقىدىكى ئەركىن فرانسىيىمۇ ئۇ يەردە بازا قۇردى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى بىلەن ئەركىن فرانسىيە ئارمىيىسى 1941 - يىلى 6 - ئايدا بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ، لىۋان ۋە سۇرىيىگە ھۇجۇم قىلدى. بىر ئايدىن ئارتۇق جىددىي جەڭ قىلىپ، ئۇ يەردىكى گىتلېرنى ھىمايە قىلىش ئورگانلىرىنى ۋە گېرمانىيە، ئىتالىيەپەرەس كۈچلەرنى تازىلىدى. بۇنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەنگلىيە، ھىندىستان، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق جايلاردىن پەلەستىن ۋە مىسىرغا نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، ئۇ يەرلەردىكى مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتتى.

گېرمانىيە ئارمىيىسى 1941 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ياپونىيە ئارمىيىسى پېيورل - خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ۋەزىيىتى تامامەن ئۆزگەردى. ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىمۇ تۈپ ئۆزگىرىش بولدى. بىر تەرەپتىن، گېرمانىيە، ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەنگلىيىگە قاراشلىق رايونلارغا بولغان بېسىمى ۋاقىتلىق يېنىكلىدى. تۆت تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاپەتتىن ئەمدىلا قۇتۇلغان پەلەستىن خاتىرجەم بولۇپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا شەرق فرونتى دۇنياۋى كۆلەمدىكى توقۇنۇشتا ياۋروپا فرونتىنىڭ يان قانىتى ئەمەس، بەلكى تۇنجى قېتىم ئىككى تەرەپ تالىشىدىغان «مۇھىم رايون» بولۇپ قالدى. گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە كۈچىنىڭ بېرىچە شەرققە ئىلگىرىلىدى، ياپونىيە بولسا غەربكە ئىلگىرىلىدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرا شەرقنىڭ مەركىزىي رايونىدا ئۇچرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئاندىن ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى بىر - بىرلەپ يوقاتماقچى بولدى. گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىلەرنىڭ بايلىقى قىس بولۇپ، ئۇلارغا نېفىت تولۇقلاشقا توغرا كەلدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا شەرق-



نى چاڭگىلىغا ئېلىش نىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئەنگلىيە بولسا ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەركىن فرانسىيە بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىسىپ قىلغان ھۇجۇمىغا جان تىكىپ تاقابىل تۇرۇپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە پەرۋا قىلماي ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىستراتېگىيىلىك قاتناش لىنىيىسىنى ۋە نېفىتىنى قوغدىدى.

دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن كېيىن پەلەستىندە بىر مەھەل پەيدا بولغان يېنىك كەيپىيات ناھايىتى تېز يوقىدى. 1942 - يىلى پۈتكۈل پەلەستىن ئۇرۇشنىڭ سايىسى ئاستىدا قالدى. بولۇپمۇ ئەتىياز ۋە يازدا ستالىنگرادقا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغان گېرمانىيە ئارمىيىسى كاۋكاز تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىرانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاز قالدى. بېرمىنى ئىشغال قىلغان ياپونىيە ئارمىيىسىمۇ ھىندىستانغا قىستاپ كەلدى. گېرمانىيە، ئىتالىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى شىمالىي ئافرىقىدا مىسىر چېگرىسى ئىچىدىكى ئالېكساندرىيىگە 60 كىلومېتىر كېلىدىغان ئالامانغىچە يېتىپ كەلدى. مۇسسولىنى گېرمانىيە، ئىتالىيە ئارمىيىلىرىنىڭ ئالېكساندرىيىگە ياكى مىسىرغا كىرىش مۇراسىمىغا قاتناشماقچى بولدى. بۇلار پەلەستىندىكى كەيپىياتنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا بۇ «مۇقەددەس جاي» ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرى گىرەلەشكەن جايدا ئادەملىرىنى يۆتكەش پونكىتى ۋە ھەربىي تەييارلىقلارنى ساقلاش ئورنى بولدى. يېقىندىن قۇرۇلغان ھايفا نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى ئۈزۈلمەيدىغان ھەربىي يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلىدى.

1942 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 1943 - يىلىنىڭ باشلىرى سوۋېت ئارمىيىسى ستالىنگرادتا گېرمانىيە ئارمىيىسىنى بىتچىت قىلدى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئالامان جېڭىدە غەلىبە قىلدى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسى شىمالىي ئافرىقىدا قۇ-

رۇقلۇققا چىقتى، بۇلار ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسىگە ئېغىر زەربە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدە ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگىرىش بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي، گېرمانىيە، ئىتالىيە ئارمىيىسى شىمالىي ئافرىقىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلدى. ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرا شەرقنىڭ مەركىزىي رايونىدا ئۇچرىشىش ئارزۇسى ئاخىر بەربات بولدى. ئوتتۇرا شەرق ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا ۋە شەرقىي ئاسىيا رايونىغا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغايدىغان مۇھىم بازىسى بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا پەلەستىن ئۇچراۋاتقان ئۇرۇش تەھدىتى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىدى. دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىچە مۇنداق تەھدىت قايتا كۆرۈلمىدى. سىرتتىن كېلىدىغان ئاپەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئىچكى مالىمانچىلىقلار پەيدا بولۇپ، پەلەستىننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇش يەنە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

## 2 § . ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش ۋە يىشوۋنىڭ تەرەققىياتى

### 1 . 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە زىئونىزم رەھبەرلىرى باشچىلىقىدىكى يەھۇدىيلار دۇنياسى بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا ھەم بىرلىشىدىغان، ھەم كۈرەش قىلىدىغان ئالاھىدە مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولدى. بېن گۇرىئوننىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بۇنداق ئىككى ياقلىمىلىق مۇناسىۋەتنى ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ: «ئارىمىزدا ئاق تاشلىق كىتاب يوقتەك مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ



گىتلېر بىلەن جەڭ قىلىشىمىز لازىم. شۇنداقلا ئارىمىزدا گىتلېر يوقتەك، ئاق تاشلىق كىتابقا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.» ئومۇمەن، ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا پەلەستىن ئەتراپىنىڭ بېسىمىدا قالغاندا، ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر ياخشى بولدى. ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا پەلەستىن ئۇرۇشنىڭ كۆلەڭگىسىدىن قۇتۇلغاندا ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىيلەشتى.

1939 - يىلى 9 - ئايدا ئۇرۇش پارتلىغاندا يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى دەرھال مۇنداق بايانات جاكارلىدى: «تەقدىرنىڭ بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، بارلىق يەھۇدىيلار تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشقا، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىنى قوغداشقا، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ بەختىگە ۋە برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. . . بىزنىڭچە، ناتسىست گېرمانىيىسىنىڭ برىتانىيە ئىمپېرىيىسىگە تاڭغان ئۇرۇشى بىزگىمۇ تېڭىلغان ئۇرۇشتۇر. بىز مۇمكىن بولغان ۋە يول قويۇلغان دائىرىدە ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە ۋە ئەنگلىيە خەلقىگە قولىمىزدىن كېلىشىچە مەدەت بېرىمىز». شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە يەھۇدىي ھەربىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى قوراللىق پائالىيەتلىرى پۈتۈنلەي توختىدى. يەھۇدىيلارنىڭ يوشۇرۇن رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى تەشۋىقاتىمۇ توختىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەھۇدىي ئوغۇل - قىزلىرى ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە ئاكتىپ قاتناشتى. 1939 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە قاتنىشىشقا تىزىملاتقانلار 136 مىڭ ئادەمگە يەتتى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى بەك كۆپ يەھۇدىيلار قوراللانسا ئەرەبلەردە نارازىلىق پەيدا بولۇشتىن ھەم ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا يوشۇرۇن چاتاق شەكىللىنىشتىن ئەنسىرەپ، يەھۇدىيلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىشقا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتتى، شۇ چاغدا ئاران مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدى.

كېيىن ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ، پەلەستىن تەھدىتكە ئۇچرىغاندا،
ئەنگلىيە دائىرىلىرى تېخىمۇ كۆپ يەھۇدىيلارنى ئەسكەرلىككە
قوبۇل قىلدى. مەسىلەن، 1941 ـ يىلى 4 ـ ئايدا روممېل
گېرمانىيە ئارمىيىسىنى باشلاپ مىسىر چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىپ
كەلدى. ئىراقتا ئەنگلىيىگە قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى.
ئەنگلىيە ئارمىيىسى بالقان ۋە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا مەغلۇپ
بولدى. بۇ چاغدا پەلەستىندىكى ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئۈچ مىڭ
يەھۇدىينى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدى. 1942 ـ يىلىنىڭ باشلى-
رى گېرمانىيە ئارمىيىسى مىسىرنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ قالغان-
دا يەنە بەش مىڭدىن ئارتۇق يەھۇدىي ئەسكەرلىككە قاتناشتى.
ئۇلار بىۋاسىتە ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن باشقا، نۇرغۇن يەھۇدىي
تېخنىكلار ۋە ئىشچىلار ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي بازىلىرىدا ئىشلەپ
تۆھپە قوشتى.

ئۇرۇش پارتلىغاندىن باشلاپ، زىئونىزم تەشكىلاتى ۋە يەھۇ-
دىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئېتى-
راپ قىلغان مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىش قوشۇنى قۇرۇشنى ئاك-
تىپ پىلانلىدى. ئۇلار مۇشۇنداق قوشۇننى يەھۇدىيلارنىڭ فا-
شىزمغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنىڭ سىمۋولى قىلىشنى
ئۈمىد قىلدى. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلار بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى
داۋامىدا قىلغاندەك، مۇشۇنداق قوشۇن قۇرۇش ئارقىلىق يىشۇۋ-
نىڭ ھەربىي كۈچىنى ۋە سىياسىي ئورنىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد
قىلدى. ۋېيزمان 1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە
يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش قوشۇنىنى قۇرۇش توغرىسىدا
رەسمىي تەكلىپ بەردى. ئەنگلىيە يەھۇدىيلار بىلەن ئەرەبلەردىن
تەركىب تاپقان ئارىلاشما قوشۇن قۇرۇشقا بولىدىغانلىقى توغرىسى-
دا جاۋاب بەردى. 1940 ـ يىلى يازدا ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى
ئۇرۇش جىددىيلەشكەندە ۋېيزمان يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش
قوشۇنىنى قۇرۇش تەلىپىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويدى. ئەنگلىيە



ھۆكۈمىتى ئىچىدىمۇ بەزىلەر چېخ قوشۇنى بىلەن پولەك قوشۇنىغا
ئوخشاش يەھۇدىيلار قوشۇنىنى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. لې-
كىن، ئوتتۇرا شەرق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار قاتتىق قارشى
تۇرغانلىقتىن ئۇنداق قىلىنمىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1940 ـ
يىلى 9 ـ ئايدا ئەرەب، يەھۇدىي ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان
پىيادە ئەسكەرلەر باتالىئونى قۇرۇشنى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە يەھۇ-
دىيلارنىڭ ئىككى روتىسى، ئەرەبلەرنىڭ ئىككى روتىسى بولۇشنى
قارار قىلدى. يەھۇدىيلار ئاكتىپلىق بىلەن ئەسكەر بولدى، ئە-
رەبلەرنى قوبۇل قىلىشتا قىيىنچىلىق كۆپ بولدى. شۇڭا بۇ
باتالىئوندا يەھۇدىي ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى يېتەكچى ئورۇندا
تۇردى. شۇنداق بولسىمۇ يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى مۇستەقىل
يەھۇدىيلار قوشۇنى قۇرۇشتا چىڭ تۇردى ھەمدە ئىلگىرىلەشكە
ئىگە بولدى. لېكىن ھەرخىل مۇرەككەپ سەۋەبلەر، بولۇپمۇ
ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىنى بەلگىلەيدىغان ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى-
نىڭ قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدا بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىدى.
1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ياۋروپادىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى مۇقىملى-
شىپ، ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە بىرەر پايدىسىز ھەرىكەت
قىلىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى قالمىغاندا ھەم ئىتتىپاقداش
ئارمىيە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئەسكەرنى جىددىي كۆپەيتىشكە
زۆرۈر بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى
مۇستەقىل يەھۇدىيلار بىرىگادىسى قۇرۇشقا ماقۇل بولدى. يەھۇ-
دىيلار بىرىگادىسىدىكى ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ئىتالىيىدە باتۇر-
لۇق بىلەن جەڭ قىلدى. كېيىن ئاۋىستىرىيە ۋە گېرمانىيىدىن
ئۆتۈپ، بېلگىيە ۋە گوللاندىيىگىچە جەڭ قىلىپ باردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەھۇدىيلارنىڭ يەنە «17 ـ ماي ئاق
تاشلىق كىتابى»غا قارشى تۇرۇش كۈرىشىمۇ داۋاملىق تەرەققىي
قىلدى. ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى ئەنگلىيىنىڭ ئاق تاشلىق كىتابىنى
ئىجرا قىلىش ئىرادىسىنى قىلچە ئۆزگەرتەلمىدى. ئەكسىچە،

ئۇلار بۇ مەسىلىدە تېخىمۇ قاتتىق مەيدان قوللاندى، بۇنداق
مەيدان يەھۇدىيلارنىڭ يەر سېتىۋېلىشىنى چەكلەش ۋە يەھۇدىيلار-
نىڭ پەلەستىنگە كېلىشىگە چەك قويۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى
ئىشتا ئالاھىدە ئىپادىلەندى. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەرەبلەر
بىلەن بولغان ئاجىز مۇناسىۋەتنى قوغداپ قېلىشنى ئۈمىد قىل-
دى. 1940 - يىلى 2 - ئايدا ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئاق تاشلىق
كىتابنىڭ روھىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەر ئۆتۈنۈشكە
دائىر نىزام ئېلان قىلىپ، پەلەستىنىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى-
دىكى يەرلەرنى ئەرەبلەر ئۆزئارا ئېلىشقا، سېتىشقا بولىدىغانلىق-
نى، كىچىك رايونلاردىكى يەرلەرنىلا يەھۇدىيلارغا سېتىپ بېرىش-
كە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ نىزامنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرى-
لىشى يەھۇدىيلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار
ئېرۇسالېم، ھايفا، تېلئاۋىف قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە نامايىش
قىلدى، ئەنگلىيە ساقچىلىرىغا تاش ئاتتى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى
باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، بەزى يەھۇدىيلارنى قولغا
ئالدى. بۇ ئىشقا قارىتا زىئونىزم تەشكىلاتى ئۆچ ئېلىش تەدبىر-
لىرىنى قوللاندى. يەر ئېلىش - سېتىش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن
ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشتى.
ياۋروپادا چوڭ قىرغىنچىلىق بولغانلىقتىن نۇرغۇن يەھۇدىي-
لار پەلەستىنگە قاچقان، خەلقئارادىكى قۇتقۇزۇش تەشكىلاتلىرىمۇ
پەلەستىندىكى ئەنگلىيە دائىرىلىرىگە يەھۇدىي مۇساپىرلىرىنى قو-
بۇل قىلىش توغرىسىدا تەكرار مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن ئەنگلىيە دائىرىلىرى رەھىمسىز، ئۆلۈك پوزىتسىيە قول-
لىنىپ، «17 - ماي ئاق تاشلىق كىتابى» دىكى يەھۇدىي كۆچمەن-
لىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى چەكلەشكە دائىر ماددىلارنى كەم
- كۈتىسىز ئىجرا قىلدى. نەتىجىدە نۇرغۇن پاجىئە يۈز بەردى.
پاراخوتقا ئولتۇرۇپ كەلگەن نۇرغۇن يەھۇدىيلار قۇرۇقلۇققا چە-
قالمىغانلىقتىن دېڭىزغا قايتىشقا مەجبۇر بولۇپ، جېنىدىن ئاير-



لىپ بېلىقلارغا يەم بولدى. 1941 - يىلى 12 - ئايدا «ستروما»
ناملىق پاراخوتتا ئىستانبۇلغا كەلگەن 769 يەھۇدىي مۇساپىر
ئەنگلىيىنىڭ ئۇلارنىڭ پەلەستىندە قۇرۇقلۇققا چىقىشىغا يول
قويمىغانلىقى تۈپەيلىدىن پاراخوت كەينىگە يېنىپ كېتىشكە مەج-
بۇر بولدى. نەتىجىدە بۇ پاراخوت قارا دېڭىزدا گېرمانىيە ئارمى-
يىسىنىڭ تورپېداسى تېگىپ چۆكۈپ كەتتى. ھەممە يولۇچى
ئۆلدى. بۇ ۋەقە دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. خەلقئارا جامائەت
پىكرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. زىئونىزم تەشكىلاتى
ۋە يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ مەسىلىدە ئەنگ-
لىيە دائىرىلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلدى. يەھۇدىي
مۇساپىرلىرىنى ھەر خىل «قانۇنسىز» يوللار بىلەن پەلەستىنگە
توشۇدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەنگلىيە ۋە يەھۇدىيلار ئوتتۇ-
رىسىدا پات - پات توقۇنۇش بولۇپ تۇردى.
دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىمۇ پۈتۈن دۇنيادا ئەنگلىيىنىڭ ئاق
تاشلىق كىتاب سىياسىتىگە قارشى ھەرىكەت قوزغىدى. ئامېرىكا
بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي سەھنىسى بولدى. ئامېرىكىدىكى زىئو-
نىزم تەشكىلاتىنىڭ دۇنيا زىئونىزم ھەرىكىتىدىكى تەسىرى ۋە
ئورنىمۇ تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئامېرىكىدىكى زىئونىزم تەش-
كىلاتىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئاساس قىلغان 600 نەپەر زىئونىزمچى
1942 - يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە نيۇ-يورك-
تىكى بىلتمورې سارىيىدا يىغىن ئېچىپ، ئەنگلىيىنىڭ ئاق تاش-
لىق كىتاب سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ۋە زىئونىزم ھەرىكىتى-
نىڭ نىشان، پروگراممىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش قاتارلىق
مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى. كەسكىن مۇنازىرە قىلىش ئارقى-
لىق بېن گۇرىئون ۋە ئامېرىكىدىكى زىئونىزم رەھبەرلىرى باش-
چىلىقىدىكى بىر تەرەپ يىغىندا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى.
يىغىن 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىلتمورې پروگراممىسىنى ماقۇل-
لىدى. بۇ پروگراممىدا ئەنگلىيىنىڭ «17 - ماي ئاق تاشلىق

كىتابى» دىكى مەيداننى ئېنىق رەت قىلىپ، بۇ ئاق تاشلىق كىتابنىڭ ئەخلاق ۋە قانۇن جەهەتتىكى كۈچىنى ئىنكار قىلدى، بالفور خىتابنامىسىنىڭ «ئىپتىدائىي نىشانى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. پروگراممىدا پەلەستىندىكى يەهۇدىيلارنىڭ ئۇرۇش داۋامىدا قولىغا قورال ئېلىپ ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى قوغداش هوقۇقىنى، جۈملىدىن يەهۇدىيلارنىڭ جەڭگىۋار قوشۇن قۇرۇش هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پروگراممىدىكى ئەڭ مۇهىم مەزمۇن تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزدە كۆرسىتىلدى: «يىغىن كېسىپ ئېيتىدۇكى، ئەگەر يەهۇدىيلارنىڭ بارىدىغان جايى بولماسلىق مەسىلىسى قانائەتلىنەرلىك هەل قىلىنمىسا غەلىبىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپى تىنچلىق، ئادىللىق، باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلالمايدۇ. يىغىن پەلەستىننىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ، يەهۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىغا پەلەستىنگە كۆچمەن كۆچۈرۈش ۋە دۆلەت قۇرۇشقا زۆرۈر بولغان هوقۇقلارنى، جۈملىدىن ئىگىسىز تۇرغان ۋە تېرىلمىغان يەرلەرنى ئېچىش هوقۇقىنى بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ؛ پەلەستىننى يەهۇدىيلار جۇمهۇرىيىتى قىلىپ قۇرۇشنى هەم دېموكراتىك يېڭى دۇنياغا قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ». شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق بىلتمورې پروگراممىسىنى قوبۇل قىلدى.

بىلتمورې پروگراممىسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن زىئونىزم تەشكىلاتى ئامېرىكىدا كەڭ تەشۋىقات هۇجۇمى قوزغىدى. ئامېرىكا هۆكۈمىتىگە، پارلامېنتقا ۋە هەر ساهەدىكى مەشهۇر زاتلارغا زىئونىزم هەرىكىتىنى قوللاش، ئەنگلىيىنىڭ ئاق تاشلىق كىتابىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى: نۇرغۇن شەهەرلەردە زىئونىزمنى قوللايدىغان نامايىشلار ئۆتكۈزۈلدى، ئۇن مىڭلىغان ئادەم ئەنگلىيىنىڭ ئاق تاشلىق كىتابىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئىمزا



قويدى. قىرىق شتات باشلىقى ۋە نۇرغۇن پالاتا ئەزالىرى روزۋېلت زۇڭتۇڭغا خەت يېزىپ يەهۇدىي مۇساپىرلىرىنىڭ پەلەستىنگە بېرىشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ مەسىلىدە ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان زۇڭتۇڭ روزۋېلت 1944 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئامېرىكىدىكى زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ رەهبەرى رابىي ستېپېن ۋىسې ۋە ئاببا سىلۋېرلارغا ئۆزىگە ۋاكالىتەن بايانات ئېلان قىلىش هوقۇقىنى بېرىپ: «ئامېرىكا هۆكۈمىتى 1939 - يىلىدىكى ئاق تاشلىق كىتابنى قوللىغان ئەمەس» دېدى. بۇ بىر قاتار ئىشلار ئەنگلىيە بىلەن يەهۇدىيلار مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا يەنىمۇ يامانلىشىدىغانلىقىدىن، ئامېرىكا ئاخىرى ئەنگلىيىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، زىئونىزم هەرىكىتىنىڭ مۇهىم ئىتتىپاقچىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

## 2. ئۇرۇش مەزگىللىرىدىكى يىشۇۋنىڭ تەرەققىياتى

1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پەلەستىندىكى يەهۇدىيلار كۆپلەپ باشقا جايلارغا كېتىپ قېلىپ، پەلەستىندىكى يەهۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى توختاپ قالغان هالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. لېكىن 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەهۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، يىشۇۋ هەممە جەهەتتە تېز تەرەققىي قىلدى.

بىرىنچىدىن، ئادەم كۈچى بايلىقى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى هەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يەهۇدىي مۇساپىرلىرىنىڭ پەلەستىنگە كېلىشىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆلۈم گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان يەهۇدىيلار هېچنېمىگە پەرۋا قىلماي پەلەستىنگە ماڭدى. ئەنگلىيە چېگرىدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلغان 75 مىڭ يەهۇدىيدىن باشقا، نۇرغۇن قانۇنسىز كۆچمەنلەر ياۋروپادىكى قۇتقۇزۇش تەشكىلاتلىرى ۋە پەلەستىندىكى يەهۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن

ھەر خىل يوللار ئارقىلىق پەلەستىنگە كەلدى. بۇ مەزگىلدە پەلەستىنگە كەلگەن قانۇنسىز كۆچمەنلەرنىڭ سانى توغرىسىدا تارىخشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشى ئىنتايىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. بەزىلەر 20 - 30 مىڭ ئادەم دېسە، بەزىلەر 50 - 60 مىڭ ئادەم دەيدۇ. قايسى سانىنىڭ توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، 1945 - يىلى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ سانى 600 مىڭدىن ئېشىپ، 1939 - يىلى ئۇرۇش پارتلىغان چاغدىكىدىن ئاز دېگەندە يۈز مىڭ ئادەم كۆپەيدى. 1940 - يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە يەھۇدىيلارنىڭ يېڭىدىن 84 ئولتۇراق رايونى قۇرۇلدى. ئاشۇنداق خەتەرلىك ئۇرۇش مەزگىلىدە پەلەستىندىكى يەھۇدىيلار نوپۇسىنىڭ شۇنداق تېز كۆپىيىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىقتىساد داۋاملىق ئېشىپ باردى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يىشۇۋنىڭ ئىگىلىكى بىر مەھەل قالايمىقان ھالەتتە قالغانىدى. دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق قاتنىشى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، ئاساسلىق ئېكسپورت مەھسۇلاتى بولغان ماندارىن، بانانىنى سىرتقا چىقىرىشقا مۇمكىن بولمىدى. بۇ سودا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان باغۋەنچىلىك، مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ۋە ترانسپورت كەسپى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1940 - يىلى ئىشسىز قالغان يەھۇدىيلار 50 مىڭغا يېتىپ، نوپۇسنىڭ 10% نى ئىگىلىدى. لېكىن، ئەھۋالدا ناھايىتى تېز ئۆزگىرىش بولدى. ئۇرۇشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيىنىڭ ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي سانائەت ۋە ئارقا سەپ ئېھتىياجى جىددىي ئېشىپ، پەلەستىننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ھەربىي ئىشلار بىلەن ئالاقىدار ساھەلەردە گۈللىنىش پەيدا بولۇپ، نۇرغۇن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى تۇغۇلدى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1937 - يىلىدىن 1943



- يىلىغىچە يىشۇۋنىڭ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانى بىر قاتلىنىپ، مەھسۇلاتى بەش ھەسسە كۆپەيگەن. بىر مەھەل ئىشسىز قالغان يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ قىسمى 1943 - يىلى ئىش تاپالىدى. سانائەت ۋە ئۈچىنچى كەسپىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىكىمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى نەچچە قاتلاندى. ئەنگلىيە ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسى ۋە شەھەر ئاھالىسى ئاساسىي ئىستېمال بازىرى بولدى. ياۋروپادىكى يەھۇدىيلار ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىرغىنچىلىققا ئۇچرىۋاتقاندا، پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يىشۇۋدا گۈللەپ ياشنىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

ئەڭ مۇھىمى يەھۇدىيلارنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى يەنىمۇ كۈچەيدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۇرۇش مەزگىلىدە نەچچە ئون مىڭ يەھۇدىي ياشلىرى ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە قاتناشتى، كېيىن يەھۇدىيلار بىرىگادىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن يەنە نەچچە ئون مىڭ يەھۇدىي گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش سېپىگە ئاتلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپلىرى ۋە خاگانا، ئىرگۇن قاتارلىق تەشكىلاتلاردىكى يادرو كىشىلەر بولۇپ، قاتتىق ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە قانلىق جەڭلەرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، تەجرىبىلىك، ئۇرۇشقا ماھىر ھەربىيلەر بولۇپ يېتىشىپ، كېيىن ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىدىكى تايانچ كۈچلەرگە ئايلاندى. ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەنگلىيە ئارمىيىسىدە (جۈملىدىن يەھۇدىيلار بىرىگادىسىدا) 75 مىڭ يەھۇدىي ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. ئەگەر بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىسىدە خىزمەت ئۆتىگەنلەرنى قوشسا، بۇ سان نەچچە قاتلىنىشى مۇمكىن (تەپسىلىي سان كېيىنكى بابتا كۆرسىتىلىدۇ). بۇ يەھۇدىي ھەربىيلەر پەلەستىنگە كەلگەن-

دىن كېيىن يىشوۋنىڭ يوشۇرۇن ھەربىي كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. ئىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق چەكلەشلىرىگە قارىماي، يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يەرگە ئىگە بولدى. ئادەمسىز رايونلارغا، ئىككى تەرەپ تالىشىۋاتقان رايونلارغا ۋە ئىستراتېگىيىلىك رايونلارغا كېڭىيىپ، ئۇ يەرلەردە يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ ئولتۇراق رايونلىرىنى قۇرۇپ، يىشوۋنىڭ كەلگۈسى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە ئىگە بولغان يېرى 1939 - يىلىدىكى بىر مىليون 533 مىڭ 400 دۇنامدىن بىر مىليون 778 مىڭ 300 دۇنامغا يەتتى. قاقاس نىگاب رايونىدا 1943 - يىلى تۇنجى قېتىم يەھۇدىيلارنىڭ تۆت ئولتۇراق رايونىنى قۇرۇپ، 1946 - يىلى 15 كە يەتكۈزدى. مۇشۇ ئولتۇراق رايونلىرى بولغاچقا، ب د ت نىڭ پەلەستىننى بۆلۈپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىدا نىگاب رايونى ئىسرائىلىيىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلدى. يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر خىل يوللار بىلەن نۇرغۇن قورال - ياراغ سېتىۋېلىپ، خاگانا قاتارلىق ھەربىي تەشكىلاتلارنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا، پەلەستىندىكى «يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي يۇرتى» يەھۇدىيلار دۆلىتىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ھازىرلاپ بولدى.



ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئارزۇنىڭ چىنلىققا ئايلىنىشى

باسىلدا ئاخىر يەھۇدىيلار دۆلىتىنى قۇردۇم. ئەگەر بۈگۈن بۇنى ئۇنلۇكرەك دەۋەتسەم، كۆپچىلىك زاڭلىق قىلىدۇ، كۆپچىلىك ئۇنى بەش يىلدىن كېيىن قانداقلا بولمىسۇن 50 يىلدىن كېيىن كۆرەلەيدۇ.

— خېرزل

سەككىزىنچى باب

# ناتسىستلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ۋە زىئونىزمنىڭ يەنە دۆلقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى

1933 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ناتسىستلار يەھۇدىيلارغا غالجىرلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلدى ۋە يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈردى. بۇ بالايىئاپەت يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مىسلىسىز بۈيۈك ئېتىتداپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. ھەممە يەھۇدىيلار — ئۇلارنىڭ دىنىي قارىشى ۋە سىياسىي خاھىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — زىئونىزم نەزەرىيىسىنىڭ يادروسىنى قوبۇل قىلدى؛ يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇشنى مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ جىنايەت دۇنيادىكى ۋىجدانلىق كىشىلەرنى زىلزىلىگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋە زىئونىزمنى قوللايدىغان كۈچلەر زور دەرىجىدە كۆپەيدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھال ب د ت نىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش قارارىنى ماقۇللىشىغا ۋە ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق جامائەت پىكرى يارىتىپ بەردى.

# § 1 . ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى زوراۋانلىقلىرى

## 1 . يەھۇدىيلارغا، كوممۇنىزمغا قارشى 20 - يىللاردىكى ئېقىم ۋە گىتلېرنىڭ فاشىستىك نەزەرىيىسى

1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 20 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ياۋروپادا يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇن يەنە بىر قېتىم باش كۆتۈردى. پولشادا ھۆكۈمەت يەھۇدىيلارنى كەمسىتىدىغان ئىقتىسادىي سىياسەت بەلگىلىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بۇ تۆتىنچى قېتىملىق ئالىيانىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولدى. رۇمىنىيىدە يەھۇدىيلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئاشكارا نىشان قىلغان تەشكىلاتلار ۋە ھەرىكەتلەر پەيدا بولدى. لىتۋا ۋە لاتۋىيىدە يەھۇدىيلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش كۇنسايىن جىددىيلەشتى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. سوۋېت رۇسىيىسىدە ئىنقىلابتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالى كۆپ ياخشىلاندى. يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلىندى. ھەممە يەھۇدىيلار باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولدى، بەزى يەھۇدىيلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. لېكىن، سىنىپىي كۈرەشنىڭ كېڭەيتىۋېلىنىشى ۋە تروتىسكىي، زىنوۋيېۋ، كامېنوۋ قاتارلىق يەھۇدىي نەسلىدىن بولغان رەھبەرلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ بېكىتىلىشىگە ئەگىشىپ، يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش يەنە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نەچچە مىليون يەھۇدىي يەنە بېسىم ئاستىدا قالدى.

20 - يىللاردىكى يەھۇدىيلارغا قارشى پىكىر ئېقىمى تارىختىن بۇيانقى يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش نەزەرىيىسىدىكى ئىرقىي



كەمسىتىش، دىنىي بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتەك كونا نىمىلەر بولغاندىن باشقا، يەنە بەزى يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش بىلەن كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بولدى.

1917 - يىلى رۇسىيىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن پارتلىغان ياۋروپا ئىنقىلابى ماركسىزمنى قوبۇل قىلغان بىر تۈركۈم يەھۇدىي ئەزىمەتلىرىنى ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىپ قويدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ 24 نەپەر پارتىيە، مەمۇرىي رەھبىرى ئىچىدە 16 نەپەر يەھۇدىي بار ئىدى. گېرمانىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى روسا لۇكسېمبۇرگ يەھۇدىي، ۋېنگرىيە سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ داھىيسى بىرا كۇئىنمۇ يەھۇدىي ئىدى. كوممۇنىزمغا قارشى بەزى نەزەرىيىچىلەر بۇنى دەستەك قىلىپ، «يەھۇدىيلار — بولشېۋىكىزم» دېگەننى توقۇپ چىقىپ، خىرىستىئان دىنىنىڭ ياۋروپادا يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ كوممۇنىزمغا قارشى تۇردى. شۇنىڭغا ئوخشاش، يەھۇدىيلارغا قارشى بەزى نەزەرىيىچىلەرمۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ كوممۇنىزمدىن قورقىدىغان روھىي ھالىتىدىن پايدىلىنىپ يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەت قوزغاشقا بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. يەھۇدىيلارغا قارشى ئەسەرلەرنى كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىپ كەڭ تارقاتتى. ماركس، لاسسالدىن تروتىسكىيغىچە بولغان نۇرغۇن ئىنقىلابچىلارنى كوممۇنىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ خەلقئارالىق سۇيىقەستلىرىگە كەتمەن چاپىدىغان قارا نىيەتلەر، دېدى.

كوممۇنىزمغا قارشى تۈسكە ئىگە بولغانلىقتىن يەھۇدىيلارغا قارشى 20 - يىللاردىكى ھەرىكەتنىڭ ئوڭ قانات ئەسەبىي كۈچلەرگە تايىنىشى تەبىئىي ئىدى. ئاخىر بۇ خاھىش مۇقەررەر

ھالدا، باش كۆتۈرۈۋاتقان فاشىزم بىلەن بىر ئېقىمغا كىرىپ كەتتى. ئاۋستىرىيىدە تۇغۇلغان گىتلېر كوممۇنىزمغا، يەھۇدىيلارغا قارشى، ئىرقچىلىق ۋە فاشىستىك رەڭگا رەڭ ئەپسانىلەرنى قۇراشتۇرۇپ، سىستېمىلىق فاشىستىك نەزەرىيە تۈزۈپ چىقتى. ئۇ: ھازىر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى «ئاچقۇچلۇق پەيت»، ئەركىن كاپىتالىزم يىمىرىلىپ كەتتى. يەھۇدىيلار — بولشېۋىكىزم ياۋروپانى ۋە پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ، «ئېسىل ئىرق» تىن بولغان ئارىيانلار «مەڭگۈلۈك ئىنقىلاب» ئارقىلىق يەھۇدىيلارنى ۋە ماركسىزمنى يوقىتىپ، تېخىمۇ كۆپ «ھاياتلىق ماكانى» نى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك، دەپ جار سالدى. ئېچىنارلىقى شۇكى، گىتلېر كوممۇنىزمغا، يەھۇدىيلارغا قارشى تۇغنى كۆتۈرۈۋېلىپ، گېرمانىيىنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالى نىسبىي ياخشى بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ مەدەنىي قەدىمكى دۆلەت فاشىزم نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدىغان تۇنجى تەجرىبە ئېتىزى بولۇپ قالدى.

## 2. زىيانكەشلىك قىلىش، قوغلاش ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن «ئاخىرقى ھەل قىلىش»

گىتلېر 1933 - يىلىنىڭ باشلىرى گېرمانىيىدە تەختكە چىقىپلا يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەت قوزغىدى. 1933 - يىلىدىن 1945 - يىلى 12 - ئايغىچە ھەرىكەت ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملاشتى، بەلكى تەدرىجىي يۇقىرى ئۆرلىدى. بۇنىڭ پۈتۈن جەريانىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ (1933 - يىلىدىن 1938 - يىلىغىچە) تا گېرمانىيە زېمىنىدا يەھۇدىيلارغا قارشى بىر قاتار قانۇن - پەرمانلار جاكارلاندى. سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە يەھۇدىيلارغا كەڭ كۆلەمدە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئالا قالدۇرماي



زىيانكەشلىك قىلىندى. ناتسىست گېرمانىيىسى 1933 - يىلى 4 - ئايدا يەھۇدىيلارغا قارشى تۇنجى پەرمان — «ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قانۇنى» نى جاكارلاپ، «غەيرىي ئارىيان ئەۋلادىدىن بولغان مەمۇرىي ئەمەلدارلار خىزمەتتىن چېكىنىشى كېرەك» لىكىنى بەلگىلىدى. مۇشۇ پەرمانغا ئاساسەن، يەھۇدىيلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن قوغلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئون ئىككى قائىدىسى» نى تۈزدى. ئۇنىڭ بىر ماددىسى: «ئەڭ خەتەرلىك رەقىبىمىز يەھۇدىيلار» دېيىلدى. يەھۇدىي نەسلىدىن بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالى شۇنىڭدىن كېيىن كۈنسايىن قىيىنلاشتى. نۇرغۇن كىشىلەر مەكتەپتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا «دۆلەتنىڭ گېزىت - ژۇرنال قانۇنى» ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، ھەممە تەھرىرلەرنىڭ ئارىيان قان سىستېمىسىدىكىلەر بولۇشى كېرەكلىكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ جۈپتى يەھۇدىي بولسىمۇ بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1935 - يىلى كۈزدە بىر قاتار پەرمانلاردىن تەركىب تاپقان «نيۇرنبېرگ قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، يەھۇدىيلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە ھەممە سىياسىي ھوقۇقلىرى تارتىۋېلىندى ھەمدە يەھۇدىيلار بىلەن گېرمان ياكى شۇنىڭغا مەنبەلىك قان سىستېمىسىدىكى پۇقرالار نىكاھلىنىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ۋە ناتسىستلار پارتىيىسى ئەھۋال بىلمەيدىغان ئاممىنى يەھۇدىيلارنىڭ كارخانىلىرىغا، ماگىزىنلىرىغا ۋە ئادۋوكاتلىق ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، يەھۇدىيلارنى ئۇردى ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتتى. ناتسىستلارنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرى گېببېلس بېرلىندا چوڭ كۆلەمدە كىتاب كۆيدۈرۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، يەھۇدىيلار

يازغان كىتابلارنى ۋە «غەيرىي گېرمان» كىتابلىرى (مەسىلەن،
كوممۇنىزمغا دائىر كىتابلار) نى كۆيدۈرۈۋەتتى. دۇنيادىكى ھې-
نرىخ ھېينى، پىكاسسو، مىندېلسون، پائۇل سېزان قاتارلىق
مەشھۇر ئەربابلارنىڭ ئەسەرلىرى تەكشۈرۈپ پېچەتلىنىۋېتىلدى.
ئېينىشتېين، فروئېد قاتارلىق پەن ئالىملىرى ۋە مەدەنىيەت
ئۇستازلىرىمۇ چەت ئەللەرگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە
مەجبۇر بولدى. 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سەككىز مىڭ
يەھۇدىي ئۆلتۈرۈۋالدى، 75 مىڭ يەھۇدىي چەت ئەللەرگە كۆچۈپ
كەتتى.

1936 - يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى بېرلىندا ئۆتكۈ-
زۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەت سەل جىمى-
دى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى تۈگەش بىلەن يەھۇدىيلارغا
قارشى ھەرىكەت يەنە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يەھۇدىي ياش گرىنىس-
پان 1938 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى گېرمانىيىنىڭ
پارىژدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ كاتىپى لېتنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. نات-
سىست دائىرىلىرى بۇنى باھانە قىلىپ دەرھال تېخىمۇ كەڭ
كۆلەمدە يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇن قوزغىدى. 11 - ئاينىڭ 9
- كۈنى گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىي چېركاۋ-
لىرىغا ئوت قويۇۋېتىلدى، يەھۇدىي قەبرىستانلىقلىرى بۇزۇۋېتىل-
دى، يەھۇدىيلارنىڭ ماگىزىنلىرى چېقىۋېتىلدى، ھېسابسىز يە-
ھۇدىي يارىدار قىلىندى، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم جازا لاگېرىغا
قامالدى. شۇ كۈنى نەچچە تۈمەنلىگەن ئەينەك چېقىۋېتىلگەچكە،
11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «ئەينەك چېقىلغان كېچە» دەپ ئاتالدى
(بۇرۇن «كرىستال كېچىسى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.) تارى-
خىي كىتابلاردا كېيىنرەك بۇ ئاتالغۇ يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك
قىلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن نات-
سىست دائىرىلىرى يەنە بىر قاتار ئەمر - پەرمانلارنى جاكارلاپ،
جامائەت سورۇنلىرىدا يەھۇدىيلارنىڭ سېرىق يۇلتۇز تاقىشى كې-



رەكلىكىنى، يەھۇدىيلارنىڭ پاسپورتىغا «J» خېتىنى بېسىش
كېرەكلىكىنى، يەھۇدىي دوختۇرلىرىنىڭ ئىجازەت كىنىشكىسى
ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن گېرماند-
ىيىدىكى يەھۇدىيلار ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى.

ئىككىنچى باسقۇچ (1938 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە)
تا گېرمانىيىنىڭ بارغانسېرى كۆپ دۆلەت ۋە رايونلارنى بېسىۋې-
لىشىغا ئەگىشىپ، ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى سىياسى-
تى ۋە ئەمر - پەرمانلىرى ئىشغال قىلىنغان رايونلارغا كۆچۈرۈپ
بېرىلدى ھەمدە قوغلاش بىلەن ئايرىۋېتىش بىرلەشتۈرۈلگەن فاڭ-
جېنغا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1938 - يىلى 3 - ئايدىن 1941
- يىلى 5 - ئايغىچە ناتسىست گېرمانىيىسى ئاۋسترىيە، چېخ -
سلوۋاكىيە، پولشا، دانىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە،
ليۇكسېمبۇرگ، فرانسىيە، رۇمىنىيە، گرېتسىيە، بۇلغارىيە،
يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئىشغال قىلىۋالدى ياكى ئۇ
دۆلەتلەرگە «كىردى». شۇنىڭ بىلەن ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلار-
غا قارشى ھەرىكىتىمۇ يۇقىرىقى رايونلارغا كېڭەيدى. بەزى قور-
چاق دائىرىلەر ناتسىستلار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، بۇ
ئىشتا چوماقچى بولۇش رولىنى ئوينىدى.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ناتسىستلار بۇ مەزگىلدە
يەھۇدىيلارغا قوغلاش بىلەن ئايرىۋېتىش بىرلەشتۈرۈلگەن فاڭ-
جېننى يولغا قويدى. پولشادىكى نەچچە مىليون يەھۇدىينى ئالا-
ھىدە بەلگىلەنگەن ئايرىۋېتىش رايونىغا توپلىدى. ئادەتتە ئۇلارنىڭ
سىرتقا چىقىشىغا يول قويمىدى، ئۇلار ھايۋاندىن بەتتەر تۇرمۇش
كەچۈردى. ۋارشاۋادىكى 500 مىڭ يەھۇدىي ئاران 71 . 2 كۋاد-
رات كىلومېتىر كېلىدىغان ئايرىۋېتىش رايونىغا كىرگۈزۈلۈپ،
ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەر كۈنى ئازراق يېمەك-
لىك بېرىلدى. نەچچە مىڭلىغان ئادەم ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن
ئۆلۈپ كەتتى. ناتسىستلار ۋېنادا «يەھۇدىي كۆچمەنلەر باش باش-

قارمىسى» قۇرۇپ، ئاۋستىرىيىدىكى يەھۇدىيلارنى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىشكە مەسئۇل قىلدى ھەمدە بۇ يەھۇدىيلار چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھەممە پۇل - بايلىقىنى تارتىۋالدى. 1938 - يىلى 3 - ئايدىن 1939 - يىلى 9 - ئايغىچە بولغان بىر يېرىم يىل ئىچىدە ئاۋستىرىيىدىكى 100 مىڭ يەھۇدىي ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ چېگرىدىن چىقىرىۋېتىلدى. بېرلىندا ئوخشاش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگان «يەھۇدىيلارنى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش مەركىزىي ئىش بېجىرىش ئورنى» دەپ ئاتالدى. 1933 - يىلىدىن 1939 - يىلىغىچە 280 مىڭدىن ئارتۇق يەھۇدىي گېرمانىيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلىندى. بۇ سان 1933 - يىلىدىكى گېرمانىيىدىكى 525 مىڭ يەھۇدىينىڭ 53.3% نى ئىگىلىدى. كەتكەنلەرنىڭ ھالى گېرمانىيىدە قېلىپ قىرغىن قىلىنغان قېرىنداشلىرىنىڭكىدىن ياخشى بولدى. ناتسىستلار تۈرلۈك يوللار بىلەن يەھۇدىي بايلىرىنى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنى نۇرغۇن پۇل تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. يەھۇدىيلار بۇنداق غايەت زور خىراجەتنى تاپشۇرالمىدى. ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ بىرلەشمە تەقسىمات كومىتېتى (ئىنگلىزچە قىسقارتىپ ئاتىلىشى JDC) بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇردى.

گېرمانىيىدە قالغان يەھۇدىيلاردا كېيىنرەك قولغا چىققۇدەك بىر نېمە قالمىدى. شەھەردە بۇ ئادەملەرنى ئايرىۋېتىدىغان رايون ئايرىشقا بولمىدى، يېمەكلىك، يېقىلغۇمۇ كۈنسايىن ئازلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ناتسىستلار مىليونلىغان يەھۇدىيلارنى شەھەرلەردىن قوغلاپ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئەۋەتتى. قاۋۇل ياشلارنى ئېغىر ئەمگەكلەرگە مەجبۇر قىلدى. فرانسىيە، گوللاندىيە، بېلگىيىدىكى يەھۇدىيلار دەسلەپ ئايرىۋېتىش رايونلىرىغا قوغلاندى. كېيىن پويىزغا سېلىنىپ، شەرقىي ياۋروپادىكى جازا لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلدى. گرېتسىيىدىكى يەھۇدىيلار جازا لاگېرىغا



كېتىۋاتقان سەپەر ئۈستىدە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھەر خىل ئازابلارنى تارتتى. كۆزلىگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە نۇرغۇن كىشى ھالىدىن كېتىپ ھاياتىدىن ئايرىلدى. ناتسىستلار يەھۇدىيلارنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوغلاش ئۈچۈن، ھەر خىل لايىھەلەرنى تۈزدى. مەسىلەن، ئاتالمىش «ماداگاسكار پىلانى» دا ياۋروپادىكى تۆت مىليون يەھۇدىينى فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ماداگاسكارغا قوغلاپ، ئۇ يەردە گېرمانىيىلىك ۋالىي ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئاپتونوم رايونىنى قۇرماقچى بولدى. 1940 - يىلى 6 - ئايدا گىتلېر بۇ پىلانىنى قوللىدى. لېكىن، ئۇرۇش جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن ناتسىستلار بۇ لايىھىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ (1941 — 1945) تا ناتسىستلار «ئاخىرقى ھەل قىلىش» سىياسىتىگە، يەنى يەھۇدىي مىللىتىنى جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىشقا بۇرالدى. ناتسىستلار 1941 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق يەھۇدىي بار ئىدى. بۇ يەھۇدىيلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ناتسىست كاتتىۋاشلىرى جىددىي ھەل قىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئالدى - كەينىدە، ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنى جىسمانىي جەھەتتىن ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىدىغان «ئاخىرقى ھەل قىلىش» لايىھىسى بىر مەزگىل غۇلغۇلا قىلىنغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقتى. گىتلېر 1939 - يىلىدىن باشلاپ ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنى «تامامەن يوقىتىش» نىڭ مۇمكىنلىكىنى سۆزلەشكە باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش جەريانىدا «ھەممە يەھۇدىيلار — بولشېۋىكىزمچىلارنى يوقىتىش» توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى. ھازىر ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا «ئاخىرقى ھەل قىلىش» دېگەن بۇ سۆز ناتسىستلارنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق كاتتىۋېشى ھېرمان گورنىڭ 1941 - يىلى

7 - ئايدا ئىمزا قويغان ھۆججەتتە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ناتسىستلار 1942 - يىلى 1 - ئايدا يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان يىغىندا بۇ ھۆججەت ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى سۈپىتىدە چۈشۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن «ئاخىرقى ھەل قىلىش» دېگەن سۆز ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنى جىسمانىي جەھەتتىن ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. «ئاخىرقى ھەل قىلىش» لايىھىسىنى ناتسىستلار ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا يولغا قويۇپ، بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدىغان تۆت ئالاھىدە ئەترەت ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، قولغا چۈشكەن ھەممە يەھۇدىيلارنى، سىگانلارنى، قىزىل ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەتچىلىرىنى ۋە كومپارتىيە كادىرلىرىنى ئۆلتۈرگەن. 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1942 - يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان بىر قىشتا ئالاھىدە ئەترەت 500 مىڭغا يېقىن يەھۇدىينى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

1942 - يىلى «ئاخىرقى ھەل قىلىش» نى تېخىمۇ تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ناتسىستلار بىر تۈركۈم «مۇتەخەسسىس» لەرنى زەھەرلىك گازلىق ئۆي لايىھىلەپ چىقىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، مىليونلىغان يەھۇدىينى ئاتالمىش «مۇنچا» غا كىرگۈزۈپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن. ئوسۋېسىم جازا لاگېرىدا بىر كۈندە ئالتە مىڭ ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدىغان رېكورتنى ياراتقان. ناتسىستلار شەرقىي ياۋروپا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن بىللە، غەربىي ياۋروپادا ۋە بالقاندا يەھۇدىيلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى گېرمانىيە ۋە پولشادىكى جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. «ئاخىرقى ھەل قىلىش» ئورۇشنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ تېز ئىلگىرىلىشى بىلەن بەزى يەھۇدىي مەھبۇسلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ناتسىستلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى، قوغلىشى ۋە «ئا-



خىرقى ھەل قىلىش» ىدا زادى قانچىلىك يەھۇدىي ھاياتىدىن ئايرىلدى؟ بۇ مەسىلە ھەققىدە ھازىرغىچە ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇت. لېكىن، زور كۆپ ساندىكى تارىخشۇناسلار تەخمىنەن ئالتە مىليون يەھۇدىي ناتسىستلارنىڭ قولىدا ئۆلدى، دەپ قارىدى. 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۇنيا بويىچە 18 مىليون يەھۇدىي بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 12 مىليون يەھۇدىي ياۋروپادا ياشايتتى. دېمەك، گىتلېر پۈتۈن يەھۇدىيلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى، ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنىڭ %50 نى «يوقاتتى» . بۇ يالغۇز يەھۇدىي مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت تارىخىدىمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان پاجىئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## § 2 . زىئونىزمنىڭ يەنە دولقۇن بولۇپ شەكىللىنىشى

### 1. ئاپەت ئىچىدىكى يەھۇدىي مىللىتى: قۇتۇلدۇرۇش - ياردەم بېرىش، قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە زىئونىزمنى ئېتىراپ قىلىش

ياۋروپادا گىتلېر يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇن قوزغىغاندا، يەھۇدىيلار دۇنياسىنىڭ تۇنجى ئىنكاسى ئاپەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش بولدى. دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى بۇ ئىشتا گەۋدىلىك رول ئوينىدى. 1933 - يىلى زىئونىزمنىڭ بەزى رەھبەرلىرى ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي مىنىستىرلىكى بىلەن مەخپىي كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، گېرمانىيىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېتىشىنى، بۇ ئادەملەر مۈلكىنى گېرمانىيىنىڭ ئالاھىدە ھېسابات نومۇرىغا قويۇپ، ئۇ پۇلغا پەلەستىندىن

گېرمانىيە تاۋارلىرى سېتىۋېلىشنى، بۇ تاۋارلارنى سېتىۋالغان پەلەستىنلىك سودىگەرلەر پۇل چىقىرىپ گېرمانىيىدىكى يەھۇدىي كۆچمەنلەرنىڭ زېمىننى تولۇقلاپ بېرىشىنى بېكىتتى. زىئونىزم ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ مۇھىم مەقسىتى ئۇلارنى پەلەستىنگە كۆچۈشكە ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بەشىنچى قېتىملىق ئالىيادا پەلەستىنگە كۆچكەن يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ قۇتقۇزۇش - ياردەم قىلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. لېكىن، پەلەستىننىڭ كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلىشى چەكلىك بولغاچقا، بولۇپمۇ ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان ۋە ئەنگلىيە دائىرىلىرى چەكلەشنى كۈچەيتىۋاتقان ئەھۋالدا ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈشى بارغانسېرى قىيىنلاشتى. 1939 - يىلى «17 - ماي ئاق تاشلىق كىتابى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، زىئونىزم تەشكىلاتى ۋە يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى ياۋروپادىكى يەھۇدىي مۇساپىرلارنى پەلەستىنگە «قانۇنسىز» يوللار بىلەن يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن شۇ چاغدا ياۋروپادىكى يەھۇدىيلار ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغاچقا، ئۇلارنىڭ ناتسىستلار ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردىن تېز كېتىۋېلىشىغا ياردەم قىلىشلا جىددىي ئىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەلەستىنگە بېرىش - بارالماسلىقىنىڭ كارى چاغلىق ئىدى.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىي تەشكىلاتلىرى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتا يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كېتىشى بىلەن چەكلەنمەي، ناتسىستلار ئىشغالىيىتىدىكى جايلاردىن ئۇلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان ھەرقانداق جايغا كېتىۋېلىشىغا ياردەم قىلىشنى مەقسەت قىلدى. ئۇلار ياۋروپادا ۋە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ۋاقىتلىق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ چېگرىدىن چىقىش كىنىشكىسى



ئېلىشىغا ۋە مەلۇم دۆلەتكە كىرىش ياكى مەلۇم دۆلەتتىن ئۆتۈش پاسپورتى ئېلىشىغا ياردەم قىلدى. ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن ئۇلار يەھۇدىيلارنى نۇرغۇن يوشۇرۇن يوللار ئارقىلىق ناتسىستلار ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردىن يۆتكەپ كەتتى. بەزى دۆلەتلەردە تۇرۇپ قالغان ياكى پاناھلىنىدىغان مۇساپىرلارغا تۈرلۈك يوللار بىلەن ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى قىيىن مەزگىلدىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ بىرلەشمە تەقسىمات كومىتېتى ياۋروپادىكى يەھۇدىي مۇساپىرلارنى قۇتقۇزۇشقا ئالاھىدە چوڭ تۆھپە قوشتى. بۇ كومىتېت نۇرغۇن پۇل تۆلەپ گېرمانىيە، ئاۋستىرىيىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ چېگرىدىن چىقىش كىنىشكىسىنى ئالدى. شۇنىڭدەك يەھۇدىيلارنىڭ پاناھلىنىدىغان ياكى ۋاقىتلىق تۇرىدىغانغا جاي تېپىۋېلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلىدى. مەسىلەن، 1939 - يىلى گېرمانىيە پولشانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن پولشادىكى نۇرغۇن يەھۇدىيلار لىتۋاغا قاچتى. 1940 - يىلى ئۇلار ياپونىيىگە بارىدىغان پاسپورتقا ئىگە بولدى. لېكىن، ھەر بىر ئادەم 200 ئامېرىكا دوللىرى تۆلىسە ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ياپونىيىگە بارالايدىغان بولدى. بىرلەشمە تەقسىمات كومىتېتى دەرھال پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ پۇل يىغىپ، گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ماڭغۇزۇۋەتتى. بىرلەشمە تەقسىمات كومىتېتى لىسسابوندىكى باشقارمىسىدا ياۋروپا يەھۇدىيلىرىغا ياردەم قىلىدىغان مۇھىم پونكىت قۇردى. بىرلەشمە تەقسىمات كومىتېتىنىڭ خىزمەتچىلىرى يەھۇدىي مۇساپىرلارنىڭ لىسسابون ئارقىلىق ياۋروپادىن كېتىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. بىرلەشمە تەقسىمات كومىتېتى يىراقتىكى شاڭخەيدىمۇ باشقارما قۇرۇپ، ئۇ يەردىكى 30 مىڭغا يېقىن يەھۇدىيغا ياردەم قىلدى.

ياۋورپادىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارمۇ ياردەمگە تەلمۈرۈپ قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرمىدى. ئۇلار باشتىلا ھەر خىل

ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ناتسىستلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇردى. لېكىن، دەسلەپكى نەچچە يىلدا تۇيۇقسىز كەلگەن زەربە ئۇلارنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئەڭ ئومۇمىي قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلى قېچىش ۋە ئۆلۈۋېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولدى. گرېنسفاننىڭ لېتنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى، يەھۇدىيلارنىڭ سەۋر قاچىسى تولۇپ، قولىغا قورال ئېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە ۋە پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ماڭدى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، بىر مىليون 685 مىڭ يەھۇدىي ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، پولشا، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىلىرىگە ۋە جايلاردىكى پارتىزانلىرىغا قاتناشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە نۇرغۇن يەھۇدىيلار يەر ئاستى كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مەخپىي فرونتتا جەڭ قىلىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە ئاخبارات توپلاپ بەرگەن، مەخپىي قاتناش يوللىرىنى قۇرغان، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ مۇئەسسەسەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان. تىلغا ئېلىشقا ئەڭ ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئايرىۋېتىش رايونى ۋە جازا لاگېرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى قىس، كىيىم - كېچىكى ناچار، تېنى ئاجىز بولسىمۇ، ئۇلار ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماي قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇپ، ناتسىستلار ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرىنىڭ ھەيۋىسىگە زەربە بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرەش تارىخىدا تىللاردا داستان بولىدىغان سەھىپىنى يازدى. ياۋروپادىلا يىگىرمە ئايرىۋېتىش رايونى ۋە بەش جازا لاگېرىدا ئوتتۇرا ھالدىن يۇقىرى قوزغىلاڭ پارتلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى ۋارشاۋا ئايرىۋېتىش رايونىدىكى قوزغىلاڭ بولۇپ، بىر ئاي داۋاملىشىپ، ئاخىر يەھۇدىيلار رايونىنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ۋارشاۋادى-



كى يەھۇدىيلار ئاھالىسىنىڭ پۇختا قوراللانغان گېرمانىيە ئارمىيىسىگە شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت تاقابىل تۇرالىشىنى مۆجىزە دېمەي مۇمكىن ئەمەس.

ناتسىستلارنىڭ قىرغىنچىلىقى نەچچە ئون مىڭلىغان يەھۇدىينى جىسمانىي جەھەتتىن يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەھۇدىيلارنى مەنىۋى جەھەتتىن مىسلىسىز ئىتتىپاقلاشتۇردى. ھەممە يەھۇدىيلار مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقاندا ئاشكىنازلار بىلەن سەفادىيلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر؛ ئورتودوكساللار ۋە كونسېرۋاتىپلار بىلەن ئىسلاھاتچىلار ئوتتۇرىسىدىكى نىزالار؛ زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار؛ رۇسىيىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن گېرمانىيىدىكى يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر بىر چەتتە قالدى. گىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى سىياسىتى تۈپەيلىدىن ياۋروپادىكى يەھۇدىيلار گېرمانىيىلىك، پولشالىق، ۋېنگرىيىلىك، رۇمىنىيىلىك، فرانسىيىلىك، رۇسىيىلىك قاتارلىقلارغا ئايرىلمايدىغان بولدى. پەقەت يەھۇدىي ئاتىلىپ، نۇرغۇن يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي ئېڭى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. گېرمانىيىدە شۇنچە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن يەھۇدىيلارمۇ ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغان يەردە، باشقا دۆلەتلەردىكى يەھۇدىيلاردا نېمە ئۈمىد بولسۇن؟ پەلەستىنگە بېرىپ يەھۇدىيلار دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت بىرلا يول قالغانىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەھۇدىيلار بۇنى چوڭ قىرغىنچىلىقتا تونۇپ يەتتى. زىئونىزم تارىخىنى تەتقىق قىلغان پروفېسسور ۋالتېر لاكۇئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇرۇشتىن ئىلگىرى زىئونىزم يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى ئىدى — بەزىدە ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئىدى. لېكىن، 1945 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ بۇرۇنقى دۈشمەنلىرىمۇ كۆك - ئاق بايراق ئاستىغا توپلاندى». ئۇ

ئەنگلىيە لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ رەئىسى، يەھۇدىي نەسلە-
دىن بولغان پروفېسسور خارولد لاسكىينى ئالاھىدە مىسال قىلىپ
مۇنداق يازىدۇ: «پروفېسسور لاسكىي يەھۇدىي دىنىغا ئىشەنمەي-
دىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ماركسىزمچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.
ئۇ ۋۇشتىن بۇرۇن ئۇ سىگىپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە
يەھۇدىيلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتسا، بۇ ئۇلارنىڭ
ئىنسانىيەتكە قوشقان ئەڭ كاتتا تۆھپىسى بولغان بولاتتى، دەپ
قارىغان. لېكىن، ھازىر ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنىدە گۈللە-
نىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىگە تامامەن ئىشەندى، قەتئىي ئىشەندى.»
يەھۇدىي تارىخشۇناس ئابىا ئېباننىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى
قىرغىنچىلىق ئاپىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن يەھۇدىيلارنىڭ قەل-
بىنى ئىپادىلەپ بېرەلىشى مۇمكىن: «گېتلېر ئۇلارنى مىللەتچى-
لەرگە ئايلاندۇردى. ئۇلار ئۆزىگە ئۆزىمىزنىڭ دۆلىتىمىز بولمى-
غاچقا، ئالتە مىليون قېرىندىشىمىز پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈۋېتىل-
دى، دېدى. ئۇلار بەزى دۆلەتلەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ بەختلىك
تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىسمۇ، لېكىن ئۇلار بەك ئېغىر
ئازابلارنى تارتتى، يەنە تەۋەككۈل قىلىشنى خالىمايدىغان بولدى.
ئۇلار كۆزلىگەن جاي پەلەستىن. ئۇلار بەك چارچاپ كەتتى.
كۆنلەرنىڭ بىرىدە بەزىلەر ‹يەھۇدىيلار يوقالسۇن› دېيىشى مۇم-
كىن بولغان جايدا يېڭى تۇرمۇشنى باشلىيالمايدۇ. پەلەستىندىكى
تۇرمۇشنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇش - بولالماسلىقى ئۇلارغا نىسبە-
تەن كارى چاغلىق ئىش. ئۇلار ئۇ يەردە ئۆلۈشنى خالايدۇكى،
پولشادا ياكى گېرمانىيىدە ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى
خالىمايدۇ.»
يەھۇدىي مىللىتىنى «يوقىتىۋەتمەكچى» بولغان گىتلېر ئۇ-
زىنىڭ ئېقىمغا قارشى ھەرىكىتىنىڭ مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى
يەھۇدىيلارنىڭ زىئونىزمنى ئېتىراپ قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ،
يەھۇدىي مىللىتىنىڭ گۈللىنىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى چۇ-



شىدىمۇ خىيال قىلىپ باقمىغاندۇ. مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن
بالا- قازا كۆپ ھاللاردا مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە ھامىلدار بولىدۇ.
دۇ. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئومۇمىي ھادىسە
بولسا كېرەك.

## 2. غەيرىي يەھۇدىيلار دۇنياسىنىڭ يەھۇدىيلارغا ھېسداشلىق قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشى

ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارغا غالجىرلىق بىلەن زىيانكەشلىك
قىلىشى ۋە ئۇلارنى قىرىشى ئالدىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈ-
مەتلىرى دەسلەپ ئاغزىدا ئەيىبلەش بىلەن كۇپايىلىنىپ، ئەمەلىي
ھەرىكەت قوللىنىپ يەھۇدىيلارغا ياردەم قىلىشنى خالىمىدى.
1938 - يىلى 7 - ئايدا فرانسىيىدىكى ئېۋىئاندا گېرمانىيىدىكى
يەھۇدىي مۇساپىرلىرى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان خەلقئا-
رالىق يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا 32 دۆلەت ۋەكىل ئەۋەتتى.
يىغىندا سۆزگە چىققان ھەممە ئادەم يەھۇدىي مۇساپىرلىرىنىڭ
ئەھۋالىغا ھېسداشلىق قىلدى. لېكىن، دومىنىكىدىن باشقا بىرەر
دۆلەت يەھۇدىي مۇساپىرلىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى
ئاشكارا بىلدۈرەلمىدى. 1939 - يىلى ئەنگلىيە ئېلان قىلغان ئاق
تاشلىق كىتاب ئەمەلىيەتتە يەھۇدىي مۇساپىرلىرىغا پەلەستىنىنىڭ
دەرۋازىسىنى تاقاپ قويغانىدى. يەھۇدىيلارنىڭ ناھايىتى چوڭ
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى مەۋجۇت بولغان ئامېرىكىمۇ يەھۇدىيلا-
رنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە ھەر خىل چەكلەرنى قويدى: ئامېرىكا
ھۆكۈمىتى 1939 - يىلى 5 - ئايدا 900 نەپەر ياۋروپالىق يەھۇدىي
مۇساپىر چۈشكەن «سان لۇئىس» ناملىق پاراخوتنى چېگرىدىن
كىرگۈزمىدى؛ ئامېرىكا پارلامېنتى 1940 - يىلى يەھۇدىي مۇسا-
پىرلىرىغا ئالىياسكىنى ئېچىپ بېرىش توغرىسىدىكى لايىھىسىنى
ئىنكار قىلدى؛ ئامېرىكا پارلامېنتى 1941 - يىلى 20 مىڭ نەپەر
گېرمانىيىلىك ئۆسمۈرنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى

رەت قىلدى.
قىيىن ئەھۋالدا قالغان يەھۇدىيلارغا ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆ-
كۈمەتلىرى نېمە ئۈچۈن شۇنداق سوغوق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ بۇنىڭ
مۇنداق سەۋەبلىرى بار: بىرىنچىدىن، دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرى-
زىستا نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئىشسىزلىق كۆپىيىپ كەتتى، شۇڭا
ھەممىسى كۆچمەنلەرنىڭ كېلىشىنى قاتتىق چەكلىدى. بەزى دۆ-
لەتلەردىكى يەھۇدىيلارغا قارشى كۈچلەر يەھۇدىيلارنىڭ كېلىشىگە
تېخىمۇ قارشى تۇرۇپ، يېنىدا يارماقنىڭ سۇنۇقى يوق بۇ يەھۇ-
دىيلار خەلقنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىۋېتىدۇ دېدى؛ ئىككىنچى-
دىن، فاشىستلارنىڭ ئۇرۇش ماشىنىسى ئالدىدا، غەربتىكى چوڭ
دۆلەتلەر ماداراچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويدى. شۇڭا، يەھۇدىي-
لار مەسىلىسىدە گېرمانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يىرىكلەش-
تۈرۈۋېلىشنى خالىمىدى؛ ئۈچىنچىدىن، قاش بىلەن كىرپىك
ئارىلىقىدىكى ئۇرۇش تەھدىتى ئاستىدا، گېرمانىيە تەرىپىدىن
ئىشغال قىلىنىۋېلىنمىغان شۋېتسارىيە، شۋېتسىيەدەك كىچىك دۆ-
لەتلەر (ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن بىتەرەپ بولۇۋالغان دۆلەت-
لەر) مۇ يەھۇدىيلار مەسىلىسىدە چاتاق تېپىپ، گېرمانىيىنىڭ
چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ساقلانماقچى بولدى. شۋېتسارىيە با-
نكىلىرى يەھۇدىيلار ئامانەت قويغان پۇلدىن پايدا ئېلىۋاتقان بول-
سىمۇ، لېكىن يەھۇدىي مۇساپىرلىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمى-
دى؛ تۆتىنچىدىن، ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بە-
زى دۆلەتلەرمۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن يەھۇدىي مۇ-
ساپىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىلاجسىز قالدى. دومىنىكا قاتار-
لىق دۆلەتلەر يەھۇدىيلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىل-
دۈرسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي ياردەم بولمىسا ئورۇنلاشتۇرال-
مايتتى.
ھۆكۈمەتلەرنىڭ پوزىتسىيىسى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈر-
سىمۇ، لېكىن ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى كەڭ ئاما، ئىجتىمائىي



تەشكىلاتلار، خەير-ساخاۋەت ئورگانلىرى، ھەتتا نۇرغۇن ئوتتۇ-
را، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىغا چوڭ-
قۇر ھېسداشلىق قىلدى. ئىلاج قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا،
ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا تىرىشتى. خەلقئارا قىزىل كرېست جەم-
ئىيىتى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرى
يەھۇدىيلارنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە قۇتقۇزدى، بولۇپمۇ ئۇرۇش
بولۇۋاتقان ئەھۋالدا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتچىلى-
رى ئۇرۇشۇۋاتقان تەرەپلەر كونتروللۇقىدىكى رايونلارغا كىرەلەي-
دىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈم گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان يەھۇدىي
مۇساپىرلارنى قۇتقۇزۇش جەھەتتە ئۇلار باشقىلار ئوينىيالمايدىغان
روللارنى ئوينىدى. خىرىستىئان جەمئىيىتى ئەزەلدىن يەھۇدىيلار-
غا دىنىي بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتا بولۇپ كەلگەنىدى. لېكىن،
ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى زوراۋانلىقى بەك ھەددىدىن
ئېشىپ كەتكەندە نۇرغۇن پوپ ۋە كلېرگىمانلار ئاشكارا ئوتتۇرىغا
چىقىپ يەھۇدىيلارغا مەدەت بەردى. فرانسىيە، گوللاندىيە، بېل-
گىيەدىكى نۇرغۇن چېركاۋلار يەھۇدىيلارنى يوشۇرىدىغان، قوغ-
دايدىغان پايدىلىق ئورۇن بولدى. ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن
جايلاردا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن پارتىزانلارمۇ يەھۇدىيلارنى قۇت-
قۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدى-
غىنى شۇكى، بەزى دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىمۇ ئى-
لاج قىلىپ يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ياپونىيىنىڭ لىتۋادى-
كى كوناستا تۇرۇشلۇق كونسۇلى چىنۇئې سۇگىخارا جىددىي
پەيتتە پولشا ۋە لىتۋادىكى ئىككى مىڭ يەھۇدىي مۇساپىرغا ياپون-
يىگە بارىدىغان پاسپورت تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
ناتسىستلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالدى. شۋېتسىيىنىڭ
دىپلوماتىيە ئەمەلدارى رائول ۋاللېنبېرگ بىتەرەپ دۆلەت ۋەكىلى
سۈپىتى بىلەن ۋېنگرىيىگە بېرىپ، پاسپورت تارقىتىش شەكلى
بىلەن نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بەزى گېرماند-

يىلىكلەرمۇ يەھۇدىيلارغا يوشۇرۇن ياردەم بەردى. گېرمانىيىلىك
سودىگەر ئوسكار سىندېلىنىڭ يەھۇدىيلارنى قوغدىغانلىقى تەسۋىر-
لەنگەن كىنو فىلىمى «سىندېلدىكى ئىسىملىكلەر» ھەقىقىي بول-
غان ئىشلارغا ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان.
ياۋروپادىلا ئەمەس، شىمالىي ئامېرىكا، شەرقىي ئاسىيا،
ئوكيانىيە، لاتىن ئامېرىكىسى، ھەتتا جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق
جايلاردىمۇ ھەققانىيەتچى زاتلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چى-
قىپ، يەھۇدىيلارغا مەدەت بەردى ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزدى. مەسى-
لەن، جۇڭگودا سۇڭ چىڭلىڭ باشچىلىقىدىكى خەلق ھوقۇقىنى
كاپالەتلەندۈرۈش ئىتتىپاقى 1933 - يىلى گېرمانىيىنىڭ شاڭ-
خەيدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا نارازىلىق خېتى تاپشۇرۇپ،
گىتلېرنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۇرۇشنىڭ
بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان شەرقتىكى چوڭ شەھەر — شاڭخەي
1933 - يىلىدىن 1941 - يىلى 12 - ئايغىچە ياۋروپادىن كەلگەن
30 مىڭغا يېقىن يەھۇدىي مۇساپىرنى قوينىغا ئالدى. كېيىنرەك
بىر قىسىم ئادەم شاڭخەيدىن ئۈچىنچى دۆلەتكە كەتكەن بولسىمۇ،
25 مىڭ ئادەم ئۇرۇش توگىگۈچە شاڭخەيدە تۇردى. ناتسىستلار-
نىڭ قىرغىنچىلىقىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان سىمون ۋېسېن-
تال مەركىزى شۇ چاغدا شاڭخەي شەھىرى قوبۇل قىلغان يەھۇدىي
مۇساپىرلىرى كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېللاندىيە، جەنۇبىي
ئافرىقا ۋە ھىندىستان قاتارلىق بەش دۆلەت قوبۇل قىلغان مۇسا-
پىرلار سانىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتتى دەپ كۆرسەتتى.
لاتىن ئامېرىكىسىدىكى سالۋادور، دومىنىكا قاتارلىق كىچىك
دۆلەتلەرمۇ خېلى كۆپ يەھۇدىينى قوبۇل قىلدى.
ئۇرۇشتىن كېيىن ئىسرائىلىيە پارلامېنتى پەرمان ماقۇل-
لاپ، ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ناتسىستلار قىرغىنچىلىق قىلغان
مەزگىلدە يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزغان، يەھۇدىيلارغا ياردەم قىلغان
غەيرىي يەھۇدىيلارغا ۋە يەھۇدىي ئەمەس ئائىلىلىرىگە يەھۇدىي



خەلقىگە ۋەكالىتەن رەھمەت ئېيتىش ھەمدە ئۇلارغا ئوردېن ۋە
مۇكاپات بېرىش كېرەك، دەپ بەلگىلىدى. مۇشۇ پەرمانغا ئاسا-
سەن، 1990 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە جەمئىي سەككىز
مىڭ 611 ئادەمگە ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ئوردېن ۋە مۇكاپات
پۇلى بەردى. ئۇلار ئەينى يىللاردا يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزغان ۋە
ئۇلارغا ياردەم قىلغان مىليونلىغان ئادەمنىڭ ئاز قىسمى بولسى-
مۇ، لېكىن شۇ چاغدا غەيرىي يەھۇدىيلار دۇنياسىنىڭ ناتسىست-
لارغا قارشىلىقى ۋە يەھۇدىي مىللىتىنى قوللىشىنىڭ قانچىلىك
كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
كەڭ خەلقنىڭ يەھۇدىيلارغا مەدەت بېرىش دولقۇنىنىڭ بار-
غانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ ناتسىستلار-
نىڭ «ئاخىرقى ھەل قىلىش» نىڭ سىرى 1942 - يىلى شۋېتسا-
رىيە ئارقىلىق غەرب دۆلەتلىرىگە يەتكەندە چوڭ دۆلەتلەر ھۆكۈ-
مەتلىرىنىڭ پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. بەزى
رەھبەرلەر ناتسىستلارنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئە-
يىبلەش بىلەن بىللە، بەزى ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشنىڭ
زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. نەچچە يىل ئىلگىرى قوللى-
نىشقا بولىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش مۇمكىن بولمىغانىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر 1943 - يىلى-
نىڭ باشلىرى بېرمودادا يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلى-
دىغان يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن تەدبىر-
لەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىغاچقا، ھېچقانداق ئىش
ۋۇجۇدقا چىقمىدى. ناتسىست ئېس - ئېسچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى
گىملېر 1944 - يىلى يەھۇدىيلارنى ئۆلۈم لاگېرىغا ئەۋەتىشنى
توختىتىشقا بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ھېسابىغا گېرمانىيىگە 10
مىڭ ئاپتوموبىل بېرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. زىئو-
نىزم رەھبەرلىرى بۇ ئالماشتۇرۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى
بولدى. لېكىن، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ئۇرۇش

ۋاقىتىدا دۈشمەنگە شۇنچە كۆپ ئاپتوموبىل بېرىشكە بولمايدۇ،
دەپ قارىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدىي رەھبەرلىرى ئوسۇپتى-
ىسمىنى بومباردىمان قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لې-
كىن، ئىتتىپاقداش ئارمىيە بۇ تەكلىپنى «تېخنىكىلىق سەۋەب»
تۈپەيلىدىن رەت قىلدى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەن-
دە، ئۆلۈم لاگېرىدىكى يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشتا ھەربىي
يۇرۇشنى تېزلىتىشتىن باشقا ئىلاج بولمىدى. 1945 - يىلى
ئەتىيازدا جازا لاگېرلىرىنى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ بىر - بىر-
لەپ ئازاد قىلىشىغا ئەگىشىپ، ناتسىستلار قىرغىنچىلىقىنىڭ
ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاقىۋىتى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكا-
رىلىنىپ، دۇنيانى لەرزىگە سالدى. دۇنيادا يەھۇدىيلارغا ھېس-
داشلىق قىلىپ، زىئونىزمنى قوللايدىغان دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ،
توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى.
بۇنىڭ ئالدى - كەينىدە، يەھۇدىيلارغا ھېسداشلىق قىلىدى-
غان مۇشۇنداق كەيپىيات ئىچىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يەھۇدىي-
لار مەسىلىسىگە قارىتىلغان سىياسىتىدە سۈپەت ئۆزگىرىشى بول-
دى. يەنى يەھۇدىي مىللىتىگە ئادەتتىكىچە ھېسداشلىق قىلىشتىن
پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇشنى قوللاشقا ئۆزگەردى.
ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت 1944 - يىلى 10 - ئايدا ئاشكارا
مۇنداق دېدى: «يەھۇدىيلارنىڭ ئەركىن، دېموكراتىك يەھۇدىيلار
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشى ئۈچۈن، شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە
قانچىلىك قىرغىنلىق بىلەن تىرىشقانلىقىنى ۋە تىلاۋەت قىلغانلى-
قىنى بىلىمەن. ئىشىنىمەنكى، ئامېرىكا خەلقى بۇ مەقسەتنى
قوللايدۇ. ئەگەر مەن يەنە سايلىنىپ قالسام، بۇ مەقسەتنىڭ
ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىمەن». شۇنىڭ بىلەن بىللە،
جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ سايلام پروگراممىسىدىمۇ مۇنداق
دەپ ئوچۇق كۆرسىتىلدى: «زوراۋانلىق ئائىلىسىدىن قوغلاپ
چىقىرىۋەتكەن مىليونلىغان يەھۇدىي ئەر - ئاياللىرى ۋە ئۆسمۈر-



لىرىگە پاناھلىنىدىغان جاي بېرىش ئۈچۈن، پەلەستىننىڭ ئۇلارغا
ئېچىۋېتىلىشىنى، يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى ۋە يەرگە ئىگە
بولۇشى چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنى،
شۇنداق قىلىپ... پەلەستىننىڭ ئەركىن ۋە دېموكراتىك جۇم-
ھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىمىز.» روشەنكى، زى-
ئونىزمنى قوللاش ئامېرىكىدىكى ئىككى پارتىيىنىڭ بىرلىككە
كەلگەن ئېنىق فاڭجېنىغا ئايلاندى. روزۋېلت زۇڭتۇڭدىن كېيىن
زۇڭتۇڭ بولغان ترۇمېن بۇ فاڭجېننى كەم - كۈتىسىز ئىجرا
قىلدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1928 - يىلىدىن
باشلاپ، دۆلەت ئىچىدە زىئونىزم ھەرىكىتىنى چەكلەپ كەلگەن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش
بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ
مۇئاۋىن كومىسسارى مېيىسكىي 1943 - يىلى پەلەستىننى زىيا-
رەت قىلىپ، يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى ۋە زىئونىزم رەھبەرلىرى
بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
تەشۋىقات ماشىنىلىرى ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىل-
غان زوراۋانلىقلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، زىئونىزمنى
ئانچە تەنقىدلىمەيدىغان بولدى. بېن گۇرىئون 1945 - يىلى 3
- ئايدىكى بىر قېتىملىق سۆزىدە: «نۇرغۇن ئالامەتلەر ئىسپاتلى-
دىكى، بۇرۇن بىزگە قارشى تۇرغان بەزى ئامىللار، جۈملىدىن
كۈچلۈك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىزگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھازىر
مەۋجۇت ئەمەس» دېدى. ئەھۋالى ئەڭ نازۇك بولغان ئەنگلىيە
ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن، ناتسىستلارنىڭ زوراۋانلىقىدىن غەزەپ-
لىنىپ، بالفور خىتابنامىسىنىڭ روھىنى — پەلەستىندە يەھۇ-
دىيلارنىڭ يۇرتىنى قۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى تەكرار تەكىتلى-
دى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دەككە - دۈككىدە قېلىپ، يەھۇدىيلارغا
ھېسداشلىق قىلىدىغان بۇ كۈچلۈك دولقۇننىڭ كەلگۈسىدە ئۆزى-

نىڭ پەلەستىندىكى، ھەتتا پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىگە تاقىشىپ، ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشىدىن ئەنسىرىدى. كېيىنكى تەرەققىيات بۇنداق ئەنسىرەشنىڭ ئورۇنسىز ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇنى كېيىنكى بابتا مۇھاكىمە قىلىمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى تەدرىجىي تارىلىۋاتقاندا، دۇنيادىكى دۆلەتلەر مۇنداق تەلەپنى ئىنكار قىلالمىدى: ناتسىستلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغان مىليونلىغان كىشىلەرگە ياشايدىغان جاي بولۇشى كېرەك. ئازابنى كۆپ تارتقان يەھۇدىيلارنىڭ بىخەتەر ياشايدىغان يۇرتى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىرەر دۆلەت (جۈملىدىن ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى) ئۇلارغا مۇنداق زېمىننى بېرەلمىسە، ئۇلارنىڭ پەلەستىندە دۆلىتىنى قۇرۇشىغا ياردەم قىلىشى مەسىلىنى مەڭگۈلۈك ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن. ناتسىستلار يەھۇدىيلارنى دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولغانىدى. لېكىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە شۇنى ھېس قىلدۇردىكى، يەھۇدىي مىللىتى خەلقئارا ئائىلىدە ئىمكانقەدەر تېزلىك بىلەن بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشى كېرەك.



## توققۇزىنچى باب

# پەلەستىن تالاش - تارتىشىنىڭ كەسكىنلىشىشى ۋە ب د ت نىڭ ئارىلىشىشى

پەلەستىن مەسىلىسىدە ئەنگلىيە بىلەن زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى نىشانى بىردەك بولمايلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى يىراقلىشىپ كەتتى. ئەنگلىيە بۇ رايوننى ئۈچ قىتئەنى كونترول قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك بازىسى قىلماقچى، زىئونىزم ھەرىكىتى بولسا، بۇ يەردە باشقىلارنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرىمايدىغان يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرماقچى بولدى. بالفور خىتابنامىسى ئېلان قىلىنىشنىڭ ئالدى - كەينىدە ۋە ئەنگلىيە پەلەستىنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئوتتۇرىدا تېپىشمەيدىغان مەنپەئەت بولغاچقا، چەكلىك ھەمكارلىشىپ، قارشى تەرەپتىن پايدىلىنىپ ئۆز نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. لېكىن، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ كۈچىيىشىگە ۋە ئەنگلىيىنىڭ سىياسەتنى تەڭشىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشۇپ، زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىشكە باشلىدى. 1939 - يىلىدىكى «17 - ماي ئاق تاشلىق كىتابى» ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ھەمكارلىشىشتىن قارشىلىشىشقا ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بۇ

قارشىلىششىنى ۋاقىتلىق يېپىپ قويدى، لېكىن قارشىلىشىش
يوقىمىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەنگلىيە-
نىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەھۋالى تېخىمۇ قىيىنلاشتى، ئۇنىڭغا
ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رىقابىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا، ھەم
قەست قىلىشىدىن ساقلىنىشقا توغرا كەلدى. شۇڭا، ئەرەب دۇن-
ياسى بىلەن بولغان ئاجىز مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئىنتايىن
مۇھىم ئىش بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوڭ قىرغىن-
چىلىقنى بېشىدىن كەچۈرگەن زىئونىزم ھەرىكىتى كۈتتۈېرىشنى
خالىماي، يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇش يولىدا تەقەززالىق بىلەن
«ئاخىرقى ھۇجۇم» غا ئۆتتى. نەتىجىدە ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار
ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش يەنە كۈچىيىپ، ئومۇميۈزلۈك تو-
قۇنۇشقا ئۆزگەردى. قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي بېشى گاڭگىراپ
كەتكەن ئەنگلىيە ئاخىر منداتلىق ھۆكۈمرانلىقتىن ۋاز كېچىپ،
پەلەستىن تالاش - تارتىشىنى ب د ت غا تاپشۇرۇپ بېرىشكە
مەجبۇر بولدى. ب د ت نىڭ ئارىلىشىشى بىلەن پەلەستىن مەسى-
لىسى خەلقئارانىڭ تىنچلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش باسقۇچىغا
كىردى.

## § 1 . ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار قارشى-لىشىشىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئومۇمـ-يۈزلۈك توقۇنۇشقا ئۆزگىرىشى

### 1 . ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى تو-قۇنۇشنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىپ بېرىشى

ياۋروپادا ئۇرۇش ئاخىرلاشقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر پە-
لەستىنگە كەلگەندە يىشۇۋ شادلىققا چۆمدى. ئېرۇسالېم، تېلئا-
ۋىف ۋە ھايفالاردا غەلىبىنى تەبرىكلەش يىغىلىشلىرى ئۆتكۈزۈل-



دى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر تەرىپىگە قارا تۇتۇلغان بايراق
ئېرۇسالېم ھاۋا بوشلۇقىغا چىقىرىلىپ، ياۋروپادا ئۆلتۈرۈۋېتىل-
گەن قېرىنداشلارغا ماتەم تۇتۇلدى. بۇ شادلىققا ۋە تەنتەنىلىك
سۇكۇناتقا چۆمگەن كەيپىياتتا دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى ۋە يەھۇ-
دىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا تولۇق ئىشەنچ باغلىدى.
ئۇلارنىڭ ئۈمىدۋار كەيپىياتى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى: ئۇرۇش
بولۇۋاتقاندا يىشۇۋنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. چوڭ
قىرغىنچىلىقنى بېشىدىن كەچۈرگەن يەھۇدىي مىللىتى مىسلى-
سىز بىرلىككە كېلىپ زىئونىزمنىڭ نىشانىنى قوللىدى. دۇنيا
دائىرىسىدىمۇ زىئونىزمنى قوللايدىغان كەيپىيات ئۈزلۈكسىز يۇ-
قىرى كۆتۈرۈلدى. مانا بۇلار زىئونىزم ھەرىكىتىگە ئەزەلدىن
كۆرۈلۈپ باقمىغان پۇرسەتنى يارىتىپ بەردى. 1945 ـ يىلى 5
ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ياۋروپادىكى غەلىبە كۈنىدىن ئىككى ھەپتە
ئۆتكەندىن كېيىن يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە
تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى قويدى: (1) پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى
قۇرۇشنى دەرھال قارار قىلىش ھەمدە قارارنى دۇنياغا ئېلان
قىلىش لازىم؛ (2) يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىغا ھەممە زۆرۈر
ھوقۇقلارنى بېرىپ، ئىمكانقەدەر كۆپ يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە
كېلىپ ئولتۇراقلىششىغا ئاسانلىق بېرىش ھەمدە بۇ دۆلەتنىڭ
ھەممە بايلىقىنى، بولۇپمۇ يەر، ئېنېرگىيە بايلىقىنى ئومۇميۈز-
لۈك، تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم؛ (3) تۇنجى تۈركۈمدە
بىر مىليون يەھۇدىينىڭ پەلەستىنگە كېلىپ ئولتۇراقلىششى
ھەمدە بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش
ئۈچۈن، خەلقئارا قەرز پۇل ۋە باشقا ياردەملەر بىلەن تەمىنلەش
لازىم. بۇ تەلەپلەر بىلتمورې پروگراممىسىنىڭ روھىنى ئەكس
ئەتتۈردى. ئىككى ئايدىن كېيىن ئەنگلىيىدىكى يەھۇدىيپەرەس
لىبېبورىستلار پارتىيىسى سايلامدا غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن

يىشوۋنىڭ خۇشاللىق كەيپىياتى تېخىمۇ كۈچەيدى.
لېكىن، يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرى-
قى تەلەپلەرگە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى كەينىگە
سۆرەش پوزىتسىيىسى قوللانغانىدى. يېڭىدىن تەختكە چىققان
لېيبورىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىمۇ بەزىلەر پەرەز قىلغاندەك
يەھۇدىيلارغا مەدەت بېرىش سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە
كەلتۈرمىدى. 8 - ئايدا زىئونىزم رەھبەرلىرى يېڭىدىن ھاكىمى-
يەت بېشىغا چىققان لېيبورىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ
مۇستەملىكە ۋەزىرىگە 100 مىڭ كۆچمەنگە رۇخسەت قىلىش كى-
نىشكىسى بېرىپ، ياۋروپانىڭ جازا لاگېرلىرىدا ئامان قالغانلار-
نىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭغا 1939
- يىلى ئاق تاشلىق كىتابتا بەلگىلەنگەن كۆچمەنلەر سانىدا ئىشلى-
تىلمەي ئېلىپ قويۇلغان ئىككى مىڭ پارچە رۇخسەت قىلىش
كىنىشكىسىنى ئاۋۋال تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ئويلاپ كۆرۈشكە
بولىدۇ، دېگەن جاۋابنى ئالدى. بۇ جاۋاب زىئونىزم ئاكتىپلىرىنى
قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن لېيبورىستلار پارتىيە-
سى ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش ساداسى
ئۆرلىدى. خاگانانىڭ قوماندانى موشى سىناي «ئېغىر سىياسىي
ۋەقە» پەيدا قىلىپ ئەنگلىيىنى ئاگاھلاندۇرۇشنى تەكلىپ قىلى-
دى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىستى-
راتېگىيىلىك ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلغاندا، ئەقىللىق
ئادەم ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ زىئونىزم تەشكىلاتى ۋە يەھۇدىيلار
ۋاكالەتخانىسىنىڭ يۇقىرىقى تەلىپىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدىغان-
لىقىنى كۆرەلەيدۇ. 1939 - يىلىدىكى ئوتتۇرا شەرققە سې-
لىشتۇرغاندا، 1945 - يىلىدىكى ئوتتۇرا شەرقتە تۆۋەندىكىدەك
چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى: بىرىنچىسى، ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا
شەرقتىكى ئورنى ئاجىزلاپ كەتتى؛ ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىت-



تىپاقىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى تەسىرى مىسلىسىز كۈچەيدى؛
ئۈچىنچىدىن، ئامېرىكىنىڭ كۈچى ئوتتۇرا شەرققە كۆپلەپ كى-
رىشكە باشلىدى. «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نىڭ قانات
يېيىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا شەرقنىڭ شىما-
لىدىكى ئىران، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە قاتتىق ھۇجۇم
قىلدى ھەمدە ئەرەب دۇنياسىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى
مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئەنگلىيە-
نىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەئىتىگە زور تەھدىت سالدى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى «چەكلەش» بايرىقىنى
كۆتۈرۈۋېلىپ ئوتتۇرا شەرققە كىرگەيدى. «ئامېرىكىنىڭ ياردى-
مى» ۋە ئامېرىكا مەسلىھەتچىلىرى ئىران، تۈركىيە ۋە ئەرەب
دۆلەتلىرىگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى-
غا قارىتىلغان ھۇجۇم ئەنگلىيە ھۆكۈمران گۇرۇھىنى ئىنتايىن
ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ كېلىشىدىن ئەنگلىيە
رەھبەرلىرى ھەم خۇش بولدى، ھەم ئەنسىرىدى. ئۇ سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا كۈچلۈك ئىتتىپاقچى-
سىنىڭ بولغانلىقىدىن خۇش بولسا؛ ئامېرىكىلىقلارمۇ ھەممە يەر-
دە ئەنگلىيە كۈچلىرىنى چەتكە قېقىپ، بەزى تالاش - تارتىشلاردا،
مەسىلەن، پەلەستىن مەسىلىسىدە ئەنگلىيە بىلەن قارشى مۇقام
تۇۋۇلىغانلىقىدىن ئەنسىرىدى (بۇ نۇقتىنى كېيىن تەپسىلىي بايان
قىلىمىز).

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئامېرىكا بىلەن سو-
ۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسىدە ئەرەب دۇنياسى
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ،
بۇنىڭغا ئايىماي دەسمايە سالدى. بۇ ھال ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى
ئەرەب دۇنياسى بىلەن بولغان ئاجىز مۇناسىۋەتنى تۈرلۈك يوللار
بىلەن ساقلاپ قېلىشقا ھەمدە ئۇنى ئىمكانقەدەر كۈچەيتىشكە مەج-
بۇر قىلدى. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، پەلەستىن مەسىلىسى ئەڭ

چوڭ توسالغۇ ئىدى. بۇ چاغدا ئەرەب دۇنياسىمۇ ئۇرۇشتىن
بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ ئۆزگەردى. ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپا-
قىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئەڭ چوڭ تەرەققىيات بولدى. بۇ ئىتتىپاق
1945 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ئەزا
دۆلەتلەر تۈزگەن ئەھدىنامىدە پەلەستىن توغرىسىدىكى قوشۇمچە
شەرت بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەلەستىن «مۇستەقىل دۆلەت»
سۈپىتىدە ئىتتىپاقنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتناشسا بولىدۇ، دېيىل-
گەن ھەمدە پەلەستىننىڭ مۇستەقىللىقى «باشقا ھەرقانداق ئەرەب
دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئوخشاش قانۇن جەھەتتىن گۇمان
قىلىنمايدۇ» غانلىقىنى جاكارلىدى. دېمەك، ئەرەب دۆلەتلىرى
ئىتتىپاقى پەلەستىننىڭ مۇستەقىل ئەرەب دۆلىتى ئىكەنلىكىنى
ئېتىراپ قىلدى. ئۇ يەردە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇشقا ھەرگىز
ئۇنىمىدى، ھەتتا ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ بۆلۈپ باشقۇ-
رۇش ئېھتىماللىقىنىمۇ بىر چەتكە چىقىرىۋەتتى. شۇڭا، ئەرەبلەر
بىلەن يەھۇدىيلار مۇشۇنداق تىغمۇ تىغ تاقابىل تۇرۇۋاتقان ۋەزى-
يەتتە ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئە-
تىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەنگلىيىنىڭ ھەرقانداق رەھبىرىنىڭ (ئۇ
ھېسسىيات جەھەتتە يەھۇدىيلارغا يېقىن بولغان تەقدىردىمۇ) يە-
ھۇدىيلارغا يان باسىدىغان سىياسەتنى يولغا قويۇپ، ئەرەب لاگې-
رى بىلەن قارشىلىشىشقا تەۋەككۈل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى.

1945 - يىلى كۈزدە ۋەزىيەت ئىنتايىن ئايدىڭلاشتى: كونى-
سېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پەلەستىنگە قاراتقان سىيا-
ستىنى لېيبورىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى ئازراق تەڭشىسىمۇ،
لېكىن 1939 - يىلىدىن بۇيان ئەنگلىيە چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان
«يەھۇدىيلارنى چەكلەپ، ئەرەبلەرنى يېنىغا تارتىش» تىن ئىبارەت
بۇ ئاساسىي فاڭجېننى ھەرگىز ئۆزگەرتمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن
بىللە يىشۇۋمۇ ئەنگلىيىنىڭ سىياسىتىگە 1939 - يىلىدىكىدەك



ئادەتتىكىچە نارازىلىق بىلدۈرۈپ قويۇش بىلەن قالماي، تېخىمۇ
كۈچلۈك ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ ئەنگلىيە بىلەن قارشىلاشتى.
10 ، 11 - ئايلاردا خاگانا پارتىزانلىرىدىن پالماچ قوشۇنى
«ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى زەربە بېرىش» نى قانات يايدۇر-
دى: «ئەنگلىيىنىڭ بىر ھەربىي گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلدى.
قانۇنسىز كۆچمەنلەرنى توسايدىغان ئەنگلىيىنىڭ چارلىغۇچى پارا-
خوتىدىن ئۈچنى دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋەتتى، تۆمۈريول رېلىسىنىڭ
نۇرغۇن جايلىرىنى بۇزۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىرگۇن
لىددا پويىز ئىستانسىسىغا ھۇجۇم قىلدى. ستېرىنفان يەفادىكى
ماي چەككىلەش زاۋۇتىنى بۇزۇۋەتتى. يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى
بىر تەرەپتىن، بۇنداق ئىشلارغا قاتناشمىغانلىقىنى ئېيتسا، يەنە
بىر تەرەپتىن چەكلەشكە ئىلاجسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئەگەر 1939 - يىلى پەلەستىندىكى تالاش - تارتىشلارنى
ئەنگلىيە ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلەيتتى دېيىلسە،
1945 - يىل ئەھۋال ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەنگلىيە ئامېرىكىنى
يېنىغا تارتىپ بۇ قىيىن مەسىلىگە تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر
بولدى. چۈنكى، ئامېرىكا زىئونىزمنىڭ ئاساسىي قوللىغۇچىسى
بولغان ھەمدە پەلەستىن تالاش - تارتىشىدا ئەنگلىيىنىڭكىگە ئوخ-
شاشمايدىغان سىياسەت قوللانغانىدى. 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى
ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئېرنېست بېۋىن ئەنگلىيە - ئامې-
رىكا تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنى، بۇ كومىتېتقا ئىك-
كى دۆلەت ئالتىدىن ھەيئەت قاتناشتۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى.
بۇ كومىتېتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: (1) پەلەستىننىڭ سىيا-
سىي، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت قاتارلىق ئەھۋاللىرىنىڭ يەھۇدىي
كۆچمەنلىرىگە ئولتۇراقلىشىش مەسىلىسىگە كۆرسىتىدىغان تە-
سىرىنى تەكشۈرۈش؛ (2) ياۋروپادىكى ئالاقىدار دۆلەتلەردە نات-
سىستلار ۋە فاشىستلار زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارنىڭ
ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ كومىتېت 1946

- يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە،
پولشا، ئاۋسترىيە، چېخ - سلوۋاكىيە، ئىتالىيە، شۋېتسارىيە،
مىسىر، پەلەستىن، سۈرىيە، لىۋان، ئىراق، ئىئوردانىيە، سە-
ئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتتىكى نەچچە ئون
شەھەردە بىر قاتار تەكشۈردى ۋە گۇۋاھلىق ئاڭلىدى. 4 - ئاينىڭ
20 - كۈنى كومىتېت تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى:
(1) ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمەنلىشىش ھالىتى تۈپەي-
لىدىن مۇستەقىل پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇش ھازىر مۇمكىن
ئەمەس. پەلەستىن ب د ت نىڭ ھاۋالىسى بىلەن باشقۇرۇشىغا
تاپشۇرۇپ بېرىلگۈچە ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىنى دا-
ۋاملىق ئىجرا قىلىش كېرەك؛ (2) 1939 - يىلىدىكى ئاق
تاشلىق كىتابنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 100 مىڭ يەھۇدىيغا كۆ-
چۈپ كېلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىش، يەھۇدىيلارنىڭ يەر
سېتىۋېلىشىنى چەكلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم؛ (3) يە-
ھۇدىيلار مىللىي فوندى مەبلەغ بەرگەن كارخانا ئورۇنلىرى غەيـ-
رىي يەھۇدىي ئەمگەكچىلەرنى ياللاپ ئىشلىتىشكە بولماسلىق توغ-
رىسىدىكى قانۇندا بەلگىلەنگەن پەرماننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش
كېرەك؛ (4) ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىيلار زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى
ۋە تېررورلۇقنى قوللانماسلىقى، بۇنداق ھەرىكەتلەر قەتئىي باس-
تۇرۇلۇشى لازىم. بۇ دوكلات ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە، ئامېرىكى-
نىڭ ئوخشاشمىغان قاراشلىرىنىڭ مادارا قىلىنىشى ۋە ھەر تەرەپ
پىكىرلىرىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى بولدى. دوكلات ئېلان قىلىنغان-
دىن كېيىن ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئۇنىڭدىكى ئۆزىگە ئېھتىياجلىق
جايلارنى ئۈزۈۋېلىپ، دوكلاتتىكى ئۆزىگە پايدىلىق مەزمۇنلارنى
كۆچەپ تەشۋىق قىلدى. ئەرەبلەر بۇ دوكلاتقا قارشى تۇرۇش
پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى بولسا ئەنگلىيە
دائىرىلىرىدىن 100 مىڭ كۆچمەننىڭ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىش



كىنىشكىسىنى دەرھال تارقىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى بىلەن يەھۇدىي
يوشۇرۇن قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئەنگلىيىگە بېسىم قىلىش يۈزى-
سىدىن قوللانغان ھەرىكەتلىرى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قايتۇرما زەر-
بە بېرىش تەدبىرلىرىمۇ تەدرىجىي كۈچەيدى. يەھۇدىيلار مىللىي
قۇرۇلتىيى 1945 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئون ئىككى
سائەت ئىش تاشلاپ ئەنگلىيىنىڭ سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈر-
دى. بىر تۈركۈم يەھۇدىي ياشلىرى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئوت
قويدى، ئەنگلىيە ماگىزىنلىرىنى بۇلىدى، ساقچىلارغا تاش ئات-
تى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى نۇرغۇن ساقچى چىقىرىپ باستۇردى.
مالىمان بەش كۈن داۋاملاشتى. 70 نەچچە يەھۇدىي ئۆلدى ۋە
يارىلاندى. پالماچ شۆبە ئەترىتى دېڭىز قىرغىقىدىكى ئىككى ساق-
چى پونكىتىنى پارتلىتىۋەتتى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى بۇ قوراللىق
ئۇنسۇرلارغا زەربە بەرگەندە يەھۇدىيلارنىڭ تۆت ئولتۇراق رايونىغا
ھۇجۇم قىلىپ، قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى. ھۇجۇمدا تۆت
يەھۇدىي ئۆلتۈرۈلدى. مىلاد بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە خاگانا-
نىڭ تەشكىللىشى بىلەن زور تۈركۈم قانۇنسىز كۆچمەن ھايفادا
قۇرۇقلۇققا چىقىپ، يېقىن ئەتراپتىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراق
رايونلىرىغا يوشۇرۇن كىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىرگۇن
تېلئاۋىۋدىكى ساقچى پونكىتى ۋە قورال - ياراغ ئىسكىلاتىغا ھۇ-
جۇم قىلىپ، ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىدىن توققۇز ئادەمنى
ئۆلتۈرۈۋەتتى. 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەنگلىيە
دائىرىلىرى ئامانلىق قوغداشنىڭ قوشۇمچە نىزامىنى ئېلان قى-
لىپ، تېررورلۇق قىلىپ ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقانلارنى قاتتىق
جازالايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغانلىقىنى
بەلگىلىدى. ۋەھالەنكى، يەھۇدىيلارنىڭ يوشۇرۇن قوراللىق
كۈچلىرى بۇ نىزامغا پەرۋا قىلماي، داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى.
پالماچ 2 - ئايدا ھايفا رادار پونكىتىنى پارتلىتىپ، ئەنگلىيە

ئەسكەرلىرىدىن سەككىز ئادەمنى يارىدار قىلدى. ئىرگۇن ئەنگلىيىنىڭ ئۈچ ئايرودرومىغا ھۇجۇم قىلىپ 15 ئايروپىلاننى ۋەيران قىلىپ، 750 مىڭ فوند ستېرلىڭ قىممىتىدە زىيان پەيدا قىلدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە - ئامېرىكا تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ تېررورلۇق - زوراۋانلىقنى ۋاقىتلىق توختىتىشىنى، ھېچبولمىسا ئازايتىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدى يوققا چىقتى. 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز ھۇجۇمدا ئەنگلىيىنىڭ يەتتە ئەسكىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. بۇ ئىش ئەنگلىيىنى زىلزىلىگە سالدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيىسى تېخىمۇ قاتتىقلاشتى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى كىلېمېنت ئاتتىلي تۆۋەن پالاتادا سۆز قىلىپ، پەلەستىندىكى «قانۇنسىز ئارمىيە» قورال تاپشۇرمىغىچە ئەنگلىيە 100 مىڭ يەھۇدىينىڭ پەلەستىنگە كېلىشىگە يول قويمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى شۇ ھامان يىشوۋنىڭ ۋە يەھۇدىيلار دۇنياسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئەنگلىيە تەرەپ يەھۇدىيلار تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر - بىرىگە بەرگەن مەخپىي تېلېگراممىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، خاگانا، ئىرگۇن قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ تېخىمۇ چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ تەدبىر تۈزگۈچىلىرىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ قوراللىق ھەرىكىتىگە تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنى بەلگىلىدى.

مانا شۇنىڭ بىلەن 1946 - يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىشنىڭ ئومۇميۈزلۈك توقۇنۇشقا كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.



## 2. ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇميۈزلۈك توقۇنۇشنىڭ پارتلىشى

يەھۇدىي قوراللىق كۈچلىرى ھۇجۇم قىلغاندىن بۇيان ئەنگلىيە دائىرىلىرى ھامان مۇداپىئەدە تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى پەلەستىندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىيغا تېررورلۇق ھەرىكىتىگە قاتناشقانلارنى قولغا ئېلىش ھەمدە ئۇلارنى سوتقا تاپشۇرۇش ھوقۇقىنى رەسمىي بەردى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە پالماچ توققۇز كۆۋرۈكنى پارتلىتىۋەتتى. ستېئىنفان ھايفا تۆمۈر يول زاۋۇتىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىرگۇن ئەنگلىيىنىڭ ئالتە ئوفىتسېرىنى تۇتقۇن قىلدى. پۇختا تەييارلىق قىلىنۋالغان ئەنگلىيە دائىرىلىرى بۇ قېتىم قول سېلىشنى بەلگىلىدى. زور تۈركۈمدىكى ئەنگلىيە ساقچى - ئەسكەرلىرى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ بىناسىنى ۋە يەھۇدىيلار تەشكىلاتلىرى پايدىلاندى دەپ قارالغان ئىمارەتلەرنى ئىشغال قىلىپ، يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ رەھبىرى موشى شارت، يەھۇدىي مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى داۋىد رېمېس قاتارلىق يەھۇدىي رەھبەرلىرىنى قولغا ئالدى. تونىلغان ھۆججەت - ماتېرىياللارنى تەكشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيە ئارمىيىسى يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇن ئولتۇراق رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇ يەرلەرنى ئاختۇردى. نۇرغۇن قورالنى مۇسادىرە قىلدى. پالماچنىڭ بىر تۈركۈم ئوفىتسېرىنى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ باشقا قوراللىق خادىملىرىنى قولغا ئالدى. بىر ھەپتە داۋاملاشقان تۇتقۇندا ئىككى مىڭ 700 دىن كۆپرەك ئادەم قولغا ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 700 دىن ئارتۇق ئادەم سوراقتىن كېيىن قاماپ قويۇلدى. موشى شارت، داۋىد رېمېس قاتارلىق كىشىلەر تېلئاۋىفتىكى يىغنۇېلىش لاگېرىغا ئەۋەتىلدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى سىرتقا چىقىشنى چەكلەش بۇيرۇقى ئېلان قى-

لىپ، برونۋىكلارنى چارلاشقا چىقاردى. يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانى-
سى، زىئونىزم تەشكىلاتى ۋە خاگانانىڭ قولغا ئېلىنماي قالغان
رەھبەرلىرى يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتتى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى ھەرىكەت ئەنگلىيە بىلەن يەھۇ-
دىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك توقۇنۇشنىڭ پارتلىغانلىقى-
دىن دېرەك بەردى. يەھۇدىيلارنىڭ يوشۇرۇن قوراللىق كۈچلىرى
ئەنگلىيىنىڭ باستۇرۇشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرماي، «بىر
قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ»، يىشوۋنىڭ
«روھىنى كۆتۈرۈش» نى بەلگىلىدى. ئەتراپلىق پىلانلاش ئارقى-
لىق، ئىرگۇننىڭ ئالاھىدە ئەترىتى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 500
قاداق پارتلىتىش دورىسى قاچىلانغان ئاپتوموبىلنى پارتلىتىش
ئارقىلىق، ئەنگلىيە مانداتلىق ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ خەلق
ئىشلىرى ئورگىنى ۋە ئارمىيە باش شتابى تۇرۇشلۇق جاي —
ئېرۇسالېمدىكى داۋىد پادىشاھ مېھمانخانىسىنى پارتلىتىۋەتتى.
بۇنىڭدا 91 ئادەم ئۆلدى، 45 ئادەم يارىدار بولدى. بۇ ئىش
دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى كېچىدە مې-
ھىشنى چەكلەش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى ھەمدە 800 نەپەر يەھۇدىي
ئەر - ئاياللىنى قولغا ئالدى. 8 - ئايدا ئەنگلىيە ساقچىلىرى
قانۇنسىز يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنى پەلەستىنىدىكى مۇساپىرلار لاگې-
رىدا تۇرغۇزماي، سىپرۇستىكى قاماق لاگىرىغا ئەۋەتىپ قاماپ
قويدى. بۇ ئىش يەھۇدىيلارنىڭ تېخىمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى.
يەھۇدىيلارنىڭ بەزى گېزىتلىرى ئەنگلىيە يەھۇدىي مۇساپىرلىرىغا
«ناتسىستلارچە» مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، دېدى. ئىككى تەرەپ ئوت-
تۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئەيىبلەش تەرەققىي قىلىپ زەھەرخەندە ھۇ-
جۇم قىلىش ۋە تىللاشقا يەتتى، ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلەشتى.

1946 - يىلى كۈز ۋە قىشتا پەلەستىنىنىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىدا توقۇنۇش بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى. قەستلەپ ئۆل-
تۈرۈش، تۇتقۇن قىلىش، پارتلىتىش، ئوت قويۇش ۋە قولغا



ئېلىش، سوراق قىلىش، ھۆكۈم كېسىش ئۈزلۈكسىز داۋاملاش-
تى. ھۇجۇم قىلىش ۋە ھۇجۇم قىلىشقا قارشى تۇرۇش، ئۆچ
ئېلىش ۋە ئۆچ ئېلىشقا قارشى تۇرۇشتا يامان سۈپەتلىك دەۋر
قىلىش شەكىللىنىپ، يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولماي قالدى. 1947
- يىلىنىڭ باشلىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1946 - يىلى
پەلەستىن بويىچە ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرىدىن 73
ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن، 93 ئادەم يارىدار قىلىنغان، يەھۇدىيلاردىن
ئۆلتۈرۈلگەن ۋە يارىدار قىلىنغانلار نەچچە يۈزگە يەتكەن. ئەنگلى-
يە دائىرىلىرى 1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىرگۇنچى
دوپ گروناغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. ئىرگۇن ئەنگلىيە-
نىڭ بىر سوتچىسىنى ۋە بىر پۇقراسىنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆچ
ئالدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئائىلىلارنى،
ئاجىزلارنى ۋە بىر قىسىم پۇقرانى كەتكۈزۈۋېتىشكە ۋە قېپقالغان
ئىنگلىزلارنى قورۇق تام ياسىلىپ قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنغان
يەرگە يىغىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ ھەرىكەتلەر ۋاقىتلىق تەدبىر بولماستىن، ئەنگلىيىنىڭ
پەلەستىنىدىن ئىبارەت بۇ ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇشقا بەل باغلىغانى-
لىقى ئىدى.

## § 2 . ئەنگلىيىنىڭ چېكىنىپ چىقىشى ۋە ب د ت نىڭ ئارىلىشىشى

### 1. ئەنگلىيە چېكىنىپ كېتىشنى قارار قىلدى

ئەنگلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئېرنېست بېۋىن 1947-
يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پەلەستىن
مەسىلىسىنى ب د ت غا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئۆزى ھەل
قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويمايدىغانلى-
قىنى جاكارلىدى. ب د ت يىغىنىغا قاتناشقان ئەنگلىيە ۋەكىللى-

رى ئۆمىكى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ب د ت باش كاتىپىدىن
ب د ت نىڭ ئالاھىدە يىغىنىنى چاقىرىپ پەلەستىن مەسىلىسىنى
مۇزاكىرە قىلىشنى رەسمىي تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلى-
يە پەلەستىننى ب د ت غا تاپشۇرۇپ بېرىپ، پەلەستىننىڭ
ئىستىقبالىنى خەلقئارانىڭ بەلگىلىشىنى ئاڭلاشقا، ئۆزى ب د ت
ئوتتۇرىغا قويغان ئۇسۇل ئۇنۇم بەرگۈچە پەلەستىندە «نازارەت
قىلىپ تۇرۇش» رولىنى ئويناشقا رازى بولدى.
1917 - يىلى بالفور خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ
1947 - يىلى ئەنگلىيە پەلەستىندىن چېكىنىپ چىقىشنى قارار
قىلغۇچە دەل ئوتتۇز يىل بولدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن
پەلەستىننى تاقەتسىزلىك بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالغان ئەنگلىيە
2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئالدىراپ - تېنەپ پەلەستىندىن
چېكىنىپ چىقتى. نېمە ئۈچۈن ئەنگلىيىنىڭ سىياسىتىدە بۇنداق
ئۆزگىرىش بولىدۇ؟ مۇئەللىپىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئالدى بىلەن
ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ يەر شارى دائىرىسىدە جىددىي ئاجىزلا-
شقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئىككىنچىدىن، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىي-
لار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە قىلماسلىق پوزىتسىيىسى پەلەستىن
تالاش - تارتىشىنى قاتمال ھالغا چۈشۈرۈپ، يالغۇز ئەنگلىيە ھەل
قىلالمايدىغان قىلىپ قويدى. يەنە بىر مۇھىم ئامىل ئەنگلىيە
بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى پەلەستىن مەسىلىسى ئۈستىدىكى
زىددىيەت كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىپ، ئەنگلىيە ياردەمسىز يېتىم
ھالغا چۈشۈپ قالدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە «كۈن پاتمايدىغان ئىمپېرى-
يە» دەپ ئاتالغان ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇشقا كىرىشكەن ۋاقتى ئامې-
رىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدىن ئۇزۇن بولۇپ، ئۇرۇش
قىلغان فرونتى ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ئارقىلىق يىراق شەرقتىن
ئاۋستىرالىيە، غەربىي ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىغىچە يەتتى.
يەتتە يىلدا ئادەم ۋە ماددىي ئەشيا جەھەتلەردە غايەت زور زىيانغا



ئۇچرىدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، پۈتكۈل ئۇرۇش
جەريانىدا، ئەنگلىيىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى بىر مىليارد 500 مىل-
يون فوند ستېرلىڭ قىممىتىدىكى ماددىي ئەشياسى زىيانغا ئۇچ-
رىغان. دېڭىزدا زىيانغا ئۇچرىغان كېمىسىنىڭ قىممىتى 700
مىليون فوند ستېرلىڭغا يەتكەن. پۈتكۈل ئىگىلىك بايلىقىنىڭ
تۆتتىن بىر قىسمىدىن ئايرىلغان. ئۇرۇش خىراجىتى تۆلەش
ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەللەرگە ساتقان مۈلكى
تۆت مىليارت 200 مىليون فوند ستېرلىڭغا يەتكەن. چەت ئەل-
لەردىن 30 مىليارد فوند ستېرلىڭ قەرز ۋە دۆلەت ئىچىدىن 10
مىليارد فوند ستېرلىڭدىن كۆپرەك قەرز ئالغان. ئامېرىكىدىن
27 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق ماددىي ئەشيا ئۆتنە ئالغان.
ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىد-
قىرىشى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى. 1946 - يىلى مالىيىدى-
كى قىزىل رەقەم تۆت مىليارد 500 مىليون فوند ستېرلىڭغا
يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكە رايونلىرى-
دىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالدى. سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ تەسىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ كۈچى بۇ رايونلاردا جىددىي
كۈچىيىپ، ئەنگلىيىنى تەمتىرىتىپ قويدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە
ئەنگلىيە رەھبەرلىرى چەت ئەللەردىكى مۇستەملىكىلىرىنى ساق-
لاپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي، ھەربىي تەييارلىقلارنى قىسقارتىپ،
يەر شارى دائىرىسىدىكى فرونتىنى كىچىكلىتىپ، بەزى نۇقتىلىق
دۆلەت ۋە رايونلارنى، بولۇپمۇ نېفىت بايلىقى ۋە ئىستراتېگىيىد-
لىك مۇھىم جايلارنى ساقلاپ قېلىشقا بەل باغلىدى. ئەنگلىيە
نۇرغۇن قورallıق كۈچلىرىنى ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنى چۈشەپ
تۇرغان ئوتتۇرا شەرق رايونىغىمۇ بۇ قىسقارتىش فاكجېنىنى ئىز-
چىللاشتۇردى. ئەنگلىيە ئىچكى كابېنتى 1946 - يىلى 10 - ئايدا
ئوتتۇرا شەرقتە تۇرۇشلۇق ئالىي گېنېراللىرىنى ۋە دىپلوماتىيە
ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ، ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىنى تەتقىق قى-

لىدىغان يىغىن ئېچىپ، يىغىندا ئوتتۇرا شەرقتىن ئەنگلىيىنىڭ
كۆپ قىسىم ئارمىيىسىنى چېكىندۈرۈپ چىقىشنى قارار قىلدى.
روشەنكى، پەلەستىنىدىن چېكىنىپ چىقىش يۇقىرىقى يىغىننىڭ
روھىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرقتە
فرونتنى قىسقارتىشنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى.

لېكىن، پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ-
رۇشتىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ فرونتىنى قىسقارتىشتىكى ئاساسىي
فاكتېنىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى جەنۇبقا يۆتكەلدى. چۈنكى، ئوتتۇرا
شەرقنىڭ شىمالىي قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بولغاچقا،
سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچىنىڭ جەنۇبقا ئىلگىرىلىگەن زور بېسىمىغا
ئۇچرىدى. ئوتتۇرا شەرقنىڭ جەنۇبىي قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا
يىراقراق بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئەرەب مىللەتچى كۈچلىرى ئەينى
ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاسىتە ياردىمىگە ئىگە بولمىغاچ-
قا، ئەنگلىيە ئۇ يەردە تۇرسا ئۇستىگە چۈشىدىغان بېسىم يېنىك-
رەك، تۆلەيدىغان بەدىلىمۇ ئازراق بولاتتى. ۋەھالەنكى، ئەنگلى-
يىنىڭ نەزىرىدىكى ھاياتلىق لىنىيىسى بولغان ئوتتۇرا دېڭىز —
قىزىل دېڭىز — ھىندى ئوكيان يولىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا،
ئوتتۇرا شەرقنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئىستراتېگىيىلىك بەزى
مۇھىم جايلار، مەسىلەن، سۇۋەيش قانىلى ۋە مانداب بوغۇزى
قاتارلىقلار ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شۇڭا، ئارمانغا لايىق دەرمانى
يوق ئەنگلىيىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش گۇرۇھى پايدا - زىياننى
تەكرار دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن ئاخىر كۈچنى مەركەزلەشتۈ-
رۈپ ئوتتۇرا شەرقنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئىستراتېگىيىلىك
بازىلارنى ۋە قاتناش لىنىيىلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئوتتۇرا
شەرقنىڭ شىمالىي قىسمىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى «چەكلەيدىغان»
ئېغىر ۋەزىپىنى ئامېرىكىغا تاشلاپ بېرىشكە بەل باغلىدى. مۇشۇ
فاكتېنغا ئاساسەن، ئەنگلىيە رەھبەرلىرى دەسلەپ پەلەستىننى
ساقلاپ قالماقچى بولدى. 1946 - يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرى مىسىر



خەلقىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان كۈچلۈك سادا-
سى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ بەزى ھەربىي ئەمەلدارلىرى مىسىرنىڭ
ئورنىدا پەلەستىننى ئىستراتېگىيىلىك بازا قىلىشنى ئوتتۇرىغا
قويدى. شۇڭا، ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇ-
مۇمىيۈزلۈك توقۇنۇش پارتلىغاندىن كېيىنمۇ ئەنگلىيە دائىرىلىرى
ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان لايىھە ئۈستىدە ئىزدىنىپ،
ئۆزىنىڭ پەلەستىندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالماقچى بول-
دى. 1947 - يىلى 7 - ئايدا ھېنرى گوللات باشچىلىقىدىكى
ئامېرىكا ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىلەن خېربېرت مورىزون باشچىلى-
قىدىكى ئەنگلىيە ۋەكىللىرى ئۆمىكى تەتقىق قىلىپ بىر لايىھە
تۈزۈپ چىقىپ، پەلەستىننى ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتكە
ئايلاندۇرۇپ، بىر يەھۇدىي ئاپتونوم ئۆلكىسى، بىر ئەرەب ئاپتو-
نوم ئۆلكىسى ۋە ئەنگلىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىككى ئۆلكە
تەسىس قىلىشنى، ئەنگلىيە تەيىنلىگەن ئالىي ۋالىي باشقۇرۇشنى
ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار بۇ پىلانغا
قارشى چىقتى. كېيىن ئەنگلىيە ئاخىرقى تىرىشچانلىقنى كۆرسى-
تىپ ئەرەب ۋە يەھۇدىيلارنى لوندونغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، يۇمىلاق
ئۈستەل يىغىنى ئېچىپ ھەل قىلىش ئۇسۇلى ھەققىدە مەسلىھەت-
لىشىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1947 - يىلى 2
- ئاينىڭ 7 - كۈنى لوندون يىغىنىدا تۆۋەندىكىدەك ئاخىرقى
تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئەنگلىيە پەلەستىننى داۋاملىق بەش
يىل باشقۇرۇپ، ھوقۇقىنى يەھۇدىيلار ئاپتونوم رايونى ۋە ئەرەب
ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە تەدرىجىي ئۆتكۈزۈپ
بېرىدۇ؛ يەھۇدىي كۆچمەنلىرى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدا
ھەر ئايدا تۆت مىڭدىن كېلىپ، 100 مىڭ يەھۇدىينىڭ پەلەستىن-
گە كېلىشى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ؛ تۆت يىلدىن كېيىن سايلام
ئارقىلىق قانۇن چىقىرىش يىغىنى بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، مۇستە-
قىل دۆلەت قۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە بۇ تەكلىپمۇ يەھۇدىيلار ۋاكالەت-

خانىسى ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىندى. شۇنىڭ
بىلەن ماڭىدىغانغا يول تاپالماي قالغان ئەنگلىيە دائىرىلىرى بىر
ھەپتىدىن كېيىن پەلەستىن مەسىلىسىنى ب د ت غا تاپشۇرۇپ
بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.
پەلەستىن مەسىلىسىدە ئامېرىكا ھەممە جايدا ئەنگلىيىگە
قارشى مۇقام تۇۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئوتتۇ-
رىسىدىكى پەلەستىن تالاش - تارتىشىنى دەۋر قىلغان زىددىيەت
كۇنسايىن ئۆتكۈرلەشتى. شۇنداقلا ئەنگلىيىنىڭ چېكىنىپ چىقى-
شىنى قارار قىلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولدى. 1917 - يىلى
بالفور خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ پە-
لەستىنگە قاراتقان سىياستى خېلى ئۇزۇنغىچە ئامېرىكىنىڭ قول-
لىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي
تەشكىلاتلىرىنىڭ دۇنيا زىئونىزم ھەرىكىتىگە ۋە پەلەستىندىكى
ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلى-
قىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئەنگلى-
يىنىڭ ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تار-
تىشلارنى مۇرەسسە قىلىش ۋە پەلەستىنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلى-
شىدا، شەكسىزكى، ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى
ھارپىسىدا ئەنگلىيىنىڭ «17 - ماي ئاق تاشلىق كىتابى» نى ئېلان
قىلىپ، «يەھۇدىيلارنى چەكلەپ، ئەرەبلەرنى يېنىغا تارتىش»
سىياستىنى قوللىنىپ گېرمانىيىنىڭ قىستىشىغا تاقابىل تۇرۇ-
شى ئامېرىكىنىڭ سۈكۈت قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇرۇش-
نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئامېرىكا كۈچىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە
كەڭ كۆلەمدە كىرىشى ۋە زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئەنگلىيىدىن
ئايرىلىپ ئامېرىكىغا بۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئىچكى - تاشقى
ئېھتىياجنى نەزەرگە ئېلىپ، ئامېرىكىنىڭ پەلەستىن تالاش -
تارتىشىغا قاراتقان سىياستىدە ئەنگلىيە بىلەن ئارىلىقىنى يىراقلى-
تىشقا باشلىغانلىقى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان روزۋېلتنىڭ ئامې-



رىكا 1939 - يىلىدىكى ئاق تاشلىق كىتابنى ئەزەلدىن قوللىمى-
غان دېگەن باياناتى ۋە ئامېرىكىدىكى ئىككى پارتىيىنىڭ 1944
- يىلىدىكى سايلام رىقابىتىدە ئېلان قىلغان زىئونىزمنى قوللاش
توغرىسىدىكى سۆزلىرى مانا مۇشۇ ئۆزگىرىشنىڭ بەلگىسى ئى-
دى. ئامېرىكىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدە سىياسەتنى ئۆزگەرتى-
شىدىكى چوڭقۇر سەۋەبلەر ئۇستىدە كېيىن تەپسىلىي توختىلى-
مىز. بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە
ئەنگلىيە، ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدە ھەركىم
خالىغان يولىغا ماڭغان ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ باقايلى:
ياۋروپادىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ھامان ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترۇ-
مىن «ھۆكۈمەتلەر ئارا مۇساپىرلار كومىتېتى» نىڭ ۋەكىلى خار-
رىزوننى «يەھۇدىي مۇساپىرلىرىنىڭ مەسىلىسىنى ۋە ئېھتىياجى»
نى تۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئۈچۈن گېرمانىيىگە ئەۋەتتى. 1945
- يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ترۇمىن خاررىزوننىڭ دوكلاتىغا
ئاساسەن، ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى ئاتتىلىغا خەت يېزىپ،
ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىن ياۋروپادىكى 100 مىڭ يەھۇدىينىڭ پە-
لەستىنگە بېرىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاتتىلي بۇ
تەلەپكە جاۋاب بەرمەي، ئەكسىچە ئامېرىكىنى روزۋېلت، ترۇمىن
ۋە چېرچىللارنىڭ «ئاخىرقى قارارنى چىقىرىشتىن بۇرۇن، ئە-
رەبلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش توغرىسىدا تەنتەنىلىك ۋەدە بەر-
گەن» لىكىنى، ئۇنداق بولمىسا «پۇتكۈل ئوتتۇرا شەرققە ئۇرۇش
ئوتى تۇتىشىپ كېتىدىغان» لىقىنى ئاگاھلاندۇردى. بۇ ئۇرۇش-
تىن كېيىنكى پەلەستىن مەسىلىسى ئۇستىدە ئەنگلىيە، ئامېرىكا
ئالىي رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئېلىشىش
بولدى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا ئىككى تەرەپ پەلەستىن مەسىلى-
سىدە ئىمكانقەدەر ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىنى ساقلىدى. ئەنگ-
لىيىنىڭ بۇ ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. شۇڭا، ئەنگلىيە
- ئامېرىكا تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە مورررىزون - گورىد كومىتې-

تى قۇرۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھىسى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئەنگلىيە - ئامېرىكا تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دوكلاتى 1946 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئېلان قىلىندى. ترۇمېن دوكلاتتىكى ئامېرىكىغا پايدىلىق مەزمۇنلارنى تۇتۇۋېلىپ ھەدەپ گەپ يورغىلاتتى. ئەنگلىيىدىن 100 مىڭ يەھۇدىينىڭ پەلەستىنگە كېلىشىگە دەرھال رۇخسەت قىلىشنى ھەمدە يەھۇدىيلارنىڭ يەر سېتىۋېلىشىدا 1939 - يىلىدىكى ئاق تاشلىق كىتابتىكى چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ بايانات ئېلان قىلدى. لېكىن، باشقا مەزمۇنلار ئۈستىدە زادى ئېغىز ئاچمىدى. بۇنىڭغا قارىتا زۇڭتۇڭ ئاتتلىي تىغمۇ تىغ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ دوكلاتنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قاراش ھەم بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىش لازىم. ئامېرىكا ھەربىي ئىشلار ۋە مالىيە مەسئۇلىيىتىنى بۆلۈشۈپ ئۈستىگە ئېلىش توغرىسىدا ئېنىق ۋەدە بېرىشتىن ۋە پەلەستىندىكى يوشۇرۇن قوراللىق كۈچلەر «قورالسىزلاندۇرۇلۇش» تىن ئىلگىرى، ئەنگلىيە 100 مىڭ مۇساپىرنىڭ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى بەرمەيدۇ. ئاتتلىينىڭ ئىنكاسىدىن ترۇمېن ئىنتايىن نارازى بولدى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى مۇئاۋىن كاتىپى دېئان ئاچېسون بۇ ھەقتە: «ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتتى» دەپ يازدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا 7 - ئايدا موررىزون — گورىد پىلانىنى بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى جامېس بىرنېس بۇ پىلان ئەينى چاغدا بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ «ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى» بولدى دەپ قارىدى. لېكىن، دۆلەت ئىچىدىكى يەھۇدىيپەرەس كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا، ترۇمېن گوۋۇيۇەننىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاتتلىيغا بۇ پىلاننى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئامېرىكىنىڭ لەۋزىدە تۇرماسلىقى پەلەستىن مەسىلە-



سىنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ داۋاملاشالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى پەلەستىندە يىغىن ئېچىپ «پەلەستىندىكى مۇۋاپىق رايوندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلاندا گالىلى رايونى، ئاقتىن تېلئاۋىفقىچە بولغان دېڭىز ياقىسىدىكى تۈزلەڭلىكلەر ۋە پۈتكۈل نىگاب قۇملۇقى يەھۇدىيلار دۆلىتىگە كىرگۈزۈلۈپ، پەلەستىن ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 65% نى ئىگىلىگەن. ئەرەبلەر بۇ پىلانغا كۈچلۈك قارشى تۇردى. ئەنگلىيىمۇ بۇ پىلاننى قوللىمىدى. لېكىن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترۇمېن 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى — يەھۇدىيلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ پىلانىنى قوللىدى. بۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان زۇڭتۇڭنىڭ زىئونىزم نىشانىنى تۇنجى قېتىم ئېنىق قوللىغانلىقى بولۇپ، ترۇمېن ھۆكۈمىتىنىڭ پەلەستىنگە قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇ چاغدا ئەنگلىيە لوندوندا ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارنى مۇرەسسەگە كېلىشكە دەۋەت قىلىۋاتاتتى. بۇ باياناتنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ تىرىشچانلىقى يوققا چىقتى. تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئېرنېست بېۋىن ئىنتايىن غەزەپلەندى. باش ۋەزىر ئاتتلىيمۇ ترۇمېنغا تېلېگرامما يوللاپ نارازىلىق بىلدۈردى ھەمدە «قانداق چوڭ سەۋەب مۇشۇنداق يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلىشقا مەجبۇرلىدى؟» دەپ سورىدى. ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى چېرچىل ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى رولىنى بۇرۇنلا كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئۇ 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى تۆۋەن پالاتا مۇنازىرىسىدە: «ئەگەر ئامېرىكا زىئونىزم ئىشلىرىنىڭ ئېغىر يۈكىنى بۆلۈشۈپ ئۈستىگە ئالمىسا، بىزنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق مەسئۇلىيىتىمىزنى ب د ت غا تاپشۇرىدىغانلىقىمىزنى،

ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مەزگىلدە پەلەستىندىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىمىزنى ئوچۇق بايان قىلىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ قارىشى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بولۇپ قالدى.

ئەنگلىيە مەيدىسىنى كېرىپ پەلەستىنگە كىرگەندىن باشلاپ، ئوتتۇز يىلدا سىياسىتىنى كۆپ قېتىم تەڭشىگەن بولسىمۇ، ئاخىر تۇمشۇقىغا يەپ كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىندە ئىجرا قىلغان «مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقى» نىڭ پۈتۈن جەريانى ئۇنىڭ يەر شارى دائىرىسىدىكى گۈللىنىشتىن زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئەمەسمۇ؟

## 2 . ب د ت نىڭ پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كىرىشىشى

ئەنگلىيىنىڭ 1947 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىگە ئاساسەن، ب د ت 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى نيۇيوركتا مەخسۇس پەلەستىن مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان تۇنجى قېتىملىق ئالاھىدە يىغىن ئاچتى. يەھۇدىيلار تەرەپ ۋەكىللىنى يىغىنغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىش ياكى تەكلىپ قىلماسلىق يىغىن دۇچ كەلگەن بىرىنچى قىيىن ئىش بولدى. چۈنكى، ئەرەب دۆلەتلىرى ب د ت نىڭ ئەزاسى بولغاچقا، يىغىنغا ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتنىشاتتى. لېكىن، يەھۇدىيلارنىڭ يىغىنغا قاتنىشىدىغان ۋەكىلى يوق ئىدى. ب د ت ئەزالىرى بۇيان دۆلەتتىن باشقا تەشكىلاتلارنى سىياسىي مۇنازىرىگە قاتناشتۇرۇپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى پەلەستىن مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا يەھۇدىيلارنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتنىشىشى ۋە سۆز قىلىشى لازىم، دەپ قارىدى. ھىندىستان ۋەكىلى: «بۇ مەسىلە بىلەن ھەقىقىي مۇناسىۋەتلىك بولغان يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋەكىلى نەدە؟» دەپ سورىدى. يىغىن جىددىي مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق، ئاخىر يەھۇدىيلار ۋەكىللىگە سۆز قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى ب د ت نىڭ ئالاھىدە يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللىدى. يىغىن پەلەستىن مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى. يەھۇدىيلار ۋەكىللىرى پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇشتا چىڭ تۇرغان، ئەرەب ۋەكىللىرى پەلەستىن ئەرەب دۆلىتى بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغاندىن باشقا، يىغىندا ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى خىل پىكىر بولدى: بىرى، پەلەستىندە ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان ئەرەب ـ يەھۇدىيلار فېدېراتسىيىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە بىرى، پەلەستىندە ئەرەبلەر دۆلىتى ۋە يەھۇدىيلار دۆلىتىدىن ئىبارەت ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىككى دۆلەت قۇرۇشتىن باشقا ئۇسۇل يوق، دەپ قارىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى گروميكو 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يىغىندا سۆزگە چىقىپ، پەلەستىندە «مۇستەقىل، دۇئالىستىك، دېموكراتىك ۋە ئوخشاش خاراكتېرلىك ئەرەب ـ يەھۇدىي دۆلىتى» قۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەگەر بۇ لايىھىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمىسا، «پەلەستىننى بىرى ئەرەبلەر دۆلىتى، يەنە بىرى يەھۇدىيلار دۆلىتىدىن ئىبارەت مۇستەقىل ئىككى ئاپتونومىيىلىك دۆلەتكە ئايرىۋېتىش كېرەك» دېدى. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرۇشنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى قېتىم قوللىشى بولغاچقا، يەھۇدىي ۋەكىللىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولدى. بۇ قېتىملىق ئالاھىدە يىغىن 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «پەلەستىن ئالاھىدە كومىتېتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارار» نى ماقۇللىغاندىن كېيىن يېپىلدى. بۇ ئالاھىدە كومىتېت ئاۋستىرالىيە، كانادا، چېخ - سلوۋاكىيە، گىۋاتېمالا، ھىندىستان، ئىران، گوللاندىيە، پېرو، شۋېتسىيە، ئۇراگۋاي ۋە يۇگوسلاۋىيىدىن ئىبارەت 11

دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تېپىپ، پەلەستىن مەسىلىسىگە دائىر ھەممە تالاش - تارتىشلارنى تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندى ھەمدە 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئىلگىرى ب د ت نىڭ باش كاتىپىغا دوكلات تاپشۇرىدىغان بولدى.

پەلەستىن ئالاھىدە كومىتېتى 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە نيۇ - يورك، ئېرۇسالېم، بېيرۇت ۋە جەنۋەدە يىغىن ئېچىپ، ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىيلارنىڭ پىكرىنى ئالدى. كومىتېت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، پەلەستىن، لىۋان، سۇرىيە، تاشقى ئىئوردانىيىلەرنى ۋە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيىلەردىكى يەھۇدىي مۇساپىرلار لاگېرلىرىنى زىيارەت قىلدى. كومىتېت ئەزالىرى پەلەستىندە يىشوۋنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. باشقا جايلاردىمۇ يەھۇدىيلار ئۇلارغا ئاكتىپ ماسلاشتى. پەلەستىن ئەرەب ئالىي كومىتېتى ب د ت نىڭ ئالاھىدە كومىتېت ئۇيۇشتۇرۇشىغا قارشى چىقتى. پەلەستىن ئەرەبلىرىنىڭ كومىتېت بىلەن ھەمكارلىشىشىغا رۇخسەت قىلمىدى، ھەتتا بۇ كومىتېتنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە پەلەستىن ئەرەبلىرى ئىچىدىكى مۆتىدىللەر ئالىي كومىتېتنى پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ ئۈنۈمى بولمىدى. ئالاھىدە كومىتېت ئەزالىرى پەلەستىندىكى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇشنىڭ كەسكىنلىك ئەھۋالىنى ۋە ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ قانۇنسىز كۆچمەنلەرنى مەجبۇرىي قايتۇرۇۋاتقان ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ، مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق داۋاملىشىۋەرسە بولمايدۇ، ئۇنىڭغا تېز خاتىمە بېرىش كېرەك، دەپ قارىدى. لېكىن، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشنى قانداق ھەل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ماھىيەتلىك مەسىلىدە كومىتېت ئەزالىرى پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمىدى. ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەتلىرىنى



قۇرۇشنى قوللايدىغان كۆپ سانلىقلار ۋە ئەرەب - يەھۇدىيلار فېدېراتسىيىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئاز سانلىقلار ب د ت نىڭ ئالاھىدە يىغىنىدا ئىككى خىل پىكىرنى ئىپادىلىدى.

1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۈن يېرىمىغىچە ئالاھىدە كومىتېتنىڭ دوكلاتى ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭدا پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىككى لايىھىسى — كۆپ سانلىقلار لايىھىسى بىلەن ئاز سانلىقلار لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كۆپ سانلىقلارنىڭ لايىھىسىدە پەلەستىندىكى مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پەلەستىندە مۇستەقىل يەھۇدىيلار دۆلىتى ۋە مۇستەقىل ئەرەب دۆلىتى قۇرۇش، ئېرۇسالېمنى ب د ت نىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشى ئاستىغا قويۇش، يەھۇدىيلار دۆلىتى پەلەستىن (ئېرۇسالېمنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) نىڭ %62 نى ئىگىلەش، ئەرەب دۆلىتى %38 نى ئىگىلەش تەكلىپ قىلىندى. بۇ لايىھە كانادا، ئۇراگۋاي، گىۋاتېمالا، پېرو، گوللاندىيە، شۋېتسىيە ۋە چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاز سانلىقلارنىڭ لايىھىسىدىمۇ پەلەستىندىكى مانداتلىق ھۆكۈمرانلىققا خاتىمە بېرىش تەكلىپ قىلىندى. لېكىن، پەلەستىندە ئېرۇسالېم پايتەخت قىلىنغان، ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىيلاردىن تەركىب تاپقان مۇستەقىل فېدېراتىپ دۆلەت قۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى. بۇ لايىھە يۇگوسلاۋىيە، ئىران ۋە ھىندىستاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاۋستىرالىيە ۋەكىلى يۇقىرىقى ئىككى لايىھىنى قوللاشنى بىلدۈرمەي، ئاۋاز بېرىشكە قاتناشمىدى.

ئالاھىدە كومىتېتنىڭ دوكلاتى ھەرخىل ئىنكاسلارنى قوزغىدى. ئەرەبلەر دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىككى لايىھىگە قارشى چىقتى؛ يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى ئاز سانلىقلارنىڭ لايىھىسىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، كۆپ سانلىقلارنىڭ لايىھىسىگە «مەلۇم دەرىجىدە رازى» ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. لې-

كىن، يەھۇدىيلار دۆلىتىگە ئايرىپ بېرىلگەن زېمىن بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ، بەلكى «ئەڭ مۇھىم رايونلار» نى ئۆز ئىچىگە ئالماپتۇ، دەپ قارىدى. بەزى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ۋە ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرى ئەرەبلەرگە مايىل بولدى. لېكىن، كۆپ ساندىكى ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرى يەھۇدىيلار تەرەپنى قوللىدى. ب د ت يىغىنى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پەلەستىن مەسلىسى بويىچە مەخسۇس كومىتېت قۇرۇپ، ئالاھىدە كومىتېتنىڭ يۇقىرىقى ئىككى لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىشنى قارار قىلدى. ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار شۇ ھامان پۈتۈن زالدا دىپلوماتىيە جېڭىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. ئاز سانلىقلارنىڭ لايىھىسى ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىيلار تەرىپىدىن رەت قىلىنغاچقا، ئەرەبلەرنىڭ نىشانى تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ كۆپ سانلىقلار لايىھىسىگە قارشى تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش بولدى؛ يەھۇدىيلار تەرەپنىڭ نىشانى بولسا تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ كۆپ سانلىقلار لايىھىسىنىڭ ئاساسىي روھىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپ سانلىقلار لايىھىسىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىغا، بولۇپمۇ زېمىن ئايرىش ماددىسىغا كەلگۈسىدىكى يەھۇدىيلار دۆلىتىگە پايدىلىق تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈش بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەلەستىننى تالىشىدىغان جەڭ مەيدانى پەلەستىننىڭ يېزا - شەھەرلىرىدىن ب د ت نىڭ نيۇ - يوركتىكى باش شتابىغا يۆتكەلدى. ئالاقىدار تەرەپلەر ئاخىرقى كوزىر كۆرستىش ۋاقتىغا كۆپ قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.



## ئونىنچى باب

# ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

1947 - يىلى يەھۇدىيلارغا قۇتلۇق يىل بولدى. تۇنجى بولۇپ زىئونىزمنى قوللىغان، كېيىن زىئونىزم نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغان ئەنگلىيە ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ، پەلەستىننى تالىشىدىغان جەڭدىن چېكىنىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىرىنچى ئورۇندىكى كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قالغان ئامېرىكا يەھۇدىيلارنىڭ نىشانىنى تېخىمۇ ئاكتىپ قوللاپ، - زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي ئىتتىپاقچىسى بولۇپ قالدى. زىئونىزمغا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومېدىيىلىك ئۆزگىرىش ياساپ پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇشنى قوللىدى. ئەرەب دۆلەتلىرىدىن باشقا، دۇنيادىكى زور كۆپ سانلىق دۆلەتلەر ھەر خىل مۇرەككەپ ئامىللار تۈپەيلىدىن پەلەستىن تالاش - تارتىشىغا ئوخشاشمىغان مەيدان قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ھېسسىيات جەھەتتە ھەممىسى زىئونىزمغا ھېسداشلىق قىلدى. پۈتكۈل يەھۇدىيلار دۇنياسى، زىئونىزم ھەرىكىتى ۋە پەلەستىندىكى يىشۇۋ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، دىپلوماتىيە ھۇجۇمى قوزغاش ۋە ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەرەب لاگېرى ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىپ كەتتى، بىرلىككە كەلگەن ئىستراتېگىيە ۋە جانلىق تاكتىكا كەم بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەلەستىننى بۆلۈپ باشقۇرۇشنى توسۇپ قالىدىغان كۆپ قېتىملىق ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدى. مانا

بۇ ئامىللار ئاخىر ب د ت نىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدە يەھۇدىيلار-
نىڭ نىشانىغا پايدىلىق خەلقئارالىق ھۆكۈم چىقىرىشىنى ئىلگىرى
سۈردى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىي مىللىتى خەلقئارا ئېتىراپ قىل-
غان ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ئازابلىق
تولغاقنى بېشىدىن كەچۈرگەن يەھۇدىيلارنىڭ يېڭى دۆلىتى —
ئىسرائىلىيە دۆلىتى قەدىمكى يەھۇدىيلار دۆلىتى يوقىلىپ 1900
يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پەلەستىندە بارلىققا
كەلدى.

## 1 §. پەلەستىننى بۆلۈپ باشقۇرۇشنى قوللىغان ئاساسىي كۈچ — ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى

### 1. ئامېرىكىنىڭ يەھۇدىيلارنى قوللاپ، ئەنگلىيىنى چەتكە قېقىش سىياسىتىنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى

ئالدىنقى بابلاردا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىرىدىن
1947 - يىلىغىچە بولغان نەچچە يىلدا ئامېرىكىنىڭ پەلەستىنگە
قاراتقان سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىش بايان قىلىندى. بۇ ئۆزگە-
رىش كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىسمۇ، لېكىن تۆۋەندىكى ئىككى
نۇقتىدا مەركەزلىك ئىپادىلەندى: بىرى، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇ-
دىيلار ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇشتىن يەھۇدىي-
لار تەرەپكە ئۆتۈشكە ئۆزگەردى. يەنە بىرى، ئەنگلىيە بىلەن
ھەمكارلىشىشتىن ئەنگلىيە بىلەن پۈت تېپىشىشكە ھەمدە ئەنگلى-
يىنى كۈچەپ چەتكە قېقىشقا ئۆزگەردى. زۇڭتۇڭ روزۋېلت
ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئاخىرقى يىللاردا زىئونىزمنى قوللاش
توغرىسىدا بىر نەچچە قېتىم بايانات ئېلان قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن ھەر قېتىم ئەرەب رەھبەرلىرىنى خەۋەرلەندۇرۇپ، ئامېرى-
كا ئەرەبلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلمايدۇ، دېگەنىدى. ئۇ



ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرى مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە
سۇرىيە رەھبەرلىرىگە ئامېرىكا پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل قى-
لىشنىڭ مەلۇم لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ياكى قوللاشتىن
بۇرۇن چوقۇم ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغانلىقى
توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنىدى. ترۇمىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان-
دىن كېيىن دەسلىپىدە ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى
كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلىشىۋاتقان توقۇنۇش ئىچىدە تەڭپۇڭلاش-
تۇرۇشنى يولغا قويماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنرەك
مەۋقەنى پۈتۈنلەي زىئونىزم تەرەپكە يۆتكىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە
ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىتتىپاقداش بولۇپ، پەلەستىندىكى تالا-
ش - تارتىش قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەردە ياخشى ھەمكارلىشىش
مۇناسىۋىتىنى ساقلىغانىدى. لېكىن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەس-
لەپكى مەزگىللەردە ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيىسىدە كۆرۈنەرلىك
ئۆزگىرىش بولدى. 1945 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە ئەنگلىيە
بىلەن ئامېرىكا پەلەستىن مەسىلىسى توغرىسىدا ھەل قىلىش
لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەن
بولسىمۇ، لېكىن، ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلتاق قويۇشى ئارقىسىدا
ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىدى. زۇڭتۇڭ ترۇمىن 1946 - يىلى 10
- ئاينىڭ 4 - كۈنى ئېلان قىلغان يەھۇدىيلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش
كۈنىدىكى باياناتىدا ئامېرىكىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدە يەھۇدىي-
لارنىڭ نىشانىنى قوللاش، ئەنگلىيىنىڭ كۈچلىرىنى چەتكە قې-
قىش فاڭجېنىنىڭ بىكىتىلگەنلىكى ئىپادىلەندى. ئامېرىكا 1947
- يىلىدىن باشلاپ بۇ فاڭجېننى قەتئىي يولغا قويدى.

ئامېرىكا پەلەستىنگە قاراتقان سىياسىتىدە نېمە ئۈچۈن شۇن-
داق چوڭ ئۆزگىرىش ياسايدۇ؟ ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەب
دۇنياسىنى ۋە كونا ئىتتىپاقدىشى ئەنگلىيىنى رەنجىتىپ قويۇشقا
پەرۋا قىلمايدۇ؟ بۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەبكە
دىپلوماتىيە ۋە ئىچكى ئىشلاردىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىدىن قا-

راشقا توغرا كېلىدۇ.
بىرىنچىدىن، بۇ مەسىلىگە ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن
دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئامېرىكىنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيىسى،
ئوتتۇرا شەرق دىپلوماتىيىسى ۋە پەلەستىنىدىكى مەنپەئىتىدىن
قاراش كېرەك. دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان ھامان ئىقتىسادىي،
ھەربىي كۈچى مىسلىسىز زورايغان ئامېرىكا دۇنيا بويىچە بىرىن-
چى ئورۇندا تۇرىدىغان كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قالدى. دۇنياغا
«رەھبەرلىك» قىلىدىغان قارا نىيەت بىلەن يەر شارىدا تەلۋىلەرچە
كېڭەيمىچىلىكنى قانات يايدۇردى. ئىستراتېگىيىلىك قاتناش يول-
لىرىغا ۋە مول نېفىت بايلىقىغا ئىگە ئوتتۇرا شەرق ئامېرىكا
ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيىسىدە ئالاھىدە
مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ترۇمىندىن كېيىن زۇڭتۇڭ بولغان
ئېيزىنخاۋېر مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئوتتۇرا شەرق — ياۋروپا،
ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنىڭ «دەرۋازىسى» ۋە
دۇنيادىكى ئاساسلىق نېفىت مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئوتتۇ-
را شەرقتىن ئايرىلىپ قالسا، ئامېرىكا ۋە ئەركىن دۇنيا «خەتەر»
گە دۇچ كېلىدۇ. بۇ كۆز قاراش شۇ چاغدا ئامېرىكىدىكى نورغۇن
مۇھىم ئەربابلارنىڭ قارىشىغا ۋەكىللىك قىلدى. ئوتتۇرا شەرقنى
كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكا بىرىنچىدىن سوۋېت ئىتتىپا-
قىنى «چەكلەش»؛ ئىككىنچىدىن، ئەنگلىيە، فرانسىيە چېكى-
نىپ چىققاندىن كېيىنكى «بوشلۇق» نى تولدۇرۇشتىن ئىبارەت
ئىككى باھانىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. 1947 - يىلى ئوتتۇرىغا چىقى-
رىلغان «ترۇمىنىزم» مانا مۇشۇ ئىككى قات مەنىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغانىدى. لېكىن، ئوتتۇرا شەرقنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن
جەنۇبىي قىسمىدىكى ئەھۋال ئوخشاش بولمىدى: ئوتتۇرا شەرق-
نىڭ شىمالىي قىسمىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش
قىلىشى بىۋاستە تەھدىت شەكىللەندۇردى. ئەنگلىيە بولسا سو-
ۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئا-



مېرىكىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، ئامېرىكا
تەرتىپلىك ھالدا «بوشلۇقنى تولدۇرۇپ» سوۋېت ئىتتىپاقىنى
«چەكلەش» تىن ئىبارەت «ئېغىر ۋەزىپە» نى ئۈستىگە ئالىدىغان
بولدى؛ ئوتتۇرا شەرقنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ كۈچى بىۋاستە تەھدىت بولۇپ شەكىللەنمىدى. ئەنگلىيمۇ
ئۇ رايوندىن چېكىنىپ چىقىش نىيىتىدە بولمىدى. شۇڭا، ئامې-
رىكا يەڭنى شىمايلاپ مەيدانغا چىقىپ، بىردەم سوۋېت ئىتتىپا-
قىنى «چەكلەش» نى باھانە قىلسا، بىردەم «مۇستەملىكىچىلىككە
قارشى تۇرۇش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەنگلىيە، فرانسى-
يىنىڭ كۈچلىرىنى چەتكە قاقتى. بۇنداق ئەھۋال پەلەستىنىدىلا
كۆرۈلۈپ قالماستىن، ئوتتۇرا شەرقنىڭ جەنۇبىدىكى باشقا جايلا-
رىدىمۇ كۆرۈلدى. مەسىلەن، پارس قولتۇقى رايونىدا ئامېرىكى-
نىڭ نېفىت شىركەتلىرى ئەنگلىيىنىڭ نېفىت شىركەتلىرىنى
چەتكە قاقتى. سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئەنگلىيە نېفىت شىركەتلى-
رى بىلەن بولغان كۈچلۈك رىقابەتتە ئامېرىكىنىڭ نېفىت شىر-
كەتلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئامېرىكىنىڭ سىياسىي،
ھەربىي كۈچلىرىمۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كىردى. ئەنگلىيە سە-
ئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئامېرىكىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىكەنلىكى-
نى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.
پەلەستىن مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەھۇ-
دىيلارغا دو تىكىش كېرەكمۇ ياكى ئەرەبلەرگە دو تىكىش كېرەك-
مۇ دېگەن بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ بار ئىدى. بىز كېيىن بايان
قىلىدىغان ئىچكى ئىشلار جەھەتتىكى سەۋەبلەردىن باشقا، يەنە
ئىككى مۇھىم ئامىل بولغاچقا، ئاخىر يەھۇدىيلارنىڭ نىشانىنى
قوللاشنى بەلگىلىدى. بىرىنچى ئامىل شۇكى، يەھۇدىيلار دۇنيا-
سى مىسلىسىز ئىتتىپاقلاشتى. لېكىن، ئەرەب لاگېرى پارچىلى-
نىپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەگەر ئامېرىكا پەلەستىن ئەرەب-
لىرىنى قوللىسا، پۈتكۈل يەھۇدىيلار دۇنياسىنى رەنجىتىپ قويى-

دۇ. يەشۇۋنىڭ نىشانىنى قوللىسا، ھەممە ئەرەب دۆلەتلىرى
بىلەن يامان بولۇپ كېتىشى ناتايىن. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئىس-
پاتلىدىكى، ئامېرىكا ئىسرائىلىيىنى قەتئىي قوللىغان بولسىمۇ،
لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئامېرىكا پەرەس ئەرەب دۆلەتلىرى
بىلەن، مەسىلەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىراق، ئىئوردانىيە،
لىۋان قاتارلىقلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلىدى. ئىككىنچى
ئامىل، زىئونىزم ھەرىكىتى ئەنگلىيىدىن ئايرىلىپ ئامېرىكىغا
بۇرالدى. ۋەھالەنكى، كۆپ ساندىكى ئەرەب دۆلەتلىرى ئەنگلىيە
بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. مۇنداق ۋەزىيەتتە،
ئامېرىكا ئەگەر يەھۇدىيلار تەرەپتە تۇرسا، ھەم پەلەستىندە تەۋ-
رەنمەس ئىتتىپاقچىغا ئىگە بولالايتتى، ھەم ئەنگلىيىنى چەتكە
قېقىش مەقسىتىگىمۇ يېتەلەيتتى. ئەگەر ئەرەبلەر تەرەپتە تۇرسا،
يۇقىرىقى ئىككى نىشانغا يېتەلىشى ناتايىن ئىدى. مانا بۇ ئىككى
ئامىل ئامېرىكا رەھبەرلىرىنىڭ پەلەستىنگە قارىتىلغان سىياسەت-
تە چوڭ بۇرۇلۇش قىلىشىدا رولىنى جارىي قىلدۇردى.
يەنە، بۇ مەسىلىگە ئامېرىكىنىڭ ئىچكى ئىشلار سىياستى
نۇقتىسىدىن قاراش كېرەك. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن
ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار تۆت مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار
ناتسىستلارنىڭ قىرغىنچىلىقىنى كۆرۈپ، پەلەستىندە يەھۇدىيلار
دۆلىتى قۇرۇشنى قوللىدى. 1942 - يىلى بىلتمورې پروگرام-
مىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن دۇنيا زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ
مەركىزى ئامېرىكىغا يۆتكىلىپ، ئامېرىكىدىكى زىئونىزمنى قول-
لايدىغان كۈچلەر تېز كۆپەيدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى
مەزگىللەردە ئامېرىكىدا يەھۇدىيلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان،
زىئونىزمنى قوللايدىغان كۈچلۈك دولقۇن شەكىللىنىپ، ئامېر-
كىنىڭ ھەرقانداق ئادىمى بۇ كۈچكە سەل قارىيالمايدىغان بولدى.
تېخىمۇ مۇھىمى، ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار ئىجتىمائىي تەشكىلات-
لىرىنىڭ ئىككى پارتىيە سىياسىتىگە، بولۇپمۇ سايلام تۈزۈمىگە



كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۇھىم بولۇپ قالدى. بۇنداق تەسىر
ئامېرىكا رەھبەرلىرىنىڭ دىپلوماتىيىدە يەھۇدىيلارغا يېقىنلىشى-
دىغان سىياسەتنى يولغا قويۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ھەل
قىلغۇچ ئامىل بولدى. كونكرېت قارىغاندا، بۇنداق تەسىر تۆۋەن-
دىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلەندى: بىرىنچىدىن، ھالقىلىق
بىر نەچچە شتاتنىڭ سايلام نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسەتتى. نيۇ
- يورك، كالىفورنىيە، پېنسىلۋانىيە، ئىلىنوس، ماسساچۇس-
تېس، يېڭى جېرسېي، ئوھىئو قاتارلىق شتاتلاردا يەھۇدىيلار
كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان، دەل مۇشۇ شتاتلاردا ئىككى پارتىيىنىڭ
قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ
سايلام نەتىجىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سايلام نەتىجىسىگە مۇھىم
تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىككى پارتىيە ئىگە بولىدى-
غان سىياسىي ياردەمنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.
ئامېرىكىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ ئىگىلىگەن
نىسبىتى يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھې-
سابلىغاندا، يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئىگە بولغان باي-
لىق، مىليونېرلارنىڭ نىسبىتى باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار-
نىڭكىدىن كۆپ. بۇ بايلار ئىككى سىياسىي پارتىيە سىياسىي
ياردەمگە ئىگە بولىدىغان ئاساسىي مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئۈچىنچىدىن، جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھىمايە
قىلىش ياكى قارشى تۇرۇش تەسىرى. ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار
گېزىت - ژۇرنال، رادىئو، نەشرىيات، كىنو قاتارلىق ساھەلەردە
غايەت زور تەسىرگە ئىگە. كىمكى ئاخبارات، مەدەنىيەت ساھەسى-
دىكى «يەھۇدىيلار گۇرۇھى» نىڭ قوللىشىغا ئىگە بولالىسا،ساي-
لام رىقابىتىدىكى تەشۋىقات جېڭىدە شۇ پايدىلىق ئورۇندا تۇرالاي-
دۇ. تۆتىنچىدىن، يەھۇدىيلارنىڭ پالاتا سىرتىدىكى گۇرۇھلارغا
تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان پوزىتسىيىسى. ئامېرىكىنىڭ پالاتا سىر-
تىدىكى گۇرۇھلىرى ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ پالاتا سىرتىدىكى گۇ-

رۇھلىرىنىڭ تەشكىلى ئەڭ چىڭ، پائالىيەت ئۇنۇمى ئەڭ يۇقىرى
بولۇپ، ھەمىشە سىياسەتۋازلارغا پىلان - تەدبىر كۆرسىتىپ
بېرەلەيدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت تورىنى ئىشقا سېلىپ،
بەزى سىياسىيئونلارنى قوللايدۇ. شۇڭا، ئىككى پارتىيە بۇ پالاتا
سىرتىدىكى گۇرۇھلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلى-
دۇ. ھېچبولمىغاندا بۇ گۇرۇھلارنىڭ چېقىشىغا تەگمەيدۇ.
مۇشۇ ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئامېرىكا سىياسىيئونلىرى ساي-
لام رىقابىتىدە يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىغا ياخشى-
چاق بولۇپ، پەلەستىن مەسىلىسىدە يەھۇدىيلارغا يان باسىدىغان
باياناتلارنى ئېلان قىلىپ تەشۋىقات نەتىجىسىگە ئىگە بولىدۇ.
1944 - يىلى ئامېرىكىدا زۇڭتۇڭ سايلىمى بولىدىغان بولغاچقا،
زۇڭتۇڭ روزۋېلت ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلى-
رى شۇ يىلى يەھۇدىيلارغا يان باسىدىغان نۇتۇقلارنى كۆپ سۆزلى-
گەن. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئامېرىكىدىكى زىئونىزم رەھبەر-
لىرى ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىنى پاكىت قىلىپ، «يەھۇدىيلارنىڭ
سايلام بېلىتى» 1944 - يىلىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا روزۋېلتنى
غەلىبە قىلدۇرغان مۇھىم ئامىل بولدى، دېدى. گۇناھىنى يۇ-
يۇش كۈنى ترۇمېن بايانات ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن
كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، ئۆزىمۇ ئىككىلەنگەنىدى.
لېكىن ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى، نيۇ -
يورك شتاتىنىڭ باشلىقى دۇۋېينىڭ يەھۇدىيلارغا يان باسىدىغان
بايانات ئېلان قىلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئۇنىڭدىن
بۇرۇن ئۆزىنىڭ باياناتىنى ئېلان قىلىشنى قارار قىلغان. ئامېرى-
كا ھۆكۈمىتى 1947 - يىلى يەھۇدىيلارغا يان باسىدىغان سىياسەت-
نى كۈچەپ يولغا قويغاندىمۇ 1948 - يىلىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمى-
نى نەزەرگە ئالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پەلەستىن مەسىلى-
سىدە ئامېرىكا ھوقۇقدارلىرى قەتئىي يەھۇدىيلار تەرەپتە تۇرغان-
لىقتىن، دېموكراتلار پارتىيىسى 1947 - يىلىدىكى مەملىكەتلىك



قۇرۇلتايدا يەھۇدىي مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ «خېلى كۆپ» مەبلەغ
ياردىمىگە ئىگە بولغان.
يۇقىرىقى ئىككى تەرەپتىكى مەنبەنى بىلسەك، شۇنى تامامەن
مۆلچەرلىيەلەيمىزكى، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە پەلەستىن-
دىكى مەنپەئىتىنىڭ بارغانسېرى مۇھىم بولۇشىغا، 1948 - يىلى-
دىكى سايلامنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا پەلەستىن
مەسىلىسىدە يەھۇدىيلارنى قوللاپ، ئەنگلىيىنى چەتكە قېقىش
يولىدا داۋاملىق ئىلگىرىلىگەن، ھەرگىز كەينىگە چېكىنمىگەن.

## 2. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاشقا بۇرۇلۇشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدە يەھۇدىيلارنىڭ
دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللىشى ئامېرىكىنىڭ بۇ مەسى-
لىدىكى سىياسەت ئۆزگىرىشىدىنمۇ بەكرەك كومېدىيىلىككە ئىگە
بولۇپ، كىشىلەرگە تېخىمۇ تۇيۇقسىزلىق ھېس قىلدۇردى. سو-
ۋېت ئىتتىپاقى ئۇزۇندىن بۇيان زىئونىزمنى ئەيىبلەپ كەلگەنى-
دى. ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى پەلەستىندىكى يىشوۋ
بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان بولسىمۇ (8 - بابنىڭ 2 - پاراگرافىغا
قاراڭ)، سوۋېت ھۆكۈمىتى زىئونىزمنى تەنقىدلەش پوزىتسىيە-
سىنى قوللانغانىدى. گرومىكو ب د ت نىڭ ئالاھىدە يىغىنىدا
پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى رەس-
مىي بىلدۈرۈشتىن ئىلگىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىم سا-
ھەسىدىكى ئەربابلىرى: «پەلەستىندىكى مۇتلەق زور كۆپ سانلىق
كىشىلەر بۇ دۆلەت ئەرەب دۆلىتى بولۇپ، يەھۇدىيلار مۇستەقىل
ۋە دېموكراتىك ئەرەب پەلەستىن دۆلىتىنىڭ پۇقراسى بولىدۇ،
دەپ قارايدۇ» دېگەنىدى. «خەۋەرلەر» گېزىتىمۇ ماقالە ئېلان
قىلىپ، پەلەستىننى ئەرەب دۆلىتى ۋە يەھۇدىيلار دۆلىتىگە ئاي-

رىشقا قارشى چىقىپ، بۇنداق قىلىش پەلەستىن خەلقىنىڭ مەنپە-
ئەتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ قارىغانىدى. ئۇنداقتا، پەلەستىن
مەسىلىسى ئاخىرقى ئاچقۇچلۇق پەيتكە كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپا-
قى نېمە ئۈچۈن يەھۇدىيلارنى قوللاشنى بەلگىلىدى؟ بۇنىڭ تۆۋەن-
دىكىدەك سەۋەبلىرى بار:
بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا شەرقتە ئەنگلىيىنىڭ كۈچىگە زەربە
بېرىشتىن ئىبارەت دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيىسىنى نەزەردە تۇت-
تى. ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا شەرق ئەنگلىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە
بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا شەرققە كىرىش ئۈچۈن ئالدى
بىلەن ئەنگلىيىنىڭ كۈچىگە زەربە بېرىشى ۋە ئاجىزلىتىشى كې-
رەك. ئوتتۇرا شەرقنىڭ شىمالىي قىسمىدا سوۋېت ئىتتىپاقى
تۈركىيە، ئىران ئارقىلىق كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىپ ئەنگلىيىنى
چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى؛ ئوتتۇرا شەرقنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاسىتە سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي
ھەرىكەت قوللىنىشقا قولى قىسقا كېلىپ، دىپلوماتىيە تەسىرىنى
ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى. پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ ب د ت غا
تاپشۇرۇپ بېرىلىشى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزا دۆ-
لىتى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوتتۇرا شەرقتە دىپلوماتىيە
تەسىرىنى جارىي قىلدۇرىدىغان ئىنتايىن ياخشى سەھنە ھازىرلاپ
بەردى. بۇ مەسىلىدە قانداق پوزىتسىيە بىلدۈرگەندە ئەنگلىيىنىڭ
كۈچىگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت بۇ نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ؟
روشەنكى، ئەنگلىيە بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن
ئەرەبلەرنى قوللاشقا قارىغاندا ئەنگلىيە بىلەن بىۋاسىتە پۇت تېپې-
شىۋاتقان يەھۇدىيلارنى قوللاش بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان سەل-
بىي تەسىرنى ئەرەبلەرنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى مىللەتچىلىك ھەرى-
كەتلىرىنى قوللاش ئارقىلىق يوقاتقىلى بولىدۇ. ئەگەر ئەرەبلەر-
نى قوللىغاندا، ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىگە پايدىلىق بولىدۇ. ۋەھالەن-


كى، يەھۇدىيلارنىڭ رەنجىشىدىن پەيدا بولغان زىياننى تولدۇرۇپ
كەتكىلى بولمايدۇ. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ب د ت
پەلەستىن مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان پۈتۈن جەرياندا، سو-
ۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش دۆ-
لەتلىرى ئەنگلىيىنىڭ منداتلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇ-
رۇپ، پەلەستىننىڭ بالدۇرراق مۇستەقىل بولۇشىنى باشتىن -
ئاخىر غىچە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويدى. كەلگۈسى پەلەستىندە
ئەرەب - يەھۇدىي فېدېراتسىيىسى قۇرۇشقا ياكى بۆلۈپ باشقۇ-
رۇشنى يولغا قويۇشقا سوۋېت ئىتتىپاقى قارشىلىق بىلدۈرمىدى.
بۇ ھال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەنگلى-
يىگە زەربە بېرىدىغان ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسىنى ئەڭ
روشەن ئىسپاتلاپ بەردى.
ئىككىنچىدىن، سوۋېت — ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى يۇمشى-
تىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلدى. 1947 - يىلى شەرق بىلەن غەرب
ئوتتۇرىسىدىكى «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نىڭ مۇقەددىمى-
سى باشلاندى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشقا كىرىشكەن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى يەنە ئۇرۇشقا پېتىپ قېلىشنى
ئۈمىد قىلمايتتى. بولۇپمۇ شۇ چاغدا ئاتوم بومبىسىنى مونوپول
قىلىپ تۇرغان ئامېرىكا بىلەن بىۋاسىتە توقۇنۇشۇپ قېلىشنى
خالىمايتتى. 1947 - يىلى 4 - ئايدا ستالىن ئامېرىكا جۇمھۇرى-
يەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ پائالىيەتچىسى ستاسىننى قوبۇل قىلغان-
دا: «ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى
ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئارا ئۇرۇشمىدى، بەلكى ئۇرۇش
ۋاقتىدا ئۆز ئارا ھەمكارلاشتى. ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل
تۈزۈم ئۇرۇش دەۋرىدە ھەمكارلىشالىغانىكەن، تىنچلىق دەۋرىدە
نېمە ئۈچۈن ھەمكارلىشالمىسۇن؟» دېدى. بىر ئايدىن كېيىن،
گرومىكونىڭ ب د ت نىڭ ئالاھىدە يىغىنىدا قىلغان سۆزى،
روشەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ سوۋېت - ئامېرىكا

مۇناسىۋىتىنى ئىمكانقەدەر پەسەيتىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي تەسەۋۋۇرغا ماس كەلدى. بۇ ئارقىلىق بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا نۇرغۇن قىسمەن توقۇنۇش مەسىلىلىرىدە بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدىغان مەنپەئەتكە ئىگە بولۇپ، داۋاملىق ھەمكارلىشىشقا بولىدىغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا يەھۇدىيلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياخشى تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنى قوللايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مەقسەتكە يەتكىلى بولاتتى. گروميكونىڭ سۆزى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەقىقەتەن شۇنداق رول ئوينىدى. لېكىن، يەر شارى دائىرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ قارشىلىشىشقا ئۆزگىرىشىدىن خالىي بولغىلى بولمىدى. بۇ ئۇسۇلنىڭ سوۋېت، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ يوققا چىقتى.

ئۈچىنچىدىن، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن ئويلاندى. ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى بارغانسېرى قويۇق ئىدېئولوگىيە تۈسى ئېلىشقا باشلاپ، پەلەستىن مەسىلىسىدىمۇ ئىپادىلەندى. مەسىلەن، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ رەھبەرلىرىنى ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا مەلۇم بولىدۇكى، زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ كونا رەھبەرلىرى سوتسىيالىستىك پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، بەلكى پەلەستىندىكى كۆچمەنلەر ھەرىكىتىدە ھەمكارلىق ياكى كوللېكتىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدەنگەن؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەرەب دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى فېئوداللىق تۈزۈمدىكى پادىشاھلار بولۇپ، كوممۇنىزمغا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن. بۇ روشەن سېلىشتۇرما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاللىۋېلىشىغا مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.



تۆتىنچىدىن، ھېسسىيات ئامىلى رول ئوينىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. نۇرغۇن ئادىمى ناتسىستلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزىگە ئوخشاش قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان يەھۇدىي مىللىتىگە ھېسداشلىق قىلدى. سوۋېت رەھبەرلىرى پەلەستىن مەسىلىسىدە پوزىتسىيە بىلدۈرگەندىمۇ ھېسسىيات ئامىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. گروميكو ب د ت نىڭ ئالاھىدە يىغىنىدا سۆز قىلغاندا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يەھۇدىيلار ئۇچرىغان «ئىنتايىن چوڭ بەختسىزلىكلەر ۋە ئازابلار» ئۈستىدە توختالدى.

بەشىنچىدىن، دۆلەت ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنى خاتىرجەملەندۈرۈش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىككى مىليوندىن ئارتۇق يەھۇدىي بولۇپ، ئامېرىكىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇزۇندىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولمىدى. قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ - تالاڭدىن كېيىن زىئونىزم نىشانىنى قوللايدىغان بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر چەت ئەللەرگە كېتىشنى ئۈمىد قىلدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدە يەھۇدىيلارنىڭ نىشانىنى قوللايدىغان مەيداندا تۇرۇشىمۇ دۆلەت ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنى خاتىرجەملەندۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

دېمەك، مۇشۇ ئامىللار بىرلىشىپ، ئۇزۇندىن بۇيان زىئونىزمنى جاھانگىرلىكنىڭ «قورالى» دەپ قاراپ كېلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى «بىر كېچىدىلا» پەلەستىننى بۆلۈپ باشقۇرۇشنىڭ قەتئىي قوللىغۇچىسى بولۇپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرۇش يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەپ قارىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارشىلىقى مەۋجۇت بولماي قالدى.

## 2 §. ئاخىرقى «ئاتاكا»

### 1. ئۆز قاراشلىرىنى قويۇش — ب د ت نىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ماقۇللىشى

1947 - يىلى كۈزدە نيۇ - يوركتىكى ب د ت باش شتابىدا
پەلەستىن مەسىلىسى مەخسۇس كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا
كۆپ سانلىقلارنىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىنى دەۋر قىلىپ
ئېلىپ بېرىلغان جىددىي كۆرەش ئەۋجىگە چىقتى.

بىرىنچىدىن، بۇ لايىھىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار
قىلىش توغرىسىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل
پىكىر شەكىللەندى. ئەرەبلەر تەرەپ پەلەستىننى «پارچىلاش،
ئايرىش ياكى بۆلۈۋېتىش» كۆزلەنگەن ھەرقانداق لايىھىگە قەتئىي
قارشى تۇردى ھەمدە «بارلىق ۋاستىلەر» نى قوللىنىپ بۇ لايىھە-
نىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى توسىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يەھۇ-
دىيلار ۋاكالەتخانىسى بۇ لايىھىنى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاسا-
سى قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، لايىھەدىكى زېمىننى ئايرىش
قاتارلىق مەسىلىلەرگە دائىر ماددىلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھا-
كىمە قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەنگلىيە پەلەستىندە قورال كۈ-
چى ئىشلىتىپ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇشقا
قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ لايىھىنى قوللى-
مىدى. ئامېرىكىدىمۇ بۇ لايىھىگە گوۋۇيۇەن، دۆلەت مۇداپىئە
مىنىستىرلىقى ۋە نېفىت مالىيە گۇرۇھىدىن كۈچلۈك قارشى
تۇرىدىغان پىكىرلەر چىقتى. لېكىن، زۇڭتۇڭ ترۇمېن ۋە ئۇنىڭ
يەھۇدىيپەرەس مەسلىھەتچىلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئاخىر بۇ
لايىھىنى قوللاش قارار قىلىندى. ئامېرىكىغا ئەگىشىدىغان كۆپ
سانلىق لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىمۇ ئوخشاش پوزىتسىيىدە
بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى ئىتتى-



پاقداش دۆلەتلىرى مۇنازىرىدە بۇ لايىھىنى قوللايدىغانلىقىنى بىل-
دۈردى ھەمدە لايىھەدىكى مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقنى ئىمكانقەدەر
تېز ئاخىرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مەزمۇننى تەكرار تەكىتلىدى.
غەربىي ياۋروپادىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەرمۇ يەھۇدىيلارنىڭ پاجى-
ئەلىك ئەھۋالىغا ھېسداشلىق قىلىپ بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسى-
نى قوللىدى. لېكىن بەزى ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرى، مەسى-
لەن، جۇڭگو، لىبېرىيە، ئېفىئوپىيە، فىلىپپىن، تايلاند قاتار-
لىق دۆلەتلەر يەنىلا ئىككىلىنىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، 11
- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋەزىيەت ئىنتايىن ئايدىڭلاشتى: ئامېرىكا
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىنى قەتئىي
قوللىغانلىقتىن، مەخسۇس كومىتېت ئىچىدىكى قوللايدىغانلار
مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

ئىككىنچىدىن، بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىدىكى بەزى كونك-
رېت ماددىلارنى دەۋر قىلىپ قوللاش تەرەپدارلىرى ئىچىدىمۇ
بەزى ئىختىلاپلار پەيدا بولدى. شۇڭا، كومىتېت بۆلۈپ باشقۇ-
رۇش لايىھىسىنى قويغان دۆلەتلەر ۋە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپا-
قى ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپا كومىتېتى قۇرۇپ،
لايىھىنى يەنىمۇ تۈزىتىپ، ئاخىر مەخسۇس كومىتېت ئاۋاز بې-
رىپ قارار قىلىدىغان بۆلۈپ باشقۇرۇش پىلانىنى بېكىتىشكە
مەسئۇل قىلدى. لايىھەدىكى چېگرا ئايرىش توغرىسىدىكى ماددى-
لارنىڭ كەلگۈسىدىكى يەھۇدىيلار دۆلىتىگە تېخىمۇ پايدىلىق بولۇ-
شى ئۈچۈن، زىئونىزم ھەرىكىتى ۋە يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ
ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، گۇرۇپپا كومىتېتىغا ئەزا دۆلەت-
لەر ئارىسىدا ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى. قېرىپ تېنى ئاجىزلاپ
كەتكەن ۋېيزمانمۇ كېسەل بولۇشىغا قارىماي ترۇمېنغا خەت يې-
زىپ، ئامېرىكىنىڭ تەسىرىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ب د ت نى
نىگابىنى يەھۇدىيلار دۆلىتىگە ئايرىپ بېرىشكە قوشۇلىدىغان قى-
لىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى مۇۋەپپەقىيەت قازان-

دى. ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پائال ھەرىكەت قىلىشى
بىلەن نىگاب ئاخىر يەھۇدىيلار دۆلىتىگە ئايرىپ بېرىلدى. شۇنىڭ
بىلەن كەلگۈسىدىكى يەھۇدىيلار دۆلىتى قىزىل دېڭىزدا دېڭىزغا
چىقىدىغان پورتقا ئىگە بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا
ئوتتۇرىسىدا دەسلەپ ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئا-
خىرلاشتۇرۇش ۋاقتى ۋە ئەرەب، يەھۇدىي دۆلەتلىرىنى قۇرۇش
ۋاقتى ئۈستىدە ئىختىلاپ كۆرۈلدى. كېيىن تەكرار كېڭىشىش
ئارقىلىق 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بىرلىككە كەلدى: ئەنگلىيىنىڭ
مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقى 1948 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
ئاخىرلىشىشى كېرەك؛ يەھۇدىيلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ دۆلەتلىرى
1948 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلۇشى كېرەك. 11
- ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئاۋاز بېرىشكە تاپشۇرۇلىدىغان بۆلۈپ باشقۇ-
رۇش لايىھىسىگە نۇرغۇن تەرەپلەر يەھۇدىيلارغا تېخىمۇ پايدىلىق
قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىتىغا
تېخىمۇ ياقتى.
مەخسۇس كومىتېت 1947 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى
25 ئاۋازنىڭ 13 ئاۋازغا قارشى ئاۋاز بېرىشى بىلەن كۆپ سانلىق-
لارنىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىنى ئاساس قىلغان بۆلۈپ باش-
قۇرۇش پىلانىنى ماقۇللىدى ھەمدە ئۇنى ئىككىنچى نۆۋەتلىك ب
د ت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە تاپشۇردى. بەلگىلىمە بويىچە بۇ
پىلان ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق ئاۋازغا ئىگە بولالىسا
ماقۇللانغان ھېسابلىناتتى. شۇڭا، قوللايدىغانلار ۋە قارشى تۇر-
ىدىغانلار ھەر بىر ئاۋازغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئاخىرقى بىر
مىنۇتقىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مۇنازىرە داۋامىدا ئەرەبلەر-
نىڭ قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە ۋە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتى-
پاقى باشچىلىقىدىكى قوللايدىغان دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيىسىدە
ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئەنگلىيە پەلەستىندىكى ئەنگلىيە
ئارمىيىسى ۋە مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ پەلەستىندىكى ئىككى تە-



رەپ قوشۇلمىغان قارارنى ئىجرا قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
مۇزاكىرىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا قوللايدىغان-
لار ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەككە يەتمەيتتى. شۇڭا،
ئەرەب دۆلەتلىرى دەرھال ئاۋاز بېرىشكە قويۇشنى تەلەپ قىلدى.
لېكىن، يىغىن رەئىسى 26 - چېسلا تەشەككۇر بايرىمى ئىكەنلى-
كىنى باھانە قىلىپ، ئاۋاز بېرىشنى 28 - چېسلاغا كېچىكتۈردى.
كېچىكتۈرۈلگەن مۇشۇ ئىككى كۈندە يەھۇدىيلار تەرەپ ئامېرىكى-
نىڭ قوللىشى بىلەن قاتتىق ھەرىكەت قىلىپ، بۇرۇن قارشى
تۇرىدىغان جۇڭگو، ئېفىئوپىيە، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئاۋاز
بەرگەندە ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدىغان ياكى يىغىنغا قاتناشمايدى-
غان، ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمەكچى بولغان فرانسىيە، بېلگىيە،
گوللاندىيە، ليۇكسېمبورگ، يېڭى زېللاندىيە، ھايتى، لىبېرى-
يە، پاراگۋاي، فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەرنى قوللاپ ئاۋاز بېرى-
دىغان قىلدى. فرانسىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋېيزمان
كېسەل ئىكەنلىكىگە قارىماي ئوتتۇرىغا چىقىپ، فرانسىيە زۇڭ-
لىنىسى لېئون بلۇمغا ئۆزى تېلېگراممىا يوللىدى. تېلېگراممىدا:
«ئىنسانىيەتنىڭ يادىدا مەڭگۈ قالىدىغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە قات-
ناشماسلىق راستتىنلا فرانسىيىنىڭ ئارزۇسىمۇ؟» دەپ سورى-
دى. ئەرەبلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئايرىم دۆلەتلەر پوزىتسى-
يىسىنى ئۆزگەرتتى. مەسىلەن، گرېتسىيە ھوقۇقىدىن ۋاز كې-
چىشتىن قارشى تۇرىدىغان بولدى، چىلى قوللاشتىن ھوقۇقىدىن
ۋاز كېچىدىغان بولۇپ ئۆزگەردى. لېكىن، ئومۇملىي جەھەتتىن
قارىغاندا، ئەرەبلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى
يەھۇدىيلارنىڭكىدىن كۆپ كېيىن قالدى. فرانسىيە ئەرەبلەر بى-
لەن يەھۇدىيلارنىڭ ئاخىرقى بىر مىنۇتتا مۇرەسسەگە كېلىشىنى
ئۈمىد قىلىپ ئاۋاز بېرىشنى يەنە بىر كۈن سۈرۈشنى تەكلىپ
قىلدى. يىغىن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، 29 - چېسلا ئاۋاز
بېرىشنى بەلگىلىدى. ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا كې-

لىشىم هاسىل قىلدۇرۇش يولىدىكى ھەممە تىرىشچانلىقلار 29
- چېسلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمدى قېيىن ئەھۋالدا
قالغان ئەرەبلەر ئاۋاز بېرىشنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى،
لېكىن ئۇنىڭغا يىغىن قوشۇلمىدى. ئاخىردا يىغىن 33 ئاۋازنىڭ
قوللىشى، 13 ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە 10 ئاۋازنىڭ ھوقۇق-
دىن ۋاز كېچىشىدىن ئىبارەت ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئېشىپ
كەتكەن كۆپ سانلىق نەتىجە بىلەن «كەلگۈسىدە پەلەستىننى باش-
قۇرۇش (بۆلۈپ باشقۇرۇش پىلانى) مەسىلىسى توغرىسىدىكى
قارار» نى ماقۇللىدى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بۆلۈپ باشقۇرۇش
قارارى» دېيىلىدۇ).

بۆلۈپ باشقۇرۇش قارارىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:
ئەنگلىيىنىڭ پەلەستىندىكى مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقى تېز ئاخىر-
لاشتۇرۇلۇشى، 1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىن
قالماسلىقى؛ ئەنگلىيىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىمۇ شۇ كۈنىدىن
ئىلگىرى پەلەستىندىن ئايرىلىشى كېرەك؛ مانداتلىق ھۆكۈمران-
لىق ئاخىرلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىككى ئايدا پەلەستىندە ئە-
رەبلەرنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى، يەھۇدىيلارنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى
ۋە ئېرۇسالېم شەھىرىنى خەلقئارا ئالاھىدە باشقۇرۇش ئورگىنى
قۇرۇلىدۇ. بۇ ئىشنى 1948 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن
كېيىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ؛ ئەرەب دۆلىتىنىڭ كۆلىمى 11
مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر، يەھۇدىيلار دۆلىتىنىڭ كۆلىمى
14 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر بولىدۇ، ئېرۇسالېم شەھىرى
ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار خەلقئارا ئالاھىدە باشقۇرۇش ئور-
گىنى ئاستىدىكى مۇستەقىل ئاساسىي بۆلەك بولۇپ، كۆلىمى
158 كۋادرات كىلومېتىر بولىدۇ؛ قارارنى ئىجرا قىلىش ئۈ-
چۈن، ب د ت پەلەستىن كومىتېتى قۇرۇلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىي مىللىتى ئاخىر خەلقئارا قانۇن
ئېتىراپ قىلغان ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بول-



دى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پەلەستىندىكى ئەرەبلەرنىڭ ھوقۇق -
مەنپەئىتى مۇقەررەر زىيانغا ئۇچرىدى. شۇڭا، بۆلۈپ باشقۇرۇش
قارارىنى يولغا قويۇش توقۇنۇشتىن ۋە قان تۆكۈلۈشتىن خالىي
بولالمىدى.

## 2. بىرىنچى ئۇرۇش: «بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ ئىسمى ئىس-رائىلىيە بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى

ب د ت نىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش قارارىنى ماقۇللىغانلىقى
توغرىسىدىكى خەۋەر دەرھال دۇنياغا تارقالدى. نيۇ - يورك،
تېلئاۋىۋ، هايفا قاتارلىق يەھۇدىيلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
شەھەرلەر ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى.
كىشىلەر كېچىچە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بىر - بىرىنى
قۇچاقلاپ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئە-
رەب دۇنياسىدىمۇ نارازىلىق دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. پەلەستىن ئە-
رەب ئالىي كومىتېتى ئۈچ كۈن ئىش تاشلاپ، ب د ت ماقۇللىغان
قارارغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. پەلەستىننىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىدا غەزەپلەنگەن ئەرەبلەر كوچىلارغا چىقىپ نامايىش
قىلىپ، ب د ت غا، ئامېرىكىغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى
شوئارلارنى توۋلىدى ھەمدە يەھۇدىيلار نىشانلىرىغا ھۇجۇم قىل-
دى. باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىدىمۇ ئامما ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ بايراقلىرىنى كۆيدۈردى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكى-
نىڭ ئورگانلىرىنى ۋەيران قىلدى، شۇ يەرلەردىكى يەھۇدىيلارغا
ۋە كوممۇنىستلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئەرەب ئىتتىپاقىغا ئەزا يەتتە
دۆلەتنىڭ زۇڭلى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى قاھىرەدە بايانات
ئېلان قىلىپ، «ب د ت نىڭ پەلەستىننى پارچىلاش توغرىسىدىكى
قارارىغا قارشى تۇرۇش يولىدا جەڭ قىلىشقا بەل باغلىغانلىقى»
نى بىلدۈردى ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن «ھەل قىلغۇچ ۋاسىتىلەر»

نى قوللىنىشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۆلۈپ باشقۇرۇش
قارارىغا ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش ئاۋازى بەرگەن ئەنگلىيە ھەمكار-
لاشماسلىق سىياسىتىنى قوللىنىپ، ب د ت نىڭ قارارىنى يولغا
قويۇشقا ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە پەلەستىندىن
چېكىنىپ چىقىشقا جىددىي تەييارلىق كۆردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمى-
تىنىڭ باياناتى بويىچە، ماندائلىق ھۆكۈمرانلىقى 1948 - يىلى
5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئاخىرلاشتۇرۇلىدىغان،
ئەنگلىيە ئارمىيىسىمۇ 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئىلگىرى
پەلەستىندىن چىقىپ كېتىدىغان بولدى.

ئەمدى پەلەستىننى تالىشىش جەڭ مەيدانى ب د ت نىڭ باش
شتابىدىن پەلەستىن زېمىنىغا يېتىپ كەلدى. 12 - ئاينىڭ باش-
لىرى پۈتۈن پەلەستىندە ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىد-
كى قوراللىق توقۇنۇش قاتات يېيىپ كەتتى. گىرەلىشىپ كەتكەن
فرونتتا ئىككى تەرەپ جاپالىق جەڭ قىلىپ، ئەرەبلەر يەھۇدىيلار-
نىڭ ئانچە كۆپ مەھەللە رايونلىرىنى تارتىۋالمىغان بولسىمۇ،
لېكىن يەھۇدىيلارنىڭ تەمىنات لىنىيىسىنى نەچچە قېتىم ئۈزۈۋې-
تىپ، يەھۇدىيلارنىڭ بەزى مەھەللىلىرىنى يىشۇۋ لاگىرى بىلەن
ئالاقىلىشەلمەيدىغان قىلىپ قويدى. ئومۇمەن، بىرىنچى باسقۇچ-
لۇق جەڭدە ئەرەبلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىكى ئاسا-
سىي سەۋەب شۇكى، ئەنگلىيە قانۇنسىز كۆچمەنلەرنىڭ كىرىشى-
دىن ساقلىنىش ئۈچۈن دېڭىز قىرغىقىنى قاتتىق قامال قىلىپ
تۇرۇۋالغاچقا، يەھۇدىيلارنىڭ چەتتىن قورال كىرگۈزۈشى ئىنتا-
يىن قىيىن بولدى. ئەرەبلەر بولسا قوشنا ئەرەب دۆلەتلىرىدىن
قورال، ئوقۇنلەرگە ئىگە بولۇپ تۇردى؛ سۈرىيە، ئىئوردانىيە
قاتارلىق دۆلەتلەردىن مۇتىزىم ئوفىتسېرلار قوماندانلىق قىلغان
قوراللىق خادىملار پەلەستىنگە كىردى. 1948 - يىلى 3 - ئاينىڭ
باشلىرىغىچە بۇنداق ئادەملەر بەش مىڭدىن ئېشىپ، ئەرەبلەرنىڭ
جەڭگىۋار كۈچىنى ئاشۇردى.



يەھۇدىيلار ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن جىددىيلىكىنى، ئالاھىدە
تەدبىر قوللىنىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتمىسە، بۆلۈپ باشقۇرۇش
قارارى بولغان بىلەنمۇ يەھۇدىيلار دۆلىتىنى قۇرۇش پىلانىنى
ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار 1947-
يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1948 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە تۆۋەندىكىدەك
مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى: (1) ئىچكى جەھەتتە ئومۇمىي
سەپەرۋەر قىلدى. 17 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان ياشلارنىڭ
تىزىمغا ئالدۇرۇپ، جەڭگە ئاتلىنىشقا ھەر قاچان تەييار تۇرۇشى؛
قالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەسكەر بولۇشى، ھەرقانداق يەھۇ-
دىينىڭ پەلەستىندىن كېتىپ قالماسلىقى؛ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى
مەزگىلىدىكى يەھۇدىيلار بىرىگادىسىدا ۋە ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ
قول ئاستىدىكى ساقچىدا ئىشلىگەن تايانچلارنىڭ خاگانا قاتارلىق
قوراللىق قىسىملارغا كىرگۈزۈلۈپ جىددىي مەشىق قىلىشى توغ-
رىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. (2) پۈتۈن كۈچى بىلەن چەتتىن
ياردەم ئالدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىغا جىددىي مۇراجىئەت چىقىرىپ، ئۇلار-
نىڭ قورال - ئۈسكۈنە ۋە ئادەم يەتكۈزۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىل-
دى؛ ئامېرىكىدا 50 مىليون دوللار ئىئانە توپلاپ، بۇ پۇلنى
قورال - ياراغ سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى. چېخ - سلوۋاكىيە بىلەن
ھەربىي ئەشيالار كېلىشىمى تۈزۈپ، يېڭى تىپتىكى نۇرغۇن قو-
راللارنى سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەڭ ئېتىبار باھادا
ئامېرىكىدىن بىر تۈركۈم ھەربىي سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىد-
ۋالدى ھەمدە بۇ زامانىۋى قورال ۋە ئۈسكۈنىلەرنى تېزلىك بىلەن
پەلەستىنگە يەتكۈزدى. (3) ئەنگلىيىگە پائال خىزمەت ئىشلەپ،
ئەنگلىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ پايدىسىز ئامىلنى
پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندۇردى. بۆلۈپ باشقۇرۇش قارارى ماقۇللان-
غاندىن كېيىن يەھۇدىي قوراللىق كۈچلىرى ئەنگلىيە ئارمىيىسى-
گە قاراتقان ھۇجۇمىنى تەدرىجىي توختاتتى. يەھۇدىيلار ۋاكالەت-

خانىسىمۇ ئەنگلىيە تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئەنگلىيىنىڭ يىشۇۋ
بىلەن دۈشمەنلەشمەسلىكىنى؛ ھەتتا شارائىت يار بەرگەندە يە-
شوۋغا ياردەم قىلىشىنى قولغا كەلتۈردى. ھەر خىل يوللار بىلەن
خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، ئەنگلىيە تەرەپ يەھۇدىي كۆچمەنلەر-
نىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە قويۇلىدىغان چەكلىمىنى تەدرىجىي بو-
شاشتۇرۇشقا ھەمدە بەزى رايونلاردا ئامانلىق ساقلاش ۋەزىپىسىنى
يەھۇدىي ساقچىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە، ئەنگلىيە قوشۇنى كې-
تىدىغان چاغدا بەزى قورال - ئۈسكۈنىلەرنى يەھۇدىيلارغا قالدۇ-
رۇشقا رازى بولدى. ئەرەبلەر ئادەم سانى ۋە قورال - ئۈسكۈنە
جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا بىرلىككە
كەلگەن قوماندانلىق كەم بولدى؛ ئەرەب قوراللىق كۈچلىرى
ئەرەب پۇقرالىرىنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە قوغداش تەدبىرلىرىگە
سەل قارىدى. شۇڭا بىلەن يەھۇدىيلار قوراللىق ھۇجۇم قىلغاندا
نۇرغۇن ئەرەب پۇقرالىرى قورقۇپ قېچىپ كەتتى. نەتىجىدە
ئەرەبلەر ئولتۇراقلاشقان بەزى رايونلار ئادەمسىز بولۇپ قېلىپ،
ئەرەبلەرنىڭ ئادەم كۈچى مەنبەسى ئاجىزلاپ كەتتى. مۆلچەرلىنى-
شىچە، 4 - ئايغا كەلگەندە 130 مىڭ ئەرەب پەلەستىنىدىن قېچىپ
كەتكەن، شۇ جەرياندا يەھۇدىيلار كۆپەيگەنكى، ئازايمىغان. چۈن-
كى، ئەرەبلەر مۇھاسىرىسىدە قالغان يەھۇدىيلار ھېچ يەرگە قا-
چالماي، قولىغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلىش يولىغا ماڭغان.
شۇڭا بىلەن بىللە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مىڭلىغان
- تۈمەنلىگەن يەھۇدىي ياشلىرى پەلەستىنگە كېلىپ ئارمىيىگە
قاتنىشىپ جەڭ قىلغان. بۇلارمۇ يەھۇدىي ئارمىيىسىنىڭ كۈچە-
نى كۈچەيتكەن.
1948 - يىلى ئەتىيازدا جەڭ مەيدانىدىكى ۋەزىيەت ئۆزگە-
رىپ يەھۇدىيلارغا پايدىلىق بولدى. يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى ۋە
خاگانا قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدا، ئۇزۇل-
مەي كېلىۋاتقان ئادەملەر ۋە ئۈسكۈنىلەر بىلەن قوراللانغان يەھۇ-



دىي قوراللىق كۈچلىرى پىلانلىق ھۇجۇم قىلىپ، تىبارىيا، ھايفا
قاتارلىق مۇھىم بازارلارنى تارتىۋالدى. ئېرۇسالىم بىلەن تۇتى-
شىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان دېڭىز
ياقىسىدىكى تۈزلەڭلىك تاشيوللىرىنى كونترول قىلىۋالدى ھەمدە
ئەرەب پۇقرالىرى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئادەمسىز قالغان
رايونلارنى بېسىۋالدى. كۆنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان ئۇرۇشتا
بەختسىز پۇقرالار ۋە قورالسىز كىشىلەر قىرغىن قىلىندى.
ئىرگۇن ۋە ستېپىئېنفان گۇرۇھى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئېرۇسا-
لىم يېنىدىكى ئەرەبلەرنىڭ مەھەللىسى دېئىر ياسىننى قانغا بو-
ياپ، 250 تىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە
كۆپىنچىسى قېرىلار، ئاياللار ۋە ئۆسمۈرلەر ئىدى. ئۈچ كۈندىن
كېيىن ئەرەب قوراللىق كۈچلىرى سىكوپوس تېغىدىكى ئىبرانىي-
لار ئۇنىۋېرسىتېتىغا ۋە ھاداس دوختۇرخانىسىغا ماڭغان يەھۇدىي
تېببىي خادىملىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دوختۇر، سېستې-
را، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ 70 نەچچە ئادەمنى ئۆل-
تۈرۈۋەتتى. بۇ زوراۋانلىقلار دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى.
پەلەستىن «غەيرىي رەسمىي» ئۇرۇشقا پېتىپ قالغان، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيىلىكلەر ماسلاشماسلىق پوزىتسىيىسى قول-
لانغانلىقتىن، ب د ت پەلەستىن كومىتېتى بۆلۈپ باشقۇرۇش
قارارىنى يولغا قويۇشقا ئىلاجسىز قالدى. بۇ نۇقتىدا ئەرەبلەر
مەقسىتىگە يەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ب د ت نىڭ باش كاتىپى
ترۈگۋې ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پەلەستىنگە ئەسكەر ئەۋە-
تىپ بۆلۈپ باشقۇرۇش قارارىنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلىش توغرى-
سىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھال ترۇمىن ھۆكۈمىتى-
نى ئالدىغىمۇ ماڭالمايدىغان، كەينىگىمۇ قايتالمايدىغان قىيىن
ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇ چاغدىكى پەلەستىنىنىڭ ئەھۋالىغا
ئاساسەن، قارارنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە
100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ئەۋەتىشكە توغرا كېلەتتى. ئەگەر

ئامېرىكا شۇنچىۋالا ئەسكەرنى پەلەستىنگە ئەۋەتسە، بىرىنچىدىن،
ئەينى چاغدا دۆلەت ئىچىدىكى ئۇرۇش ۋاقتى تۈزۈلمىسىدىن تىنچ-
لىق تۈزۈلمىسىگە ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي يۈزلىنىشكە
خىلاپلىق قىلىپ، خەلقنىڭ ۋە پارلامېنتنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچ-
رايتتى. ئىككىنچىدىن، ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى
«چەكلەش» تىن ئىبارەت يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنى بۇزۇۋې-
تەتتى، بولۇپمۇ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ھەربىي كۈچىنى ئاجىزلا-
تىپ قوياتتى. ئۈچىنچىدىن، ئەرەبلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى
قوزغىشى مۇقەررەر ئىدى. ھەتتا ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقنىڭ
نېفىتىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ھەم بۆلۈپ
باشقۇرۇشنى ئىنكار قىلىشنى خالىمىغان، ھەم قارارنى مەجبۇرىي
ئىجرا قىلىشقا كۈچى يەتمىگەن ئامېرىكا رەھبەرلىرى تاكتىكىسى-
نى تۈيۈقسىز ئۆزگەرتىپ، 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ب د ت غا
پەلەستىننى ھاۋالە بىلەن باشقۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ،
بۇ قىيىن ئىشنى ب د ت يىغىنىغا ئىتتىرىپ قويدى. بۇ تەكلىپ
ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ كۈچلۈك
قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بۇ ئامېرىكىنىڭ
«پەلەستىننى ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك بازىسىغا ئۆز-
گەرتىشكە ئۇرۇنغانلىقى» دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى. ئەنگلىيە ۋە
ئەرەبلەرمۇ بۇ تەكلىپتىن قاتتىق گۇمانلىنىپ، قوللىمايدىغان-
لىقىنى بىلدۈردى. زور كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ بولۇپمۇ
ئامېرىكىدىكى يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچلۈك
قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ترۇمېن ھاۋالە بىلەن باشقۇرۇش
لايىھىسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، ۋېيزمان قاتارلىق
يەھۇدىي رەھبەرلىرىگە ئامېرىكىنىڭ ھېلىھەم بۆلۈپ باشقۇرۇش
قارارىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.
ماندا تلىق ھۆكۈمرانلىق ئاخىرلىشىشقا يېقىنلاشقاندا، زىئو-
نىزم رەھبەرلىرى ۋە يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى ئەنگلىيىنىڭ ھۆ-



كۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان ھامان ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۆز-
نىڭ دۆلىتىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ھوقۇقنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى
ئوڭۇشلۇق بولۇش ئۈچۈن، 4 - ئاينىڭ باشلىرى 37 ھەيئەتتىن
تەركىب تاپقان مەملىكەتلىك كومىتېت قۇرۇلۇپ، ۋاقىتلىق پار-
لامېنتنىڭ رولىنى ئوينىدى. بۇ كومىتېت 13 كىشىدىن تەركىب
تاپقان مەمۇرىي كومىتېت تەيىنلىدى. مەملىكەتلىك كومىتېت ۋە
مەمۇرىي كومىتېت ئېلىئاۋىفتا تەسىس قىلىنىپ، 4 - ئاينىڭ
ئوتتۇرىلىرى خىزمىتىنى باشلىدى. 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى
پەلەستىننىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا بۇ ئىككى ئورگاننىڭ پائالى-
يەتلىرى تۇنجى قېتىم خەۋەر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە
كەلگۈسىدىكى يەھۇدىيلار دۆلىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى — كۆك -
ئاق بايراقمۇ ئېلىئاۋىفتىكى بىنا ئۈستىدە لەپىلدىدى. ئەنگلىيە-
لىكلەر نۇرغۇن ئىشلار بىلەن كارى بولماس بولۇۋالدى. ئەنگلى-
يىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىش بېجى-
رىشتىن توختىدى. ساقچى ئىدارىسى تارقىتىۋېتىلدى، سوت
دېلو تەكشۈرۈشنى توختاتتى. پويىز مېڭىشتىن توختىدى. پوچتا
يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئادەم بولمىدى. ھۆكۈمەت
مۈلكى ئەنگلىيىگە توشۇلدى. خەزىنىدە بىر تىيىنمۇ پۇل قالدۇ-
رۇلمىدى. نۇرغۇن ئەمەلدارلار خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەيلا
ئەنگلىيىگە كەتتى. مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا مەمۇرىي كومى-
تېت ئۆتكۈزۈۋېلىشقا كىرىشىپ، ھەر دەرىجىلىك ۋاقىتلىق مە-
مۇرىي ئورگانلارنى قۇردى. ۋاقىتلىق پۇل ۋە پوچتا ماركىسى
تارقاتتى. قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. تىرىشىپ خىراجەت توپ-
لىدى. 5 - ئايدا ھەممە ئادەم يېڭى دۆلەتنى قۇرۇش ئۈچۈن
ئەقىل - تەدبىر كۆرسىتىشكە، تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىن-
دى.
پات ئارىدا قۇرۇلىدىغان يەھۇدىيلار دۆلىتى باشقا دۆلەتلەر-
نىڭ بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا

دىپلوماتىيە جەھەتتىن جىددىي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. موشى
شارىت ۋاشىنگىتوننىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ نۇتۇق سۆزلەپ،
نۇرغۇن توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئامېرىكىنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى
يەھۇدىيلار دۆلىتى ھازىر قۇرۇلسا، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھەر
تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشى بىلەن چوقۇم ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ،
دەپ قارىدى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى گېئورگې
مارشالل موشى شارىتنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر يەھۇدىيلار دۆ-
لىتى ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ياردەم قىلىشىدىن
ئۈمىد كۈتسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئامېرىكىنىڭ بەزى يۇ-
قىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى يەھۇدىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇ-
شىنى ئون كۈن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق كېچىكتۈرۈپ ئېلان
قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شارىت ئامېرىكىلىقلارنىڭ
تەكلىپىنى ئېلىپ 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلئاۋىفقا يېنىپ
كەلدى. يەھۇدىي رەھبەرلىرى دەرھال يىغىن ئېچىپ، 48 سائەت-
تىن كېيىن يېڭى دۆلەت قۇرۇشنى مۇزاكىرىلەشتى. شارىت
ئامېرىكىلىقلارنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ
مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتۇرۇلغاندا ھۆكۈمەت قۇرۇش-
نى، لېكىن دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى رەسمىي جاكارلىماسلىق-
نى تەكلىپ قىلدى. لېكىن، بېن گۇرىئون قاتارلىق كىشىلەر
قەتئىي قارشى تۇردى. ئاخىر شارىتنىڭ پىكرى تۆت ئاۋازنىڭ
قوللىشى، ئالتە ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئىنكار قىلىن-
دى. يىغىن 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ يېڭى دۆلىتى-
نى قۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.
5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت
يېڭى دۆلەت نامىنىڭ ئىسرائىلىيە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ ئاخىرقى
تېكىستىنى ماقۇللىدى. دەل شۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ ئاخىرقى
ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئەمەلدارلىرى پەلەستىندىن ئايرىلىپ، ئەنگ-



لىيىنىڭ بايرىقى چۈشۈرۈلۈپ، ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈم-
رانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى. چۈشتىن كېيىن سا-
ئەت تۆتتە تېلئاۋىف مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا بېن گۇرى-
ئون مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ئوقۇدى.[1] ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا
مۇنداق دەپ جاكارلىدى: «شۇڭا بىز، مەملىكەتلىك كومىتېتنىڭ
ھەيئەتلىرى يەھۇدىيلار ئاھالىسىگە ۋە زىئونىزم تەشكىلاتىغا ۋاكا-
لىتەن، بۈگۈن، يەنى ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقى ئا-
خىرلاشقان كۈنى يىغىن ئېچىۋاتىمىز ھەمدە تەبىئىي ۋە تارىخىي
ھوقۇقىمىزغا ھەم ب د ت يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئىسرا-
ئىلىيىدە يەھۇدىيلارنىڭ يېڭى دۆلىتى — ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ
قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايمىز.»
نەچچە مىنۇت ئىلگىرى يەھۇدىيلار دۆلىتىنىڭ كېچىكىپ
قۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلغان زۇڭتۇڭ ترۇمېن ئىسرائىلىيە دۆلە-
تىنىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن
بۇ دۆلەتنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۇرۇن ئېتىراپ قىلىشنى قارار
قىلدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدىن ئاشقان ھامان ئاقساراي
باياناتى ئېلان قىلىپ، ئىسرائىلىيىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جا-
كارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئايدا پولشا، ئۇراگۋاي، نىكا-
راگۇئا، چېخ - سلوۋاكىيە، يۇگوسلاۋىيە، جەنۇبىي ئافرىقا،
ۋېنگرىيە، فىنلاندىيە، رۇمىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئىلگىرى -

[1] بېن گۇرىئون 1948 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغانلىقى-
نى جاكارلاش پائالىيىتىدە ھالقىلىق رول ئوينىغان. يەھۇدىيلارنىڭ نەزەرىدە، ئۇ ھازىرقى زامان
تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر داھىيدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى تەرىپلەپ «تارىخ
يەھۇدىي مىللىتىگە ئاتا قىلغان ئۇلۇغ سوۋغات»، «ئىسرائىلىيىنىڭ دۆلەت ئاتىسى» دېيىشىدۇ.
بېن گۇرىئون 1886 - يىلى پولشادىكى پلاۋىسكى بازىرىدا تۇغۇلغان. 1906 - يىلى پەلەستىنگە
كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1911 - يىلى 11 - ئايدا ئۇ يەھۇدىيلارنى «ئوسمانىيلاشتۇرۇش» غايىسىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىستانبۇل قانۇن ئىنستىتۇتىغا بېرىپ تۈركىيە قانۇنىنى ۋە تۈرك تىلىنى
ئۆگەنگەن. كېيىن تۈركىيىدىن قوغلىۋېتىلگەن. 1923 - يىلى موسكۋاغا بېرىپ ئۈچ ئاي تۇرغان،
لېنىنغا چوقۇنۇش ھېسسىياتى شەكىللەنگەن. 1929 - يىلى پەلەستىندە ئىشچىلار پارتىيىسىنى
قۇرغان. ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 13 يىل ئىچىدە ئۇ مەشھۇر ئالىم ۋە
سىياسىئون ۋېيزمان بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئىشلەپ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
تىنىمسىز خىزمەت قىلغان. دۆلەت قۇرۇلغاندا بېن گۇرىئون زۇڭلىيلىققا سايلانغان. 1953 -
يىلى ئىستىپا بەرگەن. 1955 - يىلى قايتا سايلانغان. 1963 - يىلى يەنە ئىستىپا سورىغان. 1973
- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

كېيىن ئىسرائىلىيىنى ئېتىراپ قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ۋەتىنى 1900 يىلدىن ئارتۇق مۇقەرز بولۇپ چېچىلىپ كەتكەن، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە تىرىشىپ كۆرەش قىلغان يەھۇدىيلار ئاخىر پەلەستىندە ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى يەنە قۇردى. يەھۇدىي مىللىتىنىڭ گۈللىنىش ئىشلىرى شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈنلەي يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى.



تۆتىنچى بۆلۈم

# يەنە كۆتۈرۈلۈپ چىقىش

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنى ئىسرائىلىيىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، كۆچۈرۈش ۋە قايتا قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشىمىزغا، ھەممىدە بىز بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇيىمىز — ئىسرائىلىيىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىمىز.

— ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دىن

قانلىق جەڭ مەيدانلىرىنى كەچكەن ئادەممەن. شۇڭا تىنچلىقنىڭ يولىنى ئىزدەيمەن.

— ئىزاك رابىن

ئون بىرىنچى باب

# ئۇرۇشتىن تىنچلىققا قەدەم تاشلاش: ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەبلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلۇشى بىلەن يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئۇزۇندىن ئىنتىزار بولغان ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ گۈللىنىش ئىشلىرى يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىردى. ۋەھالەنكى، دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسرائىلىيە بىلەن ئەتراپتىكى ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش ۋە ئۇرۇش بولدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ «ئەسىرلىك توقۇنۇش» ئىككى تەرەپكە ئېغىر زىيان كەلتۈرۈپ، ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك داۋالغۇشنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى. بىر تەرەپتىن، پەلەستىنىدىكى ئەرەبلەرنى سەرسان قىلىپ، ئىنتايىن زور بەختسىزلىك ۋە ئازابقا گىرىپتار قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، خەۋپسىزلىك مەسىلىسىنى يەھۇدىيلارنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىنى سەرپ قىلىۋەتتى. بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشۇش ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ تارىختىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ئۇرۇش بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا ھەقىقىي خەۋپسىزلىككە ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقىنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىلىملىك زاتلار تىنچلىق ئىزدەشنىڭ قىيىن يولىغا قەدەم قويدى، ھەتتا

بەزىلەر بۇ يولدا ھاياتىنى قۇربان قىلدى. توسقۇنلۇق كۆپ بولسـ-
مۇ، لېكىن تىنچلىق مۇساپىسىنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ.
ئۇ ئاخىر يەھۇدىي مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ھەقىقىي ئىلگىرى
سۈرىدۇ.

## § 1. تۆت قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى

### 1. بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى

ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىش بىلەن
پەلەستىن ئەتراپىدىكى مىسىر، تاشقى ئىئوردانىيە، ئىراق، سۈ-
رىيە ۋە لىۋاندىن ئىبارەت بەش دۆلەت بۇرۇن يولغا قويىدىغانلىقى-
نى بىلدۈرگەن «ھەل قىلغۇچ ۋاستە» نى قوللىنىپ، پەلەستىن-
گە ئەسكەر چىقاردى. ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى
ئۇرۇش پارتلىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش 1948 - يىلى 5 - ئاينىڭ
15 - كۈنى باشلىنىپ، 1949 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى
ئاخىرلىشىپ، تارىختا بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى
ياكى پەلەستىن ئۇرۇشى دېيىلدى. ئىسرائىلىيە: مۇستەقىللىق
ئۇرۇشى، دېدى.

بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىنىڭ پۈتكۈل جەر-
يانىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن
6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە بىرىنچى قېتىم ئۇرۇش توختىتىش
باسقۇچى بولدى. بۇ باسقۇچتا ئەرەب دۆلەتلىرى ئاۋۋال قول
سېلىپ، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۇرۇش
يەنە باشلانغاندىن 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىككىنچى قېتىملىق
ئۇرۇش توختىتىشقىچە ئىككىنچى باسقۇچ بولدى. ئىككى تەرەپ
تىركىشىش ھالىتىدە تۇردى. لېكىن، ئىسرائىلىيە ئۈستۈنلۈككە
ئۆتۈشكە باشلىدى. 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 1949 - يىلى



7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىسرائىلىيە بىلەن سۈرىيە ئۇرۇش
توختىتىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويغۇچە ئۈچىنچى باسقۇچ بولدى.
ئىسرائىلىيە يوف ئۇرۇشى، ھىلام ئۇرۇشى ۋە خوخون ئۇرۇشى
ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، مىسىر ئارمى-
يىسىنى ۋە باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئارمىيىلىرىنى نىگاب
قاتارلىق جايلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلى-
بىسىنى قولغا كەلتۈردى. 1949 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى
ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىر ئالدى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلى-
شىمى ئىمزالىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى
لىۋان، 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تاشقى ئىئوردانىيە، 7 - ئاينىڭ
20 - كۈنى سۈرىيە ئىسرائىلىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلى-
شىمى ئىمزالىدى. 15 ئاي داۋاملاشقان بىرىنچى قېتىملىق ئوت-
تۇرا شەرق ئۇرۇشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

يېڭى قۇرۇلغان ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى ئۇرۇش سىنىقىدىن
ئۆتتى، ئارمىيىنىڭ كۈچى ۋە جەڭ قىلىش تەجرىبىسى كۈچەي-
دى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىسرائىلىيە دۇنيا-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى
بىلەن بولغان ئالاقە يوللىرىنى تېز ئېچىپ، كېيىن ئىسرائىلىيە-
نىڭ مۇشۇ يوللاردىن پايدىلىنىپ دىپلوماتىيە ھۇجۇمى قوزغاشقا
شارائىت ھازىرلىدى؛ تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇرۇشتا يەھۇدىي-
لارنىڭ ئەمەلىي كونترول قىلغان زېمىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتى-
لىپ، نۇرغۇن يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ ئىسرائىلىيىگە كېلىشىگە
ئاساس سېلىندى. يىغىپ ئېيتقاندا، بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا
شەرق ئۇرۇشى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ دۆلەتنى مەھكەم پۇت
تىرەپ تۇرالايدىغان قىلدى. شۇڭا، ئىسرائىلىيىلىكلەرگە نىسبە-
تەن ئېيتقاندا ئىسمى جىسمىغا لايىق «مۇستەقىللىق ئۇرۇشى»
بولدى.

بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئەرەبلەرنىڭ مەغ-

پەئىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ قارشىلىقىنى كۈچەيتىۋەتتى. پەلەستىن رايونىدا نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى. ئالدى بىلەن، زېمىن مەسىلىسىگە تاقالدى. ئىسرائىلىيە ئۇرۇش ئارقىلىق ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى ۋە گازا رايونىدىن باشقا پەلەستىننىڭ ھەممە زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، كۆلىمى 20 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، پەلەستىن رايونىنىڭ 80% تىگە يەتتى. ئىككىنچىدىن، مۇساپىرلار مەسىلىسى بولدى. ئۇرۇشتىن كېيىن پەلەستىندىكى 700 مىڭ ئەرەب يۇرتىدىن، يېرىدىن، تىرىكچىلىكىدىن ئايرىلىپ، مۇساپىر بولۇپ قالدى. ئۈچىنچىدىن، پەلەستىندىكى ئەرەبلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش مەسىلىسى بولدى. بۆلۈپ باشقۇرۇش قارارىدا پەلەستىندىكى ئەرەبلەر ئايرىپ بېرىلگەن يەرلەرنى ئۇرۇشتا ئىسرائىلىيە ۋە قوشنا ئەرەب دۆلەتلىرى بۆلۈۋالدى. پەلەستىندىكى ئەرەبلەر دۆلەت قۇرىدىغان زېمىنى يوق بولۇپ قېلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالدى. مۇشۇ مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار ئۈزۈلمىدى، پەلەستىن ھەتتا پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق خاتىرجەم بولالمىدى.

بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنى يېڭىدىغان تىپىك ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇش پارتلىغاندا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئارمىيىسى سان ۋە قورال - ياراغ جەھەتلەردە روشەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 42 مىڭ بولۇپ، 40 تانكىسى، 200 برونېۋىكى، 140 دالا زەمبىرىكى، 220 زېنىت توپى، 131 ئايروپىلانى بار ئىدى. شۇ چاغدىكى ئىسرائىلىيە تەرەپنىڭ 30 مىڭدىن كۆپرەك قوراللىق ئادەم، بىر تانكا، ئىككى برونېۋىك، بەش دالا زەمبىرىكى، 24 زېنىت توپ، 28 يېنىك تىپتىكى ئايروپىلانى بار ئىدى. دۇنيادىكى نۇرغۇن ھەربىي كۆزەتكۈچىلەر



30 مىليون ئەرەبنىڭ 600 مىڭ يەھۇدىيغا تاقابىل تۇرالىشى ھېچ گەپ ئەمەس دەپ قارىغانىدى. لېكىن، ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ئاجىزلار كۈچلۈكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش بولدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى غەلىبە قىلىش، مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. بىرىنچىدىن، ئەرەبلەر قارىماققا كۈچلۈك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن دۈشمەنگە سەل قارىغانلىقتىن، بولۇپمۇ ئىچىدە زىددىيەت ئېغىر بولغانلىقتىن، بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق شەكىللەنمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان كۈچلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلمىغان. نەتىجىدە ئىسرائىلىيە تەرىپىدىن بىر - بىرلەپ يوقىتىلغان. ئىككىنچىدىن، ئىسرائىلىيە ئۇرۇش توختىغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەربىي تەشكىللىرىنى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن ۋە كۈچەيتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئۈچىنچىدىن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا يەھۇدىيلار ناتسىست گېرمانىيىسى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغاچقا، خەلقئارا جەمئىيەت يەھۇدىي مىللىتىگە ۋە ئىسرائىلىيە دۆلىتىگە كۈچلۈك ھېسداشلىق قىلغان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارمۇ ئاكتىپلىق بىلەن پۇل بېرىپ، كۈچ چىقارغان. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ئوخشاشمىغان مەقسەتتە زور كۈچ بىلەن قوللىغان. نەتىجىدە ئىسرائىلىيە ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان قورال - ياراغقا ئىگە بولۇپ، كۈچىنى ئاشۇرغان.

## 2. ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى

ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى 1956 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پارتلاپ، 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاخىرلاشتى. سۇۋەيش قانىلى ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتالدى. ئىسرائى-

لىيە بۇ ئۇرۇشنى سىناي ئۇرۇشى، دەپ ئاتىدى.
1952 - يىلى «ئىيۇل ئىنقىلابى» دىن كېيىن جامال ئابدۇل
ناسىر باشچىلىقىدىكى ئەرەب مىللەتچىلىرى مىسىرنىڭ رەھبەر-
لىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىپ، ئەنگلىيىنىڭ كۈچلىرىنى مىسىر-
دىن قوغلاپ چىقىرىشقا تۇتۇش قىلدى. مىسىر بىلەن ئەنگلىيە
بىر يىلدىن كۆپرەك سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 1954 - يىلى
10 - ئايدا «سۇۋەيش قانىلى بازىسى ھەققىدىكى كېلىشىم» نى
ئىمزالىدى. ئەنگلىيىنىڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئارمىيىسى
1956- يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چېكىنىپ چىقىپ، مىسىرنى
ئەنگلىيە 74 يىل ئىشغال قىلغان تارىخقا خاتىمە بېرىلگەنلىكى
جاكارلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مىسىر ئوتتۇرا شەرق ئىشلىرىدا
ئەنگلىيە، ئامېرىكا قۇرغان غەربپەرەس باغدات شەرتنامىسى تەش-
كىلاتىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو
قاتارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى
راۋاجلاندۇرۇشقا باشلىدى. جامال ئابدۇل ناسىر 7 - ئاينىڭ
26 - كۈنى سۇۋەيش قانىلىنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋې-
لىپ، قانالدىن كىرگەن كىرىمنى خەجلەپ ئاسۋان توسمىسىنى
ياسايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مىسىرنىڭ بۇ بىر قاتار ھەرىكەتلە-
رى غەرب دۇنياسىنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. بولۇپمۇ كونا
مۇستەملىكىچى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئىنتايىن ئالاقىزادە بولۇپ،
مىسىرغا قورال كۈچى ئىشلىتىشكە تەييارلاندى. شۇنىڭ بىلەن
بىللە مىسىر ھەربىي كۈچىنىڭ ئېشىشى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتى-
پاقى بىلەن مىسىر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىس-
رائىلىيە ناھايىتى چوڭ تەھدىت ۋە بېسىم ھېس قىلدى. 1955
- يىلى 9 - ئايدا ۋە 1956 - يىلى 3 -، 6 - ئايلاردا مىسىر
بىلەن چېخ - سلوۋاكىيە 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق
ھەربىي ئەشيالار كېلىشىمى تۈزدى. مىسىر MG كۈرەشچى ئاي-
روپىلانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلغار ھەربىي ئۈسكۈنىلەرگە



ئىگە بولدى. ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئەرەب دۆلەتلە-
رىنى يېنىغا تارتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان باغ-
دات شەرتنامىسى تەشكىلاتىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى تۈپەيلى-
دىن ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋىتى سوغۇق ۋە تۇراق-
سىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئامېرىكىدىن ئىلغار قوراللارغا
ئىگە بولالمىغان ئىسرائىلىيە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ
فرانسىيە بىلەن بولغان ھەربىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ
بىلەن ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسرائىلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت
ئۆز مەقسىتىنى ئاساس قىلىپ، مەخپىي كېڭىشىپ ھەربىي ھەرە-
كەت قوللىنىپ، مىسىرغا ئەجەللىك زەربە بېرىشنى پىلانلىدى.
1956 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىسرائىلىيە سىناي
يېرىم ئارىلىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئىككىنچى قېتىملىق
ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلىدى. ئىسرائىلىيە ئەسكىرىي كۈچد-
نى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاۋۋال قول سالدى. لېكىن، مىسىر ئار-
مىيىسىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. مىتلا تاغ ئېغىزى
ئۇرۇشىدا ۋە ئابۇئوگرا ئۇرۇشىدا مىسىر ئارمىيىسى ئىسرائىلىيە
ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇۋالدى. ئەتىسى
ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى سۇۋەيش قانىلىغا ھۇجۇم قىلغاندا،
ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر مىسىرغا ئولتىماتۇم تاپشۇرۇپ ئىككى
تەرەپتىن دەرھال ئۇرۇش توختىتىش ھەمدە قانالنىڭ ئىككى
قىرغىقىدىن ھەر تەرەپ ئون كىلومېتىردىن كەينىگە چېكىنىش-
نى، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئارمىيىلىرى قانالغا كىرىپ جەڭ قد-
لىشنى ئايرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ مىسىر تەرىپىدىن
رەت قىلىنغاندىن كېيىن ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە 10 - ئاينىڭ
31 - كۈنى چۈشتىن كېيىن 100 پاراخوت ۋە 200 دىن ئارتۇق
ئايروپلان چىقىرىپ، مىسىرنىڭ قاھىرە، ئالېكساندرىيە قاتارلىق
شەھەرلىرىنى بومباردىمان قىلدى. مىسىرنىڭ بىر قىسىم ھاۋا
ئارمىيىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ مىڭ-

دىن ئارتۇق پاراشوتچى ئەسكىرى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىدىغان 22 مىڭ ئادىمى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سەئىد پورتىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، قانالنىڭ بىر قىسىم رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى. نەتىجىدە مىسىر ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، ئىسرائىلىيە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۈتكۈل سىناي يېرىم ئارىلىنى تارتىۋالدى. مىسىر ئارمىيىسى قىيىن ئەھۋالدا قارشىلىق كۆرسىتىپ، قانالدىكى پاراخوتلارنى پارتلىتىپ چۆكتۈرۈۋېتىپ، قانالنى قامال قىلدى.

ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن خەلقئارا جەمئىيەت ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسرائىلىيەلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئەيىبلەپ، مىسىر خەلقىنىڭ ئۆزىنى قوغداش كۈرىشىگە مەدەت بەردى. ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ ئامېرىكىغا خەۋەر قىلماي، بىلگىنىچە ھەرىكەت قىلغانلىقىدىن ئامېرىكا نارازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەب دۆلەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈچ دۆلەتنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە كۈچلۈك قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ب د ت نىڭ جىددىي يىغىن چاقىرىپ، قارار ماقۇللاش ئارقىلىق ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىش، چەت ئەل قوشۇنلىرىنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئامېرىكا ئارمىيىسىگە تەييار تۇرۇش ھالىتىگە ئۆتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۈچ دۆلەتكە بېسىم ئىشلەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى 5 - چېسلا ئامېرىكا بىلەن ئورتاق ھەرىكەت قوللىنىشنى تەكلىپ قىلىپ، ئەنگلىيە، فرانسىيىنى ب د ت يىغىنىنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسرائىلىيەلەرگە زۆرۈر تېپىلغاندا يادرو قوراللىرىنى ئىشلىتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئۇرۇش توختىتىش قارارىنى قوبۇل



قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىسرائىلىيەمۇ 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سىناي يېرىم ئارىلىدىن چىقىپ كېتىشكە ماقۇل بولدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ھالىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەنگلىيە، فرانسىيە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى كۈچەيدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئېلىشىشىنىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى. تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان مىسىر ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن غايەت زور زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مىسىر ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ ئاساسىي رەقىبى بولۇپ قالدى.

ئىسرائىلىيە بىر غېرىچ زېمىنغا ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇش قىلىش مەقسىتىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتتى. ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىر ئوتتۇرىسىدا خەلقئارا كاپالەتكە ئىگە بولغان ئارىلىق رايون قۇرۇلدى. بەزى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، سىناي ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىسرائىلىيىنىڭ چېگرىسى نىسبىي جىم بولدى. ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيىگە شەكىللەندۈرمەكچى بولغان يېرىم مۇھاسىرە چەمبىرىكى پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشمۇ تەس بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا ئىسرائىلىيىنىڭ چېگرىسى مۇقىم ۋە تىنچ بولدى.

### 3. ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى

ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى 1967 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پارتلاپ 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاخىرلاشتى. شۇڭا «5 - ئىيۇن ئۇرۇشى» ياكى «ئالتە كۈنلۈك ئۇرۇش» دەپمۇ ئاتالدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن
كېيىن چېگرىدا بەزى سۈركىلىشلەر بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن
ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەبلەر ئاساسەن تىنچ بىللە ئۆتتى. 1965
- يىلىغا كەلگەندە ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىق توقۇنۇشى تەدرىجىي
كۆپەيدى. بولۇپمۇ 1966 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا
چېگرا ۋەزىيىتى جىددىيلىشىشكە يۈزلەندى. پەلەستىننى ئۇرۇش
تۇمانلىرى قاپلاشقا باشلىدى.

بۇ قېتىمقى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىشىدە چوڭقۇر خەلقئارا-
لىق ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى. بىرىنچىدىن، ئىككىنچى قېتىم-
لىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوتتۇرا شەرق ئامېرىكا
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق ئېلىشىدىغان دەۋرگە كىردى.
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن ئامېرىكا «بوش-
لۇقنى تولدۇرىدىغان» ئېيزىنخاۋېرىزمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنگ-
لىيە، فرانسىيە چېقىپ كەتكەندىن كېيىن قېپقالغان بوشلۇقنى
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلگىرى تولدۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئې-
زىنخاۋېرىزمنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىسرائىلىيىنى قوراللاندۇ-
رۇش، ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئامېرىكا پەرەس كۈچلەرنى يېنىغا
تارتىپ، ناسىرىزم ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى تو-
سۇش بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا مىسىر، سۈرىيە ۋە ئىراق
قاتارلىق سوۋېتپەرەس دۆلەتلەرگە ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ياردەم
بېرىپ، ئامېرىكا بىلەن قارشىلاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
ئامېرىكىنىڭ ئېلىشىشى ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى ھەربىي قار-
شىلىقنى ۋە ھەربىي ھازىرلىقلار رىقابىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئىك-
كىنچىدىن، ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئىچىدىكى ئۆزگىرىش، بولۇپمۇ
پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئارقىسىدا، ئىسرا-
ئىلىيە بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىشكە
يۈزلەندى. ئىراقتىكى غەربپەرەس فايسال خاندانلىقى 1958 -
يىلى 7 - ئايدا ئاغدۇرۇلۇپ، باغدات شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ



ئۆمرى ئاخىرلاشتى. ئوتتۇرا شەرقتە ناسىرىزمنىڭ تەسىرى بار-
غانسېرى چوڭىيىپ، ئىسرائىلىيە ئەرەبلەردىن كېلىدىغان بېسىم-
نى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. 1964 - يىلى 5 - ئايدا پاتاخ
قاتارلىق سەككىز تەشكىلاتتىن ئۇيۇشقان پەلەستىن ئازادلىق تەش-
كىلاتى قۇرۇلۇپ، پەلەستىن خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى
كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئىگە بولدى. پەلەستىن ئازادلىق
تەشكىلاتى قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن سىيا-
سىي ۋە ھەربىي پائالىيەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. بولۇپمۇ
ياسىر ئاراپات رەھبەرلىك قىلغان «پاتاخ» 1964 - يىلى 12 -
ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇنجى ئوقنى ئاتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئىسرائىلىيىگە
ئىئوردانىيە ۋە لىۋاندىن ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئىسرائىلى-
يىگە بىۋاسىتە تەھدىت بولۇپ شەكىللەندى. ئىسرائىلىيە بۇنىڭغا
قارىتا ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن توقۇ-
نۇش كۈنسايىن كۈچەيدى.

1966 - يىلى 11 - ئايدا ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى پەلەستىن
قوراللىق كۈچلىرىنىڭ بازىسىنى تازىلاشنى باھانە قىلىپ، چېگ-
رىدىن ئۆتۈپ ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ھېب-
رون رايونىنىڭ سام كەنتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئەسكەرلەر، پۇقرا-
لاردىن بولۇپ 150 تىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار
قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىسرائىلىيە بىلەن سۈرىيە ئوتتۇرىسىدا
1967 - يىلى 4 - ئايدا چوڭ كۆلەملىك ھاۋا ئۇرۇشى بولدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇناسىۋىتى
جىددىيلىشىپ، ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش پارتلاش شارائىتى شەكىل-
لىنىپ بولدى. 1967 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سوۋېت
ئىتتىپاقى مىسىر ۋە سۈرىيىگە ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىي قىسىم-
دا ئەسكەر توپلاۋاتقانلىقى، 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سۈرىيىگە
ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى يېقىندا قولغا چۈشۈرگەن

ئاخباراتىنى يەتكۈزۈپ بەردى. مىسىر زۇڭتۇڭى جامال ئابدۇل ناسىر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، 15 - چېسلا دەرھال قارار چىقىرىپ، سىناي يېرىم ئارىلىغا ئەسكەر كۆپەيتتى ھەمدە ب د ت نىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ب ە ت نىڭ باش كاتىپى ئۇدەن 18 - چېسلا مىسىرنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە ۋە مىسىر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق رايون مەۋجۇت بولماي قالدى. جامال ئابدۇل ناسىر 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تىران بوغۇزىنى قامال قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە، مىسىر چېگراسىدىكى نىسبىي مۇقىم ھالەت ئاخىرلاشتى. 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جامال ئابدۇل ناسىر بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىلىشتا: «بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى ئىسرائىلىيىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇدان، ئالجىرىيە، ئىئوردانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئەسكەر ئەۋەتىپ مىسىرغا ياردەم بېرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ئىسرائىلىيە تەشۋىقاتتا چوڭ گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇرۇش قىلىشقا پۇختا تەييارلىنىپ قويدى. ئەتراپلىق پىلانلاپ، ئامېرىكىنىڭ سۈكۈت قىلىشى بىلەن ئاۋۋال قول سېلىپ، خەۋپسىزلىكىگە بولغان تەھدىتنى يوقاتماقچى بولدى. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىسرائىلىيە 500 دىن ئارتۇق ئايروپىلان ۋە سەككىز تانكا بىرىگادىسى چىقىرىپ، بىر - بىرلەپ تارمار قىلىش، تېز ھۇجۇم قىلىپ تېز غەلىبە قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئەرەب دۆلەتلىرىگە «چاقماق ئۇرۇشى» قوزغىدى. ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىدى. ئالتە كۈن جىددىي جەڭ قىلىش ئارقىلىق، مىسىر ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى ئېغىر زىيان تارتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇرۇش توختىتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى. 6



- ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەبلەر ب د ت نىڭ ئۇرۇش توختىتىش قارارىنى قوبۇل قىلدى. ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئالتە كۈن داۋاملىشىپ ئىسرائىلىيىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇرۇش ئەرەبلەرنى ناھايىتى چوڭ زىيانغا ئۇچراتتى. ئۇرۇشتا مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى. 400 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى مۇساپىر بولۇپ كەتتى، مىڭغا يېقىن تانكىسى، 400 دىن ئارتۇق ئايروپىلانى زىيانغا ئۇچرىدى. ئىسرائىلىيە بولسا ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى، گازا رايونى، گولان ئېگىزلىكى ۋە سىناي يېرىم ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 80 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ئەرەب زېمىنىنى تارتىۋالدى ھەمدە ئېرۇسالېم كونا شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

1967 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى 242 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ئىسرائىلىيىدىن «5 - ئىيۇن ئۇرۇشى» دا ئىشغال قىلىۋالغان ھەممە زېمىندىن چېكىنىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ رايوندىكى دۆلەتلەردىن بارلىق ئۇرۇشخۇمار سۆزلەرنى ۋە ئۇرۇشۇش ھالىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ۋە سىياسىي مۇستەقىللىقىغا ھۆرمەت قىلىشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ قورال ئىشلىتىش ياكى قوراللىق تەھدىت سېلىشقا ئۇچرىمىغان، ئىشەنچلىك ۋە ئېتىراپ قىلىنغان چېگرا ئىچىدە تىنچ ياشاش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ قاراردا ئىسرائىلىيىدىن 1967 - يىلى ئىشغال قىلىۋالغان زېمىندىن چىقىپ كېتىش تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەرەبلەردىنمۇ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش تەلەپ قىلىندى. ئەمەلىيەتتە، ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ 1967 - يىلىدىن ئىلگىرىكى چېگرىسى ئېتىراپ قىلىندى، پەلەستىننى بۆلۈپ

باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارار تەڭشەلدى. شۇڭا ئىسرائىلىيەنىڭ 1967 - يىلىدىن ئىلگىرىكى چېگرىسى ئەمەلىيەتتە، خەلقئارانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك ۋە قارىشىلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسرائىلىيە دۆلىتى ئىچىدىكى «بۈيۈك ئىسرائىلىيە» پىكىر ئېقىمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىسرائىلىيە 1967 - يىلى ئىشغال قىلىۋالغان زېمىندىن چىقماي تۇرۇۋالدى. ئەرەبلەر قىساس ئېلىشقا قەسەم ئىچىپ، قولدىن كەتكەن زېمىنىنى تارتىۋېلىشقا تەييارلاندى. ئۇرۇشنىڭ سايىسى ئوتتۇرا شەرق ئاسمىنىنى قاپلىۋالدى.

## 4 . تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى

تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى 1973 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پارتلاپ، 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە 18 كۈن داۋاملىشىپ، «ئۆكتەبىر ئۇرۇشى» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇرۇشنى ئەرەبلەر «رامزان ئۇرۇشى» دېدى، ئىسرائىلىيىلىكلەر گۇناھىنى يۇيۇش كۈنى① ئۇرۇشى دەپ ئاتىدى.

ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسرائىلىيە جىمجىت ھالەتتە مۇداپىئە كۆرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى. سىناي يېرىم ئارىلىدا 238 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ، 160 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بار - لېۋ مۇداپىئە لىنىيىسى ياساپ، گولان ئېگىزلىكىدە تانكىغا قارشى سىستېما ياساپ، مىسىر، سۈرىيىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشقا تەييارلاندى. ئەرەب دۆلەتلىرى بولسا ئىنتىقام ئېلىشقا قىلىچ بى-

---

① گۇناھىنى يۇيۇش كۈنى ئىبرانىي يىلنامىسىدىكى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بولۇپ، يەھۇدىيلار دىنىدا بىر يىلدىكى ئەڭ مۇقەددەس تەنتەنىلىك كۈن ھېسابلىنىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي قائىدىسى بويىچە يەھۇدىيلار بۇ كۈنى خىزمەت قىلماي روزا تۇتۇشى، ئىبادەت قىلىشى، تىنچ خىيال سۈرۈشى، خۇدادىن گۇناھىنى تىلىشى ۋە مەغپىرەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشى لازىم.



لەپ، ئارمىيىنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ، قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا بەل باغلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن مىسىرنىڭ ھەربىي كۈچى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيىگە يەتتى، بەلكى ئۇسكۈنىلىرى تېخىمۇ ئىلغارلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ ئۆتكەنكى ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئارا ياردەملەشتى. مىسىر، ئىئوردانىيە قاتارلىق ئالدىنقى سەپ دۆلەتلىرى لىۋىيە، كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق نېفىت بايلىقى مول دۆلەتلەردىن نۇرغۇن مالىيە ياردىمى ئالدى.

1970 - يىلى 9 - ئايدا جامال ئابدۇل ناسىر ۋاپات بولۇپ، مۇھەممەد ئەنۋەر سادات مىسىرغا زۇڭتۇڭ بولدى. سادات تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىسرائىلىيىنى يەڭگىلى بولمايدۇ، دەيدىغان ئەپسانىنى بىتچىت قىلىۋېتىشكە بەل باغلىدى. پۇختا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن ئەتراپلىق ئويلىنىپ 1973 - يىلى كۈزدە سۈرىيە بىلەن بىرلىشىپ، ئىسرائىلىيىگە چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىشنى بەلگىلىدى. ھۇجۇم كۈنىنى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى — يەھۇدىيلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش كۈنىگە بېكىتتى. بۇ كۈن يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي بايرام كۈنى بولۇپ، ئىسرائىلىيە قائىدە بويىچە كۈندىلىك ھەممە پائالىيەتلەرنى توختىتاتتى، ئارمىيىمۇ ئارام ئالاتتى. دەل شۇ كۈنى مىسىر 80 مىڭدىن ئارتۇق ئارمىيىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، 300 دىن ئارتۇق ئايروپىلان ۋە تۆت مىڭدىن ئارتۇق زەمبىرەكنىڭ ھىمايىسىدە قانالنىڭ شەرقىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئوق ئاۋازى بايرام كۈنىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتتى. ئىسرائىلىيىلىكلەر خۇدىغا كەلگەندە مىسىر ئارمىيىسى بار - لېۋ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بىتچىت قىلىۋەتكەن، سۈرىيە ئارمىيىسىمۇ گولان ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالغانىدى. ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىن ئېسەنكىرەپ كەتكەن ئىسرائىلىيە مانا

شۇ چاغدا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى تونۇپ يەتتى. مۇشۇنداق ھايات - ماماتلىقنىڭ جىددىي پەيتىدە ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى ئىلاج بولمىغاندا يادرو قورالىرىنى ئىشلىتىشكە تەييارلاندى. غەرب مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسرائىلىيە زۇڭلىسى مېير خانىم ئون دانە ئاتوم بومبىسىنى ئامباردىن ئېلىپ چىقىشقا ھەم ئالاھىدە قۇراشتۇرۇلغان بومباردىمانچى ئايروپىلانغا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن. ئامېرىكا بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئىسرائىلىيىدىن ئاتوم قورالى ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلغان ھەمدە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىسرائىلىيىگە ياردەم قىلىشقا ۋەدە بەرگەن. ئۇرۇشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە ئامېرىكا ئىسرائىلىيىگە مىسىرنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق پەيدا بولغانلىقتەك مۇھىم ئاخباراتنى يەتكۈزۈپ بەردى. ئىسرائىلىيە بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن دەرھال ئارىئېل شارونىنى خىللانغان قوشۇننى باشلاپ ئاشۇ بوشلۇقتىن مىسىر ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مىسىر ئارمىيىسىنى كېسىپ مۇھاسىرە قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى.

ئۇرۇشنىڭ داۋاملىق كېڭىيىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلمىغان ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىشىنى، 242 - نومۇرلۇق قارارنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا لايىھە سۇندى. 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خەۋپسىزلىك كېڭىشى بۇ لايىھىنى قوللاپ 338 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللىدى. مىسىر، سۈرىيە، ئىسرائىلىيە 24 - چېسلا ئۇرۇش توختىتىشنى قوبۇل قىلدى، تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەبلەر 700 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر، ئالتە مىڭدىن ئارتۇق تانكا، بىر مىڭ 500 دىن ئارتۇق ئايروپىلان ئىشلەتتى، تۆت



مىڭدىن ئارتۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتتى. بۇ سانلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇرۇش ئارقىلىق ئىسرائىلىيە قانالنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى كىچىك بىر پارچە زېمىننى ئىشغال قىلىۋالدى. مىسىر سىناي يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى قايتۇرۇۋالدى. سۈرىيە بولسا قايتۇرۇۋالغان گولان ئېگىزلىكىنىڭ بىر قىسىم يېرىدىن يەنە ئايرىلىپ قالدى.

تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى «ئىسرائىلىيىنى يەڭگىلى بولمايدۇ» دەيدىغان ئەپسانىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئىسرائىلىيىگە تىنچلىقتا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ تەلىپىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ ئىسرائىلىيىنى قورال كۈچى بىلەن يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەكلىكىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى. ئۇرۇش جەريانىدا نېفىت چىقىدىغان ئەرەب دۆلەتلىرى «نېفىت ئېكسپورت قىلىش تەشكىلاتى» غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا نېفىت قورالىدىن پايدىلىنىپ كۈرەش قىلىپ، مىسىر، سۈرىيەلەرنىڭ ھەربىي كۈرىشىگە كۈچلۈك ياردەم بېرىپ، ئەرەب مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى نامايان قىلىپ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان دۇنياۋى نېفىت كرىزىسى ئارقىلىق، ئامېرىكىمۇ ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۆزىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. 1973 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1974 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كىسىنگېر مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە ۋە سۈرىيە بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى ھەربىي جەھەتتىن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قۇتۇلۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاتقۇزدى. 1977 - يىلى

تەختكە چىققان كات هۆكۈمىتى «ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك هەل قىلىش» نى ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ بىر مۇهىم نۇقتىسى قىلىپ، ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەبلەرنىڭ تىنچلىق سۆهبىتىنى پائال ئىلگىرى سۈردى.

## 2 § . ئىسرائىلىيىنىڭ خەۋپسىزلىك سىياسىتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە تۈزۈلمىسى

### 1. خەۋپسىزلىك مەسىلىسى ۋە خەۋپسىزلىك سىياسىتى

ئىسرائىلىيە مۇستەقىل بولغان كۈندىن باشلاپ، دۈشمەنلىشىش پوزىتسىيىسىدىكى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مۇهاسىرىسىدە قالدى. ئۇنىڭ يەر شەكلى تار — ئۇزۇنچاق بولغاچقا، دۈشمەننىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئاسان ئۇچرايتتى. شۇڭا، خەۋپسىزلىك مەسىلىسى ئىسرائىلىيە ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئىسرائىلىيە ئىچكى، تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى بولۇپ كەلدى.

ئىسرائىلىيىنىڭ خەۋپسىزلىك مەسىلىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى قارىشى پەرقلىق بولدى. لېكىن يىغىپ ئېيتقاندا، بۇنى شەخسىي خەۋپسىزلىك، چېگرا خەۋپسىزلىكى ۋە خەلقئارا خەۋپسىزلىكتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپكە بۆلۈشكە بولىدۇ.

شەخسىي خەۋپسىزلىك — خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى يېڭى ئۇقۇم هېسابلىنىدۇ. خەلقئارا تېررورلۇق غالجىرلاشقان بۈگۈنكى كۈندە خەۋپسىزلىك ئۇقۇمى شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ هەممە تەرەپلىرىگە ۋە شەخسلەرنىڭ جىسمانىي ۋە مال - مۈلۈك خەۋپسىزلىكىگە چېتىلدى. ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيە



ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان توقۇنۇش تۈپەيلىدىن، ئىسرائىلىيىدىكى يەهۇدىيلار هەمىشە خەلقئارا تېررورلۇقنىڭ، بولۇپمۇ ئەرەب ئەسەبىيلىرىنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىدىغان نىشانى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، 1972 - يىلىدىكى مىيۇنخېن ئولىمپىك تەنهەرىكەت يىغىنى مەزگىلىدە مۇسابىقىگە قاتناشقان ئىسرائىلىيىنىڭ 22 تەنهەرىكەتچىسى تېررورچىلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىندى ۋە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى؛ 1976 - يىلى نۇرغۇن يەهۇدىيلار چۈشكەن فرانسىيىنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانىنى تېررورچىلار ئۇگاندانىڭ پايتەختى ئېنتېببې ئايرودرومىغا بۇلاپ كېتىپ، ئايروپىلاندىكى ئىسرائىلىيىلىك 200 دىن ئارتۇق يەهۇدىينى تۇتقۇن قىلدى؛ 1992 - يىلى ئىسرائىلىيىنىڭ ئارگېنتىنادىكى ئەلچىخانىسىنى پارتلىتىپ، يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. 1996 - يىلى 2 - ئايدىن 3 - ئايغىچە تېررورچىلار ئىرۇسالېمدا ئۇدا تۆت قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش خاراكتېرىدە بومبا پارتلىتىپ، نەچچە ئون يەهۇدىي پۇقرانى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىدار قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇكسەك ئەهمىيەت بېرىشىنى قوزغىدى. مۇشۇ ئىشلار كۆزدە تۇتۇلۇپ، مىسىردىكى شام شەيختە خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە مەسلىهەت قىلىندى. قىسقىسى، شەخسلەرنىڭ خەۋپسىزلىك مەسىلىسى ئىسرائىلىيە بىخەتەرلىكىنىڭ مۇهىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئىسرائىلىيە پۇقرالىرى هازىر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان خەۋپسىزلىك مەسىلىسى بولۇپ قالدى. بەزى تەتقىقات مەركەزلىرىنىڭ 1993 - يىلى 1 - ئايدىكى تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا %85 ئىسرائىلىيىلىك كۈندىلىك تۇرمۇشتا هۇجۇمغا ئۇچراشتىن غەم يەيدىكەن.

چېگرا خەۋپسىزلىكى توغرىسىدا ئىسرائىلىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى موشې دايان «ئىسرائى-

لىينىڭ چېگرا مەسىلىسى» ناملىق كىتابىدا سىستېمىلىق توخ-
تالغان. ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: «ئىسرائىلىيىنىڭ چۆرىسىدى-
كى تەبىئىي شارائىت ئىنتايىن غەلىتە ۋە مۇرەككەپ ‹ خەۋپسىز-
لىك ›، مەسىلىسىنى پەيدا قىلدى. پۈتكۈل ئىسرائىلىيە دۆلىتى
بىر چېگرا سىزىقىدىن ئىبارەت. ئىسرائىلىيىنىڭ خەۋپسىزلىكى-
دە ئاز ئۇچرايدىغان جۇغراپىيىلىك ئاجىزلىق بار. ئەرەب دۆلەت-
لىرى بىلەن بولغان قاتتىق دۈشمەنلىشىش بۇنداق ئاجىزلىقنى
تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىزچىل
‹ ئېتىراپ قىلماسلىق ›، سىياسىتى تۈپەيلىدىن، ئىسرائىلىيىنىڭ
چېگرا ‹ خەۋپسىزلىكى › گە ئادەتتىكى توقۇنۇش ئەندىزىسى بويىچە
مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدۇ» . جۇغراپىيە جەھەتتىن قارىغاندا،
1967- يىلىدىن ئىلگىرى ئىسرائىلىيە زېمىنىنىڭ شەكلى دەز-
مالغا ئوخشاش بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى
تۇزلەڭلىكى ئىنچىكە قولغا ئوخشايدۇ. ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومې-
تىر، كەڭلىكى 20 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ ئىنچىكە «بەل»
نى ئاسان ئۈزۈۋېتىپ، ئىسرائىلىيە زېمىنىنى ئىككىگە ئايرىۋەت-
كىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتكۈل ئىسرائىلىيە زېمىنى،
بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېغىر سانائەت مەركىزى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئوقى
يېتىدىغان ئارىلىقتا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چېگرا خەۋپسىز-
لىكى ئىسرائىلىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سىياسىتىگە ۋە دىپلوماتى-
يە سىياسىتىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.
خەلقئارا خەۋپسىزلىك يىغىپ ئېيتقاندا، خەلقئارا جەمئىيەت-
تە سىياسىي جەھەتتە مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە
قامال قىلىش پەيدا قىلغان ئاقىۋەتتىن قۇتۇلۇش بولۇپ، تاشقى
دۇنيا بىلەن مۇقىم دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەت.
ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، ئىس-
رائىلىيە غەرب تەرىپىدىكى ئوتتۇرا دېڭىز يولىدىن باشقا يول
ئارقىلىق سىرتقى دۇنيا بىلەن پەقەت ئالاقە قىلالماي، خەلقئارا


جەمئىيەتتە قاتمۇ قات مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر
ھېس قىلغانىدى. 1956 - يىلىدىن كېيىن ئەھۋال سەل ياخشى-
لاندى. لېكىن ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن
كېيىن نۇرغۇن دۆلەتلەر ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسى-
ۋەتنى ئۈزۈپ، ئۇنى يېتىم ھالەتكە چۈشۈرۈپ، دىپلوماتىيە ۋە
تاشقى سودا جەھەتلەردە ئۇزۇنغىچە قىيىن ھالدا قويدى.
چېگرا خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىسرا-
ئىلىيە قورال كۈچى ئىشلىتىشتىن يانماي ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ
زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى
ئۆزگەرتىشنى بىر نەچچە قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا
ئىستراتېگىيىلىك نىشانلىرىنىڭ بىرى قىلدى. مەسىلەن،
1949- يىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ب
د ت نىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش قارارىدا پەلەستىن دۆلىتىگە ئايرىپ
بەرگەن ئالتە مىڭ 220 كۋادرات كىلومېتىر ئىستراتېگىيىلىك
ئەھمىيەتكە ئىگە زېمىننى ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالدى؛
1967 - يىلىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى
ئارقىلىق، ئىسرائىلىيە ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى-
نى، شەرقىي ئېرۇسالېمنى ۋە گولان ئېگىزلىكىنى ئىشغال
قىلىپ، ئىنچىكە «بېلى» نى توملاتتى ھەمدە ئىستراتېگىيىلىك
ئېگىزلىكلەرنى كونترول قىلىۋالدى؛ 1982 - يىلىدىكى لىۋان
ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىسرائىلىيە لىۋاننىڭ جەنۇبىدا «خەۋپسىز-
لىك» رايونى قۇرۇپ، شىمالىي رايونلارنىڭ بىۋاسىتە ھۇجۇمغا
ئۇچرىشىدىن مۇداپىئە كۆردى. بۇ ئىستراتېگىيىلىك قىممەتكە
ئىگە زېمىنلارنى مەڭگۈلۈك ئىشغال قىلىۋېلىش مەقسىتىگە يې-
تىش ئۈچۈن، ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن
كېيىن ئىسرائىلىيە «خەۋپسىز چېگرا» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى. 4 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئىسرائىلىيە-
لىكلەرگە پەقەت ئەرەبلەر بىلەن تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا

ئىسرائىلىيىنىڭ چېگرا خەۋپسىزلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇتتى. ئىسرائىلىيىنىڭ سابىق زوڭلىسى شىمون پېرىس (1923 — ) «يېڭى ئوتتۇرا شەرق» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: «بىزگە كېرەكلىكى سۇ ئۆتمەس قاتتىق چېگرا ئەمەس، يۇمشاق چېگرا. چېگرا قورۇق تام ئەمەس، بىزگە قورۇق تام بىلەن ئۆزىمىزنى قورشاپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنداق قىلغاندا ھەر نېمە قىلغان بىلەن چېگرىنىڭ ئىككى چېتىدىكى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى مۇستەھكەم بولالمايدۇ.»

تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئىسرائىلىيە تېررورلۇققا زەربە بېرىش ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ، تېررورچىلارنىڭ پىلانلىرىنى كۆپ قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بىتچىت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سىستېمىلىق خەۋپسىزلىك تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تېررورچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆردى. لېكىن، ئىسرائىلىيە تېررورلۇق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەي ئۆچ ئېلىپ، بىگۇناھ ئەرەب پۇقرالىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى.

خەلقئارا خەۋپسىزلىك مەسىلىسى ئىسرائىلىيىنىڭ تاشقى سىياسەت تۈزۈشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. ئىسرائىلىيە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىنى ۋە خەلقئارانىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى خەلقئارا خەۋپسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تاشقى شەرتى، دەپ قارىدى. ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، فرانسىيە قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاخىر ئامېرىكا بىلەن ئەمەلىيەتتىكى ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. ئىسرائىلىيە ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، ئىقتىسادىي، تېخنىكا ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتلەردىن ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئۈچىنچى دۇنيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇنا-



سىۋەتنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى قامال قىلىشىنى بۇزۇۋەتتى. بۇ ھەقتە كېيىن تەپسىلىي توختىلىمىز.

## 2. دۆلەت مۇداپىئە تۈزۈلمىسى

دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىسرائىلىيە ئەتراپلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك دۆلەت مۇداپىئە تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلدى. ئۇنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئىچكى كابىنېت ۋە زوڭلى قولىدا تۇتتى. 1973 - يىلى 10 - ئايدىن كېيىن ئىسرائىلىيە ئىچكى كابىنېتىدا دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلاردا تەدبىر بەلگىلەش ئورگىنى قىلىندى. بۇ كومىتېتقا زوڭلى رەئىس بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئالىي تەدبىر بەلگىلىگۈچى، شۇنداقلا قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئالىي قوماندانى بولدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنى مۇلكىي ئەمەلدار ئۈستىگە ئېلىپ، ئارمىيىنى باشقۇرۇش ۋە ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، پۈتكۈل دۆلەت مۇداپىئە سىستېمىسىغا رەھبەرلىك قىلدى. باش شتاب باشلىقىنى زوڭلى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ئۈچ ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ۋە ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىگە مەسئۇل قىلدى.

ئىسرائىلىيە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى — ئىسرائىلىيىنىڭ قوراللىق كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسرائىلىيە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى 1948 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قۇرۇلدى. قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ باش شتاب باشلىقى ئارقىلىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. پۈتۈن ئىسرائىلىيە شىمالىي قىسىم ئۇرۇش رايونى، ئوتتۇرا قىسىم ئۇرۇش رايونى ۋە جەنۇبىي قىسىم ئۇرۇش رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ ئۇرۇش رايونىغا

ئايرىلغان. دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى دائىمىي قوشۇن ۋە زاپاس قوشۇندىن تەركىب تاپقان. دائىمىي قوشۇننىڭ كۆلىمى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئادەم سانى ئومۇمىي ئەسكەر سانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، مەجبۇرىي خىزمەت ئۆتەيدىغان ئەسكەرلەر ۋە كەسپىي ھەربىيلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. زاپاس قوشۇن ئىسرائىلىيە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇپ، ئادەم سانى ئومۇمىي ئەسكەر سانىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، جەمئىي 430 مىڭ ئادىمى بار. ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى «ئېلاستىكىلىق»قا ئىگە قوشۇن بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەمئىيەتنىڭ ھەربىيلىشىشىنى ۋە ئارمىيىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىسرائىلىيىنىڭ خەۋپسىزلىك مۇھىتىغا ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىسرائىلىيىنىڭ دۆلەت ئىستراتېگىيىسى ۋە ئىدىيىسىدە مۇنداق بىرنەچچە پرىنسىپ تەكىتلىنىدۇ: بىرىنچى، ئۆزىنى كۈچەيتىپ، قارشى تەرەپكە تەھدىت سېلىش تەكىتلىنىدۇ. ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتكەندىلا، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرگىلى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بەرگىلى بولىدىغانلىقىغا، ئەمەلىي كۈچ بىلەن تەھدىت سېلىش ئارقىلىق ئەرەب دۆلەتلىرىگە ئىسرائىلىيىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇتقىلى بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. تۆت قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى، بولۇپمۇ 1973 - يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەرەب دۆلەتلىرى ئىسرائىلىيىنى يوقىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. ئىككىنچى، ئاۋۋال قول سېلىپ، دۈشمەنگە چېگرا سىرتىدا تاقابىل تۇرۇشنى تەكىتلىدى. بۇ ئىدىيىدە ئىسرائىلىيە زېمىنىنىڭ كىچىكلىكى، مۇھىم شەھەرلەرنىڭ چېگرىغا يېقىنلى-



قى، ئۈچ تەرەپتىن دۈشمەننىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدىغان پايدىسىز ئامىل كۆزدە تۇتۇلغان. پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئىسرائىلىيە ھەمىشە مۇداپىئە كۆرۈش خاراكتېرىدىكى زەربە بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، قارشى تەرەپكە ئاۋۋال ھۇجۇم قىلىدۇ. قىسمەن ئۈستۈنلۈكتىن پايدىلىنىپ دۈشمەننى تېز يوقىتىپ، ئۇرۇشنىڭ يېتەكچىلىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋالىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇشنى دۈشمەن چېگرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، دۈشمەن دۆلىتىنىڭ زېمىنىنى ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك سەپ چوڭقۇرلۇقى قىلىدۇ. يەنى «سۈنئىي ئىستراتېگىيىلىك سەپ چوڭقۇرلۇقى» پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئىسرائىلىيە خەلقئارا قانۇنغا پۈتۈنلەي پەرۋا قىلمىدى. مەسىلەن، ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئىسرائىلىيە ئاۋۋال قول سېلىپ، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى تېزلىك بىلەن ۋەيران قىلدى. 1981 - يىلى ئىراقنىڭ ئاتوم قازىنىنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئىسرائىلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنى ئىئوردانىيە ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ، ئۇزۇن يول بېسىپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۈچىنچى، تېز جەڭ قىلىپ، تېز غەلىبە قىلىشنى، بىر - بىرلەپ تار مار قىلىشنى تەكىتلىدى. ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچى چەكلىك بولغاچقا، ئىسرائىلىيە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش سېلىقىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغىمۇ ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئىسرائىلىيە ھەربىي جەھەتتە تېز جەڭ قىلىپ تېز غەلىبە قىلىش، بىر - بىرلەپ تار مار قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئارمىيىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارىي قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. تېز جەڭ قىلىپ، تېز غەلىبە قىلغاندا، دۈشمەننىڭ ئارام ئېلىۋېلىشىغا ۋە قايتۇرما ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرۇشىغا ھەرگىز ۋاقىت بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۆزىدە بولىدىغان ئۇلۇش - يارىلىنىشنى ۋە ھەربىي چىقىمنى ئەڭ زور چەك ئىچىدە ئازايتالايدۇ؛ بىر - بىرلەپ تار مار قىلغاندا ئۈستۈن ئەسكىرىي

كۆچنى توپلاپ، ئاساسلىق دۈشمەنگە زەربە بېرەلەيدۇ. تۆتىنچى،
سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرىكەتچان بولۇشنى تەكىتلىدى.
ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىنىڭ ساپاسىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ.
ئوفىتسېر ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسى، قۇربان بېرىش
روھى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تېخنىكا قابىلىيىتى، كۈرەش
ئۇنۇمى ۋە قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن گەۋدىلىك.
دەل شۇنداق بولغاچقا ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى ھوقۇقنى مەركەز-
لەشتۈرۈش بىلەن تارقاقلاشتۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوماندانلىق
قىلىش تۈزۈلمىسىنى قوللىنىپ، جەڭ مەيدانىدىكى قوماندانلار-
نىڭ مۇستەقىل قوماندانلىق قىلىشىغا دادىل يول قويىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇپ،
ئۇرۇشتىكى جانلىقلىقنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بەشىنچى، ئاخبا-
راتقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىشنى تەكىت-
لەيدۇ. ئىسرائىلىيە ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن، دۇنياغا مەشھۇر يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاخبارات تار-
ماقلىرىنى قۇردى.

## § 3 . تىنچلىقنىڭ ئۇزۇن يولى

### 1 . ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ دەسلەپ-
### كى ۋاقىتلاردىكى ئۇچرىشىشى

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى زىئونىزم پۈتۈن يەر شارىدا
سىياسىي ھەرىكەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە
ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ
تارىخى يۈز يىلدىن ئېشىپ كەتتى. 1948 - يىلى ئىسرائىلىيە
دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ «ئەسىرلىك توقۇنۇش» دۆلەتلەر
ئارىسىدىكى ئىككى تەرەپ ياكى كۆپ تەرەپ ئۇرۇشى شەكلىدە
بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئا-



رالىق تالاش - تارتىشنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالدى.
بۇ توقۇنۇش باشلىنىش بىلەن ئىسرائىلىيە ۋە ئەرەب دۆلەت-
لىرى ئۆزئارا تالاش - تارتىشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش
ئۈستىدە ئىزدەندى. 1948 - يىلىدىن ئىلگىرىكى ئىككى تەرەپ-
نىڭ ئۇچرىشىشى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بۇ يەردە 1948 -
يىلىدىن كېيىنكى ئەھۋال ئۈستىدە توختىلىمىز. بىرىنچى قېت-
ىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل-
لىيە مېير خانىمنى ئىئوردانىيە پادىشاھى ئابدۇللا بىلەن مەخپىي
ئۇچرىشىشقا ئەۋەتىپ، پەلەستىن رايونىنىڭ كەلگۈسىدىكى سىيا-
سىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر
ئالماشتۇردى. بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن
كېيىن ئىسرائىلىيىدە شارىت ۋەكىللىكىدىكى تىنچلىق تەرەپدار-
لىرى قورال كۈچى سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، خەلقئارا جەمئى-
يەتتىكى كۈچلەرگە تايىنىپ، ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇ-
رىسىدىكى توقۇنۇشنى، دىپلوماتىك ۋاستە ئارقىلىق تىنچلىق
بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. 1950 - يىلى 2 - ئايدا
ئىسرائىلىيە بىلەن ئىئوردانىيە تىنچلىق شەرتنامە لايىھىسى تۈ-
زۈپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا نورمال سودا ۋە ساياھەت پائالى-
يەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، ئېرۇسالېمنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي
رايونلىرىدىكى ھەرقايسى دىنلارنىڭ مۇقەددەس جايلىرىغا ئەركىن
كىرىش، ھايفادا ئىئوردانىيىگە ئەركىن پورت رايونى قۇرۇپ
بېرىش، ئىككى دۆلەت چېگرىسىنى بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەس-
لىك، ھەل بولماي قالغان مەسىلىلەرنى بىرلەشمە كومىتېت ھەل
قىلىش قاتارلىقلارنى بەلگىلىدى. لېكىن بۇ لايىھە ئىئوردانىيە
ئىچكى كابىنېتىنىڭ، ئىئوردانىيىدىكى پەلەستىنلىكلەرنىڭ ۋە ئە-
رەب ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. مۇشۇنداق
بېسىم ئاستىدا، پادىشاھ ئابدۇللا لايىھىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى
ۋە تەستىقلىنىشىنى كېچىكتۈرۈشنى قارار قىلىشقا مەجبۇر بول-

دى. كېيىن پادىشاھ ئابدۇللا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، ئىسرائىلىيە بىلەن ئىئوردانىيە ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي سۆھبەتمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

1952 - يىلى مىسىردا جامال ئابدۇل ناسىر ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئىسرائىلىيىگە زۇڭلى بولغان شارىت مىسىر بىلەن چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ جامال ئابدۇل ناسىر بىلەن خەت ئالماشتۇردى ھەمدە ئامېرىكىنى ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىرنى مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئورۇنلاشتۇرغۇزماقچى بولدى. ۋەھالەنكى، 1955 - يىلىغا كەلگەندە مىسىر بىلەن چېخ - سلوۋاكىيە نۇرغۇن پۇللۇق قورال سودىسىدا كېلىشكەنلىكتىن، ئامېرىكا ئەرەب دۆلەتلىرىنى يېنىغا تارتىپ باغدات شەرتنامىسى تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئىسرائىلىيىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. بېن گۇرىئون قايتىدىن زۇڭلى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيىدىكى قاتتىق قوللۇق تەرەپدارلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 1956 - يىلى ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەت ئاساسەن توختاپ قالدى. 60 -، 70 - يىللاردا ئەرەب دۆلەتلىرى ئىچىدە پەقەت ئىئوردانىيە پادىشاھى ئىبىن تالال ھۈسەيىن ئىسرائىلىيە رەھبەرلىرى بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۈيىنى تەقسىم قىلىش، ئاقابا قولتۇقىنىڭ مۇھىتىنى قوغداش ۋە ئاۋىئاتسىيە بىخەتەرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭىشىپ تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسرائىلىيە ماراكەش پادىشاھى ھەسەن II بىلەنمۇ مەلۇم مەخپىي ئۇچرىشىشنى ساقلاپ كەلدى. 1978 - يىلىدىكى ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىرنىڭ ئۇچرىشىشىدا ھەسەن II مۇھىم رول ئوينىدى.



## 2. داۋىد لاگىرى كېلىشىمى

ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىسرائىلىيىدىكى بەزى مۆتىدىل كۈچلەر چېكىدىن ئاشقان ئوڭ قانات مىللەتچى سىياسىي پارتىيە ۋە دىنىي پارتىيىلەرنىڭ 1967 - يىلىدىكى ئۇرۇش توختىتىش سىزىقىنى چېگرا قىلىپ «بۈيۈك ئىسرائىلىيە» لايىھىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قاتتىق مەيدانىغا قارشى تۇرۇپ، ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان مۇتلەق كۆپ قىسىم، ھەتتا ھەممە ئەرەب زېمىنىدىن تەدرىجىي ۋاز كېچىشنى ھەمدە پەلەستىن خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسلىقى تىنچلىق ۋە باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش دېموكراتىك فرونتى، تىنچ تەرەققىي قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش پارتىيىسى قاتارلىق پارتىيە - گۇرۇھلار ۋەكىللىك قىلدى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرى ئىسرائىلىيىدىكى ئەرەبلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، تەسىر كۈچى چەكلىك بولدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىسرائىلىيە لېيبورىستلار پارتىيىسى ۋە ئەينى چاغدا لېيبورىستلار پارتىيىسى ئىتتىپاقىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيىسى، پۇقرالار ھوقۇقى پارتىيىسى قاتارلىقلار بىر قەدەر مۆتىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئىشغال قىلىۋېلىنغان كۆپ قىسىم زېمىننى قايتۇرۇپ بېرىش ھېسابىغا ئەرەبلەرنىڭ ئىسرائىلىيىنى ئېتىراپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە مايىل بولدى. لېكىن ئۇلار ئېرۇسالېم كونا شەھىرىدىن ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ خەۋپسىزلىكىدە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بىر قىسىم رايونلاردىن ۋاز كېچىشنى خالىمىدى. ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىن مەسىلىسى ئۈستىدە لېيبورىستلار پارتىيىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە تۆت لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ لايىھەلەردە ھەم ئىسرائىلىيىنىڭ دۆلەت قۇرۇش پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىش، ھەم ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ

بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.

تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا تېخىمۇ كۆپ ئىسرائىلىيىلىكلەر ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىن مەسىلىسى ھەل بولمىغۇچە ئىسرائىلىيىنىڭ ھەقىقىي خەۋپسىزلىككە ۋە تىنچلىققا ئېگە بولالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئامېرىكىمۇ ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىسرائىلىيىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنىڭدىن ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىسرائىلىيە ئەرەب دۇنياسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى مىسىر بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىشنى قارار قىلىپ، توقۇنۇشنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ باقماقچى بولدى. ماراكەش پادىشاھى ھەسەن II فرانسىيە مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئىسرائىلىيىنىڭ دايياننى ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەۋەتىپ، مىسىر بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايدىغان تىنچلىق ئارزۇسىنى بىلدۈرگەنلىكىنى، ئۇ بۇ مۇھىم خەۋەرنى مىسىرنىڭ زۇڭتۇڭى ساداتقا يەتكۈزگەندىن كېيىن ساداتنىڭ ئىجابىي جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئەسلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىر ئىككى تەرەپ راباتتا مەخپىي ئۇچراشتى، ئىسرائىلىيە زۇڭلىسى مېناخېم بېگىننىڭ تەلىپىگە بىنائەن، مىسىر زۇڭتۇڭى سادات 1977 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئېرۇسالېمنى رەسمىي زىيارەت قىلدى. بۇ ئىش دۇنيادا زىلزىلە قوزغىدى ھەمدە ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىرنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ساداتنىڭ ئېرۇسالېم سەپىرىدە ئىپادىلىگەن ئەقىل - پاراسىتى ۋە جاسارىتى، شەكسىزكى، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپە تارىخىدا مەڭگۈلۈك ئىز بولۇپ، ئەبەدىي كۆمۈلمەيدۇ.

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى جىم كاتېرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بېگىن بىلەن سادات 1978 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئامېرىكىنى



تەڭ زىيارەت قىلدى. ئۈچ تەرەپ داۋىد لاگېرىدا ئون ئىككى كۈن جاپالىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پروگراممىسى» ۋە «مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالاش توغرىسىدىكى پروگرامما» نى، يەنى داۋىد لاگېرى كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە مۇنداق بەلگىلەندى: مىسىر ۋە ئىسرائىلىيە ئىئوردانىيە بىلەن ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا ۋە گازا رايونىدا سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ شەكلىنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدۇ؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بەش يىللىق ئۆتكۈنچى دەۋردە يۇقىرىقى ئىككى جاينىڭ ئاخىرقى ئورنىنى ئالاقىدار تەرەپلەر سۆھبەتلىشىپ بەلگىلەيدۇ؛ ئىسرائىلىيىنىڭ پاراخوتلىرى سۇۋەيش قولتۇقىدا ۋە سۇۋەيش قانىلىدا ئەركىن قاتناش ھوقۇقىغا ئىگە؛ ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى سىناي يېرىم ئارىلىدىن باسقۇچقا بۆلۈپ چېكىنىپ چىقىدۇ. 1979 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىر تىنچلىق شەرتنامىسىنى رەسمىي ئىمزالىدى. شەرتنامىدا ئىسرائىلىيىنىڭ باسقۇچقا بۆلۈپ ئۈچ يىلدا سىناي يېرىم ئارىلىدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈپ كېتىشى، ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىر مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىككى تەرەپ تەستىق گۇۋاھنامىلىرىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىنكى ئون ئاي ئىچىدە پەلەستىنىنىڭ ئاپتونومىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بەلگىلەندى.

داۋىد لاگېرى كېلىشىمى ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىر تىنچلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەبلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى نامايەندە بولدى. ئۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ تالاش - تارتىشلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇز يىلغا

سوزۇلغان ئۇرۇش ھالىتىگە خاتىمە بەردى. ئىككى ھۆججەتتە
پەلەستىن خەلقىنىڭ مىللىي ھوقۇقى قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەردە
كەينىگە سۈرەش، ئۆزىنى قاچۇرۇشتەك پاسسىپ پوزىتسىيە قول-
لىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇر-
سىدا تۇنجى قېتىم ھاسىل قىلىنغان رەسمىي تىنچلىق كېلىشىم
شەرتنامىسى بولغاچقا، مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 3. لىۋان ئۇرۇشىدىن مادرىد سۇلھى كېڭىشىگىچە

داۋىد لاگېرى كېلىشىمى، ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىر ئوتتۇ-
رىسىدىكى سۇلھى شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئىسرائىل-
يە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بەزى ئىجابىي ئۆزگە-
رىشلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ، سۇلھى شەرتنامىسىدە ئىسرائىل-
يە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى توقۇنۇشىدىكى يادرولۇق مەسىلە —
پەلەستىن مەسىلىسى ھەل قىلىنمىغاچقا، ئەرەب دۆلەتلىرى ئى-
چىدە ئېغىر پارچىلىنىش بولۇپ، ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇسا-
پىسىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكۈز-
دى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ئىشغال قىلىۋې-
لىنغان زېمىن مەسىلىسىدە بۇرۇنقى قاتتىق مەيدانىنى ئۆزگەرت-
مەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئەرەب دۇنياسىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىش-
تەك ھالىتىدىن پايدىلىنىپ زېمىن ئىگىلەش ھەرىكىتىنى كۈ-
چەيتتى. ئىسرائىلىيە پارلامېنتى 1980 - يىلى «ئېرۇسالېم
قانۇنى» ماقۇللاپ، ئېرۇسالېمنى ئىسرائىلىيىنىڭ «مەڭگۈلۈك،
ئايرىلماس پايتەختى» دەپ جاكارلاپ، شەرقىي ئېرۇسالېم (ئې-
رۇسالېم كونا شەھرى) نى رەسمىي ئىگىلىۋالدى. 1981 - يىلى
ئىسرائىلىيە پارلامېنتى گولان ئېگىزلىكىدە ئىسرائىلىيىنىڭ قا-
نۇنىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇ يەرنى ئىسرائىلىيىگە
قوشۇۋالدى. بىكىن ھۆكۈمىتى ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي
قىرغىقىغا ۋە گازا رايونىغا ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى تەشەب-



بۇس قىلىپ، بۇ «ئىجازەت قىلىنغان زېمىن» نىڭ ئايرىلماس
تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، زېمىن ھەققىدىكى ھەرقانداق مۇ-
رەسسەنى رەت قىلدى ھەمدە ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىندا يەھۇ-
دىيلارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرى قۇرۇشنى تېزلەتتى. ئىسرائىلىيە
1982 - يىلى 6 - ئايدا لىۋانغا كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قوزغىدى.
ئىسرائىلىيە لىۋان چېگرىسى ئىچىدىكى پەلەستىن ئازادلىق
تەشكىلاتىنىڭ بازىسىنى كۆزگە قادالغان مىخ دەپ بىلىپ، ئۇنى
يۇلۇۋېتىپ، شىمالىي چېگرىسىغا كېلىدىغان خەۋپنى يوقىتىش
نىيىتىدە بولۇپ كەلدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى شارون
ئىسرائىلىيە لىۋاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىۋېلىش مەقسى-
تىدە كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت قوللانسا بولىدىغانلىقىنى
ئاشكارا تىلغا ئالدى. ئىسرائىلىيىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش
ئەلچىسى 1982 - يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كېچىسى قەستكە
ئۇچراپ يارىلاندى. ئىسرائىلىيە ئىچكى كابىنېتى دەرھال يىغىن
ئېچىپ، «گالىلى تىنچلىق ھەرىكىتى» دېگەن نام بىلەن لىۋانغا
كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاشنى قارار قىلدى. 6 - ئاينىڭ
4 - ۋە 5 - كۈنلىرى ئىسرائىلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنى ئىشقا
سېلىپ، بېيرۇتنى ۋە لىۋاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى قاتتىق بوم-
باردىمان قىلىپ ھەم كەڭ كۆلەمدە توپقا تۇتۇپ، ئۇرۇشنىڭ
مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈچ لىنىيە
بىلەن ئەسكەر ئەۋەتىپ لىۋانغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ
كىرىپ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا، سۈرىيە قوشۇنلىرىغا
قاتتىق زەربە بېرىپ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ 12 مىڭ
قوراللىق ئادىمىنى بېيرۇتتىن ئايرىلىپ سەككىز ئەرەب دۆلىتىگە
تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى ھەمدە سۈرىيىنىڭ لىۋاندىكى
بىقاھ جىلغىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان سام — 6 ناملىق باشقۇرۇلىدى-
غان بومبا بازىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئىسرائىلىيە بىلەن لىۋان
1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئامېرىكىنىڭ كېلىشتۇرۇشى

ئارقىسىدا، ئەسكەر چېكىندۈرۈش ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى، بەش
ئاي سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 1983 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 -
كۈنى ئەسكەر چېكىندۈرۈش كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئىسرائىلىيە
ئارمىيىسى ئەسكىرىنى قىسمەن چېكىندۈرۈشنى باشلىدى. سۈرى-
يە، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ۋە لىۋاندىكى گۇرۇھلارنىڭ
قارشىلىشىشى كۈچىيىپ كەتكەنلىكتىن، لىۋان تەرەپ كېلىشىم-
نى تەستىقلىمىدى. لىۋان ھۆكۈمىتى 1984 - يىلى 3 - ئاينىڭ
5 - كۈنى كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى رەسمىي جاكار-
لىدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا ئىسرائىلىيە تەرەپ دۆلەت ئىچىدىكى
سىياسىي، ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلاشقانلىقى
تۈپەيلىدىن، ئىسرائىلىيە بىلەن سۈرىيىنىڭ تەڭ ئەسكەر چېكىن-
دۈرۈشىنى ئەسكەر چېكىندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىشتا
چىڭ تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن كېيىن ب د ت نىڭ
رىياسەتچىلىكىدە، ب د ت نىڭ لىۋاندا تۇرۇشلۇق ۋاقىتلىق
قوشۇنىنىڭ قوماندانى ۋىلىيام كاللاگان لىۋان ئارمىيىسى تەرەپ
بىلەن سۆھبەتلەشتى. 1985 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى
ئىسرائىلىيە ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ لىۋاندىن ئەسكەر چېكىندۈرىدى-
غانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەسكىرىنى
چېكىندۈرۈپ بولدى. لېكىن ئىسرائىلىيە لىۋاننىڭ جەنۇبىي
قىسمىدا ئاتالمىش «خەۋپسىز» رايوننى ئىشغال قىلىپ تۇردى
ھەمدە ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى جەنۇبىي
لىۋان ئارمىيىسىنى يۆلىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش بىلەن ئىسرا-
ئىلىيە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى
چېگرىغا سالىدىغان ھەربىي تەھدىتىدىن قۇتۇلدى. لېكىن، ئۇ-
رۇشنىڭ ۋاقتى بەك ئۇزىراپ كەتكەنلىكتىن، ئىسرائىلىيىنىڭ
ھەربىي خىراجەت چىقىمى 1982 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە
بولغان ئۈچ يىلدا بىرنەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ،
دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كرىزىس تېخىمۇ ئې-



غىرلىشىپ كەتتى، بولۇپمۇ ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىنىڭ خرىس-
تىئان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ بېيرۇتتىكى مۇساپىرلار لاگېرىدا
قىرغىنچىلىق قىلىشىغا يول قويۇقى خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ
ئەيىبلىشىنى قوزغىغاندا، ئىسرائىلىيىدىمۇ غايەت زور نارازىلىق
دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارا جەمئىيەتمۇ ئىسرائىلىيە بى-
لەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك
ھەل قىلىشنى، بولۇپمۇ پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقى ۋە
جىددىيلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەئىتىنى قوغداش
ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى ئوبرازىنى ياخشىلاش ئۈچۈن،
1982- يىلى 9 - ئايدا ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا شەرق مەسىلى-
سىنى ھەل قىلىدىغان «يېڭى سىياسەت» نى ئوتتۇرىغا قويدى.
«يېڭى سىياسەت» تە مۇنداق تەكىتلەندى: ئىسرائىلىيىنىڭ ئۆزد-
نىڭ خەۋپسىزلىكىگە نورمال كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن پەلەستىن
خەلقىنىڭ مىللىي ھوقۇقىنى ماسلاشتۇرۇش كېرەك؛ پەلەستىن
خەلقىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىئوردان دەريا-
سىنىڭ غەربىي قىرغىقى ۋە گازا رايونىدىكى پەلەستىنلىكلەرنىڭ
ئىئوردانىيە بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئاپتونومىيە ئورگىنى قۇرۇ-
شىغا قوشۇلىدۇ؛ ئېرۇسالېمنىڭ ئورنى بېكىتىلمىدى؛ ئىسرائىد-
لىيىنىڭ غەربىي قىرغاقنى ۋە گازانى بېسىۋېلىشىغا ياكى مەڭگۈ
كونترول قىلىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇلىدۇ؛ مۇستەقىل پەلەستىن
دۆلىتى قۇرۇشقا قارشى تۇرۇلىدۇ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلا-
تى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. شۇ ئايدا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ 12 -
نۆۋەتلىك دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى پېز پىلانىنى ماقۇللىدى.
پېز پىلانى ئىسرائىلىيىنىڭ 1967 - يىلىدىن كېيىن ئىشغال
قىلىۋالغان ھەممە ئەرەب زېمىنىدىن، جۈملىدىن ئەرەبلەرنىڭ
مۇقەددەس يېرى ئېرۇسالېمدىن چىقىپ كېتىشىنى ھەمدە ئىشغال

قىلىۋېلىنغان مۇشۇ يەرلەردە قۇرغان يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراق
مەھەللىلىرىنى بۇزۇۋېتىشنى؛ پەلەستىن خەلقى ئۆزىنىڭ بىر-
دىنبىر قانۇنلۇق ۋەكىلى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە تولۇق مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بو-
لۇشنى ھەمدە ئاخىرى ئېرۇسالېم پايتەخت قىلىنغان مۇستەقىل
پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇشنى؛ ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ
بۇ رايوندىكى ھەربىر دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە ۋە تىنچلىقىغا
كاپالەتلىك قىلىشىنى تەشەببۇس قىلدى. پېز پىلانى ئەرەب دۆ-
لەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى تۇنجى
قېتىم «يوشۇرۇن» ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى، ئوتتۇرا
شەرقنىڭ تىنچلىق ئىشلىرىنى ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا تارتىۋې-
لىشىنى توسۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شۇ ئايدا «ئالتە
پرىنسىپ» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسرائىلىيىنىڭ 1967 - يىلى-
دىن بۇرۇنقى چېگرىغا قايتىپ كېتىشىنى، مۇستەقىل پەلەستىن
دۆلىتى قۇرۇپ، ئۇنى ب د ت خەلقئارا كاپالەت بىلەن تەمىنلەش-
نى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئورتاق رىياسەتچىلىك
قىلغان ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق سۆھبىتى بويىچە خەلقئارا يىغىن
ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. 1985 - يىلى ئىئوردانىيە پادىشاھى
ھۇسەيىن بىلەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ئارا-
پات كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، بىرلەشمە ھەرىكەت قوللىنىپ،
ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈستىدە
ئىزدىنىشنى بەلگىلىدى. ئىئوردانىيە بىلەن پەلەستىن كېلىشى-
مىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە: ئىسرائىلىيە 1967 -
يىلى ئىشغال قىلىۋالغان ھەممە ئەرەب زېمىنىدىن چىقىپ كېتى-
شى كېرەك؛ ئىئوردانىيە بىلەن پەلەستىن ئىئوردانىيە - پەلەس-
تىن ئىتتىپاقى قۇرىدۇ؛ خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا
بەش دۆلەت ۋە توقۇنۇشقا ئالاقىدار دۆلەتلەر قاتناشقان خەلقئارا
يىغىن ئېچىش، ئىئوردانىيە بىلەن پەلەستىن ۋەكىللەر ئۆمىكى



تەشكىللەپ يىغىنغا قاتناشتۇرۇشى كېرەك. ئىسرائىلىيە ئۆز
مەيدانىدا تۇرغانلىقى ۋە يۇقىرىقى تەشەببۇسقا قارشى تۇرغانلىق-
تىن، بۇ ئارىلىقتا تىنچلىق مۇساپىسىدە ئىجابىي ئىلگىرىلەش
بولمىدى.
ئەلۋەتتە، كۈچلۈك ئىچكى - تاشقى بېسىم ئاستىدا ئىسرائى-
لىيە ھۆكۈمىتى ئانچە - مۇنچە تىنچلىق پوزىتسىيىسى بىلدۈرۈش-
كە مەجبۇر بولدى. ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىندا 1987 - يىلى
پەلەستىنلىكلەرنىڭ مىسلىسىز كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى پارتى-
لاپ، ئىسرائىلىيىنىڭ ئىگىلىكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى،
دۆلەت ئىچىدىكى خەۋپسىزلىككە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلدى.
ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى بۇ رايونلاردىكى ئاھالىنىڭ ئاپتونومىيە
ھوقۇقى ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىش
رامكىسى ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەكلىكىنى تەدرىجىي
تونۇپ يەتتى. 1988 - يىلى 11 - ئايدا پەلەستىن دۆلىتىنىڭ
قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى ھەمدە خېلى كۆپ دۆلەتلەر تەرىپىدىن
ئېتىراپ قىلىندى. ئامېرىكىمۇ پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنى
ئېتىراپ قىلمايدىغان بۇرۇنقى مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، پەلەستىن
دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە پەلەستىن ئازاد-
لىق تەشكىلاتى بىلەن سۆزلەشتى. بۇلار ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى-
نى چۆچۈتتى، شۇنداقلا ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىنى ئاكتىپ تەدبىر
قوللىنىپ يېتىم قالىدىغان پاسسىپ ھالەتتىن قۇتۇلۇشقا مەجبۇر
قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى 1989 -
يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «تىنچلىق پىلانى» نى ماقۇللاپ،
ئىسرائىلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقىغا بولغان ئاساسىي تە-
شەببۇسىنى ئەتراپلىق شەرھلىدى. «تىنچلىق پىلانى» تۆۋەندىكى-
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى: ئىشغال قىلىنغان رايونلاردا پەلەستىن-
لىكلەرنىڭ «ئەركىن سايلىمى» ئۆتكۈزۈلۈپ ئىسرائىلىيە ھۆكۈ-
مىتى سايلاپ چىقىلغان پەلەستىن ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشى-

دۇ ھەمدە بەش يىللىق پەلەستىن ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش
باشلىنىدۇ؛ پەلەستىن ۋەكىللىرى بىلەن مەسىلىنى «مەڭگۈلۈك
ھەل قىلىش» يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ؛ گازا
رايونىدا ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن ئىئوردانىيە چېگرىسى ئوتتۇرىسى-
دىكى رايوندا پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇشقا قارشى تۇرۇلىدۇ؛ پە-
لەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن سۆھبەتلەشمەيدۇ. ئىسرائىل-
يىنىڭ بۇ «تىنچلىق پىلانى»دا پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنى
ۋە پەلەستىن دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىش رەت قىلىنغان بولسىمۇ،
لېكىن ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىنلارنىڭ «ئاخىرقى ئورنى»
مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا قوشۇلغانلىقىنى
تۈنجى قېتىم ئىپادىلىدى.

90 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن دۇنيا ۋەزىيىتىدە
چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىككى قۇتۇپلۇق ھالەتنىڭ ئاخىرل-
شىشىغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جىددىي خارابلىشىشىغا، بولۇپ-
مۇ دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ قاتتىق مەيداندا تۇرۇۋاتقان ئەرەب
دۆلەتلىرىگە ئېغىر زىيان سېلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب دۆلەتلىرى-
دە مۆتىدىل كۈچلەر يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. مۇشۇنداق
ۋەزىيەتتە ئامېرىكىمۇ ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىنى مۇناسىپ تەڭ-
شىدى. بىر تەرەپتىن، ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان ئىتتىپاقداش-
لىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ، ئىسرائىلىيىگە زور كۈچ
بىلەن ياردەم قىلىپ، رايون چوڭ دۆلەتلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ
چىقىشىغا ۋە رىقابىتىگە بىللە تاقابىل تۇرۇپ، ئىسلام ئەسلىيەت-
چىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك چەكلەشنى مەقسەت قىلدى،
يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇر-
سىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلى-
قىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناس-
ۋەتنى ياخشىلاپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىت قاتارلىق ئىستراتې-
گىيىلىك بايلىقلارنى كونترول قىلىشنى ساقلاپ قالماقچى، دۇن-



يانىڭ ئامېرىكىچە يېڭى تەرتىپىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن رايون
ئۆلگىسى تىكلىمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسرائىلىيە-
دىكى تىنچلىق كۈچلىرىمۇ كۈچەيدى. 1991 - يىلى 7 - ئايدىن
9 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا خەلق رايىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم
بولۇشىچە، مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى ئىسرائىلىيىلىكلەر تىنچ-
لىق سۆھبىتىگە قاتنىشىشنى قوللايدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئا-
مېرىكا بېسىم ئىشلىتىش ئۈچۈن، 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى-
لىق ئولتۇراق ئۆي ئىناۋەتلىك قەرز كاپالىتىنى ئىسرائىلىيىنىڭ
ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتنىشىش بىلەن بىرلەشتۈر-
دى. رۇسىيىدىن نۇرغۇن يەھۇدىيلار كېلىۋاتقان ئەھۋالدا بۇنچە-
ۋالا كۆپ پۇل ئىسرائىلىيە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.
ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتى-
نى كۆزدە تۇتۇپ، ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق سۆھبىتىنى پائال
ئىلگىرى سۈردى ھەمدە ئىسرائىلىيىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئىس-
رائىلىيە ئەگەر قوشنا ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە پەلەستىنلىكلەر بىلەن
يارىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى رەت قىلسا، ياۋروپا ئورتاق گەۋ-
دىسى 1992 - يىلىدىن كېيىن ئىسرائىلىيىنىڭ سودىدا ئېتىبار
بېرىلىش ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇشۇن-
داق بېسىملار ئاستىدا، ئىسرائىلىيە ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق
سۆھبىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھەرقايسى تەرەپنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا ئىسرائىلىيە بىلەن
ئەرەب دۆلەتلىرى 1991 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مادرىدتا
تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. 43 يىل دۈشمەنلەشكەن ئىسرائى-
لىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئاخىر بىر يەردە ئولتۇرۇپ تالاش
- تارتىشلارنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا كىرىشتى. مادرىد
تىنچلىق يىغىنى ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ ئومۇم-
يۈزلۈك باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئىككى تەرەپنىڭ قار-
شىلىشىشتىن سۆزلىشىشكە يۈزلەنگەنلىكى تارىخىي بۇرۇلۇش

بولدى. مادرىد تىنچلىق يىغىنىدا ئىسرائىلىيە پەلەستىن دۆلىتى
قۇرۇشقا قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرغان، ئىشغال قىلىۋېلىنغان
زېمىندا يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرىنى داۋاملىق قۇرىدى-
غانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى
ۋە گازا رايونى ئۆزىنىڭ زېمىنى، ئېرۇسالېم مەڭگۈلۈك پايتەختى
ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرسىمۇ، لېكىن پەلەستىن ۋەكىللىرىنىڭ
ئىسرائىلىيە، ئىئوردانىيە، پەلەستىن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزاسى
سۈپىتى بىلەن يىغىنغا قاتنىشىشىغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن
بىللە سۇرىيە بىلەن گولان ئېگىزلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھ-
بەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىسرائىلىيە بىلەن ئە-
رەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ چوڭ بولۇپ، ئۆزئارا
ئىشەنمەسلىكنى تېز تۈگىتىشكە مۇمكىن بولمىغاچقا، مادرىد
تىنچلىق يىغىنىدا ماھىيەتلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلمىدى.

### 4. ئىسرائىلىيە - پەلەستىن توختىمى ۋە ئىسرائىلى-يە - ئىئوردانىيە سۈلھى شەرتنامىسى

1992 - يىلى 6 - ئايدا ئىسرائىلىيىدە سايلام ئۆتكۈزۈلدى.
«تىنچلىق، خەۋپسىزلىك ۋە تەرەققىيات» نى سايلام شوئارى قىل-
غان ئىشچىلار پارتىيىسى غەلىبە قىلىپ، ھاكىمىيەتنى يەنە قولغا
ئالدى. زۇڭلىلىقنى ئۈستىگە ئالغان رابىن (1922 — 1995)
ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، ئەرەب دۆلەت-
لىرىگە قارىتىلغان سىياسەتنى رېئالىزملىق پوزىتسىيە بىلەن
چوڭ تەرتىپكە سېلىپ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە
يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. بىرىنچىدىن، رابىن ھۆكۈمىتى
«بۈيۈك ئىسرائىلىيە» پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، «زېمىنغا تىنچلىق
ئالماشتۇرۇش» پرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇنى ئىسرائىلى-
يىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان بىردىنبىر ئۇسۇل،
دەپ قارىدى. رابىن ھۆكۈمىتى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ



242 - نومۇرلۇق قارارىنى ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنى ئومۇم-
يۈزلۈك ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىپ، ئىسرائىلىيە چېگرىسىنى-
نى مۇۋاپىق تەڭشەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىككىنچىدى-
دىن، رابىن ھۆكۈمىتى گولان ئېگىزلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە
سۇرىيە بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئىسرائىلىيە گولان ئېگىزلىكىدىن
قىسمەن چېكىنىپ چىقىش، ئىسرائىلىيە بىلەن سۇرىيە تىنچلىق
شەرتنامىسى ئىمزالاشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ھەققىدە مەسلى-
ھەتلىشىشكە قوشۇلدى. ئۈچىنچىدىن، رابىن ھۆكۈمىتى ئىشغال
قىلىنغان زېمىندا يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراق مەھەللىلىرىنى سې-
لىشنى قىسمەن توختىتىپ، ئولتۇراق مەھەللىلەرنى «سىياسىي
مەھەللە» ۋە «خەۋپسىز مەھەللە» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە
ئايرىيدىغانلىقىنى، ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى ۋە
گازا رايونىدىكى ئەرەبلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى ئىسرائى-
لىيىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى بولمىغان
يۈزدىن ئارتۇق «سىياسىي مەھەللە» لەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى دەرھال
توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. تۆتىنچىدىن، پەلەستىن خەلقى-
نىڭ ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشىغا ھەمدە ئاخىر ئىسرائىلىيە
بىلەن ئىتتىپاق قۇرۇشقا قوشۇلدى. بەشىنچىدىن، پەلەستىن
ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن ئۇچرىشىشنى چەكلەيدىغان قانۇننى
ئەمەلدىن قالدۇردى. ئىسرائىلىيە پارلامېنتى 1986 - يىلى ما-
قۇللىغان قانۇن بويىچە، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى تېررورچى
تەشكىلات ھېسابلىنىپ، ھەرقانداق ئىسرائىلىيىلىكنىڭ پەلەس-
تىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن ھەرقانداق ئۇچرىشىشى چەكلەن-
گەن ھەمدە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق
تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتنىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇلغان. را-
بىن ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بىلەن ئىسرائىلىيە پارلامېنتى 1992
- يىلى 12 - ئايدا يۇقىرىقى قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرى-
سىدىكى لايىھىنى رەسمىي ماقۇللىدى. ئالتىنچىدىن، رابىن ھۆ-

كۆمىتى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوتتۇرا شەرق دىپلوماتىيىسى-
نى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ئىشەنمەسلىكنى تۈگىتىشكە تى-
رىشتى. رابىن زۇڭلى بولۇپ بىر يىل توشماي تۇرۇپ، تەشەب-
بۇسكارلىق بىلەن مىسىرنى زىيارەت قىلىپ، ئىككى دۆلەت
رەھبەرلىرى ئالتە يىل بېرىش - كېلىش قىلمىغان قاتمال ۋەزى-
يەتنى بۇزۇۋەتتى. رابىن زۇڭلى 1992 - يىلى 9 - ئايدا ھەرقان-
داق چاغدا ۋە ھەرقانداق جايدا سۇرىيە زۇڭتۇڭى ئاساد بىلەن
كۆرۈشۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.
رابىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىنى تەڭشىشى
چوڭقۇر ئىچكى ۋە خەلقئارالىق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. بىرىن-
چى، ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىن مەسىلىسى ئىسرائىلىيىنىڭ
دۆلەت قۇرۇش پرىنسىپىغا بارغانسېرى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.
ئىسرائىلىيە — يەھۇدىيلار ئاھالىسىنى ئاساس قىلغان دېموكرا-
تىك دۆلەت. ئەگەر ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىنلار قوشۇۋېلىن-
سا، پەلەستىندىكى ئەرەبلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىشى يەھۇدىيلار-
نىڭكىدىن يۇقىرى بولغاچقا، ئىسرائىلىيە پۇقرالىرى ئىچىدىكى
ئەرەبلەرنىڭ نىسبىتى ئۆرلەپ كېتىدۇ - دە، يەھۇدىيلار كۆپ
سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ئورۇندىن تەدرىجىي مەھرۇم بولىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ
زېمىنىنى ئۇزۇنغىچە بېسىۋالسىمۇ ئىسرائىلىيىنىڭ دېموكراتىك
پرىنسىپىغا ئېغىر نۇقسان يېتىدۇ. ئىككىنچى، ئىشغال قىلىۋې-
لىنغان زېمىن مەسىلىسى ئىسرائىلىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلە-
كىدىمۇ تۇراقسىزلىق ئامىللىرىنى پەيدا قىلدى. ئىسرائىلىيە
ھۆكۈمىتى خەزىنىدىن نۇرغۇن پۇل چىقىرىپ ئىشغال قىلىۋېلىن-
غان زېمىنلارغا ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىپ، ئىسرائىلىيىنىڭ
ئىقتىسادىغا ئۇزاق مۇددەتلىك يۈك بولدى. ئىشغال قىلىۋېلىن-
غان زېمىنلاردىكى پەلەستىنلىكلەرنىڭ زوراۋانلىق بىلەن قارشى-



لىق كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن، بۇ رايوننىڭ خەۋپسىزلىكى ئىنتا-
يىن تۇراقسىز بولدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1987 - يىلىنىڭ
ئاخىرىدىن 1992 - يىلىغىچە 200 گە يېقىن يەھۇدىي ئىشغال
قىلىۋېلىنغان زېمىندا ھاياتىدىن ئايرىلغان. بولۇپمۇ خاماس قا-
تارلىق رادىكال تەشكىلاتلار ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىس-
رائىلىيىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە بارغانسېرى چوڭ تەھدىت بولدى.
ئۈچىنچى، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ پەسىيىشىگە ۋە ھەر تەرەپنىڭ
بېسىمىغا ئەگىشىپ، لېيبورىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىمۇ پە-
لەستىن خەلقىنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاقىلانە
پوزىتسىيە قوللىنىپ، ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىنى پائال تەڭ-
شەپ، دۇنيانىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئېقىمىغا ماسلىشىش
كېرەكلىكىنى، شۇنداق قىلغاندا ئوتتۇرا شەرق رايونىدا كەلگۈ-
سىدىكى خەۋپسىزلىك، مۇھىت ئاسراش، سۇ بايلىقى ۋە مۇسا-
پىرلار مەسىلىسى قاتارلىق جەھەتلەردە تەشەببۇسكارلىققا ئىگە
بولالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.
رابىن ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى سىياسىتى ئوتتۇرا شەرقنىڭ
تىنچلىق مۇساپىسىنى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىل-
دى. ئىسرائىلىيە، ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەر ماد-
رىد تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ رامكىسى ئاستىدا كۆپ تەرەپلىك
سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈش بىلەن بىللە ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەس-
تىن نورۋېگىيىنىڭ كېلىشتۈرۈشى ئارقىسىدا ئوسلودا بىۋاسىتە
مەخپىي سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. ئىككى تەرەپ ھارماي تىرىش-
چانلىق كۆرسىتىپ ئاخىر مۇرەسسە ھاسىل قىلىپ، 1993 -
يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ۋاشىنگتوندا پەلەستىن بىلەن
ئىسرائىلىيە پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئىئوردانىيىنىڭ غەربىي قىرغى-
قىدا ۋە گازا رايونىدا ۋاقىتلىق ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش
توغرىسىدىكى «پرىنسىپ خىتابنامىسى» نى ئىمزالىدى. خىتابنا-
مىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: پەلەستىنلىكلەر ئالدى بىلەن گازا

رايونىدا ۋە جېرىكو رايونىدا ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويىدۇ. ئاپتو-
نومىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرى بەش يىل بولىدۇ؛ ئۈچىنچى يىلىغا
بارغاندا، يەنى 1996 - يىلى ئىككى تەرەپ ئىشغال قىلىۋېلىنغان
زېمىننىڭ ئاخىرقى ئورنى، يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراق مەھەللىسى
ۋە پەلەستىن مۇساپىرلىرىنىڭ هوقۇقى قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەر
ئۈستىدە سۆھبەت باشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ
جاپالىق سۆھبەت قىلىپ، گازا ۋە جېرىكو ئاپتونومىيىسىنى يولغا
قويۇشنىڭ ۋاقىتلىق كېلىشىمى — «قاھىرە كېلىشىمى» ۋە
ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىننىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كېلىشى-
مىنى ئىمزالىدى. 1994 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىسرائى-
لىيە بىلەن پەلەستىن گازا — جېرىكو ئاپتونومىيىسىنى ئەمەلىي-
لەشتۈرىدىغان ئاخىرقى كېلىشىمنى ئىمزالىدى. ئىسرائىلىيە
بىلەن پەلەستىن ئوتتۇرىسىدىكى بۇ بىر قاتار كېلىشىملەر پەلەس-
تىن مەسىلىسىنى ئادىل، ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئەتراپلىق ھەل
قىلىشنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى بولۇپ قالدى. 1994 - يىلى 7
- ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىسرائىلىيە بىلەن ئىئوردانىيە ۋاشىنگتوندا
ئىككى دۆلەتنىڭ 46 يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش ھالىتىگە خاتىمە
بېرىدىغان «ۋاشىنگتون خىتابنامىسى»نى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن
كېيىن پادىشاھ ھۈسەيىن بىلەن زوڭلى رابىن ئۆزئارا زىيارەت
قىلدى ھەمدە 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تىنچلىق شەرتنامىسى
تۈزدى.

ئوتتۇرا شەرقىنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى 1992 - يىلىدىن
كېيىن زور دەرىجىدە تېزلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تىنچلىققا
ئېلىپ بارىدىغان يول توسالغۇسىز بولمىدى. ئىسرائىلىيە كېلى-
شىم بويىچە ئىشغال قىلىۋېلىنغان بىر قىسىم زېمىندىن چېكى-
نىپ چىققان. پەلەستىن ئۆز قەرەلىدە سايلام ئۆتكۈزگەن ھەمدە
ئاراپات باشچىلىق قىلغان ئاپتونومىيە ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى-
نى قۇرغان بولسىمۇ، گولان ئېگىزلىكى، ئېرۇسالېم قاتارلىق



چوڭ مەسىلىلەردە ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرى-
سىدىكى ئىختىلاپ ئېغىر بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىچكى قىس-
مىدا سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئۆكتىچى كۈچلەر مەۋجۇت بول-
دى. بۇلار ئىچىدىكى ئەسەبىي كۈچلەر تېررورلۇق ۋاستىلىرىنى
قوللىنىپ تىنچلىق مۇساپىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى.
1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىسرائىلىيىنىڭ مەشھۇر سىياسىيئو-
نى رابىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق
مۇساپىسى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. 1996 - يىلى 5 - ئايدا
لېكوت گورۇھىنىڭ رەھبىرى بېنيامىن نىتانياخۇ (1949 — )
ئىسرائىلىيىدە زوڭلى بولۇپ سايلىنىپ، «خەۋپسىزلىككە زېمىن
ئالماشتۇرۇش»نى تەكىتلەپ، رابىن ھۆكۈمىتىنىڭ «زېمىنغا
تىنچلىق ئالماشتۇرۇش» سىياسىتىنى ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن
ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ
قالدى. بولۇپمۇ 1997 - يىلى 3 - ئايدا ئىسرائىلىيە ئۆز ئالدىغا
قارار چىقىرىپ، تارىختا ئەزەلدىن ئەرەبلەر ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان
شەرقىي ئېرۇسالېمدا يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇراق مەھەللىلىرىنى
قۇرۇشنى بەلگىلەپ، زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.
پەلەستىن ئاپتونومىيە ئورگىنى تىنچلىق سۆھبىتىنى توختى-
تىپ، نارازىلىق بىلدۈردى. پەلەستىن ئاھالىسى ئۈزلۈكسىز
نامايىش قىلىپ، ئىسرائىلىيە ساقچىلىرى بىلەن قانلىق توقۇ-
نۇشتى ھەمدە بىر قاتار زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى. بۇ
چاغدا ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى زور ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچرىدى. مانا بۇ ئۇرۇش ھالىتىنى دوستانە ئالاقە ھالىتىگە
ئايلاندۇرىدىغان تىنچلىق يولىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلار بىلەن تولغان-
لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## ئون ئىككىنچى باب

# ئۆزگىچە سىياسىي تەرەققىيات يولى

يەھۇدىيلار 1948 - يىلىدىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە چېچىلىپ كەتكەن ھالەتتە ياشاپ، باشقىلارنىڭ دۆلىتىدە مۇساپىر بولغانىدى. ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرسىمۇ، شۇنىڭغا مۇناسىپ سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالمىغانىدى. 1948-يىلى ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلۇپ، يەھۇدىيلار مىللىي دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولۇشتەك سالاھىيەتكە ئېرىشتى. ئەللىك يىلدىن بۇيان ئىسرائىلىيە ئۆزگىچە سىياسىي تەرەققىيات يولىدا ماڭدى. سىياسىي فورماتسىيىدە غەرب بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلدى ئۇنىڭ ئۈستىگە يەھۇدىي مىللىتىنىڭ سىياسىي ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالدى، يەنە مۇئەييەن سوتسىيالىزم تۈسىدىمۇ بولدى. ئوتتۇرا شەرقتە بۇ دۆلەتكە ئوخشايدىغان يەنە بىر دۆلەت يوق، بۇنداق دۆلەت دۇنيادىمۇ كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

## § 1 . ئاساسىي قانۇنى بولمىغان قانۇن - تۈزۈم دۆلىتى

### 1 . سىياسىي قانۇن - تۈزۈمنىڭ تىكلىنىشى

ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى پەلەستىندىكى يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى ۋە يىشۇۋنىڭ ئاپتونومىيىلىك تەشكى-



لىپ شەكلى كەلگۈسىدىكى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى شەكىللەندۈردى. 1948 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنىپ، يىشۇۋ سىياسىي فورماتسىيىسىدىن ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە ئۆتكەنلىكى جاكارلاندى. شۇ كۈنى مەملىكەتلىك كومىتېتتىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان ۋاقىتلىق دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتى يەھۇدىي كۆچمەنلەرنىڭ يەر سېتىۋېلىشىنى چەكلەيدىغان ھۆججەت - پەرمانلارنى، مەسىلەن، ئەنگلىيىنىڭ 1939 - يىلىدىكى ئاق تاشلىق كىتابى، 1941 - ۋە 1945 - يىللىرىدىكى يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنى چەكلەيدىغان پەرمان قاتارلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن، ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى نۇرغۇن قانۇنلارنى داۋاملىق كۈچكە ئىگە قىلدى. 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋېيزمان ۋاقىتلىق دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. مەمۇرىي كومىتېتتىن تەرەققىي قىلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىقلىرى مىللىي كومىتېت، يەھۇدىيلار ۋاكالەتخانىسى ۋە مانداتلىق ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ ئالاقىدار بۆلۈم، ئىدارىلىرىنىڭ قوشۇۋېتىلىشىدىن قۇرۇلغان.

1949 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىسرائىلىيە قانۇن چىقىرىش يىغىنى سايلام قىلدى. 21 سىياسىي پارتىيە سايلام رىقابىتىگە قاتناشتى. سايلام نەتىجىسىدە قانۇن چىقىرىش يىغىنىدىكى 120 ئورۇن ئىچىدىن لېيبورىستلار پارتىيىسى 57 ئورۇنغا، ئوتتۇرىدىكى ئوڭ قانات پارتىيىلەر 31 ئورۇنغا، دىنىي پارتىيىلەر 16 ئورۇنغا ئىگە بولدى. 120 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى ئىچىدە يەھۇدىيلار 117 نەپەر، ئەرەبلەر ئۈچ نەپەر بولدى. بۇ نىسبەت يىشۇۋ دەۋرىدىكى رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولدى. سايلام ئارقىلىق ۋېيزمان ئىسرائىلىيىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى. سىيا-

سىي پارتىيىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق زۇڭتۇڭ ۋېيز-
مان لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بېن گۇرىئوننى ئىس-
رائىلىيىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەشكە مەس-
ئۇل بولۇشقا تەيىنلىدى. ئۈچ ھەپتە تىرىشىش ئارقىلىق بېن
گۇرىئون بىرلەشمە دىن فرونتى، تەرەققىيات پارتىيىسى ۋە سافاد
پارتىيىسى بىلەن ئىتتىپاق تەشكىللەپ، ئىسرائىلىيىنىڭ تۇنجى
نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنى قۇردى. بېن گۇرىئون تۇنجى زۇڭلى
بولدى.

ئىسرائىلىيە مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى، يەھۇدىيلار
ۋاكالەتخانىسىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى پروفېسسور رېئوكوئىن
بۇيرۇقىغا بىنائەن ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كومىتېتى قۇرۇپ،
ئاساسىي قانۇن تۈزۈشكە مەسئۇل بولدى. لېكىن ئەينى چاغدا
ئىسرائىلىيىدىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش
مەسىلىسىدىكى پىكرى بىر خىل بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە تالاش-
تارتىش پەيدا بولدى. ئىختىلاپ ئاساسلىقى دىنىنىڭ دۆلەتتىكى
ئورنى مەسىلىسى بولدى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىشىگە
دائىر مەسىلىلەرگە، بولۇپمۇ سايلام ئۇسۇلىغا چېتىلدى. دىنىنىڭ
ئورنى توغرىسىدا ئورتودوكساللارنىڭ قارىشىچە، يەھۇدىي مىللە-
تىنىڭ تەدرىجىي ئۆزلىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، ئىسرائىلىيە-
دە ئەنئەنىۋى يەھۇدىي قانۇنى ئەقىدە قىلىنغان ئىلاھىي ھاكىمىي-
يەت دۆلىتىنى قۇرۇش كېرەك، ھېچبولمىسا كۈندىلىك تۇرمۇش-
تا، بولۇپمۇ شەخسلەرنىڭ ئورنىغا چېتىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك
مەسىلىلەردە دىنىي ئۆلچەم ۋە قانۇننى يولغا قويۇش لازىم؛ دىن-
دىن خالىيلىق تەرەپدارلىرى دۆلەتنىڭ ئاممىۋى تۇرمۇشى بىلەن
ئەنئەنىۋى يەھۇدىي دىنى مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ
قىلىسىمۇ، لېكىن دىنىنىڭ شەخسلەر تۇرمۇشىغا، بولۇپمۇ نىكاھ
مەسىلىسىگە بەك كۆپ ئارىلىشىپ كېتىشىگە قەتئىي قارشى تۇر-
دى. ھۆكۈمەتنىڭ شەكلى ۋە سايلىنىش ئۇسۇلى توغرىسىدا لېي-



بورىستلار پارتىيىسى ئىككى پارتىيىلىك تۈزۈم تىكلەپ، ھازىر
مەۋجۇت بولۇۋاتقان يەككە نىسبەتلىك سايلام ئۇسۇلىنى ئىسلاھ
قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، لېكىن كىچىك پارتىيىلەر قارشى
چىقتى. دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ھەر تەرەپتىن
كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ سىياسىي خاھىشى، قىممەت قارىشى ۋە
دىنىي پوزىتسىيىسى ئوخشاش بولمايدىغانلىقى، ئىختىلاپلارنى
دەرھال بىرلىككە كەلتۈرۈپ كېتىشنىڭ تەسلىكى، زورلۇق بى-
لەن ئاساسىي قانۇن تۈزۈلسە يېقىنقى زاماندىكى گېرمانىيىدىكى-
دەك «مەدەنىيەت كۆرىشى»① پەيدا بولۇپ، يېڭى قۇرۇلغان
دۆلەتنى بۆلۈنۈش ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇش مۇمكىنلىكى، شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە ئىسرائىلىيە دۆلىتىدە بىر مىليون 200 مىڭ
يەھۇدىي بولۇپ، ئۇلار تۈزگەن ئاساسىي قانۇننىڭ پۈتۈن دۇنيادى-
كى يەھۇدىيلارنىڭ قارىشىغا ۋەكىللىك قىلالماي قېلىشى، بۇ
ئىش ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىغاندا چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىي-
لارنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوللىشىغا
تەسىر يېتىشى نەزەرگە ئېلىنىپ، بېن گۇرىئون ۋە لېيبورىستلار
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ھازىرچە ئاساسىي قانۇن تۈزمەي، بۇ
ئىشنى كېيىن مۇھاكىمە قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.
ئاساسىي قانۇنلۇق كومىتېت 1949 - يىلى 2 - ئاينىڭ 16 -
كۈنى كنېسسېت (پارلامېنت) دەپ ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەت پارلا-
مېنتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. 1 - نۆۋەتلىك
پارلامېنت تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ئىزال
ھالال ئوتتۇرىغا قويغان لايىھىنى 1950 - يىلى 6 - ئاينىڭ
13 - كۈنى ماقۇللىدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «1
- نۆۋەتلىك پارلامېنت ئاساسىي قانۇن، قانۇن ۋە ئەدلىيە كومىتې-

① XIX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى گېرمانىيىنىڭ باش ۋەزىرىنىڭ كاتولىك دىنىي ئۇيۇش-
مىسى ۋە مەركىزىي پارتىيىسىنىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش تەرەپدارلىرىغا زەربە بېرىش كۆرىشى. بۇرژۇئا-
زىيىنىڭ لىبېرالىست ئالىملىرى بۇ قېتىمقى دىندىن خالىي ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي كۈچلەر
ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنى «مەدەنىيەت كۆرىشى» دەپ تەرىپلەيدۇ.

تىنغا دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىشنى، ئاساسىي قانۇن باب - پاراگرافلاردىن تۈزۈلۈشنى، ھەر بىر باب - پاراگراف مۇستەقىل ئاساسىي قانۇن بولۇشنى تاپشۇردى. بۇ باب - پاراگرافلار بۇ كومىتېتنىڭ خىزمەتلىرى ئاخىرلاشقىچە پارلامېنتنىڭ مۇزاكىرىلىشىپ ماقۇللىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ باب - پاراگرافلار بىرلەشتۈرۈلۈپ دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى ھاسىل قىلىدۇ» . ھالالنىڭ لايىھىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋال ئاستىدا ئىسرائىلىيە دۆلىتى ئىچىدىكى ھەرخىل سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا مۇرەسسە قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. لېكىن بۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئاساسىي قانۇن بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئادەتتىكى قانۇن - پەرمانلار بىلەن بولغان كۈچى ئېنىق ئايرىلماي، ئاساسىي قانۇننىڭ ئورنى مۇجمەل قىلىپ قويۇلدى.

ھازىرغا قەدەر ئىسرائىلىيەدە ئاساسىي قانۇن يوق. ھەرخىل ئادەتتىكى قانۇنلار مۇكەممەل قانۇن سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان.

## 2 . سىياسىي تۈزۈم قۇرۇلمىسى

ئىسرائىلىيە پارلامېنت دېموكراتىيىسى تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ، مەمۇرىيەت، قانۇن چىقىرىش ۋە ئەدلىيە ئايرىۋېتىلىپ، ئۆزئارا نازارەت قىلىش يولغا قويۇلغان. ئىسرائىلىيە سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكى بىر نەچچە قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ:

زۇڭتۇڭ. زۇڭتۇڭ ئىسرائىلىيىنىڭ دۆلەت باشلىقى بولۇپ، پارتىيە - گۇرۇھلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پارلامېنت ماقۇللىغان شەرتنامە ۋە قانۇنلارغا ئىمزا قويۇش؛ چەت ئەللەردە تۇرىدىغان ئەلچىلەرگە ۋەزىپىگە تەيىنلەش كىنىشكىسى بېرىش، چەت ئەل ئەلچىلىرى تاپشۇرغان دۆلەت خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىش؛ سايلامدا غەلىبە قىلغان سىياسىي پارتىيە داھىي-



لىرىغا ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشنى تاپشۇرۇش؛ سودىيەلەرنى، ئىسرائىلىيە بانكىسىنىڭ باشلىقىنى ۋە چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش؛ ئەدلىيە مىنىستىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە جازانى يېنىكلىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. «ئۆتكۈنچى قانۇن»غا ئاساسەن، زۇڭتۇڭ خەلق سايلىمى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئاددىي كۆپ سانلىق ئاۋازى ئارقىلىق سايلىنىدۇ. شۇڭا، تۇنجى زۇڭتۇڭ ۋېيزمان بىلەن كنېسسېتنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى ئوخشاش بولغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 1951 - يىلىدىن كېيىن زۇڭتۇڭنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى بەش يىل قىلىپ ئۇزارتىلدى. ئۇدا ئىككى نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدىغان بولدى. ئىسرائىلىيىدە ھازىرغىچە، خائىم ۋېيزمان، يىتزاك بېن زۋى، زالمان شازار، ئىبراھىم كاتزىر، يىتزاك ناۋون، خائىم خېرزوگ، ئېزېر ۋېيزمانلار زۇڭتۇڭ بولدى.

كنېسسېت (پارلامېنت) ئىسرائىلىيىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ، 120 ئەزاسى بولۇپ، يەككە نىسبەتلىك تۈزۈم بويىچە سايلاپ بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. ھەر نۆۋەتلىك كنېسسېتنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى تۆت يىل بولىدۇ. بالدۇر تارقىتىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ. كنېسسېتنىڭ رولى قانۇن چىقىرىش، ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىش ۋە مۇراسىم ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت. پارلامېنت ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ ھەمدە ئون دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىپ ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. ھەر بىر كومىتېت دۆلەتنىڭ بىر كونكرېت ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. قانۇن تۇرغۇزۇشقا دائىر ھەرقانداق لايىھىنى پارلامېنت «ئۈچ ئوقۇپ» چىققان ھەمدە مەسئۇل مىنىستىر، زۇڭلى ۋە زۇڭتۇڭ ئىمزالىغاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي قانۇن بولالايدۇ. پارلامېنتنىڭ ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىشى ھۆكۈمەتكە ئىشىنىش ئاۋازى بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. ھۆكۈمەت ئەگەر ئى-

شەنچكە ئىگە بولالمىسا ۋەزىپىدىن ئىستىپا بېرىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، كۆرسىتىلگەن نامزاتقا ئاساسەن زۇڭتۇڭنى سايلاپ چىقىدۇ. زۇڭتۇڭنىڭ قەسەم بېرىشىنى ئاڭلايدۇ. پارلامېنت قانۇن چىقىرىش هوقۇقىغا ۋە نازارەت قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن هۆكۈمەت پارلامېنتتا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پارتىيە - گۇرۇهلاردىن تەركىب تاپقانلىقتىن، پارتىيە - گۇرۇهلار سەۋەبىدىن هۆكۈمەتنى نازارەت قىلىشى ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. هۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ۋە تەكلىپلىرى بىرلەشمە هۆكۈمەتتىكى پارتىيە - گۇرۇھ پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ، ئادەتتە ماقۇللانغان بولىدۇ.

هۆكۈمەت. ئىسرائىلىيە هۆكۈمىتى پارلامېنتقا مەسئۇل بولىدۇ. لېكىن، ئىنتايىن زور مەمۇرىي هوقۇققا ئىگە. «ئۆتكۈنچى قانۇن» دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: پارلامېنتتا ئەڭ كۆپ ئورۇنغا ئىگە بولغان پارتىيە زۇڭلى قويسا هەمدە ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنى تاللاپ هۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرسا بولىدۇ. بىرلەشمە هۆكۈمەتتىكى پارتىيە - گۇرۇهلارنىڭ كابىنېت ئەزالىرىنى پارتىيە - گۇرۇهلار ئۆزى كۆرسىتىدۇ. كنېسسېت ئاۋازغا قويۇپ، ماقۇللىغاندىن كېيىن رەسمىي هۆكۈمەت تەشكىللىنىدۇ. هۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى تۆت يىل بولىدۇ، لېكىن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا زۇڭلىنىڭ ئىستېپا بېرىشى، ئۆلۈپ كېتىشى ياكى پارلامېنتنىڭ ئىشەنمەسلىك ئاۋازى بېرىشى تۈپەيلىدىن مۇددەتتىن ئىلگىرى توختاپ قالسا بولىدۇ. زۇڭلىنىڭ هوقۇقى ناهايىتى چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنى قالدۇرۇۋېتىش هوقۇقى بولمايدۇ. زۇڭتۇڭغا پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، قايتىدىن سايلام ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشكە بولمايدۇ. ئىسرائىلىيە سىياسىي تۈزۈمىنىڭ بىر ئالاهىدىلىكى بىرلەشمە هۆكۈمەتنىڭ كوللېكتىپ مەسئۇل بولۇش پرىنسىپىدىن ئىبارەت. بىرلەشمە هۆكۈمەتنىڭ كوللېكتىپ مەسئۇل بولۇش



پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن يىمىرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىردىنبىر ئۇسۇل مەسلىهەتلىشىش، مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ئىچكى جەهەتتە بىرلىككە كېلىش ياكى زۇڭلىنىڭ شەخسىي تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ بىرلەشمە هۆكۈمەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت.

ئەدلىيە، ئىسرائىلىيىدە دىندىن خالىي ۋە دىنىي ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى ياقلىملىق ئەدلىيە سىستېمىسى يولغا قويۇلغان. بۇنداق سىستېما ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق هۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە «ئۆتكۈنچى قانۇن» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. دىندىن خالىي سوت مەهكىمىسى ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنىدۇ: تۆۋەن قاتلام يەرلىك سوت مەهكىمىسى، شەهەرلىك سوت مەهكىمىسى ۋە ئۆسمۈرلەر يەرلىك سوت مەهكىمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ؛ ئوتتۇرا قاتلام رايونلۇق سوت مەهكىمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ؛ يۇقىرى قاتلام ئاخىرقى سوراق قىلىدىغان سوت مەهكىمىسى بولغان ئالىي سوت مەهكىمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ هەر دەرىجىلىك سوت مەهكىمىلىرىنى كونترول قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى مەخسۇس سوت مەهكىمىلىرى ئارمىيىگە ۋە ئەمگەك تالاش - تارتىشىغا دائىر مەسىلىلەرنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. هەممە سودىيەلەر غەيرىي سىياسىي يول بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ. ئەدلىيە مىنىستىرى، ئىككى نەپەر پارلامېنت ئەزاسى، ئالىي سوت مەهكىمىسىنىڭ ئۈچ نەپەر سودىيىسى، ئىككى نەپەر باشقا مىنىستىر ۋە ئىسرائىلىيە ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئىككى نەپەر ۋەكىلىدىن تەركىب تاپقان كومىتېت سودىيىنى تاللاپ ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە مەسئۇل بولىدۇ هەمدە زۇڭتۇڭغا نامزات كۆرسىتىدۇ. زۇڭتۇڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ۋە پارلامېنت ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن سودىيە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بولىدۇ. ئىسرائىلىيىدە سودىيە ئۆمۈرلۈك بولۇپ، 70 ياشتا پېنسىيىگە چىقىدۇ. دىنىي ئەدلىيە سىستېمىسى ئىسرائى-

لىيە دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. ئوسمان ئىم-
پېرىيىسى دەۋرىدە مىللەت تۈزۈمى[1] دىنىي ئىجتىمائىي تەشكى-
لاتلارنىڭ نىكاھلىنىش، نىكاھتىن ئاجرىشىش، ئۆلۈم - يېتىم
ۋە مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردە
يۇكسەك دەرىجىدە ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنىڭ
بولۇشىغا يول قويغان. ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق دەۋ-
رىدە بۇ ئەدلىيە تۈزۈمى ساقلاپ قېلىنغان. ئىسرائىلىيە دۆلىتى
قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر قاتار قانۇنلارنىڭ چىقىرىلىشى ئارقىلىق
رابىي سوت كوللېگىيىسى، مۇسۇلمان سوت كوللېگىيىسى ۋە
باشقا دىنىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ ئەد-
لىيە ھوقۇقى كېڭەيتىلدى. 1955 - يىلى ئىسرائىلىيە پارلامېنتى
قانۇن ماقۇللاش ئارقىلىق، دىنىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوتد-
يەلىرىنىمۇ دۆلەت ئەمەلدارلىق سالاھىيىتىدىن بەھرىمەن بولىد-
غان قىلدى. ئۇلارمۇ دىندىن خالىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ سو-
دىيەلىرىگە ئوخشاش، ئالاھىدە كومىتېت تەرىپىدىن كۆرسىتى-
لىپ، زۇڭتۇڭ تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ. ئىككى ياقلى-
مىلىق ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي
قىلىشى ئەنئەنىۋى ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ھەر خىل
سىياسىي كۈچلەر مۇرەسسە قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ
ئىسرائىلىيە جەمئىيىتىدىكى دىنىنىڭ مۇھىم ئورنىنى ئەكس ئەت-
تۈرۈپ بېرىدۇ.

## § 2. كۆپ پارتىيىلىك سىياسىي

### 1. پارتىيە - گۇرۇھلار

ئىسرائىلىيىدە سىياسىي پارتىيىلەر ناھايىتى كۆپ، بەزىلى-

[1] مىللەت تۈزۈمى، يەنى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى.



رى دۆلەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قۇرۇلغان، بەزىلىرى دۆلەت
قۇرۇلغاندىن كېيىن كونا پارتىيىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ياكى يېڭى-
دىن قۇرۇلغان؛ بەزى پارتىيىلەرنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بەزىلىرى-
نىڭ ناھايىتى قىسقا. ئەگەر ئۇلارنى سىياسىي خاھىشى بويىچە
ئايرىغاندا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى، ئوتتۇرىدىكى ئوڭ
قانات سىياسىي پارتىيە، دىنىي پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە كوممۇ-
نىستىك پارتىيىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.
سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسى سوتسىيالىزمغا ئەمەل قى-
لىدىغان زىئونىزملىق سىياسىي پارتىيىدىن تەرەققىي قىلىپ يې-
تىلگەن. ئۇزۇندىن بۇيان ئىسرائىلىيىنىڭ سىياسىي مۇنبىرىد-
كى مۆتىدىل يېتەكچى كۈچ بولۇپ كەلدى. ئەڭ بۇرۇن قۇرۇل-
غان پەلەستىن ئىشچىلار پارتىيىسى 1930 - يىلى 1 - ئايدا
ئەمگەكچىلەر ئىتتىپاقى ۋە زىئون ئىشچىلار پارتىيىسى قاتارلىقلا-
ر بىلەن بىرلىشىپ قۇرۇلغان. ئەسلىدىكى ئەمگەكچىلەر ئىتتىپا-
قىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى 1944 - يىلى پەلەستىن ئىشچىلار
پارتىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئايرىم تەشكىللىنىپ، يەنىلا
ئەمگەكچىلەر ئىتتىپاقى دەپ ئاتالدى. 1948 - يىلى ئەمگەكچىلەر
ئىتتىپاقى ياش قوغدىغۇچىلار ھەرىكىتى ۋە زىئون ئىشچىلار پار-
تىيىسىنىڭ سول قانىتى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىشچىلار
پارتىيىسى بولۇپ تەشكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەكچىلەر ئىت-
تىپاقى ۋە زىئون ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ سول قانىتى ئەمگەك-
چىلەر ئىتتىپاقى — زىئون ئىشچىلار پارتىيىسى بولۇپ بىرلەش-
تى. 1953 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قارىتىلغان سىياسەت قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىختىلاپ پەيدا بول-
غاچقا، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىشچىلار پارتىيىسىدە بىر قاتار
بۆلۈنۈشلەر بولۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى سول قانات گۇرۇھ ۋە
ئەمگەكچىلەر ئىتتىپاقى — زىئون ئىشچىلار پارتىيىسى پارتىيى-
دىن چېكىنىپ، چىقتى. بۇرۇنقى ياش قوغدىغۇچىلارنىڭ ئەزالى-

رى بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ مۇھىم كۈچى بولۇپ قالدى. 1965 - يىلى پەلەستىن ئىشچىلار پارتىيىسى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئەمگەكچىلەر ئىتتىپاقى — زىئون ئىشچىلار پارتىيىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئىسرائىلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسىنى تەشكىللىدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا پەلەستىن ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ بېن گۇرىئون باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم يادرولۇق ئەزالىرىمۇ بۇ پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئايرىم ئىسرائىلىيە ئىشچىلار پارتىيىسى قۇردى. ئىسرائىلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى بىلەن ئىسرائىلىيە ئىشچىلار پارتىيىسى بىرلىشىپ، ئىسرائىلىيە ئىشچىلار پارتىيىسى بولۇپ تەشكىللەندى. 1969 - يىلى ئىسرائىلىيە ئىشچىلار (لېيبورىستلار) پارتىيىسى يەنە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىشچىلار پارتىيىسى بىلەن ئىشچىلار پارتىيىسى ئىتتىپاقى بولۇپ تەشكىللەندى. ئىسرائىلىيە ئىشچىلار پارتىيىسى ئۇزۇندىن بۇيان ئىسرائىلىيىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ پارتىيە بولۇپ كەلدى. 1984 - يىلى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىشچىلار پارتىيىسى ئىشچىلار پارتىيىسى ئىتتىپاقى بىلەن لىكود گۇرۇھىنىڭ بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە قارشى تۇرۇپ بىرلەشمىدىن چېكىنىپ چىقتى. بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىشچىلار پارتىيىسى 1992 - يىلى پۇقرالار ھوقۇقى ۋە تىنچلىق ھەرىكىتى، ئۆزگىرىش — مەركىزىي پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىپ مېرېتز پارتىيىسى بولۇپ تەشكىللەندى. شۇ يىلىدىكى سايلامدا مېرېتز پارتىيىسى پارلامېنتتا ئون ئىككى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىشچىلار پارتىيىسى ۋە لىكود گۇرۇھىدىن قالسا ئۈچىنچى چوڭ پارتىيە بولۇپ قالدى. 1996 - يىلىدىكى سايلامدا توققۇز ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، تۆتىنچى چوڭ پارتىيە بولدى.

ئىسرائىلىيىدىكى ئۇڭ قانات سىياسىي پارتىيىلەر زىئونىزم



ھەرىكىتىدىكى رېۋىزىئونىستلاردىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. ئۇلار بۈيۈك ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇشنى، ئەركىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. قويۇق مىللەتچىلىك تۈسىگە ئىگە. بۇرۇن سول قانات ۋە ئۇڭ قاناتلار ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ تۇرغان ئۇنىۋېرسال زىئونىزم كۈچلىرى دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇڭ قاناتلار بىلەن تەدرىجىي قوشۇلۇپ كەتتى. شۇڭا بۇ يەردە ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىدىكى ئۇڭ قاناتلار دەپ ئاتىدۇق. دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئوتتۇرىدىكى ئۇڭ قانات پارتىيە ئاساسلىقى ئەركىنلىك ھەرىكىتى، ئۇنىۋېرسال زىئونىزم پارتىيىسى ۋە تەرەققىيات پارتىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئەركىنلىك ھەرىكىتى 1948 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئاساسى — زىئونىزم ھەرىكىتىدىكى رېۋىزىئونىستلار ئىتتىپاقى بولۇپ، ئىسرائىلىيە دۆلىتى يېڭى قۇرۇلغاندا كۈچى ئەڭ چوڭ ئۇڭ قانات سىياسىي پارتىيە ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، 1930 - يىللارنىڭ باشلىرى بۇ پارتىيە ئىچكى جەھەتتە «A» تەرەپ ۋە «B» تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ئىككى تەرەپ 1946 - يىلى «بىرلەشكەن ئۇنىۋېرسال زىئونىزم پارتىيىسى» بولۇپ قوشۇلدى. 1948 - يىلى «A» تەرەپ بۇ پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىپ، تەرەققىيات پارتىيىسىنى قۇردى. «B» تەرەپ «ئۇنىۋېرسال زىئونىزم پارتىيىسى» دېگەن بۇ ئىسمىنى ئىشلىتىۋەردى. 1961 - يىلى ئۇنىۋېرسال زىئونىزم پارتىيىسى بىلەن تەرەققىيات پارتىيىسى قوشۇلۇپ، ئىسرائىلىيە ئەركىنلىك پارتىيىسىنى قۇردى. 1965 - يىلى بۇ پارتىيە ئەركىنلىك ھەرىكىتى بىلەن بىرلىشىپ، گاھال گۇرۇھىنى قۇرۇپ، شۇ يىلى قۇرۇلغان سول قانات ئىشچىلار بىرلەشمىسى بىلەن مورە سوقۇشتۇردى. 1967 - يىلى ئىسرائىلىيە ئەركىنلىك پارتىيىسىدە پارچىلىنىش بولۇپ، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى چېكىنىپ چىقىپ، ئەركىنلىك مەركىزىنى قۇردى. ئەر-

كىنلىك مەركىزى 1973 - يىلى دۆلەت پارتىيىسى، بۈيۈك ئىسرائىلىيە ئەمگەكچىلەر ھەرىكىتى قاتارلىق ئوڭقانات كىچىك پارتىيىلەر گاھال گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ، ئوڭ قانات پارلامېنت گۇرۇھى — لىكود گۇرۇھى بولۇپ ئۇيۇشتى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئىسرائىلىيىنىڭ سىياسىي مۇنبىرىدە لىكود گۇرۇھىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى زورىيىپ، ئىشچىلار پارتىيىسى بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان بولدى. 1979 - يىلى لىكود گۇرۇھى ئىچىدىكى قاتتىق قول تەرەپدارلىرى بولغان بىر قىسىم كىشىلەر مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ تىنچلىق كېلىشىمىگە قارشى تۇرۇپ پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىپ، گۈللەندۈرۈش پارتىيىسى قۇردى. 1983 - يىلى بىر قىسىم ئوڭ قانات قاتتىق قوللۇق تەرەپدارلىرى تزومېت پارتىيىسىنى قۇردى. بۇ پارتىيە 1992 - يىلىدىكى سايلامدا سەككىز ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، تۆتىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. 1993 - يىلى داۋىد لېۋى لىكود گۇرۇھىنىڭ رەئىس سايلىمىدا مەغلۇپ بولغانلىقتىن، بۇ پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىپ، كۆۋرۈك پارتىيىسىنى قۇردى.

ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى دىنىي پارتىيە - گۇرۇھلار ئاساسلىقى زىئونىزم ھەرىكىتىنى قوللايدىغان مەنىۋى مەركەز پارتىيىسى ۋە زىئونىزم ھەرىكىتىگە قارشى تۇرىدىغان ئىسرائىلىيە ئورتودوكسىيە پارتىيىسىگە بۆلۈنگەن. «مەنىۋى مەركەز پارتىيىسى 1903 - يىلى قۇرۇلغان، دىنىي زىئونىزملىق سىياسىي پارتىيە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى 1893 - يىلى قۇرۇلغان «مەنىۋى مەركەز» ھەرىكىتى ئىدى. 1922 - يىلى بۇ پارتىيىنىڭ پەلەستىن تارمىقىدىكى بىر قىسىم ئەزالىرى پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىپ، مەنىۋى مەركەز ئىشچىلار پارتىيىسىنى قۇردى. ئىسرائىلىيە ئورتودوكسىيە پارتىيىسى 1912 - يىلى قۇرۇلغان. دۆلەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى زىئونىزم ھەرىكىتىگە كۈچلۈك قارشى تۇرغان. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن مەيداننى ئۆزگەر-



تىپ ئىسرائىلىيىنى دىنىي دۆلەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. «تەۋرات» دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىشىدىكى بىردىنبىر ئاساس ئىكەنلىكىنىلا ئېتىراپ قىلغان. ئىسرائىلىيە ئورتودوكسىيە ئىشچىلار پارتىيىسى 1925 - يىلى ئىسرائىلىيە ئورتودوكسىيە پارتىيىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، يەھۇدىي ئورتودوكسال ئىشچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغان. 1949 - يىلى بۇ تۆت دىنىي پارتىيە دىنىي بىرلەشمە فرونت بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئىسرائىلىيىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك پارلامېنت سايلىمىغا قاتناشتى. لېكىن بۇ فرونت 1951 - يىلى يېڭىۋاشتىن تۆت پارتىيىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. مەنىۋى مەركەز پارتىيىسى ۋە مەنىۋى مەركەز ئىشچىلار پارتىيىسى 1956 - يىلى مەملىكەتلىك دىنىي پارتىيە بولۇپ تەشكىللەندى. 1981 - يىلى بۇ پارتىيىنىڭ ئىچىدىكى شەرق يەھۇدىيلىرى بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئىسرائىلىيە ئەنئەنە ھەرىكىتى ۋە موراسا پارتىيىسىنى قۇردى. بۇ ئىككى تەشكىلات 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى پارچىلىنىپ كەتتى. 1984 - يىلى ئورتودوكسىيە پارتىيىسى ئىچىدىكى سافادى پارتىيە ئەزالىرى بۆلۈنۈپ چىقىپ، سافادى تەۋراتنى قوغدىغۇچىلار ئىتتىپاقى (ساس پارتىيىسى) نى قۇردى. 1988 - يىلى ئورتودوكسىيە پارتىيىسىدىكى لىتۋا تەرەپدارلىرى بۆلۈنۈپ چىقىپ، تەۋرات تۇغى پارتىيىسىنى قۇردى. تەۋرات تۇغى پارتىيىسى 1992 - يىلى ئىسرائىلىيە ئورتودوكسىيە پارتىيىسى ۋە ئىسرائىلىيە ئورتودوكسىيە ئىشچىلار پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، تەۋرات بىرلەشمە فرونتىنى قۇردى. 1996 - يىلى 5 - ئايدىكى 14 - نۆۋەتلىك پارلامېنت سايلىمىدا دىنىي پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئورنى 16 دىن 23 كە يېتىپ، يەتتە ئورۇن كۆپەيدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ساس پارتىيىسى ئون ئورۇننى ئىگىلەپ، ئۈچىنچى چوڭ پارتىيە بولۇپ قالدى. دىنىي كۈچلەرنىڭ دىندىن خالىي سىياسىغا ئارىلىشىش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى — يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىسرائىلىيىنىڭ سىيا-

سىي تەرەققىياتىدىكى كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئالاھىدىلىك بو-
لۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئىسرائىلىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسى —
1921- يىلى قۇرۇلغان پەلەستىن كوممۇنىستىك پارتىيىسىدۇر.
ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، نۇرغۇن يەھۇدىي
كوممۇنىستلىرى پارتىيىدىن چىقىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن
ئىشچىلار پارتىيىسىگە قاتناشتى. قالغانلىرى پارتىيە ئىچىدىكى
يەھۇدىيچى مىللىي ئازادلىق ئىتتىپاقىغا قاتناشتى. 1945 - يىلى
قۇرۇلغان، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
نىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئىگە بولالمىغان يەھۇدىي كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىمۇ دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن
بۇ ئىتتىپاققا قاتناشتى. ئىسرائىلىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى
ئىچىدىكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا 1965 - يىلى پانئەرەبىزمغا
قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك
پارتىيىسىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيە مەسىلىسىدە ئېغىر ئىختىلاپ
پەيدا بولۇپ، ئاخىر پارچىلىنىپ كەتتى. يەھۇدىي پارتىيە ئەزال-
رىنى ئاساس قىلغان تەرەپ ئىسرائىلىيە كوممۇنىستىك پارتىيى-
سى دېگەن ئىسىمنى قوللىنىپ كەلدى. لېكىن، كېيىن «ماكى»
نى قوشۇپ پەرقلەندۇردى. يەنە بىر تەرەپ يېڭى كوممۇنىستىك
پارتىيە قۇرۇپ، ئىسرائىلىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى «را-
كاش» دەپ ئاتىدى. بۇ پارتىيىدە ئەرەب پارتىيە ئەزالىرى كۆپ
سانىنى ئىگىلىدى. 1973 - يىلى «ئىسرائىلىيە كوممۇنىستىك
پارتىيىسىدىكى ئۆكتىچىلەر»، ئىسرائىلىيە كوممۇنىستىك پارتى-
يىسى (ماكى) دىن بۆلۈنۈپ چىقتى. ئىسرائىلىيە كوممۇنىستىك
پارتىيىسى (ماكى) شۇ يىلى كۆك - قىزىل ھەرىكىتى بىلەن
موكىد گۇرۇھى بولۇپ بىرلەشتى. بۇ گۇرۇھ 1977 - يىلى
بىرنەچچە سول قانات رادىكال كىچىك پارتىيىلەر بىلەن بىرلە-
شىپ شىل لاگېرىنى قۇردى. شىل لاگېرى 1984 - يىلى



تارقىلىپ كەتتى. لاگېردىكى بىر قىسىم ئادەملەر نازىراتتىكى
ئەرەب تەرەققىيات ھەرىكىتى بىلەن تىنچ تەرەققىياتنى قولغا كەل-
تۈرۈش پارتىيىسى قۇردى. 1977 - يىلى ئىسرائىلىيە كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى (راكاش) بىلەن «قارا يىلپىز ھەرىكىتى»
قاتارلىق سول قانات رادىكال پارتىيە - گۇرۇھلار «تىنچلىقنى
ۋە باراۋەرلىك — دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش فرونتى»
قۇردى. ئىسرائىلىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى (راكاش) دۆلەت
ئىلكىدە بولۇشنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىئور-
دان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇشنى
قوللاپ، پەلەستىندىكى ئەرەبلەرنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋې-
لىشقا قارشى تۇرۇپ، ئەرەب، يەھۇدىي مىللەتلىرى ئوتتۇرىسى-
دىكى كۆۋرۈك بولۇپ قالدى. لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتە ئىسرا-
ئىلىيىنىڭ سىياسىي مۇنبىرىدە تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولمىدى.
بەزى پارتىيىلەرنى سىياسىي خاھىش بويىچە ئايرىش ناھايى-
تى تەس. مەسىلەن، ئەرەب دېموكراتلار پارتىيىسى ئەرەبلەرنىڭ
بىردىنبىر سىياسىي پارتىيىسى بولۇپ، ئۇن ئىككى مىڭدەك
ئەزاسى بار. ھەممىسى ئەرەب بولۇپ، ئاساسىي پروگراممىسى
ئىسرائىلىيىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىن
ئىبارەت. 1995 - يىلىدىن بۇيان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
ۋە رۇسىيىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىسرائىلىيە كۆچمەنلەر پارتى-
يىسىنى قۇردى. بۇ پارتىيە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ،
1996 - يىلىدىكى پارلامېنت سايلىمىدا يەتتە ئورۇنغا ئىگە بول-
دى. ئۇنىڭ رەئىسى ناتان شارانىسكىي كابىنېتقا كىرىپ سانائەت
- سودا مىنىستىرى بولدى.

## 2. كۆپ پارتىيىلىك سىياسىينىڭ مەنبەسى

ئىسرائىلىيىدە شۇنچىۋالا كۆپ پارتىيىلەر قۇرۇلغان سىيا-
سىي ھالەتنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئالاھىدە تارىخى ۋە سىياسىي

مۇھىتى بەلگىلىگەن. ھەممىگە مەلۇمكى، زىئونىزم ھەرىكىتى ئەسلى ناھايىتى تارقاق بولۇپ، يەھۇدىيلار ياشىغان ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇھىتى ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە پەرق ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئۇلار زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ نىشانىغا ۋە ھەرىكەت فاڭجېنىغا ھەر خىل قاراشلاردا بولغان. مۇشۇ ئوخشاشمىغان سىياسىي قاراشلارنى دەۋر قىلىپ ھەرخىل گۇرۇھلار ۋە سىياسىي پارتىيىلەر شەكىللەنگەن. ئەينى زاماندا مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە پايدىلىق بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن، زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىش پرىنسىپى بويىچە ئوخشاشمىغان پىكىرلەرگە يول قويغان. زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ گۇرۇھ ۋە سىياسىي پارتىيىلەر پەلەستىنگە كەلدى ھەمدە ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە، رەھبەرلىك ئورگىنىغا ۋە تەشكىلىي سىستېمىسىغا ئىگە قانۇنلۇق سىياسىي پارتىيە بولۇپ تەرەققىي قىلىپ، كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنىڭ ئاساسىنى سالدى. 1949 - يىلى 1 - ئايدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك پارلامېنت سايلىمىدا 24 سىياسىي پارتىيە ياكى تەشكىلات سايلامغا قاتناشتى.

ئىككىنچىدىن، ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن كۆپ مەركەزلىك سىياسىي قاراشلارنىڭ ئايرىلىشى كۆپ پارتىيىلىك سىياسىيىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولدى. كۆپ مەركەزلىك سىياسىي قاراشلارنىڭ ئايرىلىشى دېگەندە بىر نەچچە تالاش - تارتىشنى دەۋر قىلىپ سىياسىي پارتىيىلەردە شەكىللەنگەن مۇقىم پىكىرلەر، بۇ سىياسىي پىكىرلەر پەرقلەندۈرىدىغان مەركىزىي سىزىقنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەشھۇر ئالىم سافېرانىڭ تەھلىل قىلىشىچە، ئىسرائىلىيىدىكى سىياسىي قاراشلار ئاز دېگەندە بەش تالاش - تارتىشنى چۆرىدەپ ئايرىلىدۇ: بىرىنچى، ئاساسىي ئىجتىمائىي - سىياسىي پروگراممىدىكى ئىختىلاپ. ئىككىنچى، دىنىنىڭ ئورنىغا بولغان قاراش. ئۈچىنچى، زىئونىزمنىڭ زېمىن تەلىپىنىڭ چېگرىسى مەسىلىسى. تۆتىنچى، دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى مايىللىق. بەشىنچى، ئىرق قان سىستېمىسى مەسىلىسى. سىياسىي قاراشتىكى مۇشۇنداق پەرقلەر تۈپەيلىدىن سىياسىي پارتىيىلەر ئاسان قوشۇلۇپ كېتەلمەيدۇ ياكى بىرلىشەلمەيدۇ. مەسىلەن، پەلەستىن ئىشچىلار پارتىيىسى، مەنىۋى مەركەز ئىشچىلار پارتىيىسى ۋە ئىسرائىلىيە ئورتودوكسىيە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پروگرامما جەھەتتىكى ئىختىلاپى چوڭ ئەمەس. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قارشىلىشىشىنىڭ ئورنى يوق. لېكىن، دىنىي مەسىلىدە ئۈچ تەرەپ ئوتتۇرىسىدا پرىنسىپال پىكىر ئىختىلاپى بولغاچقا بىرلىككە كېلەلمەيدۇ.



ئۈچىنچىدىن، نىسبەتلىك ۋەكىل تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇنداق سايلام تۈزۈمى ئىسرائىلىيىدىكى كۆپ پارتىيىلىك سىياسىيىنى كۈچەيتىۋەتتى. نىسبەتلىك ۋەكىل تۈزۈمىنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، قاتنىشىش ۋە ۋەكىللىك قىلىش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ، دېموكراتىيىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق، لېكىن ھوقۇق بەك چېچىلىپ كېتىپ، مەركەزلەشتۈرۈش تەس بولىدۇ. بۇنداق تۈزۈمدە پۈتۈن مەملىكەت بىر سايلام رايونى قىلىنىپ، پارلامېنتنىڭ ھەممە ئەزالىرى مەملىكەت دائىرىسى ئىچىدە سايلىنىدۇ. سىياسىي پارتىيىلەر سايلامدىن كېيىن ئىگە بولغان ئاۋاز نىسبىتىگە ئاساسەن، پارتىيە ئىچىدىكى ئىسىملىكنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە پارلامېنتتىكى ئورۇننى تەقسىم قىلىۋالىدۇ. بىر سىياسىي پارتىيە ئومۇمىي سان ئىچىدە %1.5 ئاۋازغا ئىگە بولالىسىلا پارلامېنتتا ھېچبولمىغاندا بىر ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ھال نۇرغۇن سىياسىي پارتىيىلەرنى

سايلامغا مۇستەقىل قاتنىشىشقا قىزىقتۇرىدۇ. شۇنداقلا پارتىيە ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ كىچىك پارتىيە - گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كېتىشىگە ئىلھام بولىدۇ. ھەر خىل كۈچلەر ئۆزئارا پەرق ۋە ئىختىلاپلارنى تەكىتلەپ، ئورتاق مەنپەئەتكە سەل قاراپ قالىدۇ. شۇڭا، ئىسرائىلىيىدە سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ساداسى ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. دۆلەت يېڭىدىن قۇرۇلغاندا بېن گۇرىئون سايلام رايونىدا كۆپ سانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دېموكراتىيىنى ئۆزگەرتىشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى، پۇقرالار ھوقۇقى ھەرىكىتى قاتارلىق پارتىيە - گۇرۇھلار سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ بولۇپمۇ كىچىك پارتىيىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىدى.



ئون ئۈچىنچى باب

# ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ

ئىسرائىلىيە تىپىك كۆچمەنلەر دۆلىتى، شۇنداقلا كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مىللەتلەرنىڭ تارىخى، دىنى ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، دائىم توقۇنۇش بولۇپ تۇرسىمۇ، بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان نەچچە مىليون ئادەم ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنى ئۆزئارا قوبۇل قىلىپ، يېرىم ئەسىرگە يېقىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئىسرائىلىيىگە خاس ئىجتىمائىي فورماتسىيىنى، مائارىپ سىستېمىسىنى ۋە رەڭگارەڭ مەدەنىيەتنى ياراتتى.

## § 1. خەلق ۋە جەمئىيەت

### 1. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە نىكاھلىنىشتىكى ئۆزگىرىش

ئىسرائىلىيىنىڭ نوپۇزلۇق ئورگانلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1994 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىسرائىلىيە نوپۇسى بەش مىليون 300 مىڭغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلار %81.5 نى، مۇسۇلمانلار %14.1 نى، خرىستىئانلار %2.7 نى ئىگىلىگەن، قالغانلىرى دىرۇزىسلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىبارەت.

يەھۇدىيلارنى كۆچۈپ كېلىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئىسرائىلى-
يە ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت سىياسىتى. ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇ-
لۇشى بىلەنلا ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ يەھۇدىي كۆچمەنلىرىگە قوي-
غان چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1952 - يىلى ئېلان
قىلىنغان «قايتىپ كېلىش قانۇنى» دا دۇنيادىكى يەھۇدىيلارغا
ئىسرائىلىيىگە كېلىپ ماكانلىشىش ۋە ئىسرائىلىيە پۇقراسى بو-
لۇش ھوقۇقى بېرىلدى. شۇ يىلى ئېلان قىلىنغان «دۆلەت تەۋە-
لىكى قانۇنى» دا غەيرىي يەھۇدىيلارنىمۇ ئىسرائىلىيە دۆلەت تەۋە-
لىكىگە ئىگە بولالايدىغان قىلدى. 1970 - يىلى ئىسرائىلىيە
ھۆكۈمىتى «قايتىپ كېلىش قانۇنى» نى تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ،
يەھۇدىيلارنىڭ تۇغقانلىرىغا ئىسرائىلىيە پۇقراسى بولۇش ھوقۇ-
قىنى بەردى. ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان بەش قېتىم
كۆچمەن كېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1948 - يىلىدىن 1951-
يىلىغىچە ئىسرائىلىيىگە 687 مىڭ ئادەم كۆچۈپ كەلدى، بۇلار-
نىڭ كۆپ قىسمى ناتسىستلارنىڭ جازا لاگېرىدا ئامان قالغان ۋە
ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن كەلگەن يەھۇدىيلار ئى-
دى. ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ نوپۇسى تۆت
يىلدا بىر قاتلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن 1955 - يىلىدىن 1957-
يىلىغىچە، 1961 - يىلىدىن 1964 - يىلىغىچە ۋە 1969 -
يىلىدىن 1974 - يىلىغىچە ئۈچ قېتىم كۆچمەن كېلىش دولقۇنى
كۆتۈرۈلدى. كېيىن دولقۇن پەسىيىپ 1989 - يىلىغىچە داۋام-
لاشتى. 1989 - يىلىدىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە
رۇسىيىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ چېگرىدىن چىقىشى توغرىسىدىكى
چەكلىمىنى قويۇۋېتىشىگە ئەگىشىپ، يەنە بىر قېتىم كۆچمەن
كېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1990 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە
ئىسرائىلىيىگە 500 مىڭدىن ئارتۇق كۆچمەن كەلدى. بۇلارنىڭ
%85 ى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، %6 ى ئېفىئوپىيىدىن
كەلدى. 1990 - يىلى بىر يىلدا ئىسرائىلىيىدە 200 مىڭ



كۆچمەن كۆپەيدى. نۇرغۇن كۆچمەننىڭ كېلىشى ۋە نوپۇسنىڭ
تەبىئىي ئېشىشى بىلەن ئىسرائىلىيىدە نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبى-
تى 80 - يىللاردىكى %17 تىن (بۇنىڭ ئىچىدە كۆچمەنلەر %
6 نى ئىگىلەيدۇ) 1990 - ، 1993 - يىللىرى %40 كە يەتتى.
ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن كۆپەيگەن
نوپۇس ئىچىدە كۆچمەنلەر %2 . 42 نى ئىگىلىگەن.

دۆلەت قۇرۇلۇپ ئەللىك يىلدىن بۇيان، ئىسرائىلىيىنىڭ
نىكاھلىنىش ئەھۋالىدا ناھايىتى روشەن ئۆزگىرىش بولدى. دۆ-
لەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىسرائىلىيىلىكلەر بالدۇر
توي قىلىپ، بالدۇر بالىلىق بولۇشقا ئادەتلەنگەن. چۈنكى، يەھۇ-
دىيلار نىكاھلىنىش ۋە بالىلىق بولۇشنى مىللەتنى داۋاملاشتۇ-
رۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن دەپ قاراپ كەلگەن. ئەينى زا-
ماندا بالدۇر نىكاھلىنىشنى تەكىتلەش شەرق يەھۇدىيلىرى ئىچىدە
ئالاھىدە روشەن ئىپادىلەنگەن. مۇسۇلمانلارمۇ بالدۇر نىكاھلى-
نىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن، 70 - يىللاردىن بۇيان ئىس-
رائىلىيىلىكلەرنىڭ نىكاھلىنىش ۋە بالىلىق بولۇش نىسبىتى
تۆۋەنلەشكە، نىكاھلىنىش يېشى چوڭىيىشقا باشلىدى. 60 -
يىللاردىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، مۇسۇلمان ئاياللىرى توققۇز-
دىن ئارتۇق بالىلىق بولغان. يەھۇدىي ئاياللىرى ئۈچ - تۆت
بالىلىق بولغان. 70 - ۋە 80 - يىللاردا بۇ سان تېك سىزىق
بويىچە تۆۋەنلىگەن. 1993 - يىلىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا
يەھۇدىي ئاياللار 61 . 2 دىن، مۇسۇلمان ئاياللىرى 68 . 4 دىن.
خرىستىئان ئاياللىرى 03 . 2 تىن، دىرۇزېس ۋە باشقا ئاز سانلىق
مىللەت ئاياللىرى 76 . 3 دىن بالىلىق بولغان. ئىسرائىلىيە
نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى ئاستىلىغانلىقتىن، كۆپىيىش
نىسبىتى 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى %6 . 21 تىن 80 - يىللار-
دىكى %17 . 15 كە تۆۋەنلىگەن. يەھۇدىيلارنىڭ نىكاھلىنىشىدى-
كى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، مىللەت ئىچىدە نىكاھلىنىش

بىر قەدەر ئومۇملاشقان. بۇنىڭدا ئىرق ئامىلىدىن باشقا، تېخىمۇ
مۇھىمى دىنىي ئېتىقاد نەزەرگە ئېلىنغان. يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان بۇ ئەھۋالدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. يەھۇدىيلار بىلەن غەيرىي
يەھۇدىيلارنىڭ نىكاھلىنىشى كۆپەيدى. مىللەت ئىچىدە نىكاھلى-
نىش نىسبىتى تۆۋەنلىدى. ئۇلاردىكى بۇنداق ئۆزگىرىش ئاسا-
سلىقى تەربىيە سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن، شە-
ھەرلىشىشنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن، زامانىۋى (دىنىدىن خا-
لىي) تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن ۋە تۇغۇتنى
چەكلەش ۋاستىلىرىنىڭ ياخشىلانغانلىقىدىن بولدى. تۇغۇت
نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشىگە كەسىپ ئىشلەيدىغان ئاياللارنىڭ كۆپى-
يىشى ۋە ئاياللارنىڭ تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى كەڭ قوللا-
نغانلىقى سەۋەب بولدى. 1988 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق تەكشۈ-
رۈشتىن قارىغاندا، %70 تىن ئارتۇق ئايال (كۆپىنچىسى خىز-
مەت قىلىۋاتقانلار) ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى
قوللانغان، ھەر يىلى 16 مىڭ ئايال قانۇنلۇق بالا چۈشۈرۈۋەت-
كەن.

## 2. نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش

ئەللىك يىلدىن بۇيان ئىسرائىلىيە نوپۇسىدا ناھايىتى چوڭ
ئۆزگىرىش بولدى.

بىرىنچىدىن، ياش قاتلىمىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئىسرائى-
لىيە نوپۇسى ئىنتايىن ياش بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلۈكسىز قېرىش
يۈزلىنىشى پەيدا بولدى. مەسىلەن، 65 ياشتىن يۇقىرىلار 1955-
يىلى %4.7 نى ئىگىلىگەن بولسا، 1985- يىلى %8.8 نى،
1992 - يىلى %9.4 نى ئىگىلىدى. مۆلچەرلىنىشىچە، XX
ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا 65 ياشتىن يۇقىرىلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ
%10 ئەتراپىنى ئىگىلەيدىكەن. بەزى ياشانغانلار داۋاملىق ئىشلە-
ۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن باشقا غەرب دۆلەتلىرىگە ئوخشاش، ئەم-



گەك كۈچلىرى ئىچىدە ياشانغانلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەۋېتىپتۇ.
ئىسرائىلىيىدە ياشانغانلار پېنسىيىگە چىقىش پۇلىغا ۋە دۆلەت
سۇغۇرتا جەمئىيىتىنىڭ ياشانغانلارنى بېقىش پۇلىغا تايىنىپ تۇر-
مۇش كەچۈرىدۇ. 1986 - يىلى ئىسرائىلىيە «ئۇزۇنغىچە غەم-
خورلۇق قىلىش قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ، تۇرمۇشتا ئۆز ھالى-
دىن خەۋەر ئېلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ياشانغانلارنى قانۇن بى-
لەن كاپالەتلەندۈردى.

ئىككىنچىدىن، دىنىي ئېتىقاد بويىچە ئايرىغاندا، 1948~
1951 - يىلىدىكى كۆچمەن دولقۇنى بىلەن ئىسرائىلىيىدىكى يە-
ھۇدىيلار نىسبىتى %89 كە يەتتى. بۇ نىسبەت بىر مەھەل مۇقىم
ئېشىپ، كۆچمەنلەرنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەپ، 1989
- يىلى %81.5 كە چۈشۈپ قالدى. كېيىن يەنە %81.9 كە
كۆتۈرۈلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ نىسبىتى 1951 - يىلىدىكى %5.
7 تىن كۆپىيىپ، 1993 - يىلى %14.1 كە يېتىپ، بىر
ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى. بۇنىڭغا ئاساسلىقى مۇسۇلمانلار نوپۇ-
سىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ۋە ئىس-
رائىلىيىنىڭ شەرقىي ئېرۇسالېمنى قوشۇۋېلىشى سەۋەب بولدى.
خرىستىئانلارنىڭ نىسبىتى بىر قەدەر مۇقىم بولۇپ %2.3 ئەترا-
پىنى ئىگىلىدى. دىرۇزىلارنىڭ نىسبىتىدىكى ئۆزگىرىش چوڭ
ئەمەس، 1948 - يىلىدىكى %1 تىن 1997 - يىلى %1.7 كە
كۆپەيدى.

ئۈچىنچىدىن، ياشانغان ئەر يەھۇدىيلارنىڭ ئەمگەك كۈچلى-
رى ئىچىدىكى نىسبىتى 1966 - يىلىدىكى %43 تىن 1989 -
يىلى %23 كە تۆۋەنلىدى. لېكىن، 60 ياشتىن ئاشقان ئاياللار
بۇنىڭ ئەكسىگە تەرەققىي قىلدى. روشەنكى، بۇ ئاياللارنىڭ پېن-
سىيىگە چىقىش يېشىنىڭ 60 ياشتىن 65 ياشقا كۆتۈرۈلگەنلىكى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 15 ياشتىن يۇقىرى ئەمگەك كۈچلىرى-
نىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1982 - يىلىدىكى %49.6 تىن 1993

- يىلىدىكى 52.9% كە كۆپەيدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئاياللارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى كۆپىيىپ، 1982 - يىلىدىكى 36% تىن 1993 - يىلى 43.4% يەتكەنلىكىدىن بولدى. ئەرلەر 1982 - يىلىدىكى 63.4% تىن 1993 - يىلى 62.8% كە تۆۋەنلىدى. ئۆتكەنكى ئون يىلدا ئىسرائىلىيىدىكى ئومۇمىي ئەمگەك كۈچى بىر مىليون 360 مىڭدىن بىر مىليون 800 مىڭغا يېتىپ، ھەر يىلى 3.1% كۆپىيىپ، 2.6% لىك ئىشقا ئورۇنلىشىش يېشىدىكى نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولدى. 1990 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن كۆچمەنلەرمۇ ئىسرائىلىيىنى نۇرغۇن يېڭى ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلىدى. مەسىلەن، 1992 - يىل 150 مىڭ كۆچمەن كېلىپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى كەسپىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە 110 مىڭ (70%) ئادەم ياللاپ ئىشلىتىلدى.

### 3. شەرق يەھۇدىيلىرى بىلەن غەرب يەھۇدىيلىرىنىڭ پەرقى

كىشىلەر ئادەتتە ئىسرائىلىيىلىكلەرنى غەرب يەھۇدىيلىرى ۋە شەرق يەھۇدىيلىرى دەپ ئايرىيدۇ. غەرب يەھۇدىيلىرى دېگەندە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن كەلگەن، ئاساسەن ئاشكىناز يەھۇدىيلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شەرق يەھۇدىيلىرى دېگەندە ئادەتتە شىمالىي ئافرىقا ۋە غەربىي ئاسىيادىن كەلگەن يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شەرق يەھۇدىيلىرى بىلەن غەرب يەھۇدىيلىرىنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكىدە روشەن پەرق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دىنىي ئېتىقاد، مىللىي ئاڭ ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورۇن قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ پەرق ناھايىتى چوڭ. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئالدىنقىلار كۆپىنچە ئورتودوكساللارغا مەنسۇپ، كېيىنكىلەر كونسېرۋاتىپلارغا ۋە ئىسلاھاتچىلارغا مەنسۇپ. مىللىي دۆلەتكە قاراشتا ئال-



دىنقىلار دىنىي مەنىدىكى يۇرتقا قايتىش چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلىپ، ئىسرائىلىيىگە كۆچۈپ بېرىشنى «ئاللا ئىجازەت قىلغان زېمىن»غا قايتىش، دەپ قارايدۇ. كېيىنكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مىللىي دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان دىندىن خالىي ئىدىيىنى ئاساس قىلىپ، ئىسرائىلىيىگە كۆچۈش — يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە ئىقتىسادىي كىرىم جەھەتتە ئالدىنقىلار ئورتودوكساللارنىڭ ئەقىدىسىگە ئاساسەن كۆپ باللىق بولغاندا بەختلىك بولىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىمۇ تۆۋەنرەك. شۇڭا ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمى كۆك ياقىلىق ئىشلار (قارا ئىش) بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئائىلە كىرىمى كېيىنكىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. كېيىنكىلەر بولسا سىياسىي ھوقۇق تۇتىدۇ. ئىجتىمائىي كەسىپ تەقسىماتىدا يۇقىرى قاتلامدا تۇرىدۇ. زور كۆپ قىسمى ئاق ياقىلىق خىزمەت ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە جەمئىيىتىدە روشەن ئىجتىمائىي پەرق پەيدا بولغان. پەرقنى كىچىكلىتىپ، زىددىيەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مائارىپ جەھەتلەردە ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. بايلاردىن يىغىندا باج ئالىدىغان تەڭ تەقسىماتچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كەڭ پاراۋانلىق تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، نامرات تەبىقىنى تېخىمۇ كۆپ ياردەمگە ئىگە قىلدى. ھۆكۈمەت چەت ئەللەردىكى يەھۇدىيلار ئىئانە قىلغان نۇرغۇن پۇلنى پاراۋانلىق فوندى قىلىپ ياكى يېڭى كارخانىلارنى ئېچىپ، نامرات تەبىقىغا تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. سىياسىي جەھەتتە، شەرق يەھۇدىيلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە سىياسىي ئاڭنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار دىنىي پارتىيىلەرگە ۋە لىكۇد گۇرۇھىغا تايىنىشتىن ئۆزىنىڭ سىياسىي پارتىيىسىنى

قۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئېڭى ۋە نىسبىتى كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شەرق يەھۇدىيسى ناۋون زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلاندى. مائارىپ جەھەتتىمۇ ھۆكۈمەت ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، شەرق ۋە غەرب يەھۇدىيلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تۈگىتىشكە تىرىشتى. مەسىلەن، شەرق يەھۇدىي ئوقۇغۇچىلىرى بەش ـ ئالتە نومۇر ئالسا (تولۇق نومۇر ئون) دۆلەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم قىلىدىغان تولۇقسىز مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇيالايدۇ. باشقا ئوقۇغۇچىلار بولسا يەتتە يېرىمدىن سەككىزگىچە نومۇر ئېلىش كېرەك، ھازىر شەرق يەھۇدىيلىرى بىلەن غەرب يەھۇدىيلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كىچىكلەۋاتىدۇ. روشەنكى، بۇ ھال دۆلەت ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ۋە مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

## 4. ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى

ئىسرائىلىيىدە يەھۇدىيلاردىن باشقا، يەنە بىر مىليون ئەتراپىدا يەھۇدىي ئەمەس خەلقلەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %18.6 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ دىنىغا، مەدەنىيىتىگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلىگە ئىگە ئاز سانلىق مىللەتلەردۇر. ئىسرائىلىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ:

مۇسۇلمان ئەرەبلەر (تەخمىنەن 750 مىڭ كىشى). ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ %76 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەرەبلەر VII ئەسىردىكى ئەرەب ئىمپېرىيىسى پەلەستىنىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان. نەچچە قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئۇلار دۆلەت تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسرائىلىيە پۇقراسى بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئادەتلىرىدە



ئەرەب مىللىتىنىڭ ئەنئەنە ئالاھىدىلىكى ساقلاپ قېلىنغان. ئۇلار ھازىر كىچىك شەھەرلەردە ۋە يېزىلاردا ياشايدۇ، كۆپ قىسمى ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىدىكى گالىلى رايونىدا ياشايدۇ. مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ۋە ئىسرائىلىيىدىكى سىياسىينىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ دېموكراتىيىلىشىشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئەرەبلەردىمۇ بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، ئاياللار باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى. بىر ئەر كۆپ خوتۇن ئېلىش چەكلەندى، قەبىلە ۋە ئۇرۇقداشلىقنىڭ نوپۇزى تەدرىجىي ئاجىزلىدى.

خرىستىئان ئەرەبلەر (تەخمىنەن 150 مىڭ ئادەم). ئۇلار ئىسرائىلىيىدە ئىككىنچى ئاز سانلىق مىللەتنى ھاسىل قىلغان. ئىسرائىلىيىدىكى خرىستىئان مەزھەپلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچىسى گرېك چېركاۋىغا (%42)، گرېك پراۋوسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىگە (%32) ۋە رىم كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىگە (%16) مەنسۇپ. خرىستىئانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەھەرلەردە ياشايدۇ. نازىراتتىكى ئاھالىنىڭ يېرىمى خرىستىئان. ھايفادىكى ئەرەبلەرنىڭمۇ %60 ى خرىستىئان.

درۇزېسلار (تەخمىنەن 80 مىڭ ئادەم). ئۇلار ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىدىكى 22 مەھەللىدە يىغىنچاق ئولتۇراقلاشقان. بىر قەدەر بېكىنمە ھالەتتىكى مىللەت بولۇپ، مەدەنىيەت، جەمئىيەت ۋە دىنىي جەھەتلەردىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. درۇزېسلارنىڭ دىنى قاتتىق سىر بولۇپ، باشقىلار تەپسىلىي بىلمەيدۇ. لېكىن مەلۇم بولغانلىرىدىن قارىغاندا، مۇخلىسلاردىن ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتىگە تولۇق سادىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىكەن.

بەدەۋىيلەر تەخمىنەن 70 مىڭ ئادەم بولۇپ، مۇسۇلمان ئەرەبلەرنىڭ %10 ئەتراپىنى ئىگىلەيدۇ. جەنۇب بەدەۋىيلىرى ۋە شىمال بەدەۋىيلىرىگە ئايرىلىدۇ. لېكىن، ئاساسلىقى جەنۇبتىكى

كەڭ زېمىنغا تارقالغان، ئوتتۇز قەبىلىگە بۆلۈنگەن. ئۇلار ئەسلى ئولتۇراق ماكانى يوق كۆچمەن مىللەت ئىدى. ھازىر مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بەدەۋىيلەر ئىسرائىلىيەدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئالاھىدە مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلچەملىك شەھەر ئۆيلىرىدە ئولتۇرىدۇ. تەربىيىلەش ئارقىلىق، ئىسرائىلىيىنىڭ ئەمگەكچىلەر قوشۇنىغا قاتنىشىپ، سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق ۋە ساياھەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

چېركېسلەر تەخمىنەن ئۈچ مىڭ ئادەم بولۇپ، ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە چاررۇسىيەنىڭ باشقۇرۇشىدىن قېچىپ، كاۋكاز (چېچېنىيە ئەتراپى) دىن تۈركىيىگە، سۇرىيىگە، ئىئوردانىيىگە ۋە پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلگەن. ھازىر گالىلېيدىكى ئىككى مەھەللىدە ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار ھەم ئەرەب مەنبەسىگە، ھەم خرىستىئان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولمىغان سۈننىي مەزھىپىدىكى، تۈرك قان سىستېمىسىدىكى مۇسۇلمانلار ھېسابلىنىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇلار ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيىتىنى ۋە مىللىي تىلىنى ساقلاپ كەلدى. يەھۇدىي ياكى ئەرەب مۇسۇلمانلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسىگە ئۇچرىمىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ياشلىرى ئەرەب ۋە ئىبرانىي تىللىرىنى بىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەرمەن قاتارلىق باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بار. لېكىن نوپۇسى ناھايىتى ئاز.

ئىسرائىلىيەدىكى بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ۋە مەدەنىيەت ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا ۋە ئۆز مەزھىپىنىڭ ئېتىقادىغا ماس كېلىدىغان ھەق تەلەپ ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئورگانلار ئۆز ئىچىدىكى نىكاھلىنىش ۋە نىكاھتىن



ئاجرىشىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئورگانلارنىڭ ھوقۇقى دۆلەت قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، ئەرەبلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئەرەبلەرنىڭ مىللىي مەمۇرىي ئورگانلىرى بار. ئەرەبلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى مەكتەپلەردە ئەرەب تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ، ئىبرانىي تىلى ئىككىنچى تىل قىلىنىدۇ. يۇقىرى يىللىقلاردا ئىبرانىي تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. ئەرەب نەسلىدىن بولغان پۇقرالار ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رايونلىرىدىكى سىياسىي ۋە مەمۇرىي ئىشلاردا يېتەكچى رول ئوينايدۇ، ھەمدە سايلاپ چىققان ۋەكىللىرى ئارقىلىق ئىسرائىلىيە پارلامېنتىدا ئەرەبلەرگە ۋەكىللىك قىلىپ ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ. لېكىن سايلام ئۇسۇلىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئەرەبلەر قوللايدىغان سىياسىي پارتىيىلەر مەملىكەتلىك سايلامدا ئاسان غەلىبە قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمەتتە ئىگە بولغان ئورنى ناھايىتى ئاز. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىيسىدىكى تەسىر كۈچى ئىنتايىن چەكلىك.

ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئۇزۇندىن دۈشمەنلىشىپ كەلگەچكە، ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ ئەرەب پۇقرالار ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىدە خىزمەت ئۆتىمەيدىغان قىلىپ قويۇلدى. ئىختىيارىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ھەر يىلى نۇرغۇن ئەرەبلەر ئىختىيارىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە تاللاندى. 1957 - يىلىدىن باشلاپ، دىرۇزىسلار ۋە چېركەسلەرنىڭ تەلىپى بىلەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بۇ ئىككى مىللەتكە مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بەدەۋىيلاردىن ھەربىيگە قاتنىشىدىغانلارمۇ مۇقىم كۆپەيدى. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئىسرائىلىيەدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئەھۋالى يەنىلا قىيىن. دۆلەت ئىچىدە يەھۇدىيلار ئۇلارغا گۇمان بىلەن قارايدۇ، چەت ئەللەردىكى ئەرەبلەر بولسا ئۇلارنى خائىن، دەپ قارايدۇ.

## 5. دىنىنىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسىدىكى ئورنى

ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەھۇدىي دىنى مۇكەممەل تەشكىلىي سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. ئون راببىدىن ئالىي كومىتېت تەشكىل قىلىنىپ قائىدە - قانۇنلارنى چۈشەندۈرۈشكە، دىنىي ئەقىدىلەرنى تۈزۈشكە ۋە دىنىي تەۋەررۈك نەرسىلەرگە ھۆكۈم قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى. راببى باش مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە يەتتە مىڭ چېركاۋنى باشقۇرىدۇ. ئارمىيىدىكى باش راببى ئارمىيىدىكى مۇخلىسلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ. مائارىپ ساھەسىدە دۆلەت قوللايدىغان دىنىي مائارىپ تورى ۋە يەھۇدىي ئورتودوكساللىرى باشقۇرغان دىنىي خۇسۇسىي مەكتەپلەر بار.

خېرزلنىڭ سىياسىي زىئونىزمى دىندىن خالىي مىللەتچىلىك ئىدىيە ۋە سىياسىي ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى مىللەتنى پەلەستىنگە قايتۇرۇپ كېلىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئىدى. شۇڭا، يېڭى قۇرۇلغان ئىسرائىلىيە دۆلىتى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دا ئېنىق قىلىپ مۇنداق جاكارلىدى: پۇقرالار دىنىي ئېتىقاد ئايرىماي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي باراۋەرلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىسرائىلىيە ئىلاھىي ھاكىمىيەت دۆلىتى ئەمەس، بەلكى دىندىن تاشقىرى دۆلەت. لېكىن، ئەمەلىيەتتە يەھۇدىي دىنى جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەن، ھەتتا دۆلەتنىڭ سىياسىيسىغىمۇ ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەھۇدىي دىنىنىڭ دۆلەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئاساسلىقى جەمئىيەت، سىياسىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

يەھۇدىي دىنى قانۇندا دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىسرائىلىيە جەمئىيىتىدە تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئارىلىشىدۇ. مەسىلەن، «قايتىپ كېلىش قانۇنى» دا يەھۇدىي كۆچمەنلەرنىڭ ئىسرائىلىيىگە كېلىشى ۋەتەنگە



قايتىپ كېلىش دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن «يەھۇدىي» غا ئېنىق قانۇنىي تەبىر بېرىلمىگەن. چۈنكى، بۇ مەسىلىدە دىندىن تاشقىرىلار بىلەن دىندارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە ئىنتايىن كەسكىن بولغان، بەلكى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى «يەھۇدىي» زادى مىللەت ئۇقۇمىمۇ ياكى دىنىي ئۇقۇممۇ دېگەندىن ئىبارەت بولغان. دىنىي ساھەدىكىلەر قان سىستېمىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەھۇدىي دىنىغا ئەمەل قىلىدىغان ئادەم يەھۇدىي ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىدى. 1958 - يىلى «كىم يەھۇدىي؟» غا مۇناسىۋەتلىك بىر قېتىملىق مۇنازىرىدە بېن گۇرىئون بۇ مەسىلىنى 43 نەپەر «يەھۇدىي دانىشمەن» گە تاپشۇرغان. ئۇلارنىڭ جاۋابى يەھۇدىي ئورتودوكساللىرىنىڭ كۆز قارىشىغا ماس كەلگەن. «قايتىپ كېلىش قانۇنى» نىڭ 1970 - يىلىدىكى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسىدە بۇ ھەقتە بىرقەدەر ئېنىق تەبىر بېرىلىپ، مۇنداق بەلگىلەنگەن: « ‹يەھۇدىي› — يەھۇدىي ئانىدىن تۇغۇلغان ياكى ‹يەھۇدىي دىنىغا› ئېتىقاد قىلغان ئادەم بولۇپ، باشقا دىنغا مەنسۇپ ئەمەس» . بۇ تەبىر دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى. نىتانياخۇ ھۆكۈمىتى تەختكە چىققاندىن كېيىن شاس پارتىيىسى «قايتىپ كېلىش قانۇنى» نىڭ لايىھىسىنى يەنىمۇ تۈزىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئورتودوكسال راببىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېتىقاد قىلغان ئادەمنىڭ يەھۇدىي دەپ قارىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ لايىھىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دىندىن خالىي يەھۇدىيلارنى بەك خاتىرجەمسىزلەندۈردى، ئامېرىكىدىكى ئالتە مىليوندىن ئارتۇق يەھۇدىينىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلاھاتچى ياكى كونسېرۋاتىپ راببىلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېتىقاد قىلىشنى قوبۇل قىلغانىدى. بۇ لايىھە 1997 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى پارلامېنت يىغىنىدا ماقۇللاندى. لېكىن، ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ كەيپىياتى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئىسرائىلىيىنىڭ سىرتىدا

ئىسلاھاتچى ياكى كونسېرۋاتىپ رابىبلار رىياسەتچىلىكىدە ئېتىقاد
قىلغان بولسىمۇ كۆچكە ئىگە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭ-
دىن باشقا، يەھۇدىي دىنىنىڭ شەببات كۈنى (ئارام كۈنى) ئۆتكۈ-
زۈش توغرىسىدىكى قائىدىسىمۇ دۆلەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىن-
دى، ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىش بەلگىلەندى. نىتانياخۇ ھۆكۈ-
مىتىنىڭ قاتناش مىنىستىرى، دۆلەت دىنىي پارتىيىسىنىڭ راب-
بىسى ئىتزاك لېۋى يەھۇدىيلارنىڭ شەببات كۈنى ۋە بايرام كۈن-
لىرىدىكى تىلاۋەت ۋاقتىدا غەربىي ئېرۇسالېمدىكى غول لىنىيە
— بالىيان كوچىسىنى تاقىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈر-
گەن. بۇنداق قىلىش دىندىن خالىي يەھۇدىيلارنىڭ قاتتىق نارازى-
لىقىنى قوزغىغان، ئىككى تەرەپ يەھۇدىيلىرى مۇشۇ كوچىدا
توقۇنۇشۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەرمان يولغا قويۇلدى.
كاشىرۇت (يەھۇدىي يېمەك - ئىچمەك قانۇنى) يەھۇدىيلارنىڭ
كۈندىلىك يېمەك - ئىچمىكىگە تېخىمۇ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتى-
دۇ. دىنىي ئورگانلار يەھۇدىيلارنىڭ تۇغۇت، ئۆلۈم - يېتىم،
توي - تۆكۈنلىرىنى مونوپول قىلىۋالغان. بەلگىلىمە بويىچە،
ئوغۇل بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن قۇيۇق دىنىي تۇستە خەتنە قىلىش
كېرەك؛ يەھۇدىي ۋاپات بولسا رابىبى مېيىت تىلاۋىتىنى قىلغاندىن
كېيىن يەھۇدىيلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىشقا بولىدۇ؛ رابىبى
رىياسەتچىلىك قىلغان ھەم رابىبى نىكاھ خېتىنى ئوقۇغان توي
ئىناۋەتلىك بولىدۇ. قىسقىسى، دىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ
ھەممە قىسمىغا سىڭىپ كەتكەن.

يەھۇدىي دىنىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تەسىرى سىياسىي
پارتىيە شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن،
دىنىي مەزھەپلەر دۆلەتنىڭ يېڭى سىياسىي مۇھىتىغا ماسلىشىش
ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىغا دىنىي سىياسىي پارتىيە
شەكلىدە ئارىلاشتى ۋە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا
ھاكىمىيەت بېشىدىكى سىياسىي پارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ھۆكۈ-



مەت تەشكىللىدى. لېكىن، يېتەكچى پارتىيىنىڭ سىياسىي، ئىق-
تىسادىي پروگراممىسىنى قوبۇل قىلىپ، دىنىي ئىشلاردا ئىختى-
لاپ كۆرۈلگەندە قىلچە يول قويمىدى. ھەتتا ھۆكۈمەتتىن چېكى-
نىپ چىقىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشتىن يالتايمى-
دى. مەسىلەن، 1976 - يىلى رابىن ھۆكۈمىتى سېتىۋالغان
كۈرەشچى ئايروپىلانلار ئىسرائىلىيىگە شەببات كۈنى يېتىپ كې-
لىپ، يەھۇدىي دىنىنىڭ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغاچقا، پارلا-
مېنت تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلدى.

مەدەنىي تۇرمۇش جەھەتتىمۇ يەھۇدىي دىنىنىڭ نۇرغۇن تە-
سىرى مەۋجۇت. مەسىلەن، يەھۇدىيلار مائارىپىدا «تالمۇد» تەر-
بىيىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. «تالمۇد» بولسا يەھۇ-
دىي دىنىنىڭ ئىنتايىن مول ئەنئەنىسىنى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىسرائىلىيىنىڭ دىندىن خالىي مائارىپىدىمۇ
يەھۇدىي دىنىي كىتابلىرىدىكى مەزمۇنلار مىللىي مەدەنىيەت ئەن-
ئەنىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا،
ئىسرائىلىيىنىڭ نۇرغۇن شېئىر، رومان، كىنو، تىياتىر، رەس-
سىم قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلىرىدىمۇ يەھۇدىي دىنىنىڭ تەسىرى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەھۇدىي دىنىدىن ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىن-
غان.

يەھۇدىي دىنىدىن باشقا، ئىسلام دىنى، خرىستىيان دىنى
قاتارلىقلارمۇ ئىسرائىلىيىدە ئۆزىنىڭ دىنىي قانۇنىغا ۋە مائارىپ
سىستېمىسىغا ئىگە. لېكىن، بۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم
سانىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاز بولغاچقا،
كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆرسىتىدىغان تەسىرى يەھۇدىي دىنىنىڭكى-
دىن كۆپ كىچىك.

ئېرېنستان كۆرسەتكەندەك: ئىسرائىلىيىدە دۆلەت بىلەن
دىن ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل خېلى ئالاھىدە مۇناسىۋەت تەرەققىي
قىلىۋاتىدۇ (كاتولىك دىنىدىكى دۆلەتلەردە كۆرۈلىدىغان ئەندىزى-

گە يېقىنلىشىپ كېتىدۇ). ئۇ يەردە دىنىي ئورگانلار ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پارتىيىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ «چېركاۋى» دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىدە غايەت زور تەسىرىنى جارىي قىلدۇرىدۇ. بۇنداق تەسىر ھەممە يەھۇدىيلارنىڭ ئورتاق دىنىنى ۋە مىللىي مىزانىنى قوغدايدۇ.

## 2 § . مائارىپ تەرەققىياتى

### 1. تەرەققىيات نىشانى ۋە مۇساپىسى

دۇنيادىكى دۆلەتلەر مائارىپ تەرەققىياتىنى دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم يول، دەپ قارايدۇ. ئىسرائىلىيە بۇ جەھەتتە تېخىمۇ گەۋدىلىك. دۆلەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا يەشۇۋنىڭ مائارىپ سەۋىيىسى ئىلغار ئىدى. 1948 - يىلى ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندا ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئامېرىكىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا ھۆكۈمەت يېڭى قۇرۇلۇپلا «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، مائارىپقا نۇرغۇن مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلدى. 60 - يىللارنى مىسالغا ئالساق، ئىسرائىلىيىنىڭ مائارىپ خام چوتى دۆلەت خام چوتىنىڭ %11 نى ئىگىلەپ، دۆلەت ئومۇمىي كىرىمىنىڭ % 5 . 8 گە يەتتى، دۆلەت مۇداپىئەسىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چىقىم بولدى. ئەللىك يىلدىن بۇيان ئىسرائىلىيە مائارىپ خىراجىتىنىڭ خەلق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىكى نىسبىتى دۇنيادىكى دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا، مەكتەپكە كىرىش يېشىدىن ئىلگىرىكى مائارىپ دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتار-



دا تۇرۇپ كەلدى. ئالىي مائارىپمۇ ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولدى.

ئىسرائىلىيە مائارىپىنىڭ نىشانى، بىرىنچىدىن، خەلققە تەربىيە ئالمىدىغان ياخشى مۇھىت ھازىرلاپ بېرىپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىككىنچىدىن، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ مەدەنىيەتتىكى بىرلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەر ۋە مەزھەپلەرنىڭ يېڭى دۆلەتكە يۇغۇرۇلۇپ كېتىشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىش، ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئاساسىي قابىلىيەتنى ئىگىلىگەن ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن تەمىنلەش؛ تۆتىنچىدىن، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بەشىنچىدىن، بەزى پەۋقۇلئاددە كوللېكتىپلارنىڭ مائارىپ مەسىلىسىنى، مەسىلەن، يېڭى كۆچمەنلەر (بولۇپمۇ شەرق يەھۇدىيلىرى) نىڭ، ئۆگىنىشتە قىيىنلىنىدىغانلارنىڭ ۋە تالانتلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللدە مائارىپ خىزمىتى ئاساسلىقى خەلق مائارىپ سىستېمىسىنىڭ رامكىسىنى تىكلەشنى چۆرىدىگەن ھالدا دەرسلىك قۇرۇلۇشى ئىشلەش ۋە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش، مەجبۇرىي مائارىپنى بىر تۇتاش يولغا قويۇش قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلار بويىچە ئىشلەندى. «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»دا ئۈچ ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ ھەقسىز مەجبۇرىي مائارىپنى قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى. 1953 - يىلى پارلامېنت «دۆلەتنىڭ مائارىپ قانۇنى»نى ماقۇللاپ مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەشۇۋ دەۋرى ۋە دۆلەت يېڭى قۇرۇلغان چاغلاردا مەۋجۇت بولغان كۆپ مەنبەلىك مائارىپ سىستېمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مائارىپى، دىنىي مائارىپ ۋە ئادەتتىكى مائارىپنى دۆلەت بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ئادەتتىكى مائا-

رىپ ۋە دىنىي مائارىپقا قوشۇۋەتتى. لېكىن، ئورتودوكسال دى-
نىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دىنىي مائارىپ شەكلى-
نى ساقلاپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. دەرسلەرنى تەسىس
قىلىشتا يەھۇدىيلار تارىخى، بولۇپمۇ سەرسان بولغان دەۋر تارى-
خىغا دائىر تەربىيىنى كۈچەيتىشكە ئېغىنمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى.
ئىبرانىي يېزىقىدا ئوقۇتۇش ۋە ئىبرانىي ئەدەبىيات تەتقىقاتى
كۈچەيتىلدى. 1959 - يىلى يەھۇدىي «ئېگى» نى كۈچەيتىش
تەربىيە پىلانى يولغا قويۇلۇپ، بەزى دىنىي ئەنئەنە تەربىيىلىرى
دىندىن خالىي مائارىپقا سىڭدۈرۈۋېتىلدى. ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچى
يېتىشتۈرۈش ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، بولۇپمۇ قىسقا مۇددەتلىك
كۇرسلارنى قۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار كۈچىنى تېز كۈچەيتتى.
60 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىگىلىكنىڭ تېز
سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا، كۆچمەنلەرنىڭ كۆپلەپ كېلىشىگە
ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلاملار ۋە كۆچمەنلەر توپىنىڭ
تەربىيە ئېلىش دەرىجىسىدە پەرقىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ،
مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كوللېكتىپ
تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ سەۋىيىسىدىكى پەرقنى كىچىكلى-
تىشكە ھەمدە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېغىنمۇ
كۆپ كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە بۇرالدى. 60 - يىللار-
نىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى مائارىپ تو-
زۇلمىسىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىپ، تەربىيە ئېلىش پۇرسىتى
باراۋەر بولۇش شەرتى ئاستىدا، مائارىپنى كۆپ خىللاشتۇرۇش
پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۇرغۇن يېڭى سىياسەتلەرنى قول-
لاندى. بولۇپمۇ پەۋقۇلئاددە بالىلار مائارىپى ۋە قوشۇمچە قۇتقۇ-
زۇش مائارىپىنى يولغا قويۇپ، كەسپىي مائارىپنى كېڭەيتتى ۋە
مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈردى. پەۋقۇلئاددە مائارىپتا سىنىپ بويىچە
ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تالانتلىق 3% بالىغا مەكتەپ سىرتىدا
ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئاشۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. قوشۇمە-



چە قۇتقۇزۇش مائارىپىدا «ئاجىز» ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە دەرس-
لەرنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ،
مەكتەپتىن قاچىدىغانلارنى ئىجتىمائىي ۋە پسىخىكا جەھەتلەردىن
تەربىيىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شەرق يەھۇدىيلىرىنىڭ ئائىلىسى-
دىكى ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەت ياردەم بېرىدىغان ئىپتىدائىي مەك-
تەپلەرگە كىرگۈزۈپ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ،
ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانى ئىچىدىكى نىسبىتىنى يۇقى-
رى كۆتۈرۈپ، 1967 - يىلى 35.6% كە يەتكۈزدى. 60 -
يىللاردىن باشلاپ، كۆچمەنلەرنىڭ كەسپىي ئېھتىياجىنى قاندۇ-
رۇش ئۈچۈن، كەسپىي مائارىپنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى،
ئۆگىنىش ۋاقتىنى بۇرۇنقى ئىككى يىلدىن تۆت يىلغا ئۇزارتتى.
70 - يىللاردىن باشلاپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتى-
ياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، دۆلەت بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىر-
لەرنى يولغا قويدى. بىرىنچىدىن، ھەقسىز تەربىيىلەش ۋاقتىنى
ئۇزارتىش، مەكتەپكە كىرىش يېشىدىن بۇرۇنقى تەربىيە مۇئەس-
سەسەلىرىنى كېڭەيتىش، چوڭلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپى-
نى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئائىلىلەردە پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىگە
كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىجتىمائىي رايون مائارىپ پىلانىنى تۈزۈشنى
ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، تەربىيە ئېلىش
دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنى
ئىقتىسادىي تەرەققىيات جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئالاقىدار
دەرسلەرنى تاللاپ ئۆگىنىشكە پائال ئىلھاملاندۇردى. مەسىلەن،
كومپيۇتېر تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەربىيە ناھايىتى
تېز تەرەققىي قىلدى. بۇنداق مەكتەپلەر تېز كۆپەيدى. ئۈچىنچى-
دىن، مائارىپتا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش سىياسىتىنى
تۈزۈپ، نامرات رايونلارغا مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى ئەۋەتىش،
مەخسۇس مائارىپ راسخوتى ئاجرىتىپ بېرىش، ياتاقلىق مەكتەپ-
لەرنى قۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق نامرات رايونلارنىڭ

مائارىپ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. تۆتىنچىدىن، ئەرەب
تىلى تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەرەب تىلىنى ئىپتىدائىي
مەكتەپلەر چوقۇم ئۆتىدىغان دەرس قىلىپ بەلگىلىدى. كۆرسى-
تىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي
ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىسرائىلىيىنىڭ مائارىپ
تەرەققىيات مۇساپىسىدىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېڭى ئەھ-
ۋاللار پەيدا بولدى. بىر تەرەپتىن، دىنىي كۈچلەرنىڭ كۈنسايىن
كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دىنىي تەربىيە ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىل-
دى. ھۆكۈمەتمۇ دىنىي تەربىيە ۋە دىنىي تەرەققىياتقا بولغان
سېلىنمىنى كۆپەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىگىلىكتىكى ئەركىن-
لىشىش خاھىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بەزىلەر ئىسرائى-
لىيىنىڭ ھازىرقى مائارىپ تۈزۈلمىسىدىن گۇمانلىنىپ، پاراۋان
دۆلەت شەكلىدىكى مائارىپ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، مائارىپ تۈ-
زۈلمىسىنى تەدرىجىي بازارلاشتۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىل-
دى.

## 2. مائارىپ سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

بىر نەچچە ئون يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئىسرائىلىيە ئۆزى-
نىڭ مائارىپ سىستېمىسىنى قۇردى. بۇ سىستېما تۆۋەندىكى
نەچچە قاتلامدىن ھاسىل بولغان: A. مەكتەپكە كىرىش يېشىدىن
بۇرۇنقى تەربىيە. بۇ يەسلى ۋە بالىلار باغچىسى تەربىيىسىنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئوقۇش ۋاقتى بىر يىل بولىدۇ.
B. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى. بالىلار ئالتە يېشىدىن
16 ياشقىچە مەكتەپتە ئوقۇشى كېرەك. باشلانغۇچ مەكتەپ (1
- يىللىقتىن 6 - يىللىققىچە) تىن باشلاپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپ (7 - يىللىقتىن 9 - يىللىققىچە) ۋە تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپ (10 - يىللىقتىن 12 - يىللىققىچە)، 18 ياشقا كىرىش-
تىن بۇرۇن ئوقۇش خىراجىتى ئېلىنمايدۇ. ھازىر ئىسرائىلىيىدە



باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى
دۇنيا بويىچە ئۇچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. C. ئوتتۇرا مەكتەپتىن
كېيىنكى مائارىپ. تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈت-
تۈرگەن ئوقۇغۇچىلار پېداگوگىكا، كۈتكۈچىلىك، كومپيۇتېر ۋە
باشقا جەھەتلەردىكى ماھارەتلەر بويىچە تەربىيىلىنىدۇ. ھەمدە ئۇلا-
رغا كەسىپ گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ. يەھۇدىي دىنىي مەكتەپلىرى
ھەممە دەرسلەرنى ئەتراپلىق ئۆتىدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كې-
يىن يەھۇدىي قانۇنشۇناسلىقى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇتىدۇ. D.
ئالىي مائارىپ. ئالىي مائارىپ خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى
دۆلەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە چەت ئەللەردىكى بەزى فوند
جەمئىيەتلىرىمۇ ياردەم قىلىدۇ. E. چوڭلار مائارىپى، 18 ياش-
تىن ئاشقانلار داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇشنى خالىسا، ئادەتتىكى
مائارىپ ۋە ئالىي مائارىپتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئىسرائىلىيىنىڭ مائارىپى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە
ئىگە: بىرىنچىدىن، چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەت بىلەن يەھۇدىي-
لارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ.
يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمى-
غاچقا، ئىسرائىلىيە مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكى شەكىل-
لەنگەن. مۇنداق كۆپ مەنبەلىك خۇسۇسىيەت مائارىپتا ئەكس
ئېتىپ، كۆپ مەنبەلىك مۇرەككەپ مائارىپ ئالاھىدىلىكىنى شە-
كىللەندۈرگەن. ئىككىنچىدىن، يەھۇدىي مائارىپى بىلەن ئاز سان-
لىق مىللەتلەر مائارىپىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەيدۇ.
مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر (ئا-
ساسلىقى ئەرەبلەر) بىلەن يەھۇدىيلار ئوخشاش ھوقۇق ۋە مەجبۇ-
رىيەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەرەب مەكتەپلىرىنىڭ ئاساسىي
دەرسلىرى ئىبرانىي مەكتەپلىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئەرەب
تىلى بىرىنچى تىل قىلىنىدۇ. لېكىن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4
- يىللىقىدىن باشلاپ ئىبرانىي تىلى ئۆتۈلىدۇ. 6 - يىللىقىدىن

باشلاپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، مۇنتىزىم مائارىپ بىلەن كەسپىي مائارىپقا، چوڭلار مائارىپىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەيدۇ. ئىسرائىلىيىدىكى نۇرغۇن كۆچمەنلەر ئىچىدە چوڭلار كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ھۆكۈمەت مۇنتىزىم تەربىيىلەش بىلەن بىللە، كەڭ كۆلەملىك چوڭلار مائارىپىنى يولغا قويىدى. بۇ مائارىپ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپلىرىنى، كەسپىي كەچ كۇرسلارنى ئېچىش ۋە يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ تىل ئۆگىنىش سىنىپلىرىنى ئېچىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## § 3 . مەدەنىيەتتىكى گۈللىنىش

### 1 . مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى يېشوۋ دەۋرىدە باشلانغان مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا غايەت زور كۈچ بېغىشلاپ، يېڭى تەرەققىيات ئالامەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

1 ) ئاممىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش دەرىجىسى كۈنسايىن چوڭقۇرلاشتى. يېشوۋ دەۋرىدە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى زىيالىيلار، يازغۇچىلار، ئەدىبلەر دائىرىسى بىلەن چەكلەنگەنىدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋالدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، ئومۇمىي خەلق قاتنىشىدىغان ئاممىۋى مەدەنىيەت شەكىللەندى.

2 ) ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلۇشى بىلەن يەھۇدىيلار مەدەنىيىتى ئانا زېمىندىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتكە ئايلىنىپ، سەرسانلىق دەۋرىدىكى سىرتقى مۇھىتنىڭ يەھۇدىي مەدەنىيىتىگە بولغان ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدى. يېڭىدىن گۈللەنگەن ئىسرائىلىيە مەدەنىيىتى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى



تېخىمۇ تەكىتلىدى. يەھۇدىي مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىغا ئەھمىيەت بەردى. يېشوۋ دەۋرىدە شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلدى.

3 ) ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە ۋە ئەدىبىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن تاشقىرى، دۇنيادىكى باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى ۋە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنىمۇ ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، ئىسرائىلىيە مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ زامانىۋى خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلدى.

4 ) مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مىللەتنىڭ بىرلىشىش جەريانى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. بەدىئىي ئەسەرلەر ئارقىلىق يەھۇدىيلار مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىنى، ۋارىسلىق قىلىش خۇسۇسىيىتىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ئوخشاشمىغان يەھۇدىي توپلىرىنىڭ يەھۇدىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدىكى ئورتاق ئىجادىيىتىنى ۋە تۆھپىسىنى ئەكس ئەتتۈردى، مۇشۇ ئاساستا ئىسرائىلىيىنىڭ يېپيېڭى مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئوخشاشمىغان كۆچمەنلەر كوللېكتىپىنىڭ مەدەنىيەتتە «يۇغۇرۇلۇپ كېتىشى» نى ئىلگىرى سۈردى.

5 ) مەدەنىيەتتە «يۇغۇرۇلۇپ كېتىش» نى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە كۆچمەنلەر كوللېكتىپلىرىنىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت تارىخىي تەرەققىياتىدا شەكىللەنگەن ئالاھىدىلىكلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدىكى كۆپ مەنبەلىك ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ، ئىسرائىلىيە مەدەنىيىتىدە كۆپ مەنبە بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، ئىناق تەرەققىي قىلىدىغان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

### 2 . مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرى

قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۇزۇن يىللارغا سوزۇلغان

سەرسانلىق ئازابى، زىئونىزمنىڭ يۈز يىللىق كۆرەش تارىخى،
ناتسىستلارنىڭ ئۆلتۈرلماس قىرغىنچىلىق تراگېدىيىسى ۋە دۆلەت
قۇرۇلغان يېرىم ئەسىرلىك مۇساپە ئىسرائىلىيىنىڭ بەدىئىي ئى-
جادىيىتىنى تۈگىمەس مەنبە بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن
بىللە كۆچمەنلەر ئېلىپ كەلگەن يات زېمىنلارنىڭ مەدەنىيەت
ئالاھىدىلىكلىرى، زامانىۋى ۋاستىلەر بىلەن كىرىپ كەلگەن
چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە خەلقئارا جەمئى-
يەتتە كۆنسايىن قويۇقلىشىۋاتقان ئالماشتۇرۇشلار ئىسرائىلىيە
مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاپ
بەردى. ئىسرائىلىيە مەدەنىيىتىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپە-
قىيەتلىرى كۆپ تەرەپلىك بولۇپ، تىل، ئەدەبىيات، مۇزىكا،
ئۇسسۇل، كىنو، مەدەنىي ئاسار ئەتىقە، تەنتەربىيە ۋە ئاخبا-
رات - نەشرىيات قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلە-
نىدۇ. ئىسرائىلىيە مەدەنىيىتىنىڭ مىسلىسىز گۈللىنىشى يەھۇ-
دىي مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ.

ئىبرانىي تىلىنى كېڭەيتىش — ئىسرائىلىيىنىڭ مىللىي
مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ
چوڭ نەتىجىسىدۇر. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىبرانىي تىلى
رەسمىي ھۆكۈمەت تىلى قىلىندى. لېكىن، نۇرغۇن يەھۇدىيلار-
نىڭ كېلىشى ئارقىسىدا ئىسرائىلىيىلىكلەر ئىچىدە ئىبرانىي تى-
لىنى ئىشلىتىدىغانلارنىڭ نىسبىتى 1948 - يىلىدىكى 75% تىن
1954 - يىلى 61% كە چۈشۈپ قالدى. بۇ مەسىلىنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن، ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپتىن تەڭ
تۇتۇش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن، تىل ئۆگى-
نىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئىبرانىي تىلىنى بىلمەيدىغانلارنى
تەربىيىلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەكتەپ تەربىيىسىدە ئىبرانىي
تىلىدا ئوقۇش، يېزىشنى كۈچەيتتى. ھارماي - تالماي تىرىشىش



ئارقىسىدا، ئىبرانىي تىلى ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ كۈندىلىك تۇر-
مۇشىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بولدى، ئىبرانىي تىلىدىكى ئاتالغۇ-
لارمۇ بېيىدى، تەۋرات دەۋرىدىكى سەككىز مىڭ ئاتالغۇدىن كۆپە-
يىپ، بۈگۈن 120 مىڭ ئاتالغۇغا يېتىپ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ
تۇرغان تىل بولۇپ قالدى.

دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىسرائىلىيىنىڭ ئەدەبىي ئىجادى-
يىتى ئىنتايىن جانلىنىپ، كاتتا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ،
يىشوۋ دەۋرىدىكىدىن كۆپ ئىلگىرىلىدى. بىرىنچىدىن، ئىبرانىي
ئەدەبىياتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بولماستىن، دۆلەت-
نىڭ ئاساسىي ئەدەبىياتىغا ئايلاندى. ئىككىنچىدىن، يەھۇدىي
كۆچمەنلەرنىڭ كۆپلەپ كېلىشى بىلەن ئىبرانىي ئەدەبىياتىنىڭ
ئوقۇرمەنلىرى كۆپەيدى. ئۈچىنچىدىن، دۆلەتنىڭ قوللىشى ئار-
قىسىدا ئىبرانىي مەدەنىيىتى دۇنياغا يۈزلىنىشكە باشلىدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە، مودېرنىزملىق ئىپادىلەش شەكىللىرى، مەسى-
لەن، تەسىراتچىلىق، بىمەنىچىلىك، مەۋجۇدىيەتچىلىك قاتارلىق
ئېقىملارمۇ ئىبرانىي ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەل-
دى. تۆتىنچىدىن، ئىسرائىلىيە ئەدەبىياتىدىكى باشقا مىللەت
ئەدەبىياتلىرى، مەسىلەن، ئەرەب قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبى-
ياتىمۇ تەرەققىي قىلدى، ئىسرائىلىيىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت تېمى-
سى ئۈچ تەرەپكە مەركەزلەشتى. بىرىنچى، رېئاللىق ئاساسىي
تېما قىلىنىپ، كۆپىنچە ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن بۇياد-
قى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىپادىلىنىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش
جەريانىدىكى خۇشاللىق ۋە ئازابلىنىشلار، بولۇپمۇ ئىسرائىلىيە
بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ كىشىلەر
قەلبىدە قالدۇرغان جاراھەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئىككىنچى،
تارىخ ئاساسىي تېما قىلىنىپ، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت
ئەنئەنىسى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى، سەرسانلىق دەۋرىدىكى يەھۇ-
دىيلارنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەندى. ناتسىستلار-

نىڭ يەھۇدىيلارغا قاراتقان قىرغىنچىلىقى ئىسرائىلىيە ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى. ئۈچىنچى، ئاخىرقى قىممەت ئاساسىي ئېما قىلىنىپ، ئىنسانىيەت ئورتاق دۇچ كېلى-ۋاتقان بەزى مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان تالانتلىق بىر تۈركۈم يازغۇچى، شائىرلار بارلىققا كېلىپ، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى ئەسەرلەرنى ياراتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدى-كى بەزى ئەسەرلەر خەلقئارا شۆھرەتكە ئىگە بولدى. نۇرغۇنلىرى-نىڭ ئەسەرلىرى چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى، بەزىلى-رىنىڭ ئەسەرلىرى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئىسرائىلىيە مۇزىكا سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1990 - يىلى-دىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئىسرائىلىيىدە 17 سىمفونىيە-لىك ئوركېستىر، يەتتە خور ئۆمىكى ۋە بىر ئوپېرا ئۆمىكى بولۇپ، بىر يىلدا 327 مەيدان كونسېرت ۋە ئوپېرا ئوينىغان. ئىسرائىلىيىنىڭ ئوركېستىرى ۋە مەشھۇر مۇزىكانتلىرى دۇنياغا داڭلىق. ئىسرائىلىيىدە ئۇسسۇلمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىسىدا ئۇس-سۇل سەۋىيىسىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھازىر ئىسرائىلىيىدە ئالتە كەسپىي ئۇسسۇل ئۆمىكى بولۇپ، دۆلەت ھەر يىلى دۆلەتلىك ئۇسسۇل بايرىمى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ئىسرائىلىيىنىڭ كىنوچىلىقى كېيىنرەك باشلانغان بولسىمۇ، ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى.

ئىسرائىلىيىنىڭ مەدەنىي ئاسار ئەتىقە ئىشلىرىمۇ خېلى تە-رەققىي قىلدى. ھازىر ئىسرائىلىيىدە چوڭ - كىچىك 120 (دۆ-لەت دەرىجىلىك سەككىز) مۇزېي بولۇپ، ھەر يىلى ئېكسكۇرسى-يە قىلىدىغانلار 10 مىليونغا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېرۇسا-لېمدىكى ئىسرائىلىيە مۇزېيى، تېلئاۋىف سەنئەت مۇزېيى، بېس خاتىف مۇزېيى، ياد ۋاشېم قىرغىنچىلىق خاتىرە سارىيى قاتارلىق-



لار دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇن ئادەم كېلىپ كۆرىدۇ. ئىسرائىلىيە دۇنيا بويىچە مۇزېي ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان ۋە ئاسار ئەتىقە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشى-دىغان ئادەم سانى ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەرنىڭ بىرى.

ئىسرائىلىيىنىڭ نەشرىيات - ئاخبارات ئىشلىرىمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، 1969 - يىلى 481 خىلغا يەتتى. ھەر يىلى ئەتىيازدا زور كۆلەملىك كىتاب يەرمەنكى-سى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ب د ت مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلا-تىنىڭ ستاتىستىكا سانىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1962 - يىلى ئىس-رائىلىيىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىتاب دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. 1968 - يىلى ئۈچىنچى ئورۇنغا چۈ-شۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇ-رۇپ، ھەر مىڭ ئادەمنىڭ قولىدا 76 دىن كىتاب بولغان. ھازىر ئىسرائىلىيىدە مەملىكەتلىك گېزىت 29 خىلغا يېتىدۇ. ھەر يىلى مىڭ خىلدىن ئارتۇق ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ. ھەر سان ژۇرنال-نىڭ تارقىتىلىش تىرازى نەچچە مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. ئىسرا-ئىلىيىدە بەش رادىئو ئىستانسىسى بار. ئوتتۇرا شەرق بويىچە ئىسرائىلىيىنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا غەرب تۈسى ئەڭ كۈچلۈك.

خەلق ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشى-دۇ. ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «ماككا بىئاھ» تەنتەربىيە يىغىنىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يە-ھۇدىي تەنھەرىكەتچىلىرى بىرلىشىدۇ. «خاپوئېل» تەنھەرىكەت يىغىنىمۇ تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر-دىن كەلگەن تەنھەرىكەتچىلەر كۈچ سىنىشىدۇ.

## 3. مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىسرائىلىيىنىڭ مەدەنىيىتىدە بەزى يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشلىرى كۆرۈلدى.

1) ئاممىباپلىشىش يۈزلىنىشى. يۇقىرى سۈپەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، مۇزىكا - تىياتىرلار، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تاماشىبىن ۋە ئوقۇرمەنلىرى تېز كۆپەيدى. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدىغان ئادەم سانى ئاشتى. دىنىي پائالىيەتلەرمۇ مەدەنىيەت تۈسى ئېلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، شەببات كۈنىدىكى شام نۇرى پائالىيىتىمۇ كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەتكە ئارىلىشىش شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1968 - يىلىدىن كېيىن، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەتكە ئارىلىشىش ۋە ئىستېمال ئەندىزىسى تېخىمۇ ئاممىۋىلىشىشقا ۋە دىنىدىن خالىيلىشىشقا يۈزلەندى. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئارام ئېلىش رولى كۈنسايىن گەۋدىلەندى.

2) مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش يۈزلىنىشى. پارتىيە - گۇرۇھلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان گېزىت - ژۇرناللار كۈنسايىن ئازايدى. ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولىدىغان مۇستەقىل گېزىت - ژۇرناللار بارغانسېرى كۆپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھەر خىل ئىلمىي مەدەنىيەت مۇھاكىمىلىرىدىمۇ ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىپ، يالغۇز سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتى تەكىتلەنمەيدىغان بولدى. شەخسىي تۇرمۇش ۋە پسىخىك ھالەتلەر تەسۋىرلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر كۆپەيدى. گېزىت - ژۇرناللارنىڭ يەرلىك قوشۇمچە سانلىرى كۆپەيتىلدى، بۇ ھال ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەتتىكى ئاممىنىڭ سىياسىي لاگېرلار كونتروللۇقىدىكى يېتەكچى مەدەنىيەتتىن يىراقلىشىش ھېسسىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.



3) يۇغۇرۇلۇپ كېتىش بىلەن تېپىشىش تەڭ مەۋجۇت بولۇش يۈزلىنىشى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن سىرت بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىسرائىلىيە مەدەنىيىتى سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ نۇرغۇن جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ ھۇجۇمىمۇ ئىسرائىلىيە مەدەنىيىتىنىڭ قىممەت قارىشىغا تۇيدۇرماي تەسىر كۆرسىتىپ، مەدەنىيەت تۈۋرۈكىنىڭ تەدرىجىي چىرىشىنى پەيدا قىلدى. بۇنداق يۇغۇرۇلۇپ كېتىش بىلەن تېپىشىشنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇش يۈزلىنىشى كىشىلەرنى ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن بېكىنىۋېلىش، قوبۇل قىلىش بىلەن رەت قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ساقلاپ قېلىش ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدى قىلىپ قويدى.

## ئون تۆتىنچى باب

# قۇملۇقتىكى ئىقتىسادىي مۆجىزە

1948 - يىلى دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسرائىلىيە خەلقى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە جاپالىق ئەمگىكىگە تايىنىپ، قاقاس قۇملۇقتا كىشىنى هاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ئىقتىسادىي مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، ئىقتىسادى كېيىن قالغان نامرات دۆلەتتىن دۇنيا بويىچە ئىقتىسادى ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، 1948 - يىلىدىكى 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 1995 - يىلى 85 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، نەچچە يۈز هەسسە كۆپەيدى. 1995 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى كىشى بېشىغا 15 مىڭ 675 ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كېلىپ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

## 1 § . تەرەققىياتنىڭ ئەگرى - توقاي مۇساپىسى

### 1 . دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

ئىسرائىلىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش جەريانى مادىرىد تىنچلىق سۆھبىتىدىن ئىلگىرى تۆت باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى.



1948 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە بولغان ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىش دەۋرى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسرائىلىيە خارابىلىقتا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشكە توغرا كەلدى. بىرىنچىدىن، نۇرغۇن كۆچمەن كېلىپ نوپۇس بىر قاتلاندى، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش جىددىيلەشتى، ئولتۇراق ئۆي ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ناهايىتى زور بېسىم پەيدا بولدى. ئىككىنچىدىن، بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا غايەت زور هەربىي خىراجەت چىقىم قىلىنىپ، هالسىز ئىقتىسادىي ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى. ئۈچىنچىدىن، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قارشىلىقى ئىسرائىلىيىنىڭ تاشقى سودا تەرەققىياتىنى توسۇپ قويدى. هاۋا قاتناش، يېقىلغۇ ۋە سۇغۇرتا خىراجىتىنى هەر يىلى تۆت مىليون ئامېرىكا دوللىرى كۆپەيتىشكە توغرا كەلدى. بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، هۆكۈمەت مال باھاسىنى تىزگىنلەش ۋە ماددىي بۇيۇملارنى تەقسىم قىلىپ بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساس سانائەت ۋە ئاساس مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەردى. بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئالاھىدە چىڭ تۇتتى. بۇ مەزگىلدە يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ هۆكۈمەت خەلق ئىگىلىكىگە سالغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 37% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، هۆكۈمەت چەت - يىراق رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئۇ يەرلەردە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتتى. مۇنداق قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە شەھەرلەرنىڭ سىلىقىنى يېنىكلەتتى. تۆت يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئىگىلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1948 - يىلى ئىسرائىلىيە كونتروللۇقىدىكى تېرىلغۇ يەر بىر مىليون 600 مىڭ دونامغا يەتمەيتتى، 1951 - يىلى ئۈچ مىليون 350 مىڭ دونامغا يېتىپ، 50% ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى

ئۆزى تەمىنلىيەلەيدىغان بولدى.
1952 - يىلدىن 1961 - يىلىغىچە يۇقىرى سۈرئەتتە ئې-
شىش دەۋرى بولدى. ئۇرۇش قىلىش، كۆچمەن قوبۇل قىلىش
ۋە دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە سېلىنغان مەبلەغنىڭ
كۆپرەك بولۇپ كېتىشى تۈپەيلىدىن پۇل پاخاللىشىپ 1952 -
يىلى تۇنجى قېتىملىق ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چېكىنىش پەيدا
بولدى. شۇڭا، ھۆكۈمەت 1952 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى
«يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت» تۈزدى: مال باھاسىنى تىزگىنلەش
ۋە ماددىي بۇيۇملارنى تەقسىم قىلىپ بېرىش دائىرىسىنى تارايت-
تى، كۆچمەن سانىنى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئومۇمىي ئېھتى-
ياجنى ئازايتتى. «يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت» يولغا قويۇلۇپ،
سىرتنىڭ نۇرغۇن مەبلىغى قوبۇل قىلىنغانلىقتىن، بۇ ئون يىلدا
ئىگىلىك تېز تەرەققىي قىلىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي
قىممىتى يىلىغا 10% تىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئېشىپ،
نوپۇسنىڭ 5% كۆپىيىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولدى. بۇ دەۋر-
دە سىرتنىڭ مەبلىغى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كىردى: دۇنيانىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلار ئىئانە قىلدى؛ ئىسرائىلىيە
چەت ئەللەردە قەرز چېكى تارقاتتى؛ چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى،
بانكىلىرى ۋە كارخانىلىرى قەرز بەردى؛ يېڭى كۆچمەنلەر مال
- مۈلكىنى ئالغاچ كەلدى؛ گېرمانىيە ئۇرۇش تۆلىمى تۆلىدى.
بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش تۆلەم پۇلىنىڭ سانى خېلى كۆپ بو-
لۇپ، 1953 - يىلدىن 1959 - يىلىغىچە 700 مىليون ئامېرىكا
دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 230 مىليون ئامېرىكا دوللى-
رىنى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى گېرمانىيىدىكى بۇرۇنقى يەھۇدىيلارغا
شەخسىي تۆلەم بەردى. بۇ دەۋردىكى ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈر-
ئەتتە ئېشىپ بېرىشى ئىسرائىلىيىنىڭ كېيىن تەرەققىي تاپقان
دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتۈشىگە ئاساس سېلىپ بەردى. بىرىنچىدىن،
بىرقەدەر مۇكەممەل دەسلەپكى سانائەت ئاساسى تىكلىنىپ، يې-



مەكلىك، توقۇلما بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك قاتارلىق كۈندىلىك
بۇيۇملار بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا
ئاشۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، لېئوپولدىت، سۇ قاتارلىق چەكلىك
بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ، خىمىيە، توك ۋە نېفىت پىش-
شىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق سانائەت تارماقلىرى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇلدى. ئۈچىنچىدىن، بۇ دەۋردە بىناكارلىق يېتەكچى كەسىپ-
لەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت نۇرغۇن ئۆي ۋە يۇرۇش-
لەشتۇرۇلگەن ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى سېلىپ، نوپۇسنىڭ
كۆپىيىشىدىن، بولۇپمۇ كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىيىشىدىن پەيدا بول-
غان ئۆي يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل
قىلدى. تۆتىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇل-
دى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش بۇ دەۋردە
پېرىۋوت ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولدى. بەشىنچى-
دىن، ئاشقى سودا مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئاشقى سودا
1955 - يىلدىن 1960 - يىلىغىچە 150% كۆپەيدى. ئىسرائىلى-
يە 1962 - يىلى خەلقئارا تاموژنا سودا باش كېلىشىمىگە قاتناش-
تى.
1962 - يىلدىن 1972 - يىلىغىچە ئىگىلىك تەرەققىياتى-
نىڭ داۋالغۇش دەۋرى بولدى. 1962 - يىلدىن كېيىن ئىستې-
مالنىڭ ئېشىشى، پۇل پاخاللىقىنىڭ ئېغىرلىشىشى، خەلقئارا-
لىق كىرىم - چىقىم پەرقىنىڭ چوڭىيىشى، گېرمانىيىنىڭ تۆ-
لەمنى ۋە ئامېرىكىنىڭ ياردەمنى توختىتىشى ياكى ئازايتىشى
قاتارلىق پايدىسىز ئامىللارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئىسرا-
ئىلىيە ئىگىلىكى يېڭى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن
ھۆكۈمەت «يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت» نى تەرتىپكە سېلىشقا
مەجبۇر بولۇپ، ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى تەدبىر قوللاندى:
بىرى، پېرىۋوت نىسبىتىنى 1.80 ئىسرائىلىيە دوللىرىغا بىر
ئامېرىكا دوللىرى تېگىشىشنى ئۈچ ئىسرائىلىيە دوللىرىغا بىر

ئامېرىكا دوللىرى تېگىشىشكە ئۆزگەرتىپ، سودىنى ئەركىنلەش-تۈرۈش سىياسىتىگە كېڭەيتىپ، سانائەت بۇيۇملىرىنى ئېكىس-پورت قىلىش سانىنى چەكلەشنىڭ ئورنىغا تاموژنا باج سىستېمى-سىنى دەسسەتتى. سېلىنغان مەبلەغ جىددىي ئازىيىپ كەتكەنلىك-تىن 1964 - يىلى ھۆكۈمەت كۆچمەنلەرنى چەكلەش، ئىمپورتنى ئازايتىش، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى قىسقارتىش قاتارلىق جىددىي تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، تۈزۈك ئۈنۈمى بولمىدى. 1965 - يىلى ئىسرائىلىيىدە يەنە ئىقتىسادىي كرىزىس پەيدا بولۇپ، بۇ كرىزىس 1967 - يىلى ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇ-شى پارتلىغاندا پەسەيدى. ئۇرۇش ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي خىراجەت چىقىمىنى كۆپەيتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشقا ئورۇنلىشىش-نىڭ نۇرغۇن يېڭى پۇرسەتلىرىنى يارىتىپ، ئىشسىزلىق مەسىلى-سىنى پەسەيتتى. ئىسرائىلىيىنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسىمۇ ئېغىر خىمىيە سانائىتىگە قاراپ يۈزلەندى. 1969 - يىلى ئىگىلىك ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىگىلىك ھەر يىلى 8 ~ 9% ئېشىپ باردى. پۈتكۈل سانائەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1972 - يىلدىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1967 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى. قىسقىسى، بۇ دەۋردە ئىگى-لىك تەرەققىياتىدا داۋالغۇش پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىگى-لىكتە ئومۇمىي جەھەتتە تېز ئېشىش ساقلاپ قېلىندى.

1973 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ئىگىلىكنىڭ چېكىنىش دەۋرى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلى-شى ئۇزۇنغا داۋاملىشالمىدى. 1973 - يىلى تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ھەربىي خىراجەتنىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە سىرتقى ئىقتىسادىي مۇھىتنىڭ ناچارلىشى-شى، بولۇپمۇ دۇنيادا نېفىت باھاسىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ئارقى-سىدا ئىگىلىكنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك چېكىنىشى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئاممىۋى مەبلەغ سېلىشنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنىڭ ئىق-



تىسادىي ئىشلەپچىقىرىشقا كۆرسەتكەن سەلبىي تەسىرى تۈپەيلى-دىن، ئىقتىسادنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى %8 . 3 كە چۈشۈپ قالدى. 1980 - يىلىدىن كېيىن %1 . 3 كە چۈشتى. ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت 1985 - يىلىدىن باشلاپ ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قو-يۇپ، بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. %445 كە يەتكەن پۇل پاخاللىقىنى كونترول قىلىپ، 1985 - يىلى %185 كە چۈشۈر-دى. 1986 - يىلىدىن كېيىن %20 ئىچىدە كونترول قىلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيىنىڭ ئىگىلىكىدە بۇرۇ-لۇش پەيدا بولۇپ، 1986 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى %5 ئېشىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن 1988 -، 1989 - يىللىرىدىكى ئىگى-لىكنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىنلاردا پارتلىغان كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ تۈپەيلىدىن ھەربىي خىراجەت جىددىي ئېشىپ كېتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى يەنە ئاستىلىتىپ قويدى.

70 - 80 - يىللاردا ئىسرائىلىيە ئىقتىسادىدا چېكىنىش كۆرۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بەزى تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈ-لۈپ، 90 - يىللاردىكى قايتا يۈكسىلىشكە ئاساس سېلىندى. بۇ تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، سانائەت سىستېمىسىدا يېنىك سانائەتتىن ئېغىر سانائەتكە بۇرۇلۇش تامام-لاندى؛ ئىككىنچىدىن، كەسىپلەر قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلاشتى. 1989 - يىلى ئۈچىنچى كەسىپتە ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەم سانى مەملىكەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەم سانىنىڭ %50 نى، مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت ئىچىدىكى ساپ مەھسۇلات قىممى-تىنىڭ %60 نى ئىگىلىدى؛ ئۈچىنچىدىن، تېخنىكا ئېكسپورت ئەندىزىسى شەكىللەندى، سانائەت مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ ئې-

لېكتر، پوچتا - تېلېگراف ئۇسكۇنىلىرى قاتارلىق يۇقىرى پەن
- تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت نىسبىتى كۆنسايىن يۇقى-
رى كۆتۈرۈلۈپ، ئېكسپورتنىڭ 90% ئەتراپىنى ئىگىلىدى؛
ئۈچىنچىدىن، تاشقى سودا شېرىكلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى.
1975 - يىلى 5 - ئايدا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ئەركىن
سودا رايونى توغرىسىدا تۈنجى كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، تاموژنا
بېجىنى ئۆزئارا كەچۈرۈم قىلىشنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇردى.
1985 - يىلى 4 - ئايدا ئامېرىكا بىلەن ئەركىن سودا رايونى
قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇنىڭدىن باشقا، كانادا، ئاۋستى-
رالىيە، ياپونىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە
رايونلار بىلەن ئەركىن سودا رايونى مۇناسىۋىتى ھاسىل قىلدى.

## 2. تىنچلىق ئېلىپ كەلگەن يېڭى پۇرسەت

1991 - يىلىدىكى مادرىد تىنچلىق سۆھبىتىدىن كېيىن
تىنچلىق مۇساپىسى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. بولۇپمۇ پەلەستىن
بىلەن ئىسرائىلىيە ۋە ئىئوردانىيە بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسى-
دىكى تىنچلىق سۆھبىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، ئىسرائىلىيە
ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يېڭى پۇرسەت يارىتىپ بېرىل-
دى. 90 - يىللاردىن بۇيان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى-
نىڭ ھەر يىللىق ئېشىش نىسبىتى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر
ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى.

تىنچلىق ئېلىپ كەلگەن پۇرسەت تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئى-
پادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي خىراجەت
سېلىقى يېنىكلىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن
ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغاندا ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي خىراجىتى
ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، مىللىي ئىشلەپچىقىش ئومۇمىي قىممى-
تىنىڭ 20 - 30% نى ئىگىلەپ، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى بوغۇپ
قويىدىغان پايدىسىز ئامىل بولغانىدى. ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقى-



نىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، ھەربىي خىراجەت چىقىمى
مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ھازىر مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇ-
مىي قىممىتىنىڭ 10% - 15 تىنى ئىگىلەيدىغان بولدى. ئىك-
كىنچىدىن، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيىنى جازالىشى تەد-
رىجىي بوشىتىلدى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ ھال ئىسرائى-
لىيىنىڭ تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا پايدىلىق بولدى.
ھازىر مىسىر، ئىئوردانىيە ئىسرائىلىيە بىلەن رەسمىي دىپلوما-
تىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن باشقا، تۇنىس، ماراكەش، قاتار،
ئوممان قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئىسرائىلىيە بىلەن مەنپەئەتلىنىشنى
ئۆزئارا نازارەت قىلىش باشقارمىلىرىنى تەسىس قىلىپ، تەييار-
لىق دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئورناتتى. مىسىر، ئىئوردانىيە،
ئەرەب قولتۇقى ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا دۆلەتلەر، تۇنىس،
ماراكەشلەر ئىسرائىلىيىگە قارىتىلغان ئىقتىسادىي جازالاشنى ئە-
مەلدىن قالدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشقا
باشلىدى. بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، تىنچلىق
مۇساپىسى ئوڭۇشلۇق بولسا، ئىسرائىلىيىنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرى-
گە قىلغان ئېكسپورت سوممىسى پات ئارىدا يىلىغا ئۈچ مىليارد
ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن. ئۈچىنچىدىن، نىسبىي مۇقىم
بولغان ئىچكى - تاشقى مۇھىت سىرتنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قى-
لىشقا پايدىلىق بولدى. 1993 - يىلىدىن بۇيان ئىسرائىلىيە
بىلەن ئۆزئارا دىپلوماتىك ئەمەلدار ئەۋەتكەن دۆلەتلەردىن 38 ى
كۆپىيىپ، چەت ئەللەرنىڭ ئىسرائىلىيىگە سالغان مەبلىغى ئىك-
كى ھەسسە ئاشتى. تۆتىنچىدىن، تىنچلىق ئالاقىدار كەسىپلەر-
نىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مەسىلەن، 1992 - يىلى-
دىن بۇيان ئىسرائىلىيىنىڭ ساياھەتچىلىك مەھسۇلات قىممىتى
ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 1993 - يىلى ساياھەتچىلىك كىرىمى ئىككى
مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، مىللىي ئىشلەپچى-
قىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 3% نى ئىگىلىدى. 1994 - يىلى

ئىككى مىليون 170 مىڭ ساياھەتچى ئىسرائىلىيىگە ساياھەتكە كەلدى. بەشىنچىدىن، رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ئىسرائىلى-
يە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.
1994 - يىلى كاسابلانكادا، 1995 - يىلى ئوممانda چاقىرىلغان
ئىككى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقا ئىگىلىكى
بويىچە دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ ئىق-
تىسادىي ھەمكارلىق سىستېمىسىنى پىلانلىدى. مەسىلەن، ئوم-
مان يىغىنىدا رايون تەرەققىيات تۈرلىرىدىن 200 نەچچىسى مۇ-
ھاكىمە قىلىندى. بۇلارغا 60 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ
قىلىنىدىغان بولدى. يىغىندا ئىسرائىلىيە، ئامېرىكا شىركەتلى-
رى بىلەن قاتار ھۆكۈمىتى بەش مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ
قىلىنىدىغان سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز قۇرۇلۇشى توغرى-
سىدا مۇددىئا خاراكتېرلىك كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ئوتتۇرا
شەرق رايونىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق باشلىنىپ كەتسە، ئىس-
رائىلىيىنىڭ مەبلىغى ۋە تېخنىكىسى رايون ھەمكارلىقىدا يېڭى
يول تاپالايدۇ. ھەمدە ئۆزىدە يېتىشمەيدىغان ئېنېرگىيە ۋە خام
ئەشيانىڭ يېڭى مەنبەسىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ ھال ئىسرائىلىيىنىڭ
ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە
قىلىدۇ.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، 1996 - يىلى
6 - ئايدا نىتانىياخۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوتتۇرا شەرقنىڭ
تىنچلىق مۇساپىسى توختاپ قالدى، قاھىرەدە ئېچىلغان 3 -
نۆۋەتلىك ئافرىقا ئىقتىسادىي يىغىنىدا ئىلگىرىلەش بولمىدى.
دوھادا چاقىرىلغان يىغىن مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق
دۆلەتلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ھازىر ئوتتۇرا شەرقنىڭ
تىنچلىق مەسىلىسىدە ئىسرائىلىيە يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالدى،
دۆلەت ئىچىدىكى ئىگىلىكى چېكىنىشكە باشلىدى. نۇرغۇن كى-
شىلەرنىڭ قارىشىچە، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىدىكى



تۇسالغۇ تۈگىتىلسە، ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ھەم-
كارلىقى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ. ئىسرائىلىيىنىڭ ھەتتا پۈتكۈل ئوت-
تۇرا شەرق ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشى تىنچ ھەمكارلاشقان كەيپى-
يات ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

## 2 § . ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مەسىلىلەر

### 1 . «ئىسرائىلىيىچە ئەندىزە» نىڭ ئالاھىدىلىكى

ئەللىك يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇساپىسىدىن
«ئىسرائىلىيىچە ئەندىزە» نىڭ تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، كۆچمەنلەر ئىسرائىلىيە ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشىنى
ئالغا سىلجىتىدىغان مۇھىم ئامىل بولدى. يىشوۋ دەۋرىدە يەھۇ-
دىي كۆچمەنلەر پەلەستىن ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇ-
ھىم رول ئوينىغانىدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن بەش قېتىم
كۆچمەن كېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن
ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولدى. بەزى
ئالىملار كۆرسەتكەندەك: «ئىسرائىلىيىنىڭ سانائەتلىشىشى باش-
قىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ كۆچمەنلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-
لىك. . . ئىسرائىلىيىدە كۆچمەنلەر بىلەن سانائەتلىشىشنىڭ مۇ-
ناسىۋىتىنى ناھايىتى ئاسان تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.» بۇنداق
مۇناسىۋەت تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، كۆچ-
مەنلەر بىلەن دۆلەتنىڭ كەسىپلەر سىياسىتىنى بەلگىلىشى زىچ
مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، كۆچمەنلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن،
دۆلەت يېڭى قۇرۇلغاندا يېزا ئىگىلىكىنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ
ئاساسى قىلىپ، نۇرغۇن ئولتۇراق مەھەللىلەرنى سېلىپ، كۆچ-
مەنلەرنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ئىلھاملان-

دۇردى؛ ئالماس سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياۋروپادىن
كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىدىن
تولۇق پايدىلاندى. ھازىر ئىسرائىلىيىدە 700 كارخانا، 10 مىڭ-
دەك ئادەم ئالماس مەھسۇلاتلىرى ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ئىككىنچى، كۆچمەنلەر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا نۇر-
غۇن مەبلەغ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. يىشوۋ
دەۋرىدە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاساسلىقى يەھۇدىي
كۆچمەنلەر ئېلىپ كەلگەن مەبلەغدىن پايدىلاندى. دۆلەت قۇرۇل-
غاندىن كېيىن چەت ئەل مەبلىغى ۋە چەت ئەللەردىكى يەھۇدىيلار-
نىڭ مەبلىغى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان ئاساسىي مەبلەغ بولسىمۇ،
لېكىن شەخسلەر ئالغاچ كەلگەن مال - مۈلۈك مۇھىم رول
ئوينىدى. مەسىلەن، 1950 - يىلىدىن 1967 - يىلىغىچە يەھۇ-
دىيلار ئالغاچ كەلگەن مەبلەغ 885 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا
يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، كۆچمەنلەر ئارىسىدىكى نۇرغۇن مەلىكى-
لىك ئىشچىلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىدىكى
جىددىي ئېھتىياجلىق ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچى
مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۈچىنچى، كۆچمەنلەر ئىگىلىك تە-
رەققىياتىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ئىجابىي ئامىل بولدى. مەسى-
لەن، كۆچمەنلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي ئېھتىياجى بىناكارلىق ۋە
ئۇنىڭغا ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدى-
غان غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى. 1990 - يىلى-
نىڭ ئالدى - كەينىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رايونىدىن كەلگەن
نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئىسرائىلىيە ئىگىلىكىنىڭ قايتىدىن گۈللىنى-
شىدە مۇھىم رول ئوينىدى. تۆتىنچى، كۆچمەنلەر دۆلەتنىڭ
ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىگە ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلار شەكلىگە تە-
سىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، دەسلەپكى مەزگىلدە كەلگەن يەھۇ-
دىيلارنىڭ خېلى بىر قىسمى سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىغان. شۇڭا، يىشوۋ دەۋرىدىكى ئىگىلىكتە ئومۇم مۈلۈكچى-



لىك تۈزۈمىنىڭ تەركىبى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. دۆلەت
قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر نەچچە قېتىم ئەركىنلەشتۈرۈش ئىسلا-
ھاتى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى
يەنىلا خېلى چوڭ نىسبەتنى ئىگىلىدى. ئىشچىلار باش ئۇيۇشمى-
سى، كىببۇز، موشاۋ قاتارلىق سوتسىيالىزم تۈسىگە ئىگە ئىج-
تىمائىي ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار غايەت زور رولىنى جارىي قىلد-
دۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۆكۈمەت ئىگىلىككە كۈچ-
لۈك ئارىلىشىپ ۋە ئۇنى كونترول قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.
ئىككىنچى، ئىسرائىلىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى باشتىن -
ئاياغ سىرتقا يۈزلىنىپ تەرەققىي قىلىشنى ئاساس قىلغان. دۆلەت
ئىچىدىكى بازار چەكلىك، تەبىئىي بايلىق كەم بولغاچقا، ئىسرا-
ئىلىيە ھۆكۈمىتى سىرتقى سودا ھەمكارلىقىنى ئىقتىسادنىڭ ئې-
شىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم يول دەپ بىلىپ، سىرتقا
يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك
ئۈنۈمگە ئىگە بولدى. 70 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن
ئىسرائىلىيىنىڭ ئېغىر سانائىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئېكس-
پورت قۇرۇلمىسىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. بۇرۇندىن ئې-
كىسپورت قىلىنىپ كەلگەن ئىلمە - توقۇلما بۇيۇملىرى، يېمەك-
لىك، كۆكتات، مېۋە - چېۋە قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىنى
ئېلېكتر، خىمىيە سانائەت ۋە قورال - ياراغ مەھسۇلاتلىرى ئىگى-
لىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق، قوشۇمچە
قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشنى يېتەكچى
قىلغان سانائەتلىشىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا قەدەم قويدى.
1979 - يىلى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورت
مىقدارىدا ئەنئەنىۋى سانائەت مەھسۇلاتلىرى %60 نى ئىگىلەيتى.
تى. 1990 - يىلى %36 كە چۈشۈپ، يۇقىرى پەن - تېخنىكا
مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى كۆپەيدى. ستاتىستىكىدىن
قارىغاندا، 1985 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە يۇقىرى پەن -

تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20% لىك سۈرئەت بىلەن ئېشىپ بارغان. 90 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارىدا يۇقىرى پەن - تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 50% كە يەتتى. ئەلۋەتتە، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قامال قىلىشى ۋە جازالىشى ئارقىسىدا، ئىسرائىلىيىنىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىدا جۇغراپىيە جەھەتتىن «يىراقتىكىلەر بىلەن ئەپلىشىپ، يېقىندىكىلەر بىلەن ئېلىشىدىغان» ئالامەت پەيدا بولدى. ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا، ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ تەدرىجىي قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئىسرائىلىيىنىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىدىكى بۇ ھالەت بۇزۇۋېتىلىپ، ئەتراپتىكى رايونلاردا يېڭى تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرمەكتە.

ئۈچىنچى، ئىسرائىلىيە ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشى يۇقىرى پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنى باشلامچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلدى. ھازىر ئىسرائىلىيىنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتى نۇرغۇن ساھەلەردە خەلقئارادىكى ئالدىنقى سەۋىيىسىگە يەتتى، بەزى ساھەلەردە دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. مەسىلەن، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىلىرى، نازۇك خىمىيە مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن ئىلغار، ئاۋىئاتسىيە تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ناھايىتى زور. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى «ئوپېك - 1» ناملىق سۈنئىي ھەمراھنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىپ، سۈنئىي ھەمراھ ياساش ۋە قويۇپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە دۆلەتلەر قاتارىغا كىردى. ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئېچىش جەھەتتىمۇ يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە بولدى. ئىسرائىلىيە ھازىر دۇنيا بويىچە قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن ئەڭ كۆپ پايدىلىنىۋاتقان دۆلەت بولۇپ، قۇياش ئېنېر-



گىيىسىدىن پايدىلىنىشنى ئائىلىلەردە ئومۇملاشتۇرۇشتا دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى جەھەتتە ئىسرائىلىيىنىڭ سۈنئىي قول - پۇت تېخنىكىسى، راكقا دىئاگنوز قويۇش ئەسۋابلىرى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئىسرائىلىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى بويىچە يۇقىرى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇپ، پۈتكۈل يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. سۇ يىغىش، سۇنى ماگنىتلاشتۇرۇش، تۇپراقنى ياخشىلاش، پارنىكتا كۆكتات، مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈش ۋە ھېسابلاش ماشىنىسى ئىشلىتىپ دېھقانچىلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ تېمىتىپ سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قىممەتلىك سۇ بايلىقىدىن ئەڭ يۇقىرى چەكتە پايدىلىنىپ زىرائەتلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇردى. ھازىر ئۇلاردا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق يۇقىرى پەن - تېخنىكا شىركىتى بولۇپ، دۇنيادىكى سىلىتسىيلىك جىلغا دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرى پەن - تېخنىكا كەسىپلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب تۆۋەندىكىچە: (1) ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشكە ھۆكۈمەت ئەزەلدىن ئەھمىيەت بەردى. ھازىر 10 مىڭ ئەمگەك كۈچى ئىچىدە 130 ئالىم ۋە ئىنژېنېر بار. ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدە بۇ سان 80 ۋە 75. يەھۇدىي كۆچمەنلەرنىڭ ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇشىمۇ ئىسرائىلىيىنىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تولۇقلاپ تۇردى. مەسىلەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن 500 مىڭدىن ئارتۇق يەھۇدىي ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 34% نى ئىگىلىگەن. (2) يۇقىرى پەن - تېخنىكا كەسپىنى ھۆكۈمەت زور كۈچ بىلەن قوللىدى. ھۆكۈمەت 1973 - يىلى مەبلەغ سېلىش نىشانىنى يۇقىرى پەن - تېخنىكىنى ئاساس قىلغان سانائەت تارماقلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈشنى بەلگىلىدى. مۇشۇ تۈردىكى مەبلەغ سېلىشقا

سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ %50 نى ياردەم قىلغاندىن باشقا، ھەر
خىل باجلارنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئازايتتى ياكى كەچۈرۈم
قىلدى. 1985 - يىلى «سانائەت پەن - تەتقىقاتىغا ئىلھام بېرىش
قانۇنى» نى ئېلان قىلدى، ھۆكۈمەت قەرز بېرىش شەكلى بىلەن
سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلى-
نىشىغا پائال ئىلھام بەردى. (3) خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەي-
تىپ، چەت ئەللەردىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا مەبلىغى، تېخنىكا
ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلدى. 1989 - يىلىنىڭ
ئاخىرىدىن باشلاپ ئامېرىكا، كانادا، فرانسىيە، گېرمانىيە،
ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن سانائەت تەتقىقاتى ۋە تەرەققىيا-
تى بويىچە ھەمكارلىشىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇنىڭدىن باش-
قا، ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئىككى تەرەپ
تەتقىقات فوندى جەمئىيىتى قۇرۇپ، يۇقىرى پەن - تېخنىكا
ساھەسىدىكى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە
مۇھىم رولىنى جارىي قىلدۇردى. 1977 - يىلى قۇرۇلغان ئامې-
رىكا - ئىسرائىلىيە سانائەت تەتقىقات فوندىنى مىسالغا ئالساق،
ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى،
ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ يۇمشاق، قاتتىق دېتال-
لىرى ۋە تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى
200 دەك تۈرى تەستىقلىنىپ، سېتىلغان مەھسۇلات سوممىسى
بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

تۆتىنچى، ئىسرائىلىيىنىڭ ئىقتىسادى سىياسىي ئامىلنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ھەمدە كۆپ ھاللاردا ئۇرۇش مەزگىلىدىكى
ئىگىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. ئىشچىلار (لېيبو-
رىستلار) پارتىيىسى بىلەن لىكود گۇرۇھىنىڭ ئىدېئولوگىيە
جەھەتتىكى ئىختىلاپى چوڭقۇر بولغاچقا، ئىككىسىنىڭ ئىقتىسا-
دىي پروگراممىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ
تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىن-



غاندەك، 1977 - يىلىدىن ئىلگىرى ئىسرائىلىيىدە بىر پارتىيە
— ئىشچىلار پارتىيىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇردى. بۇ مەزگىلدە
ئىشچىلار پارتىيىسى ھۆكۈمەتنى ئومۇم مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى
ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەدرىجىي تە-
رەققىي قىلدۇردى. كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سالدى ھەمدە باج،
ئۆسۈم نىسبىتى، قەرز بېرىش، ياردەم قىلىش قاتارلىق ۋاسىتى-
لەرنى قوللىنىپ ئىگىلىكنى تەڭشىدى. 1977 - يىلى لىكود
گۇرۇھى تەختكە چىققاندىن كېيىن يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت
ئېلان قىلىپ، پۇلنى يىر تۇتاش ئالماشتۇرۇشنى ۋە تاشقى پېرې-
ۋوت باشقۇرۇشنى ئەركىنلەشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئىمپورتقا
قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. دۆلەت ئىلكىدىكى
كارخانىلارنى ساتتى. خۇسۇسىي ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن
تەرەققىي قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ ئىگىلىكى
غەيرىي رەسمىي سوتسىيالىزم تۈزۈلمىسىدىن ئەركىن ئىگىلىك
تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەل-
گەندە ئومۇم ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ نىسبىتى %50 ئەتراپىغا
چۈشۈپ قالدى. ئەلۋەتتە، «كېيىنكى زىئونىزم» دەۋرىگە قاراپ
تەدرىجىي ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ئىشچىلار پارتىيىسى بىلەن
لىكود گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي سىياسەت پەرقى ئۈز-
لۈكسىز كىچىكلىدى، سىياسىي ئامىللارنىڭ تەسىرىمۇ كۈنسايىن
ئازايدى. مەسىلەن، ھازىر ئىشچىلار پارتىيىسىمۇ دۆلەت ئىلكى-
دىكى كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئا-
شۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسرائى-
لىيە ئۆز ۋۇندىن بۇيان توقۇنۇش ۋە ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغاچقا،
ئىگىلىكىدە ئۇرۇش ۋاقتىدىكىدەك ئىقتىسادىي ئالامەتلەر روشەن
مەۋجۇت. بىر تەرەپتىن، ھەربىي خىراجىتى ئىنتايىن ئېغىر
بولۇپ، ھەمىشە پۇل پاخاللىقى ۋە غايەت زور سىرتقى قەرزنى
پەيدا قىلىپ، ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر

يەتكۈزدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ھەربىي سانائەتنىڭ تەرەققىي
قىلىشى ۋە قورال - ياراغ سودىسىنىڭ كېڭىيىشىمۇ ئىسرائىلىيە
ئىگىلىكىنىڭ غەلىتە تەرەققىي قىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تۈرتكە
بولدى. 1967 - يىلىدىن 1972 - يىلىغىچە ھەربىي سانائەتنىڭ
تېز يۈكسىلىشى ئارقىسىدا، ئىسرائىلىيىنىڭ سانائەت ئىشلەپچى-
قىرىشى بىر قاتلاندى.

## 2. قىيىنچىلىقلار ۋە مەسىلىلەر

ئىسرائىلىيە قولغا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتلەر
ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلى-
لەرمۇ مەۋجۇت.

بىرىنچىدىن، ئىسرائىلىيە ئىگىلىكى چەتنىڭ ياردىمىگە،
بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە بەك تايىنىدۇ. دۆلەت قۇرۇلغان-
دىن ھازىرغىچە ئامېرىكىنىڭ بەرگەن ھەر خىل ياردەملىرى جەم-
ئىي 60 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ
ئىچىدە 1974 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە بېرىلگەن ياردىمى
13 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتتى. بۇ ھال ئىسرائىلىيىنى
غەربنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان
قىلىپ قويدى. مەسىلەن، 80 - يىللاردىن بۇيان، ئامېرىكىدىكى
نەچچە قېتىملىق ئىقتىسادىي كرىزىس ئىسرائىلىيىنىڭ ئىقتىسا-
دىي تەرەققىياتىغا زىيان كەلتۈردى.

ئىككىنچىدىن، تاشقى سودىدىكى قىزىل رەقەم يىلدىن يىلغا
كۆپەيدى. قىزىل رەقەم ئىسرائىلىيىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىدى-
كى كونا مەسىلە بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپىيىشكە
يۈزلەندى. ئىسرائىلىيىنىڭ ئېكسپورتى يىلدىن - يىلغا ئېشىۋات-
قان بولسىمۇ، لېكىن بايلىقى قىس بۇ دۆلەتنىڭ ئىمپورت ئېھتى-
ياجى تېخىمۇ ئېشىپ، سودىدىكى تەتۈر پەرق داۋاملىق زورايدى.
1994 - يىلى ئىسرائىلىيىنىڭ تاشقى سودىدىكى قىزىل رەقىمى



يەتتە مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ
ئىچىدە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن بولغان قىزىل رەقىمى تۆت
مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، سودىدىكى قى-
زىل رەقەمنىڭ %72 نى ئىگىلىدى. سودىدىكى بۇنداق تەتۈر
پەرقمۇ ئىسرائىلىيىنىڭ تاشقى قەرزىنى يىلدىن يىلغا كۆپەيتىۋەت-
تى. 1978 - يىلى ئىسرائىلىيىنىڭ تاشقى قەرزى 12 مىليارد
ئامېرىكا دوللىرى ئىدى، 1994 - يىلى 27 مىليارد 800 مىليون
ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. سودىدىكى قىزىل رەقەم ۋە تاشقى
قەرزنىڭ كۆپىيىشى ھۆكۈمەتنى ۋە سانائەت - سودا ساھەسىدىكى
زاتلارنى ئەنسىرىتىپ قويدى ۋە نارازى قىلدى. ئىسرائىلىيە ھۆ-
كۈمىتى سودىدىكى قىزىل رەقەم يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتقان
ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە ئىزچىل تىرىشىپ كەلدى. مەسىلەن،
ئۇزۇن مۇددەت هارماي سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، ئىسرائىلىيە
بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى 1995 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20
- كۈنى يېڭى ئەركىن سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن
سودىدىكى تەتۈر پەرقنى ئۆزگەرتىش ئۈمىدى تۇغۇلدى.

ئۈچىنچىدىن، دەۋرلىك پارتلايدىغان پۇل پاخاللىقى ئىسرا-
ئىلىيىنىڭ ئىگىلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. 1952 - يىلى
تۇنجى قېتىم پۇلنىڭ پاخاللىشىشى پەيدا بولغاندىن بۇيان، 60-
يىللار ۋە 80 - يىللاردىمۇ دەۋرلىك پۇل پاخاللىشىشى پەيدا
بولدى. بولۇپمۇ 1984 - يىلىدىكى پۇل پاخاللىقى %445 كە
يەتتى. مۇنداق دەۋرلىك پۇل پاخاللىشىش ئىسرائىلىيىنىڭ مەب-
لەغ سېلىش مۇھىتىنى ناچارلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا
توسالغۇ بولىدىغان ساقايماس كېسەلگە ئايلىنىپ قالدى. مەسى-
لەن، 1979 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە ئىسرائىلىيىدە پۇلنىڭ
پاخاللىشىپ كېتىش نىسبىتى %100 نىڭ ئۈستىدە بولدى. مال
باھاسىنىڭ ئۆرلەپ پۇل قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن پەيدا
بولغان پۇل قىممىتىدىكى داۋالغۇش تۇپەيلىدىن مەبلەغ سالغۇچى-

لار ھەر يىلى پايدىدىن 50% ئەتراپىدا زىيان تارتتى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى
كونترول قىلىش ئۈچۈن مەلۇم سىياسەتلەرنى قوللاندى.
تۆتىنچىدىن، نۇرغۇن ھەربىي چىقىم ئىسرائىلىيىنىڭ ئى-
گىلىك تەرەققىياتىدىكى ئېغىر يۈك بولۇپ قالدى. 60 - يىللار-
نىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى ھەربىي خىراجەت چىقىمى مىللىي
ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 8 - 10% نى ئىگىلەيت-
تى. 70 -، 80 - يىللارغا كەلگەندە ھەربىي خىراجەت چىقىمى
يىلدىن - يىلغا ئېشىپ، ئادەتتە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي
قىممىتىنىڭ 26% ئەتراپىنى ئىگىلەيدىغان بولدى؛ 1973 -
يىلىدىكى تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ۋە 1982
- يىلىدىكى لىۋان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھەربىي خىراجەت چىقىمى
30 - 40% كە يەتتى. 90 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن بۇيان،
ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ،
ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي خىراجەت چىقىمى تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ،
لېكىن يەنىلا خېلى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت مۇداپىئە خام
چوتى 1993 - يىلى ئالتە مىليارد 200 مىليون، 1994 - يىلى
ئالتە مىليارد 570 مىليون، 1995 - يىلى سەككىز مىليارد 250
مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئو-
مۇمىي قىممىتىنىڭ 10 - 15% نى ئىگىلىدى (كۆپ ساندىكى
غەرب دۆلەتلىرىدە 3 5% نى ئىگىلەيدۇ). غايەت زور ھەربىي
خىراجەت چىقىمى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە سېلىقىنى ئېغىرلىتىپ،
ئىسرائىلىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى بوغىدىغان پايدىسىز ئامىل
بولۇپ قالدى.



ئون بەشىنچى باب

# دۇنيا سەھنىسىدىكى ئىسرائىلىيە

ئىسرائىلىيە دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ئاساسىي فاكچېنى
ئەتراپتىكى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قامال قىلىشى ۋە توسۇۋېلىشىنى
بۇزۇپ تاشلاش، خەلقئارادا تېخىمۇ كۆپ ئېتىراپ قىلىشقا ۋە
قوللاشقا ئىگە بولۇش، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە خەۋپسىزلى-
كىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇقىم
سىرتقى مۇھىت يارىتىشتىن ئىبارەت.
دۆلەت قۇرۇلغاندا، ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى خەلقئارا تىنچ-
لىقنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق
چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ۋە قوللىشىغا ئىگە بولۇش؛
دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن بولغان ئالاقى-
نى كۈچەيتىش؛ خەلقئارا ئىشلاردا ئىجابىي رولىنى جارىي قىلدۇ-
رۇشتىن ئىبارەت دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ تۆت پرىنسىپىنى
بەلگىلىدى. لېكىن، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئومۇم-
يۈزلۈك قانات يېيىشىغا، ئىسرائىلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى
مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشىغا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى غەربپەرەس
كۈچلەرنىڭ دىپلوماتىيىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىشىگە ئەگى-
شىپ، ئىسرائىلىيە 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تەدرى-
جىي غەربكە مايىللاشتى. بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋەتنى كۈچەيتىشكە تىرىشتى. مۇشۇ سىياسەت يولغا قويۇلغانلىق-
تىن، ئىسرائىلىيە بىلەن سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ۋە تەرەققىي

قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزۈنغىچە سوغۇق ۋە توڭلى-
تىپ قويۇلغان ھالەتتە تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەب دۆلەتلىرى
ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن خەلقئارادا ناھايى-
تى يېتىم قالدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 90 - يىللارنىڭ
باشلىرىدا خەلقئارا ۋەزىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقتىن ۋە
ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى ئومۇميۈزلۈك باشلانغانلىق-
تىن، ئىسرائىلىيە دىپلوماتىيىدە تېخىمۇ چوڭ پائالىيەت بوشلۇ-
قىغا ۋە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بىر قاتار يېڭى
بۆسۈشلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## § 1. ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋىتى

### 1. ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئا-لاھىدە مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى

ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇنا-
سىۋەتنىڭ ئاساسى ئىككى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋ-
تىنىڭ ئوخشاشلىقى ھەم بىر - بىرىگە تايىنىشى، ئامېرىكىدىكى
يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەت ئىچىدە سىياسىي جەھەتتىكى قۇدرەتلىك
كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىسرائىلىيە سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي، دىپلوماتىيە
قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭ دۆلەتنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ،
ئۆزىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتىكى مەۋجۇدلۇقىنى ۋە خەۋپسىزلى-
كىنى قوغداش ئۈچۈن، ئامېرىكا بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. دۆلەت قۇرۇلغان دەس-
لەپكى مەزگىلدە ئىسرائىلىيە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە،
فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن مۇنداق رولنى جارىي قىلدۇرۇش-
نى ئۈمىد قىلىشقا ئىلاجسىز بولۇپ، پەقەت ئۆزىنى قەتئىي



قوللىغان ئامېرىكىدىن ئۈمىد كۈتتى. ئەينى زاماندا ئوتتۇرا
شەرققە كېڭىيىشكە ئالدىراۋاتقان ئامېرىكىمۇ ئىسرائىلىيىدەك
ئىستراتېگىيىلىك ھەمراھنىڭ بولۇشىغا موھتاج ئىدى. شۇنىڭ
بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەت شەكىللەندى.
شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەللىك يىلدا ئامېرىكا بۇ ئالاھىدە مۇناسىۋەت-
كە بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىشتە جۇغراپىيە، ھەربىي، ئىدېئو-
لوگىيە قاتارلىق جەھەتلەرنى نەزەرگە ئالدى. بىرىنچىدىن، ئىس-
رائىلىيە ئاسىيا، ئامېرىكا، ياۋروپانىڭ تۇتاشقان جايىدا، سۇۋە-
يىش قانىلى يېنىدا، نېفىت بايلىقى مول ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن
قوشنا، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئىككىنچى-
دىن، ئىسرائىلىيە ئالدىنقى قاتاردىكى قورال - ياراغ، ئەسلىھە-
لەرگە ۋە ساپاسى يۇقىرى ئارمىيىگە ئىگە، ئوتتۇرا شەرق رايونى-
دىكى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ بولۇپ، ئامېرىكىغا ھەربىي بازا
بېرىشنى ۋە ئامېرىكىنى ئارقا سەپ تەمىناتى بىلەن تەمىنلەشنى
خالايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىسرائىلىيىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى
ۋە قىممەت قارىشى ئامېرىكىنىڭكىگە يېقىنلىشىدۇ، ئۇ ئوتتۇرا
شەرق رايونىدىكى «دېموكراتىيە قورغىنى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
بولۇپمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تۈگىگەندىن كېيىن ئامې-
رىكا ئىسرائىلىيىنى ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ئىسلام رادىكال كۈچ-
لىرىگە زەربە بېرىپ، دېموكراتىك تۈزۈلمىنى يولغا قويۇشنىڭ
ئۈلگىسى دەپ قارىدى. تۆتىنچىدىن، ئىسرائىلىيە ئارقىلىق،
ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرق رايونىنى يېڭى قوراللارنىڭ سىناق مەيدا-
نىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئاخبارات ھەمكارلىقىمۇ ئا-
مېرىكىغا ئىنتايىن پايدىلىق. شۇڭا بۇ ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئۈز-
لۈكسىز تەرەققىي قىلدى. 1948 - يىلىدىن ھازىرغىچە ئامېرىكى-
نىڭ ئىسرائىلىيىگە بەرگەن ھەر خىل ياردىمى 60 مىليارد
دوللاردىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇن
ئىئانىسى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ. ھازىر ئىسرائىلىيە ھەر يىلى ئامې-

رىكىدىن ئۈچ مىليارد دوللار قىممىتىدە مۇداپىئە ياردىمى ۋە
ئىقتىسادىي ياردەم ئېلىپ تۇرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيىگە
بەرگەن ياردەم پۇلى ئەرەب دۆلەتلىرىگە بەرگىنىدىن ئېشىپ كې-
تىدۇ. ئىسرائىلىيىگە بەرگەن قورال - ياراغ سان ۋە سۈپەت
جەھەتلەردە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مەسى-
لەن، مىسىر ئامېرىكىنىڭ ياردىمىنى ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلىدىغان
دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ مىسىرغا بەرگەن
ياردىمى ئۆز ۋىدىن بۇيان ئىسرائىلىيىگە بەرگەن ياردەمنىڭ ئۈچ-
تىن ئىككى قىسمى ئەتراپىنى ئىگىلەپ كەلدى. 1988 - يىللىق
مالىيە يىلىنى ئېلىپ ئېيتساق، مىسىر ئامېرىكىدىن ئىككى
مىليارد 116 مىليون دوللار ياردەم ئالدى، ئىسرائىلىيە بولسا
ئۈچ مىليارد دوللار ياردەم ئالدى. خەلقئارا مۇنبەردە ئامېرىكا
ئىسرائىلىيىنىڭ مەيدانىنى پائال قوللايدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ تەسىر
كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىسرائىلىيىگە ياردەم قىلىدۇ. مەسىلەن،
ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە ئىنكار قىلىش ھوقۇقىدىن پايدى-
لىنىپ ئىسرائىلىيىگە قارشى ھەر خىل تەكلىپلەرنىڭ ماقۇللى-
نىشىنى توساپ كەلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ئالاھىدە مۇناسىۋەتنىڭ تىكلىنىشىدە
مۇھىم رول ئوينىدى. 80 - يىللاردا ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار
ئالتە مىليوندىن ئاشتى، ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمى كۆپ بايلىققا
ۋە كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد، پۇل
مۇئامىلە، قانۇن، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە تەسىرى چوڭ. ستا-
تىستىكىدىن قارىغاندا، ئامېرىكىدىكى ئەڭ باي كارخانىلارنىڭ
تۆتتىن بىر قىسمى يەھۇدىيلارنىڭ ئىكەن. يەھۇدىيلار «نيۇ -
يورك تايمىس گېزىتى»، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»، «لوس
ئانژېلىس ۋاقىت گېزىتى»، ھوللىۋود كىنو - تېلېۋىزىيە مەركى-
زى قاتارلىقلاردا غايەت زور تەسىر كۈچىگە ئىگە. بولۇپمۇ يېقىن-



قى يىللاردىن بۇيان يەھۇدىيلارنىڭ سىياسىي ئېڭى كۈچىيىپ،
ئاۋاز بېرىش نىسبىتى %90 كە يېتىپ، نوپۇسنىڭ ئاران %
3 نى ئىگىلەيدىغان يەھۇدىيلار ئامېرىكىدىكى ئىككى پارتىيە ئوت-
تۇرىسىدا ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئىگە بولدى. ئامېرىكا ھۆكۈمى-
تىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن،
ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار ۋە ئىسرائىلىيە پەرەسلەر «ئامېرىكا -
ئىسرائىلىيە ئاممىۋى ئىشلار كومىتېتى»، «ئامېرىكىدىكى يەھۇ-
دىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇناسىۋەت كومىتېتى»، «ئا-
مېرىكىدىكى ئاساسلىق يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىنىڭ رەئىسلىرىنىڭ
باش قوشۇش يىغىنى» قاتارلىق گۇرۇھلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىس-
رائىلىيىنىڭ ئامېرىكىدىكى جارچىسى قىلدى. ئۇلارنىڭ كۈچ-
لۈك تەسىرى بىلەن ئامېرىكا ئىسرائىلىيىگە ئىزچىل قوللاش ۋە
ياردەم بېرىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلدى ھەمدە خەلقئارا
مۇناسىۋەتلەردە ئاز ئۇچرايدىغان «ئالاھىدە مۇناسىۋەت» شەكىل-
لەندى.

ئەلۋەتتە، مۇنداق ئالاھىدە مۇناسىۋەتتە بەزىدە زىددىيەت ۋە
توقۇنۇشلارمۇ كۆرۈلدى. بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن كېيىن، بىر
تەرەپتىن، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ۋە
سوۋېت ئىتتىپاقى (رۇسىيە) كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە ئا-
جىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيە-
سىدە ئىسرائىلىيىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ قالدى؛ يەنە بىر تەرەپ-
تىن، ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ،
ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى
تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇڭا،
ئىسرائىلىيىدىن «زېمىن بەدىلىگە تىنچلىققا ئىگە بولۇش» ئاسا-
سىدا ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى.
ئىسرائىلىيىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى ئوڭ قانات كۈچلەر،
بولۇپمۇ لىكود گۇرۇھى «زېمىن بەدىلىگە تىنچلىققا ئىگە بولۇش»

سىياسىتىگە قارشى چىقىپ، ئەرەب دۆلەتلىرىگە قارشىلىغان قاتتىق مەيداندا چىڭ تۇردى. بۇ هال ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلدى.

## 2. ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى

ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

تۇراقسىز ھەمكارلىشىش مەزگىلى (1948 - يىلىدىن 1956- يىلىغىچە). بۇ مەزگىلدە ئىسرائىلىيە ئامېرىكىنى تايىنىدىغان ئاساسىي دۆلەت قىلىپ تاللىۋېلىشنى بەلگىلەپ، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. ۋەھالەنكى، ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى ئارىسالدى ھالەتتە تۇردى. بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى قۇرۇلۇش داۋامىدا ئامېرىكىدىن كۈچلۈك ئىقتىسادىي ياردەمگە ۋە دىپلوماتىيە ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، قېيىن يىللارنى ئۆتكۈزۈۋالدى. لېكىن شۇ چاغدىكى ئامېرىكا ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ ئىچىدە تىرۇمىن يولغا قويغان پۈتۈنلەي ئىسرائىلىيە تەرەپتە تۇرۇش سىياسىتىگە ئوخشىمىغان پىكىرلەر بولدى. 1952 - يىلى ئېيزىنخاۋېر زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئەرەب دۆلەتلىرىگە، ئەنگلىيىدىن قالغان «بوش رايون»نى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تالىشىشقا قارىتىپ، ئىسرائىلىيىدىن ئەرەب دۆلەتلىرىگە قاراتقان كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى مۇۋاپىق يىغىشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە، ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. 1953 - يىلى 7 - ئايدا ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا



ئېرۇسالېم مەسىلىسىدە توقۇنۇشۇپ قالدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىسرائىلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنى خەلقئارا ئورتاق باشقۇرۇشىدىكى ئېرۇسالېمغا يۆتكىشىگە قارشى تۇردى. شۇ يىلى 10 - ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىسرائىلىيىنىڭ ئىئوردان دەرياسىنى توساپ، ئۇرۇش توختىتىش لىنىيىسىدىكى خول سازلىقىدا سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرماقچى بولغان ھەرىكىتىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. 1954 - يىلى ئىسرائىلىيە ئامېرىكا بىلەن مىسىرنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن، ئالاھىدە خىزمەتچىلىرىنى قاھىرە بىلەن ئالېكساندىرىيىدە ئامېرىكا ئورگانلىرىنى پارتلىتىشقا بۇيرىدى. بۇ ئىش پاش بولۇپ قېلىپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1956 - يىلى ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلىغاندا ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋىتى بىر مەھەل جىددىيلەشتى. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

غەيرىي رەسمىي ئىستراتېگىيىلىك ئىتتىپاقداش مەزگىلى (1956 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە). سىناي ئۇرۇشىدىن كېيىن جامال ئابدۇل ناسىر باشچىلىقىدىكى ئەرەب مىللەتچىلىرى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشتى، ئامېرىكا ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە كىرىشتى. بولۇپمۇ 1958 - يىلى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى داللاسنىڭ قازا قىلىشى ۋە 1961 - يىلى دېموكراتلار پارتىيىسىدىن كېنېدىنىڭ ئاقسارايغا كىرىشى بىلەن ئىسرائىلىيە پەرەس كۈچلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ناھايىتى تېز ياخشىلاندى. 1962 - يىلى 11 - ئايدا زۇڭتۇڭ كېننېدى ئىسرائىلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گولدا مېيىرنى قوبۇل قىلغاندا ئۇنىڭغا: «تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاندا ئامېرىكا ئىسرائىلىيىنى قوللايدۇ» دەپ ۋەدە بەردى. بۇ ۋەدە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈردى.

60 - يىللاردىن باشلاپ، ئامېرىكا ئىسرائىلىيىگە ھەربىي
ياردەمنى كۈچەيتتى. 1961 - يىلى 3 - ئايدا ئامېرىكا تانكا،
كۈرەشچى ئايروپىلان، تورپېدا پاراخوتى قاتارلىق ئېغىر قوراللار-
نى ئىسرائىلىيىگە مەخپىي ئېلىپ باردى. جامال ئابدۇل ناسىر
شىمالىي يەمەننىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدىكى جۇمھۇرىيەت كۈچلىرىگە
ياردەم بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، كېننېدى ئىسرائىلىيىگە ھاۋا
ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا سېتىپ
بېرىشنى تەستىقلىدى. جونسون ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا،
ئامېرىكا ئىسرائىلىيىنى ھۇجۇم قىلىدىغان قوراللار بىلەن تېخى-
مۇ كۆپ تەمىنلەشكە باشلىدى. 1967 - يىلى ئامېرىكا ئالىي
سوتى ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلەت تەۋەلىكى-
گە ئىگە بولۇشىغا يول قويۇش توغرىسىدىكى ھۆكمىنى چىقاردى.
بۇنىڭ بىلەن زۆرۈر تېپىلغاندا ئىسرائىلىيە ئامېرىكىدىكى يەھۇ-
دىيلارنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلالايدىغان بولدى. 1967 - يىلى-
دىكى ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئامېرىكا
ئىسرائىلىيىگە 400 تانكا ۋە 250 ئايروپىلان بەردى. ئامېرىكا
ھاۋا ئارمىيىسىدىن مىڭ «پىدائىي» ئىسرائىلىيە ھاۋا ئارمىيى-
سىگە قوشۇلدى. ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن جەڭ قىلىش پىلانىنى
ئەمەلىيەتتە ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا بىرلىكتە تۈزدى. ئۇ-
رۇشتا ئامېرىكا ئىسرائىلىيىگە يان باسقانلىقتىن، مىسىر، ئى-
راق، سۈرىيە، يەمەن، ئالجىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئامېرىكا
بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئامې-
رىكا بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1969 - يىلى 1 - ئايدا ئامېرىكا
زۇڭتۇڭى بولغان نىكسون ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە ئوتتۇرا
شەرق سىياسىتىنى ئازراق تەڭشەپ، مۇھىم نۇقتىنى ھەم «ئىس-
رائىلىيىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ۋە خەۋپسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈ-
رۈش»، ھەم «مۆتىدىل ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسى-



ۋەتنى ساقلاپ تۇرۇش» قا قاراتتى. ئىسرائىلىيىنىڭ مەۋجۇدلۇقى
ۋە خەۋپسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئامېرىكا 1971 -
يىلى 11 - ئايدا ئىسرائىلىيىنىڭ ئىلغار ئايروپىلان ۋە باشقا
قوراللارنى سېتىۋېلىشىغا 500 مىليون دوللار قەرز بەردى. شۇ
ئايدا ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە چۈشىنىش مېموراندۇمى ئىمزا-
لاپ، ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي ئىشلاردا ئۆزىنى يېتەرلىك تەمىن-
لەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە ياردەم قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئامې-
رىكىنىڭ ئىسرائىلىيىگە بەرگەن ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردىمى-
نىڭ سۈرئىتى ۋە كۆلىمى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتتى.
نىكسون ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ يىلدا ئىسرائىلىيىگە بەرگەن ياردىمى
1948 - يىلىدىن بۇيان ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بەرگەن ياردەمنىڭ
يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتتى. تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق
ئۇرۇشىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە ئىسرائىلىيىگە مۇھىم ھەربىي ئاخ-
بارات ۋە ھەربىي بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، يەر شارى ئىستراتېگىيىسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئىس-
رائىلىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈ-
زۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى
روجېرس لايىھىسى قاتارلىق بىر قاتار تىنچلىق لايىھىلىرىنى ئوت-
تۇرىغا قويدى. دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كىسسىنگېر ئىسرائىلىيە
بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ياراشتۇرۇپ، ئوتتۇرا شەرق
تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاخىر «داۋىد لاگېرى كېلىشى-
مى» نىڭ ھاسىل قىلىنىشىغا ئاساس سالدى.

رەسمىي ئىستراتېگىيىلىك ئىتتىپاقداش مەزگىلى (1981
- يىلىدىن ھازىرغىچە). 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ئىراندىكى
ئىسلام ئىنقىلابى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسىگە
قاتتىق زەربە بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا
شەرققە قىستاپ كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىسرائىلىيە بىلەن
ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ

ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسىدىكى رولى بارغانسېرى گەۋدىلىك
بولدى. 1981 - يىلى رېگان زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن ئىسرائى-
لىيە بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدە سۈپەت سەكرىشى بولۇپ، بۇ
مۇناسىۋەت رەسمىي ئىستراتېگىيىلىك ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋى-
تىگە ئۆزگەردى. 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىسرائىلىيە بىلەن
ئامېرىكا «ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىق مېمورانداۋمى» ئىمزالاش
توغرىسىدا دەسلەپكى كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1983 - يىلى بۇ
ئىككى دۆلەت «ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىق مېمورانداۋمى» نى
رەسمىي ئىمزالاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ «ھەربىي ۋە سىياسىي بىر-
لەشمە گەۋدىسى» نى قۇرۇپ، رەسمىي ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭ ھەل
قىلغۇچ قەدىمىنى باستى. 1986 - يىلى 5 - ئايدا ئىسرائىلىيە
شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولمى-
غان دۆلەت سۈپىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ «پلانېتلار ئارا ئۇ-
رۇش» پىلانىغا قاتناشتى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئىككى دۆلەت
يەنە «ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ ھەمكارلىشىش كېلىشى-
مى» ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىشىش سەۋىيىسىنى
يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈردى. 1988 - يىلى 4 - ئايدا ئىسرائىلى-
يە بىلەن ئامېرىكا «ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىق - چۈشىنىش
مېمورانداۋمى» نى رەسمىي ئىمزالىدى. مېمورانداۋمدا ئىسرائىلىيە
- ئامېرىكىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا
قاتناشمىغان مۇھىم ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭ بىرى، دەپ ئا-
تالدى. شۇ چاغدا بۇ ئىككى دۆلەت رەسمىي ئىستراتېگىيىلىك
ئىتتىپاقداش بولدى. بۇ مەزگىلدە ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيىگە
بەرگەن ياردەملىرىمۇ جىددىي كۆپەيدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا،
1980 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە ئىسرائىلىيە ئامېرىكىنىڭ
25 مىليارد 206 مىليون دوللارلىق ياردىمىگە ئىگە بولدى.
90 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارس
قولتۇقى ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا



شەرق سىياسىتى مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىندى. بۇ قېتىمقى ئۇ-
رۇش ئارقىلىق، ئامېرىكا بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر
ۋە پارس قولتۇقىدىكى كىچىك دۆلەتلەر (قاتارلىق مۆتىدىل ئەرەب
دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. شۇڭا، ئامېرىكا
ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن، ئىسرائىلىيىنىڭ يېڭى كۆچمەنلەرنى
ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم قىلىش
ئۈچۈن، 10 مىليارد دوللار قەرز بېرىدىغان بولدى؛ يەنە بىر
تەرەپتىن، ئىسرائىلىيىدىن پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئاپتونومىيىسى،
ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىننى قايتۇرۇپ بېرىش قاتارلىق مە-
سىلىلەردە پەلەستىنلىكلەرگە مەلۇم يول قويۇشنى، ھېچبولمى-
غاندا جانلىق پوزىتسىيە قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن،
لىكود گۇرۇھى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى
مەسىلىسىدە قاتتىق مەيداندا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئىشغال قىلىۋې-
لىنغان زېمىنلارغا داۋاملىق كۆچمەن ئورۇنلاشتۇرۇۋەردى. شۇنىڭ
بىلەن ئىسرائىلىيە - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى بىر مەھەل قاتمال
ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1992 - يىلى ئىسرائىلىيە ئىشچىلار
پارتىيىسى ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. «زېمىن بەدىلىگە
تىنچلىققا ئىگە بولۇش» نى تەشەببۇس قىلغان رابىن زۇڭلى بو-
لۇپ، ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچ-
لىق مۇساپىسىدىكى قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈردى، لېكىن،
1996 - يىلى 6 - ئايدا لىكود گۇرۇھىدىكى نىتانياخۇ ھاكىمىيەت
بېشىغا چىققاندىن كېيىن، «زېمىن بەدىلىگە تىنچلىققا ئىگە بو-
لۇش» قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئىختىلاپ يەنە كۈچەيدى.

# § 2 . ئىسرائىلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى (رۇسىيە) ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى

## 1. «شېرىن ئاي مەزگىلى» (1948 - يىلىدىن 1950- يىلىغىچە)

دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىسرائىلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەگرى - توقاي تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى.

دەسلەپكى ئۈچ يىلنى «شېرىن ئاي مەزگىلى» دېيىشكە بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ب د ت نىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىنى ئاكتىپ قوللىدى ھەمدە ئىسرائىلىيىنى دىپلوماتىيە جەھەتتە ئەڭ بالدۇر ئېتىراپ قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ھەربىي ئىشلاردا ياردەم قىلدى. بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىسرائىلىيىنى قورال بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار قوراللارنى چېخ - سلوۋاكىيە ئارقىلىق ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇرۇش مەزگىلىدە پراگادىكى ئىسرائىلىيە ئەلچىخانىسى ئەمەلىيەتتە ئىسرائىلىيىنىڭ قورال - ياراغ سېتىۋالىدىغان پونكىتى بولدى. مېير خانىم ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ ياردىمىگە يۇقىرى باھا بېرىپ: «ئۇرۇش باشلانغان ئاشۇ زۇلمەتلىك يىللاردا ئەگەر چېخ - سلوۋاكىيىدىن سېتىۋالغان ھەم يۇگوسلاۋىيە ۋە بالقان دۆلەتلىرى ئارقىلىق ئېلىپ كەلگەن قورال - ياراغلارغا ئىگە بولمىغان بولساق، ۋەزىيەت ئۆزگەرگۈچە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ياكى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمەن» دەپ يازدى. بۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋېنگرىيە، چېخ - سلوۋاكىيە، پولشا ۋە



يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يەھۇدىي نەسلىدىن بولغان نۇرغۇن كونا ئەسكەرلىرى ۋە يەھۇدىي ياشلىرى ئىسرائىلىيىگە بېرىپ جەڭگە قاتناشتى، بۇمۇ ئىسرائىلىيىگە غايەت زور ياردەم بولدى. بۇ مەزگىلدە ئىسرائىلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆزئارا ئەلچىخانا تەسىس قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

## 2 . مۇناسىۋەت يامانلاشقاندىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئۈزۈلگۈچە (1950 - يىلىدىن 1967-يىلىغىچە)

«شېرىن ئاي مەزگىلى» ئۇزۇنغا بارمىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىشىغا ۋە ئىككى قۇتۇپلۇق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىسرائىلىيىنىڭ تاشقى سىياسىتى بىتەرەپلىكتىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب لاگېرىغا بېقىنىشقا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسرائىلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى شۇ دۆلەتلەردىكى يەھۇدىيلار مەسىلىسىدە پات - پات تىركىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن 1950 - يىلىدىن باشلاپ ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى تەدرىجىي يامانلاشتى. 1951 - يىلى 10 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ دوستانە سودا - دېڭىز ترانسپورت شەرتنامىسى ئىمزالىغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. 1952 - يىلى 11 - ئايدا چېخ - سلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى رودىن سلانىسكىي (يەھۇدىي نەسلىدىن) قولغا ئېلىنىپ سوراققا تارتىلدى. ئۇنىڭغا ئىسرائىلىيە ۋە دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلماقچى بولدى، دېگەن جىنايەت ئارتىلدى. 1953 - يىلى 1 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان «كرېمل سارىيىدىكى دوختۇر دېلوسى» پارتلاپ،

توققۇز نەپەر مەشھۇر دوختۇر (بۇلارنىڭ تۆتى يەھۇدىي) «ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار بىرلەشمە تەقسىمات كومىتېتى» (JDC) بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئەربابلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشنى قەستلىدى، دەپ ئەيىبلەندى. بۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسىدە ئىسرائىلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. شۇ يىلى 2 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسرائىلىيىدىكى ئەلچىخانىسىغا بومبا بىلەن ھۇجۇم قىلىندى. بۇ ئىشقا سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى.

ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى «كرېمل سارىيىدىكى دوختۇرلار دېلوسى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساختا، خاتا دېلولارنى ۋە خاتا قولغا ئېلىنغان، خاتا ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىي رەھبەرلەرنى ئاقلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىسرائىلىيە - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر مەھەل ياخشىلاندى. 1953 - يىلى 7 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىسرائىلىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىسرائىلىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان ھەرقانداق ھەربىي ئىتتىپاققا قاتناشماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسرائىلىيىدىكى ئەلچىخانىسىنى قايتىدىن ئاچتى. ئىسرائىلىيە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نېفىت ئىمپورت قىلىش توغرىسىدا سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. 1955 - يىلى چېخ - سلوۋاكىيە مىسىر بىلەن قورال - ياراغقا پاختا تېگىشىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقتىن، ئىسرائىلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى قايتىدىن يامانلاشتى. ئىسرائىلىيىنىڭ قارىشىچە، پراگا بۇ سودىنى موسكۋانىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن قىلدى، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارىتىلغان سى-



ياسىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئەرەب دۆلەتلىرىنى پائال قوللاشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىسرائىلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت كېلىشىمىنى ئۆز ئالدىغا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىسرائىلىيىدىكى ئەلچىسىنى قايتۇرۇپ كېلىۋالدى. ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ كۈچەيگەنلىكتىن، ئىسرائىلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تېخىمۇ يىراقلاشتى ھەم پات - پات توقۇنۇشۇپ قالدى. 1965 - يىلى ئىسرائىلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يەھۇدىيلار مەسىلىسىدە قىزىرىشىپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسرائىلىيىنى گروزىيىدىكى يەھۇدىيلار ئىچىدە «كۆچۈپ كېتىشكە مەخپىي قۇتراتتى» دەپ ئەيىبلىدى. 1966 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى زىئونىزمغا تېخىمۇ كەسكىن تىللار بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مىللەتچىلىككە باراۋەر قىلىپ قويدى. 1967 - يىلى ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇمىنىيىدىن باشقا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. ئىسرائىلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يىگىرمە يىلغا سوزۇلغان «توڭلىتىش مەزگىلى» گە كىردى.

### 3. «توڭلىتىش مەزگىلى» (1967 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە)

بۇ يىگىرمە يىلدا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى مەيدانىنى پائال قوللاپ، ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە ئىسرائىلىيە ھۆكۈمەت ۋاسى-

تىلىرى ياكى غەيرىي ھۆكۈمەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق سوۋېت
ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن داۋاملىق ئۇچرى-
شىپ، ئۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا تىرىش-
تى. ئىسرائىلىيە بىلەن ئۇلارنىڭ دىپلوماتلىرى 3 - دۆلەتتە
ئۇچرىشىپ تۇردى. ئىسرائىلىيىنىڭ بەزى پارلامېنت ئەزالىرى
ئۇ دۆلەتلەرنى شەخسىي نامىدا زىيارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، ئىسرائىلىيە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى
يەھۇدىيلارنىڭ 3 - دۆلەت ئارقىلىق ئىسرائىلىيىگە كۆچۈپ بېرى-
شىنى ئورۇنلاشتۇردى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1970 - يى-
لىدىن 1974 - يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 110 مىڭ يەھۇ-
دىي ئىسرائىلىيىگە كۆچۈپ بارغان. بۇ سان شۇ چاغدا ئىسرائىلى-
يىگە كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ.
ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇ-
نۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئەرەب
دۆلەتلىرىنى قوللىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى ئاساسىي پرىن-
سىپقا داۋاملىق ئەمەل قىلدى: بىرى، ئىسرائىلىيىنى قورال
كۈچى بىلەن يوقىتىۋېتىشنى قوللىمىدى، ئىسرائىلىيىنىڭ مەۋ-
جۇت بولۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە بۇ ھوقۇقىقا ھۆرمەت
قىلدى؛ يەنە بىرى، ئىسرائىلىيە بىلەن بىۋاستە توقۇنۇشۇپ
قېلىشتىن ساقلاندى. 1982 - يىلى ئەرەب دۆلەتلىرى ۋىس
يىغىنى ئاچقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى برىژنېف ئوت-
تۇرا شەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى لايىھىنى
رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسرائىلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە مەۋ-
جۇت بولۇش ھوقۇقىنى ئېنىق تەكىتلىدى.

**4. كونا دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش (1987 - يىلىدىن ھازىرغىچە)**

1985 - يىلىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى



گورباچېف دىپلوماتىيىدىكى «يېڭى تەپەككۇر» نى ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەسەيتىدىغان بىر
قاتار چوڭ تەدبىرلەرنى قوللاندى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە
ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى توڭ ئېرىشكە باشلىدى. 1987 -
يىلى كونسۇل مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1989 - يىلى-
دىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى
يەھۇدىيلارنىڭ ئىسرائىلىيىگە كۆچۈشىگە رۇخسەت قىلدى. كۆ-
چىدىغانلار كۆپەيگەندە ھەر ئايدا 35 مىڭ 600 ئادەمگە يەتتى.
ئىسرائىلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئارونېس 1990 -
يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىپ، ئىككى
دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىش باسقۇ-
چى» غا كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. 1991 - يىلى 4 - ئايدا
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زۇڭلىسى پاۋلوف ئىسرائىلىيىنىڭ تاشقى
ئىشلار مىنىستىرى شامىر بىلەن لوندوندا سۆھبەتلىشىپ، ئوتتۇ-
را شەرق ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پانكىن 1991 - يىلى 10 - ئايدا
ئىسرائىلىيىنى زىيارەت قىلىپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى رەس-
مىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى. سو-
ۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئىسرائىلىيە بى-
لەن رۇسىيە ياخشى مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلىدى ھەمدە يېڭى-
دىن مۇستەقىل بولغان بۇرۇنقى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پائال تەرەققىي قىلدۇردى. ئىسرائى-
لىيە 1992 - يىلى بالتىق دېڭىزىدىكى ئۈچ دۆلەت بىلەن دىپلوما-
تىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇرۇنقى
جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت
ئورنىتىپ بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىسرائىلىيە رەھبەر-
لىرىمۇ رۇسىيىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇرۇنقى جۇمھۇرى-
يەتلىرىنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلدى.

پولشادا 1968 - يىلى يۈز بەرگەن يەھۇدىيلارغا قارشى ۋەقەگە 1988 - يىلى 3 - ئايدا قايتىدىن باھا بېرىلدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا 350 يەھۇدىي ياش ئىسرائىلىيىنىڭ ئۈچ مىنىستىرى ۋە بىر نەچچە پارلامېنت ئەزاسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوسۋېسىمدىن يولغا چىقىپ، ۋارشاۋادىكى يەھۇدىيلارنى ئايرىۋېتىش رايونىدىكى قوزغىلاڭنىڭ 45 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. 1989 - يىلى 9 - ئايدا ۋېنگرىيە ھەممىدىن بۇرۇن ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ كەينىدىن پولشا، چېخ - سلوۋاكىيە ۋە بولغارىيە 1990 - يىلى، يۇگوسلاۋىيە، ئالبانىيە 1991 - يىلى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيە بىلەن شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا زىيارىتى كۆپەيدى. چېخ - سلوۋاكىيە زۇڭتۇڭى خاۋېل 1990 - يىلى 4 - ئايدا ئىسرائىلىيىنى زىيارەت قىلدى. پولشا زۇڭتۇڭى ۋاۋېنسامۇ 1991 - يىلى 5 - ئايدا ئىسرائىلىيىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە ئىسرائىلىيە پارلامېنتىدا سۆز قىلىپ، سايلامدا يەھۇدىيلارغا قارشى قىلغان سۆزلىرىگە ناماقۇل بولدى. 1992 - يىلىدىن بۇيان ئىسرائىلىيىنىڭ زۇڭتۇڭ، زۇڭلىلىرىمۇ شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلدى.

## § 3 . ئىسرائىلىيە ۋە غەربىي ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەر

### 1 . ئىسرائىلىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئەنگلىيە پەلەستىننى بۆلۈپ باشقۇرۇش قارارىغا كۈچلۈك قارشى تۇرغانىدى. بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە ئەرەب دۆلەتلىرىگە مايىل بولدى. 1948 - يىلى ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى سىناي يېرىم ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە ئەنگلىيە ئارمىيىسى بىلەن بىۋاسىتە توقۇنۇشۇپ قېلىشقا قىل قالدى.



بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى پەلەستىندىكى رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا باشلىدى. 1949 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى سىپرۇس ئارىلىغا قاماپ قويۇلغان يەھۇدىيلارنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىسرائىلىيىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇردى. ئاندىن ئىككى دۆلەت مالىيە كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا قېپقالغان بىر قىسىم مالىيە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى. شۇنداقلا ئىككى تەرەپ سودا مۇناسىۋىتىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈردى. 1950 - يىلى ئەنگلىيە ئامېرىكا ۋە فرانسىيە بىلەن بىرلىكتە «ئۈچ دۆلەت خىتابنامىسى» ئېلان قىلىپ، ئىسرائىلىيىنىڭ چېگرىسىغا ۋە ئۇرۇش توختىتىش لىنىيىسى ئىچىدىكى خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە - ئەنگلىيە مۇناسىۋىتى تېز ياخشىلاندى. ئىسرائىلىيە زۇڭلىسى بېن گورىئون 1951 - يىلى 2 - ئايدا ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بلاين روبىنسون بىلەن كۆرۈشكەندە ئىسرائىلىيىنىڭ ئەنگلىيە فېدېراتسىيىسىگە قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىسرائىلىيە 1956 - يىلى ئەنگلىيە، فرانسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىر مەغلۇپ بولدى. ئىسرائىلىيە مۇشۇ ئىش ئارقىلىق، ئەنگلىيە، فرانسىيىلەردىن بۇ كونا جاھانگىرلارنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئامېرىكىغا تېخىمۇ مايىل بولدى، ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈنسايىن ئاجىزلىدى.

1973 - يىلى 10 - ئايدا تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق

ئۇرۇشى ۋە نېفىت كرىزىسى پارتلىغاندىن كېيىن ئەنگلىيە ئۆزى-
نىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەرەبىي زاپچاسلار ۋە ئوق -
دورا قاچىلانغان پاراخوتلارنىڭ ئىسرائىلىيىگە بېرىشىنى چەكلەي-
دىغانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيە زېمىنىدىن ۋە چەت ئەللەر-
دىكى ئۆزىگە قاراشلىق جايلاردىن ئىسرائىلىيىگە قورال - ياراغ
توشۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىدىكى
بازىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ مەيدانىغا دائىر ئاخباراتلىرىنى توپلىشىغىمۇ
يول قويمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھەتتا ب د ت دا ئىسرائىلى-
يىگە پايدىلىق بولغان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ئىنكار
قىلدى. نەتىجىدە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى بىر مەھەل جىددىي-
لىشىپ قالدى. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنگلىيە لېي-
بورىستلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى ۋىلسون باش ۋەزىر بولدى.
ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان كاللاگانلار ئىسرائىلىيە ئىشچىلار
پارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ كونا دوستلىرى بولغاچقا، ئىككى
دۆلەت مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى. ئەنگلىيە ئىسرائىلىيىگە قاراتقان
قورال - ياراغ ئىمبارگوسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئىسرائىلىيى-
گە سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى ياساپ بەردى. ئەنگلىيە پەلەستىن
ئازادلىق تەشكىلاتىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى ھەمدە ئارا-
پاتنى ب د ت يىغىنىغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلىش توغرىسىدىكى
لايىھىنى ئىنكار قىلدى. 1977 - يىلى ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىر
تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئىسرائىلىيە بىلەن
ئەنگلىيىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ ئۇچقۇشلۇق تەرەققىي قىلدى.
1977 - يىلى 11 - ئايدا ئىسرائىلىيە زۇڭلىسى بېگىن ئەنگلىيە-
نى زىيارەت قىلغاندا قىزغىن قارشى ئېلىندى.

1980 - يىلى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى «ۋېنتسىيە خىتابنا-
مىسى» نى ئېلان قىلىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئوتتۇرا شەرق
سىياسىتىنى شەكىللەندۈردى. ئەنگلىيىمۇ ئۇنى ئوتتۇرا شەرق



سىياسىتىنىڭ ئاساسى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە -
ئەنگلىيە مۇناسىۋىتى يەنە سوغۇقلىششقا يۈزلەندى. ئىسرائىلىيە
لىۋانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى ۋە مالۋىناس تاقىم ئاراللىرى ئۇرۇ-
شىدا ئارگېنتىناغا قورال بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسرائىلىيە بىلەن
ئەنگلىيە مۇناسىۋىتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ، ئەنگلىيە ئىسرائى-
لىيىگە قايتىدىن قورال ئىمبارگوسى يۈرگۈزدى. 1984 - يىلى
پېرېس زۇڭلى بولغاندىن كېيىن ئىسرائىلىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ
مۇناسىۋىتى تەدرىجىي ياخشىلاندى. ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىدە
ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن
تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىرلىككە كې-
لىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈردى. 1987 - يىلى
ئىسرائىلىيە زۇڭتۇڭى خېرزوگ ئەنگلىيىنى زىيارەت قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يېڭى يۇكسەكلىككە
كۆتۈرۈلدى. 1992 - يىلى رابىن تەختكە چىققاندىن كېيىن
ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. قورال
ۋە نېفىت ئىمبارگوسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار
كېلىشىملەرنى ھاسىل قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ مەزگىلدە ئىككى
دۆلەت مۇناسىۋىتىدە بەزى كېلىشمەسلىكلەرمۇ كۆرۈلدى. مەسى-
لەن، ئىسرائىلىيىنىڭ يادرو سانائەت ئىنژېنېرى ۋانونو 1986
- يىلى 11 - ئايدا ئەنگلىيىگە قېچىپ بېرىپ، «لوندون ۋاقىت
گېزىتى» دە ئىسرائىلىيىنىڭ يادرو پىلان مەخپىيەتلىكىنى ئاشكا-
رىلىدى؛ ئەنگلىيە 1988 - يىلى ئىسرائىلىيىگە ئالدىن ئۇقتۇرۇپ
قويماي سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن نۇرغۇن پۇللۇق قورال - ياراغ
كېلىشىمى ئىمزالىدى؛ ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى
1989 - يىلى تۇنىستا ئاراپات بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ئىشتىن
ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى نارازى بولدى. نىتانياخۇ تەختكە چىققان-
دىن كېيىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ قاتتىق قوللۇق سىياسى-
تى توغرىسىدا گەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ

مۇناسىۋىتى بەك چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىدى.

## 2. ئىسرائىلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى

فرانسىيە 50 - يىللاردا ئىسرائىلىيىنى قورال بىلەن تەمىن-
لەيدىغان ئاساسىي دۆلەت بولدى. بۇ بىر تەرەپتىن، ئىسرائىلى-
يىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن،
ئەينى چاغدىكى فرانسىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
توقۇنۇش بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1954 - يىلى 11
- ئايدا ئالجىرىيىدە فرانسىيىگە قارشى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى
پارتلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىسىر قاتارلىق ئەرەب دۆلەتلىرى
ئالجىرىيىگە قورال - ياراغنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ياردەم
بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىسىر سۇۋەيش قانىلىنى ئۆتكۈ-
زۈۋېلىپ، قانالنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆزگەرتىپ فرانسىيە-
نىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتتى. شۇڭا، ئىسرائىلىيە بىلەن
فرانسىيە ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىتتىپاقداشلىق مۇنا-
سىۋىتىنى شەكىللەندۈردى. فرانسىيە 1954 - يىلىدىن كېيىن
ئىسرائىلىيىگە نۇرغۇن قورال - ياراغ بەردى، ئىككى تەرەپ يادرو
ساھەسىدە تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە كېلىشىم ھاسىل قىلدى.
ئىسرائىلىيە 1956 - يىلى فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە بىلەن بىرلىكتە
مىسىرغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق
ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتى ئىسرائىلىيە،
فرانسىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىي قى-
لىشىغا تەسىر يەتكۈزەلمىدى. ئىككى تەرەپ ھەربىي، ئىقتىساد
ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.
فرانسىيە 1957 - يىلى ئىسرائىلىيىنىڭ نىگاپ قۇملۇقىدا ئاتوم
قازىنى قۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە باشلىدى ھەمدە ئىسرائىلىيىگە
45 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بەردى. ئىككى دۆلەت 1959
- يىلى مەدەنىيەت كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئىسرائىلىيە خەلقىنى



فرانسۇز تىلى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. فرانسىيىمۇ بەزى
ئالىي مەكتەپلەردە ئىبرانىي تىلى دەرسى تەسىس قىلدى.
1958 - يىلى دې گول قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن
كېيىن فرانسىيىنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سو-
ۋۇشقا باشلىدى. دې گول ئامېرىكا بىلەن ئارىلىقنى چوڭايتىدى-
غان دىپلوماتىك سىياسەت قوللاندى. بۇ سىياسەت ئىسرائىلىيە
بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا تۇتقان پوزىت-
سىيىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئۇ ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب
دۆلەتلىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرماقچى بولۇپ، ئىسرائىلىيىگە يان بې-
سىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. 1960 - يىلى بېن گۇرىئون
فرانسىيىنى زىيارەت قىلغاندا دې گول ئىسرائىلىيىنىڭ ئافرىقى-
دىكى يېڭى دۆلەتلىرىگە قورال سېتىپ بەرگەنلىكىگە ئاشكارا
نارازى بولدى. فرانسىيە شۇ يىلى ئىسرائىلىيىنىڭ نىگابتا قۇر-
غان ئاتوم قازىنىغا ئوران بەرمەسلىكنى قارار قىلدى ھەمدە ئىس-
رائىلىيىدىن ئاتوم قازىنىنى خەلقئارا نازارەت ئاستىغا قويۇشنى
تەلەپ قىلدى. 1967 - يىلى ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق
ئۇرۇشى ھارپىسىدا، فرانسىيە ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرگە
قورال سېتىپ بېرىشنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى. ئوتتۇرا
شەرق رايونىدا فرانسىيىنىڭ قوراللىرىنى ئەڭ كۆپ سېتىۋالىدى-
غان دۆلەت ئىسرائىلىيە بولغاچقا، بۇ قارار ئىسرائىلىيىگە ئەڭ
ئېغىر زەربە بولدى. ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى-
دىن كېيىن ئىسرائىلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ
يامانلاشتى. پىنپىدو ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا بىتەرەپ مەيدان-
دىن ۋاز كېچىپ، ئەرەب دۆلەتلىرىگە مايىل بولۇشقا باشلىدى.
فرانسىيە 1969 - يىلى لىۋىيە يېڭى ھۆكۈمىتىگە يۈز دانە كۈرەش-
چى ئايروپىلان سېتىپ بەردى. 1973 - يىلى تۆتىنچى قېتىملىق
ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن فرانسىيە ۋە ياۋروپا
ئورتاق گەۋدىسىدىكى باشقا دۆلەتلەر ئىسرائىلىيىدىن 1967 -

يىلى ئىشغال قىلىۋالغان ئەرەب زېمىنىدىن چېقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيىگە قورال توشۇيدىغان ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۆز زېمىن بوشلۇقىدىن ئۆتۈشىنى رەت قىلدى. فرانسىيە ھۆكۈمىتى 1975 - يىلى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ پارىژدا ۋەكىللەر ئورنى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى 1980 - يىلى ئېلان قىلغان «ۋېنتسىيە خىتابنامىسى» ئاساسەن فرانسىيىنىڭ مەيدانىنى ئەكىس ئەتتۇردى.

فرانسىيىدە مىتران زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن ئىسرائىلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى سەل ياخشىلاندى. مىتران 1982 - يىلى 3 - ئايدا ئىسرائىلىيىنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان فرانسىيە زۇڭتۇڭى بولدى. بۇ مەزگىلدە ئىككى دۆلەتنىڭ سودا سوممىسى ھەر يىلى 20 - 25% ئېشىپ باردى. ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش خەۋپى مەۋجۇت بولسىمۇ، ئىسرائىلىيە بىلەن فرانسىيە 1983 - يىلى 6 - ئايدا ئۆز ئارا مەبلەغ سېلىشنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە قوغداش كېلىشىمى ئىمزالىدى. پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى بىر مەھەل توختاپ قالغان ئالاقە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983 - يىلى ئىسرائىلىيىگە كەلگەن چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى فرانسىيىدىن كەلدى. 1984 - يىلى 4 - ئايدا فرانسىيە - ئىسرائىلىيە بىرلەشمە پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇپ، بىرلىكتە تەتقىق قىلىش ۋە ئېچىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىسرائىلىيە زۇڭتۇڭى خېرزوك 1988 - يىلى فرانسىيىنى زىيارەت قىلدى. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى مەزگىلىدە فرانسىيە پارس قولتۇقى كرىزىسى بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى بىرلەشتۈرۈپ ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە پەلەستىن دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى سوغۇقلىشىشقا باشلىدى. ئىسرائىلىيە 1991 - يىلى



2 - ئايدا فرانسىيىنى ئىراقنىڭ قورال - ئۈسكۈنىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم قىلدى، دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مادرىد تىنچلىق يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا ۋە ئىسرائىلىيە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ قايتا كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، ئىسرائىلىيە بىلەن فرانسىيە مۇناسىۋىتى يېڭىۋاشتىن ياخشىلاندى. 1996 - يىلى 6 - ئايدا لىكۇد گۇرۇھى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن فرانسىيە ھۆكۈمىتى نىتانياخۇنىڭ ئىشچىلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇنچە ئىسرائىلىيە - پەلەستىن كېلىشىمى ئىمزالىغان قىلمىشىغا ئىنتايىن خاپا بولدى. زۇڭتۇڭ شىراك 10 - ئايدا ئىسرائىلىيىنى زىيارەت قىلغاندا ئىسرائىلىيە رەھبەرلىرىنىڭ «زېمىن بەدىلىگە تىنچلىققا ئىگە بولۇش» يولىغا قايتىپ كېلىشىنى، پەلەستىن خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇشقا ماقۇل بولۇشىنى ئاشكارا مۇراجىئەت قىلدى. شىراك ياۋروپانى ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىگە قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن بۇ تەلەپنى ئىسرائىلىيە رەت قىلدى.

### 3. ئىسرائىلىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ مۇناسىۋىتى

گىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلىشى ئىككى دۆلەتنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىغا بىر مەھەل توسالغۇ بولغانىدى. لېكىن، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى تارىخقا توغرا قاراپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. گېرمانىيە زۇڭلىسى ئادېنا 1949 - يىلى 9 - ئايدا گېرمانىيە خەلقىگە ۋاكالىتەن يەھۇدىي مىللىتى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئەخلاق ۋە ماددىي جەھەتتىن تۆلەم بېرىش ئارقىلىق يەھۇدىي مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادېنا ئىسرائىلىيىنىڭ يەھۇدىيلار

دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ماددىي تۆلىمىنى قوبۇل قىلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. 1950 - يىلى گېرمانىيە ۋەكىلى بىلەن دۇنيا يەھۇدىيلار يىغىنىنىڭ ۋەكىلى ئۇرۇش تۆلىمى مەسىلىسى ئۈستىدە ئىستانبۇلدا پىكىر ئالماشتۇردى. دۆلەت ئىچىدە كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى 1952 - يىلى 3 - ئايدا گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلىشىپ، 9 - ئايدا تۆلەم كېلىشىمى ئىمزالىدى. گېرمانىيە ئىسرائىلىيىگە 850 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، قىرغىنچىلىقتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم بېرىدىغان بولدى. ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قارشىلىقىغا پەرۋا قىلماي، گېرمانىيە پارلامېنتى 1953 - يىلى 5 - ئايدا بۇ كېلىشىمنى تەستىقلىدى. گېرمانىيە 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش يولىدا پائال ئىزدەندى. لېكىن، بىر تەرەپتىن، ئىسرائىلىيىدە قارشى تۇرىدىغان كۈچلەر ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، گېرمانىيىمۇ ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتسا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتىشىدىن ئەنسىرىدى، شۇڭا بۇ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش ئاستا بولۇپ، 1965 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېچىكتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە بىر قاتار ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. گېرمانىيە 1957 - يىلدىن ئېتىبارەن ئىسرائىلىيىگە مەخپىي قورال سېتىپ بېرىشكە باشلىدى. ئىسرائىلىيە زۇڭلىسى بېن گۇرىئون بىلەن گېرمانىيە زۇڭلىسى ئادېنا 1960 - يىلى 3 - ئايدا نيۇ - يوركتا كۆرۈشتى. ئىككى تەرەپ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، بولۇپمۇ نىگاپ قۇملۇقىنى ئېچىش پىلانى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى.



ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا بەزى تالاش - تارتىشلارمۇ كۆرۈلدى. مەسىلەن، گېرمانىيە ئالىملىرىنىڭ مىسىرنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياسىشىغا ياردەم قىلىشى، گېرمانىيە يولغا قويۇشنى پىلانلىغان شىكايەت قىلىشنىڭ يىل چېكى توغرىسىدىكى قانۇن سابىق ناتسىستلارنى قانۇننىڭ سىرتىدا قويۇش مۇمكىنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ۋە نارازىلىقىغا ئۇچرىدى.

1967 - يىلىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. گېرمانىيە ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نوقۇل ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى دەپ قارىماي، بەلكى ئۇنى كۆپ تەرەپ مۇناسىۋىتى ئىچىگە قويۇپ ئويلىنىدىغان بولدى ھەمدە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىنى تۈزۈشىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى. تارىخىي خىجىللىق تۇيغۇسى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا رول ئويناپ تۇرسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تېخىمۇ بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلدى. گېرمانىيە زۇڭلىسى برانت 1973 - يىلى 6 - ئايدا ئىسرائىلىيىنى زىيارەت قىلغاندا سۆز قىلىپ، ئىسرائىلىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەمدى «پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت» ئەمەس، بەلكى «خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە نورمال مۇناسىۋەت» دەپ ھېسابلىدى. مانا بۇ ھال گېرمانىيىنىڭ ئىسرائىلىيىگە قاراتقان سىياسىتىنى تەڭشىگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. 1985 - يىلى ۋە 1987 - يىلى ئىككى دۆلەت زۇڭلىلىرى ئۆز ئارا زىيارەت قىلغاندىن كېيىن مۇناسىۋەت يېقىنلىشىشقا باشلىدى. گېرمانىيە ئىسرائىلىيىنىڭ سودا قىلىشىدىغان ئىككىنچى چوڭ شېرىكى بولۇپ قالدى. ئىككى دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى ھەمكارلىقىمۇ يېڭى سەۋىيىگە يەتتى. پارس قولتۇ-

قى ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە ئىسرائىلىيىگە 166 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلدى ۋە تۇرغۇن قورال - ياراغ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گېرمانىيىدىكى ئىرقچىلىق كۈچلىرى كۈچىيىپ، يېڭى ناتسىستلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە يېڭى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، 1992 - يىلى گېرمانىيە قانۇن ماقۇللاپ، گېرمانىيە شىركەتلىرىنىڭ سودا كېلىشىمىدە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن چەكلەيدىغان ماددىلارنى قوبۇل قىلىشىنى قاتتىق مەنئى قىلدى.

## 4 . ئىسرائىلىيە بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى (ياۋروپا ئىتتىپاقى) نىڭ مۇناسىۋىتى

دۆلەت يېڭى قۇرۇلغاندا بېن گۇرىئون غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىگەنىدى. 1957 - يىلى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسرائىلىيە ئۇنىڭ بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. بېن گۇرىئون بېلگىيە ۋە ليۇكسېمبۇرگقا باش ئەلچى بولۇپ تەيىنلەنگەن رافېلنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كەلگۈسى ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىلگىرىلىشى زىچ بىرلەشكەن ئورتاق گەۋدە قۇرۇشقا موھتاج. بۇ ئورتاق گەۋدە كەلگۈسى خەلقئارا ئىشلاردىكى مۇھىم كۈچ بولۇپ قالىدۇ. ئىسرائىلىيە بىريۇسسېلدىن ئىبارەت ئورتاق گەۋدىنىڭ بۇ مەركىزى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى كۈچەيتىشى كېرەك.»

ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىسرائىلىيە 1964 - يىلى 6 - ئايدا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن تۇنجى كېلىشىم تۈزۈپ، ئىسرائىلىيە ئاپېلسىنلىرىنىڭ ئورتاق گەۋدە بازارلىرىغا كىرىشىدە چۇ-



شەنچە هاسىل قىلدى. ئىسرائىلىيە 1966 - يىلى 4 - ئايدا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ئالاقە ئورناتقان دۆلەت بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى. لېكىن بۇ ئىلتىماس رەت قىلىندى. ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئىسرائىلىيە بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەت مۇئامىلىسى مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلەشتى. ئىسرائىلىيە 1970 - يىلى 6 - ئايدا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ئېتىبار بېرىلىدىغان تۇنجى كېلىشىمنى ئىمزالاپ، ئىسرائىلىيىنىڭ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان زور كۆپ ساندىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرى تاموژنا بېجى 50% كېمەيتىلىدىغان ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ ئىسرائىلىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ناھايىتى پايدىلىق بولدى. ئىسرائىلىيە 1975 - يىلى 5 - ئايدا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ئەركىن سودا كېلىشىمىنى رەسمىي ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە كىرىپ، ئىسرائىلىيە بىلەن بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ ئاپېلسىن ئېكسپورت قىلىش جەھەتتە سۈركىلىش پەيدا بولۇپ، يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. هازىر ياۋروپا ئىتتىپاقى ئىسرائىلىيىنىڭ ئەڭ چوڭ سودا شېرىكى بولۇپ قالدى. ئىسرائىلىيىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا سوممىسى ئىسرائىلىيە ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ.

سىياسىي جەھەتتە، تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ۋە نېفىت كرىزىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇرۇنقىدەك ئىسرائىلىيىگە يېقىنلىق قىلىدىغان مەيدانىنى ئۆزگەرتتى. 1973 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بىريۇسسېلدا چاقىرىلغان ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى

يىغىنى ئوتتۇرا شەرقتە تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۆۋەندى-
كى پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى: قورال كۈچى ئارقىلىق
زېمىنغا ئىگە بولۇۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ؛ ئىسرائىلىيە 1967
- يىلىدىكى ئۇرۇشتىن بۇيانقى ئەرەب زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋې-
لىشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش لازىم؛ بۇ رايوندىكى ھەممە دۆلەتلەر-
نىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن پۈتۈنلۈكى، خەۋپسىزلىكى ۋە
ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان چېگرىسى ئىچىدە تىنچ ياشاش ھوقۇقى
ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك؛ ئادىل ۋە مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى بەرپا
قىلغاندا، پەلەستىنلىكلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى ئويلىنىش
لازىم. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى 1980 - يىلى 6 - ئايدا «ۋېنتسى-
يە خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، ئىسرائىلىيىنىڭ ئىشغال
قىلىۋېلىنغان زېمىنلاردىن چېكىنىپ چىقىشىنى، پەلەستىن خەل-
قىنىڭ ئۆز تەقدىرىدىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ
قىلىشىنى، ئېرۇسالېمنىڭ ئورنىنى بىر تەرەپ ئۆز ئالدىغا ئۆز-
گەرتىشكە ۋە ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىنلاردا ئاھالىلەرنىڭ ئول-
تۇراق نۇقتىلىرىنى قۇرۇشقا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيە بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ
مۇناسىۋىتى كۈنسايىن سوۋۇشقا باشلىدى. 1982 - يىلى ئىسرا-
ئىلىيىنىڭ لىۋانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قارشى تۇرۇش تۈپەيلى-
دىن، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئىسرائىلىيە بىلەن ھەمكارلىشىش
لايىھىسىنى ئىمزالاشنى كېچىكتۈردى. ئىشغال قىلىۋېلىنغان زې-
مىندا 1987 - يىلى 12 - ئايدا پەلەستىن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى
پارتلىدى، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بايانات ئېلان قىلىپ ئىسرائى-
لىيىنى ئەيىبلىدى ھەمدە ئىسرائىلىيىنى بەزى ئىقتىسادىي جە-
ھەتلەردىن جازالىدى. 1991 - يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى-
دىن كېيىن، ئىسرائىلىيە بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ
مۇناسىۋىتى سەل ياخشىلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياۋروپا
ئورتاق گەۋدىسى 1991 - يىلى مادرىدتا چاقىرىلغان ئوتتۇرا شەرق



تىنچلىق يىغىنىنى، 1993 - يىلىدىكى ئىسرائىلىيە - پەلەستىن
كېلىشىمىنى ۋە 1994 - يىلىدىكى ئىسرائىلىيە - ئىئوردانىيە
تىنچلىق شەرتنامىسىنى قەتئىي قوللىدى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدى-
سى ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ چىققاندىن كېيىن ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچ-
لىق مۇساپىسىدە قىيىنچىلىق پەيدا بولغانلىقىدىن ئەنسىرىدى.
ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق سۆھبىتىنى ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا
مونوپول قىلىۋالغانلىقىدىن نارازى بولدى. ئوتتۇرا شەرقنىڭ
تىنچلىق مۇساپىسىگە تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىش ئارزۇسىنى ئى-
پادىلىدى.

## 4 § . ئىسرائىلىيە بىلەن 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ، ئاساسلىقى ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىسرائىلىيە دۆلىتى يېڭى قۇرۇلغاندا دىپلوماتىيە سىياسى-
تىنىڭ مۇھىم نىشانىنى خەلقئارانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە ئىق-
تىسادىي، ھەربىي ئىشلاردا ياردەمگە ئىگە بولۇشقا قارىتىپ،
مۇھىم نۇقتىنى ئامېرىكا، ياۋروپاغا قويدى. ئەينى چاغدا ئىسرا-
ئىلىيە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك
مۇناسىۋەت ئورناتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا،
دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ھەقىقىي مۇناسىۋىتى 50 - يىللارنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا باشلاندى. مۇنداق بولۇشتا تۆۋەندىكى سەۋەبلەر بار
ئىدى: بىرىنچىدىن، ئىسرائىلىيە 1955 - يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك
ئاسىيا، ئافرىقا يىغىنىغا قاتناشماقچى بولغاندا ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچراپ، ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈ-
چەيتىپ 3 - دۇنيا دۆلەتلىرى ئىچىدىكى يېتىم ھالەتتىن قۇتۇلۇش
ئىنتايىن جىددىي ۋە مۇھىم، دەپ قارىدى. ئىككىنچىدىن، يېڭى-
دىن قۇرۇلغان مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى،

ئىنتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ پۈتكۈل خەلقئارا سەھنىدىكى رولى ۋە تەسىرىنىڭ بارغانسېرى زورىيىۋاتقانلىقىغا ئەگىشىپ، ئىسرائىلىيىمۇ ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرىنى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىشقا ۋە قوللاشقا ئىگە بولۇشنىڭ مۇھىم نىشانى دەپ بىلىشكە باشلىدى. ئۈچىنچىدىن، ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئاسىيا، ئافرىقىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. ئۇلار ئىسرائىلىيىنىڭ تەجرىبىسى ئۆز دۆلەتلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىر قەدەر ماس كېلىدۇ، دەپ قاراپ، ئىسرائىلىيە بىلەن مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قوشۇلدى. تۆتىنچىدىن، ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسرائىلىيىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ياخشىلىنىپ، دىققىتىنى خەلقئارا ساھەگە، 3 - دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە قاراتتى. ئىسرائىلىيە 1958 - يىلى خەلقئارا ھەمكارلىق پىلانى تۈزدى ھەمدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە بىر مەھكىمە تەسىس قىلىپ، 3 - دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ياردەم ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى.

دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىسرائىلىيە رەھبەرلىرى مىللەت، جۇغراپىيە، مەدەنىيەت، تىل قاتارلىق جەھەتلەردە ئاسىياغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ، ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پائال تەرەققىي قىلدۇردى. 1953 - يىلى شارىت ئىسرائىلىيە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ رانگوندا ئېچىلغان ئاسىيا سوتسىيالىستلار پارتىيىلىرىنىڭ تۇنجى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. شۇ يىلى ئىسرائىلىيە بىلەن بېرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ، ئىسرائىلىيىنىڭ ئاسىيادىكى تۇنجى بۆسۈشى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيە تېخنىكا جەھەتتە ياردەم قىلىش،



ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىش ئارقىلىق، بېرما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈردى ۋە چىڭىتتى. «بېرما ئەندىزىسى» شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيىنىڭ 3 - دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. بېرما زۇڭلىسى ۋۇنۇ ئىسرائىلىيىنى زىيارەت قىلدى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بېرما نۇرغۇن ئەمەلدارلىرىنى كىبۇز قاتارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئىسرائىلىيە بولسا بېرمىغا داۋالاش ئەترەتلىرىنى ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكا ئىنژېنېرلىرىنى ئەۋەتتى، ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسرائىلىيە، سىرىلانكا، نېپال، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەنمۇ ئىقتىسادىي سودا ۋە ھەربىي ئىشلار ئالاقىسى ئورناتتى. مەسىلەن، سىرىلانكىغا ھەربىي پاراخوت سېتىپ بەردى، سىرىلانكىنىڭ ھەربىي تەربىيىلىنىشىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتتى، تايلاند، نېپال ۋە كامبودژىدا ئۈلگە كۆرسىتىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ بەردى. ھەتتا 1962 - يىلى جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى بولغاندا ھىندىستانغا قورال، ئوق - دورا سېتىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىمۇ خەۋەرلەر بار. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1958 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىسرائىلىيىنىڭ 180 مۇتەخەسسىسى ئاسىيادىكى ئون دۆلەتتە خىزمەت قىلىپ، سۇغىرىش، داۋالاش قاتارلىق ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان. 1966 - يىلى ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ئەۋەتكەن مۇتەخەسسىسلىرى 410 ئادەمگە يەتكەن.

ھىندىستان 1950 - يىلى 9 - ئايدا ئىسرائىلىيىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېسىمى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ قورغۇچىسى بولغان دۆلەت مىسىر بىلەن ياخشى

مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش تۈپەيلىدىن، ئىسرائىلىيە بىلەن دىپ-
لوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى رەت قىلدى. پەقەت ئىسرائىلى-
يىنىڭ بومبايدا كونسۇلخانا تەسىس قىلىشىغا قوشۇلدى. ئىسرا-
ئىلىيە ھىندىستانغا ھەربىي ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئىككى دۆلەت-
نىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە
كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.
1992 - يىلىغا كەلگەندە باش ئەلچى دەرىجىلىك دىپلوماتىك
مۇناسىۋەت ئورناتتى.

ياپونىيە ئاسىيادا ئىسرائىلىيە بىلەن ئەڭ بۇرۇن دىپلوماتىك
مۇناسىۋەت ئورناتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1952 - يىلى
دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. لېكىن، ئېھتىياجلىق نېفىت-
نىڭ 90% نى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن ئالغاچقا،
ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جازاسىدىن خالىي بولۇش ئۈ-
چۈن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى چوڭ شىركەتلەرنىڭ ئىسرائىلىيە بى-
لەن سودا قىلىشىغا يول قويمىدى. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا
ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، يا-
پونىيە ئىسرائىلىيىگە قارىتىلغان سودا مۇئامىلىسىدىكى چەكلى-
مىنى بوشىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيىنىڭ
ياپونىيىگە ئاپېلسىن قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشىغا
رۇخسەت قىلىندى. سودا سوممىسى تېز كۆپىيىپ 100 مىليون
ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى. تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا
شەرق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياپونىيە ئاساسەن بىتەرەپ پوزىتسىيىدە
بولدى. ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى تېزلىتىلگەندىن
كېيىن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تېز تەرەققىي قىلدى.

ئىسرائىلىيە بىلەن ئىراننىڭ مۇناسىۋىتى ئەگرى - توقاي
تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئىران ئەمەلىيەتتە 1949-
يىلى 3 - ئايدا ئىسرائىلىيىنى ئېتىراپ قىلدى. ئىسرائىلىيىگە
قارشى تۇرىدىغان ھۆكۈمەت 1953 - يىلى ئاغدۇرۇۋېتىلگەندىن



كېيىن ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە تاقابىل
تۇرۇش ئۈچۈن، ئىران ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى
كۈچەيتتى، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېز تەرەققىي قىلدى.
ئىسرائىلىيە تېھراندا ۋاكالەتخانا تەسىس قىلدى ھەمدە ئىراندىكى
ئەلچىسىنى باش ئەلچى مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن قىلدى. ئىران
1963 - يىلى «ئاق ئىنقىلاب» نى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئىس-
رائىلىيىنىڭ نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلىرىنى ئىرانغا كېلىپ مەس-
لىھەتچى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىران
ئىسرائىلىيىگە نۇرغۇن نېفىت ئېكسپورت قىلىپ، ئىسرائىلىيد-
نى نېفىت بىلەن تەمىنلەيدىغان دۆلەت بولۇپ قالدى. 1978 -
يىلىدىن ئىلگىرى ئىسرائىلىيە نېفىتىنىڭ 60% نى ئىراندىن
ئىمپورت قىلدى. ئىككى دۆلەت ھەربىي ئىشلار، ئاخبارات ۋە
تېخنىكا ساھەلىرىدىمۇ قويۇق ھەمكارلاشتى. 1979 - يىلى ئىران-
نىڭ ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئىككى دۆلەت
مۇناسىۋىتى جىددىي يامانلاشتى. ھۇمەينى ئېرۇسالېمنى ئازاد
قىلىش يولىدىكى جىھادقا چاقىرىق قىلدى ھەمدە ئىسرائىلىيىگە
قارشى قوراللىق كۈچلەرنى پائال تەربىيىلىدى. لېكىن، غەرب-
نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئىراق - ئىران ئۇرۇشى مەزگىلىدە
ئىسرائىلىيە ئىرانغا مەخپىي قورال سېتىپ بەرگەن.

ئىسرائىلىيىنىڭ ئاسىيا دىپلوماتىيىسى يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىسرائىلىيە
ھازىرغىچە ئاسىيادىكى رايون خاراكتېرلىك نۇرغۇن تەشكىلاتلار-
نىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:
بىرىنچىدىن، مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى ئاسىيا دۆلەتلىرى ئۇ-
زۇندىن بۇيان زىئونىزمنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى
ھەمدە ئىسرائىلىيىنى غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ ئىتتىپاقچىسى
دەپ قارىدى؛ ئىككىنچىدىن، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق
كۆپ قىسمى ئاسىياغا توپلاشقان. دىنىي ۋە مىللىي ھېسسىيات

تۇپەيلىدىن، ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدىغان سىياسەت قوللىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئاسىيادىكى زور كۆپ سانلىق دۆلەتلەر ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۇپەيلىدىن ئەرەب دۇنياسىنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايدۇ. قارىغاندا، ئىسرائىلىيىنىڭ ئاسىيا دىپلوماتىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك بۆسۈش بولۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلەش بولمىسا بولمايدۇ.

## §5. جۇڭگو بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ۋە جۇڭگو-ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى

### 1. قەدىمكى ئىككى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى

تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، جۇڭگو زېمىنىدا ياۋروپادىكىدەك يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرىدىغان ھەرىكەت بولۇپ باقمىغان. شۇڭا، جۇڭگو سەرسان بولغان يەھۇدىيلار خاتىرجەم ياشايدىغان ئاز سانلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولدى. جۇڭگولۇقلار بىلەن يەھۇدىيلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دوستانە ـ ئىناق ئۆتۈپ كەلدى.

ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، نۇرغۇن يەھۇدىيلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يىپەك يولىنى بويلاپ جۇڭگوغا كەلگەن. سۇڭ سۇلالىسىدىن كېيىن ئەينى زاماندىكى پايتەخت كەيفېڭدا گۇللەنگەن يەھۇدىيلار تەشكىلاتى پەيدا بولۇپ، ئادىمى بەش مىڭغا يەتكەن. كەيفېڭدىكى يەھۇدىيلار شۇ جايدىكى خەنزۇ، خۇيزۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، مىڭ يىلغا يېقىن تەبىئىي قوشۇلۇش جەريانىدا، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتكەن. يەھۇدىيلار كۆچۈپ بارغان يەرلەردە پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋال يەھۇدىيلارنىڭ چېچىلىپ كېتىش تارىخىدىمۇ كۆپ ئۇچرىمايدۇ.



كەيفېڭدىكى يەھۇدىيلار سىڭىپ كەتكەندە، شاڭخەيدە سەفادى يەھۇدىي سودىگەرلەر گۇرۇھى شەكىللەندى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغاپ جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقاندىن كېيىن يەھۇدىي سودىگەرلەر باغدات، بومباي، سىنگاپور، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردىن شاڭخەيگە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلدى. ئۇلار سودىدىكى ئىقتىدارىنى ئاشكارىلاپ، ئەنگلىيىگە تەۋە جايلار بىلەن بولغان ئالاقىسىدىن ۋە شاڭخەينىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتىدىن پايدىلىنىپ سودىنى قانات يايدۇرۇپ، نۇرغۇن بايلىق توپلىدى. ئۆي ـ مۈلۈك، ئاممىۋى ئىشلار ۋە پاساش كەسپىگە مەبلەغ سېلىپ، شاڭخەي ساھىلىدىكى ئەڭ جانلىق سانائەت، سودا مالىيە گۇرۇھى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ساسسون، خاردون، كادورىس قاتارلىق جەمەتلەر شاڭخەيدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادا، ھەتتا يىراق شەرقتىمۇ تەسىرگە ئىگە بولدى. يەھۇدىي سودىگەرلەر دالىيەن، تيەنجىن، چىڭداۋ، نىڭبو، گۇاڭجۇ قاتارلىق دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەردە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىقى شاڭخەيدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشتى. ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شاڭخەيدىكى يەھۇدىيلار 800 - 1000 ئادەمگە يەتتى.

بۇ چاغدا رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇندىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيىدىكى ئىنقىلابتىن پەيدا بولغان ئىچكى ئۇرۇشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن يەھۇدىيلار جۇڭگوغا كېلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ جۇڭگوغا كۆچۈپ كېلىشى بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇننى شەكىللەندۈردى. رۇسىيىدىن كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئال-

دى بىلەن خاربىن، شېنياڭ، دالىيەن قاتارلىق شەھەرلەردە ئول-
تۇراقلىشىپ، ئاندىن تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا كۆ-
چۈپ باردى. 1920 - يىلى خاربىندىكى يەھۇدىيلار 12 مىڭغا
يەتتى. 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ياپونىيە شەرقىي شىمالدىكى
ئۈچ ئۆلكىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن نۇرغۇن يەھۇدىيلار خاربىن-
دىن كۆچۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن شاڭخەيدىكى يەھۇدىيلار بەش
مىڭغا، تيەنجىندىكى يەھۇدىيلار ئىككى مىڭ 500 ئەتراپىغا يەت-
تى. رۇسىيىدىن جۇڭگوغا كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى
ناھايىتى نامرات بولۇپ، ئۇششاق تىجارەتلەرنى قىلدى. كېيىن
ئۆزلىرى تىرىشىپ ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە دەرىجىسىگە يەتتى.
يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ناتسىستلار يەھۇدىيلارغا قار-
شى ھەرىكەت قوزغىغاندىن كېيىن جۇڭگو ياۋروپادىكى يەھۇدىي
مۇساپىرلىرى پاناھلىنىدىغان جاي بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ 1937
- يىلىدىن 1939 - يىلىغىچە شاڭخەي دۇنيا بويىچە بىردىنبىر
يەھۇدىيلارغا دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەن شەھەر بولدى. 1941
- يىلىنىڭ ئاخىرى شاڭخەيدىكى يەھۇدىيلار 30 مىڭغا يېتىپ،
ئۆزىنىڭ چېركاۋى، مەكتىپى، دوختۇرخانىسى، كۇلۇب، قەب-
رىستانلىقى، سودا ئۇيۇشمىسى، گېزىت - ژۇرناللىرى، سىيا-
سىي پارتىيە - گۇرۇھلىرىغا، ھەتتا كىچىك تىپتىكى ھەربىي
قوشۇنغا ئىگە بولدى. شۇڭا، شۇ چاغلاردا جۇڭگودىكى يەھۇدىي-
لار 40 - 50 مىڭغا يەتتى.
جۇڭگولۇقلار يەھۇدىيلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى.
1918 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شۇ چاغدىكى جۇڭگو
ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىس-
تىرى چېن لۇ شاڭخەيدىكى يەھۇدىيلار تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى
S. E. كادورسقا خەت يېزىپ، جۇڭگو يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە
مىللىي يۇرتىنى قۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۇن
جۇڭشەن ئەپەندى شاڭخەيدىكى يەھۇدىيلار تەشكىلاتىنىڭ يەنە بىر



رەھبىرى N. E. B. ئېزراغا يازغان خېتىدە: «دېموكراتىيىنى
سۆيىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ ئۇلۇغ ۋە تارىختا
مەشھۇر مىللىتىڭلارنىڭ گۈللىنىشىنى قوللايدۇ. ئۇ دۇنيا مەدە-
نىيىتىگە شۇنچە زور تۆھپىلەرنى قوشقان، شۇڭا خەلقئارا ئائىلى-
دە شەرەپلىك ئورۇندىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك» دېدى. سۇڭ
چىڭلىڭ خانىممۇ جۇڭگولۇق بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك
زاتلارنى باشلاپ گېرمانىيە كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، ناتسىستلار-
نىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى زوراۋانلىقلىرىغا نارازىلىق بىلدۈردى.
جۇڭگودىكى يەھۇدىيلارمۇ جۇڭگونىڭ مىللىي دېموكراتىك ھەرە-
كىتىگە ۋە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشىغا خالىس ياردەم
بەردى. كانادادىن كەلگەن يەھۇدىي موررىس كوخېن سۇن جۇڭ-
شەن ئەپەندىگە مۇھاپىزەتچى بولدى. كېيىن جۇڭگو ئارمىيىسى-
نىڭ گېنېرالى بولۇپ، «قوش تاپانچىلىق كوفېن» دەپ داڭق
چىقاردى. ھانس شىپپې گېرمانىيىدىن جۇڭگوغا كەلگەن مۇخ-
بىر بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشىغا مە-
دەت بېرىش يولىدا قۇربان بولغان تۇنجى يەھۇدىي ھېسابلىنىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىللە دوكتور ياكوب رۇسېنفېلدنى چوڭقۇر ھۆر-
مەت بىلەن تىلغا ئالىمىز. ئۇ 1939 - يىلى ئاۋستىرىيىدىن
جۇڭگوغا قېچىپ كەلگەن. 1941 - يىلى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون
جاھانگىرلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1945 - يىلىدىن
كېيىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيىدە ئەڭ يۇقى-
رى ھەربىي تېببىي كەسپىي ئورۇنغا ئىگە بولغان چەت ئەللىك
بولۇپ، «ئاۋستىرىيىلىك بېتيۇن» دەپ ئاتالدى. جۇڭگو ئىنقىلا-
بىغا قاتناشقان بەزى يەھۇدىيلار ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگونىڭ
دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش
ئىشلىرىغا قاتناشتى. مەسىلەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش-
نىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ئىسرائىل ئېپستېين، داڭلىق

تەرجىمان سىدنېي شاپىرو، شەندۈڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى S . گىنسبورگ قاتارلىقلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نۇرغۇن يەھۇدىيلار جۇڭگودىن ئايرىلىپ، تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەن ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرىگە قايتىپ كەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن نەچچە مىڭ يەھۇدىي شاڭخەي، تيەنجىن، خاربىن قاتارلىق جايلاردا داۋاملىق ياشىدى. 1966 - يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئاخىرقى بىر تۈركۈم يەھۇدىي مۇھاجىرلىرى جۇڭگودىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

## 2. جۇڭگو - ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتىدە بېسىپ ئۆتۈلگەن ئەگرى - توقاي مۇساپە

1947 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلى ب د ت دا پەلەستىن توغرىسىدىكى تالاش - تارتىش ئەۋجىگە چىققاندا، جۇڭگودىكى يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىمۇ شۇ چاغدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىگە ھېچبولمىغاندا قارشى ئاۋاز بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلدى. 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھىسىگە ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ ئاۋاز بەردى. شاڭخەيدىكى يەھۇدىيلار تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى «بۇ بىزنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىكى يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلار بىلەن سۆھبەت قىلغانلىقىمىز ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى» دېدى. 1948 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغاندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ گېزىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگونىڭ جامائەت پىكرى ساھەسى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شىمالىي جۇڭگونىڭ ئازاد رايونىدا چىقىدىغان «جىجۇڭ يېتەكچى گېزىتى» 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى: «‹ئىسرائىلىيە› دەپ نامى بېكىتىلگەن يەھۇدىيلارنىڭ يېڭى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى 14 -



چېسلا جاكارلاندى. ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان ۋەتەنسىز قېلىپ ھەممە يەردە سەرسان بولۇپ خورلانغان ۋە قىرغىن قىلىنغان يەھۇدىي خەلقىنىڭ يەھۇدىيلار دۆلىتىنى قۇرۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىدى» دەپ كۆرسەتتى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىمۇ ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى. ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ، ئوتتۇرا شەرقتە يېڭى جۇڭگونى ئېتىراپ قىلغان تۇنجى دۆلەت بولدى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئىككى دۆلەت رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش يۆنىلىشىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئىسرائىلىيە دۇنيادىكى زور كۆپ سانلىق دۆلەتلەردىن باشقىچە يول تۇتۇپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بىلەن ھۆكۈمەت ئالاقىسى قىلمىدى. شۇڭا، ئوتتۇرىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان توسالغۇ بولمىدى. ئىككى دۆلەت ۋەكىللىرى 1950 - يىلى 6 - ئايدا موسكۋادا تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا دائىر كونكرېت ئىشلار ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىشنى باشلىدى.

لېكىن، مۇشۇ چاغدا چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلاپ، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ چاۋشيەندە بىۋاسىتە توقۇنۇشۇپ قېلىش ئېھتىمالى پەيدا بولدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا، ئىسرائىلىيىنىڭ پوزىتسىيىسى ئازراق ئۆزگەردى. ئىسرائىلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى 6 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلىگە: «ھۆكۈمەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا قوشۇلىدۇ، لېكىن يىراق شەرق ۋەزىيىتى ئايدىڭلىشىشتىن ئىلگىرى ھۆكۈمەت بۇ جەھەتتە ھېچقانداق قارار چىقارمايدۇ. بۇنى ئۆزىڭىزلا بىلىڭ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن يوليورۇقنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن

ئىلگىرى ئىشىنىڭ تەرەققىياتىنى جىم تۇرۇپ كۆزىتىنىڭ» دەپ ئۇقتۇردى. جۇڭگو 10 - ئايدا چاۋشيەنگە ئەسكەر چىقىرىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇردى. ب د ت يىغىنى 1951 - يىلى 2 - ئايدا قارار ماقۇللاپ جۇڭگونىڭ «تاجاۋۇز قىلغان» لىقىنى ئەيىبلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت يولىدىكى ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەتلەرنى توختىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ تۇنجى پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالدى.

چاۋشيەن ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتى پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. جۇڭگو بىلەن ئىسرائىلىيىمۇ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغرىسىدا ئۇچراشتى. 1953 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە ئىككى تەرەپ موسكۋا، رانگون، خېلسىنكى، لوندوندا كۆپ قېتىم ئۇچراشتى. ئىسرائىلىيىنىڭ سىياسىي ساھەدىكى بەزى مۇھىم ئەربابلىرى ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا ئانچە قىزىقمىدى، ئۇنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرىدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى داللاسنىڭ بېسىمى بىلەن ئىسرائىلىيە 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ب د ت يىغىنىدا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ۋەكىللىك ھوقۇق مەسىلىسىنى يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدىكى قارار لايىھىسىنى قوللاپ ئاۋاز بەردى. بۇ ئىش ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش سۆھبىتىگە سوغۇق سۇ چاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، باندۇڭ يىغىنى جەريانىدا جۇڭگو بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1955 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى زۇڭلى جۇئېنلەي باندۇڭ يىغىنىدا سۆز قىلىپ: «پەلەستىندىكى ئەرەب مۇساپىرلىرى مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى» دەپ كۆرسەتتى. 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى باندۇڭ يىغىنى ماقۇللىغان ئاخىرقى ئاخباراتتا «پە-



لەستىندىكى ئەرەبلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان» لىقى بىلدۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا دۇنياسىدا ئىسرائىلىيە يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىسرائىلىيە مۇشكۈل شارائىتتىن قۇتۇلۇش ھەم جۇڭگو بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ يەنىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، 4 - ئايدا جۇڭگوغا نوتا تاپشۇرۇپ، تېزدىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلدى. لېكىن بۇ چاغدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىنى تەڭشەشنى قارار قىلدى. جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بېرمىدىكى ئەلچىخانىغا: «بىز ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تەييارلىنىۋاتقان بولساقمۇ، ھازىر دۆلىتىمىز ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى قانات يايدۇرۇۋاتقانلىقتىن، ۋاقىتنى سەل كېچىكتۈرۈش لازىم» دەپ يوليورۇق بەردى. 1956 - يىلى 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە جۇڭگو ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مىسىر، سۈرىيە، يەمەن بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 10 - ئايدا ئىسرائىلىيە بىلەن ئەنگلىيە بىرلىشىپ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلدى. بۇنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى قاتتىق ئەيىبلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش مەسىلىسى ئۈستىدىكى ئۇچرىشىش ئۈزۈلۈپ قالدى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يىگىرمە يىلغا سوزۇلغان «توڭلىتىپ قويۇش» دەۋرىگە كىردى.

بۇ يىگىرمە يىلدا بىر تەرەپتىن غەرب (جۈملىدىن ئامېرىكا) بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. ئىسرائىلىيە بولسا ئامېرىكىغا پۈتۈنلەي ئەگىشىپ كەتمەيدىغان بىرقەدەر مۇستەقىل سىياسەتنى يولغا قويۇشقا باشلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلانمايلا قالماستىن، بەلكى نەچ-

چە قېتىملىق ئۇرۇش تۇپەيلىدىن مۇناسىۋەت كۇنسايىن يامانلى-
شىپ كەتتى. شۇ چاغلاردا جۇڭگو بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ
مۇناسىۋىتى كۈنسايىن تەرەققىي قىلدى. مۇنداق ئەھۋالدا ئىسرا-
ئىلىيە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىپادە بىلدۈرىدىغان، جۇڭگو ئۇ-
نىڭغا ماس ھەرىكەت قوللىنىشقا قىيىنلىدىغان ۋەزىيەت پەيدا
بولدى.
1976 - يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن
كېيىن جۇڭگو بارغانسېرى كۆپ دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇنا-
سىۋەت ئورناتتى؛ غەرب دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور
كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى ۋە
تەرەققىي قىلدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە جۇڭگو بىلەن ئىسرائىلىيە
مۇناسىۋىتىمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىدى. مىسىر زۇڭتۇڭى سادات
1977 - يىلى 10 - ئايدا ئىسرائىلىيىنى زىيارەت قىلىپ، ئىسرا-
ئىلىيە رەھبەرلىرى بىلەن مىسىر ۋە ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى
توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى.
جۇڭگونىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ساداتنىڭ بۇ ئىشىنى قوللىدى.
1980 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ
مۇئاۋىن مىنىستىرى خې يىڭ جۇڭگونىڭ پەلەستىن مەسىلىسىگە
مۇئامىلە قىلىشىدىكى ئۈچ پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ-
دىكى 3 - ماددىدا «ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەر مۇستەقىللىق
ۋە مەۋجۇت بولۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك» دې-
يىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەر»
ئەلۋەتتە ئىسرائىلىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. جۇڭگو رەھبەرلىرى
1982 - يىلى مىسىرنى زىيارەت قىلغاندا، مىسىر بىلەن ئىسرائى-
لىيىنىڭ يارىشىپ قېلىشىنى قوللايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم
بىلدۈردى. 1988 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار
مىنىستىرى چيەن چىچېن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنى
ھەل قىلىش توغرىسىدىكى تۆۋەندىكىدەك بەش ماددىلىق تەشەببۇ-



سىنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنى سىياسىي
يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك؛ ب د ت نىڭ رىياسەتچىلىكىدە
بەش دائىمىي ئەزا دۆلەت ۋە ئالاقىدار تەرەپلەر قاتناشقان ئوتتۇرا
شەرق خەلقئارا تىنچلىق يىغىنى ئېچىشنى قوللاش لازىم؛ ئوتتۇرا
شەرقتىكى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مۇۋاپىق ۋە ھەر خىل شەكىلدى-
كى سۆزلىشىشلىرىنى قوللاش لازىم؛ ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلدى-
ۋالغان ئەرەب زېمىنلىرىدىن چېكىنىپ چىقىشى، شۇنىڭغا مۇنا-
سىپ ھالدا ئىسرائىلىيىنىڭ خەۋپسىزلىكىمۇ كاپالەتكە ئىگە قى-
لىنىشى لازىم؛ پەلەستىن دۆلىتى بىلەن ئىسرائىلىيە دۆلىتى
ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشى، ئەرەب مىللىتى بىلەن يەھۇدىي مىللى-
تى تىنچلىقتا بىللە ياشىشى كېرەك. جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا شەرق
مەسىلىسى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ بىر قاتار ئىجابىي
تەشەببۇسلىرى جۇڭگو - ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا
پايدىلىق شارائىت ياراتتى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسرائىلىيىمۇ تەدبىر قوللىنىپ جۇڭگو
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.
ئىسرائىلىيە ئىچكى كابىنېتى 1985 - يىلى مەخسۇس يىغىن
ئېچىپ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنى تەتقىق قىلىپ ۋېيزىمانىنى
بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلدى ھەمدە پۇل ئاجرىتىپ ئون يىل
تاقىلىپ قالغان شياڭگاڭدىكى باش كونسۇلخانىنى قايتىدىن ئاچ-
تى.
80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئىككى دۆلەت
ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت، ساياھەت، سىيا-
سىي پارتىيە - گۇرۇھلار قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇئامىلە تېز
تەرەققىي قىلدى. ئىككى تەرەپتە ھۆكۈمەتلەر ئارا ئالاقىلىشىدى-
غان شارائىت ھازىرلاندى.
1986 - يىلى 3 - ئايدىن 1987 - يىلى 1 - ئايغىچە ئىككى
تەرەپ ئەمەلدارلىرى پارىژدا بىر نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ، ئەمەل-

دارلار ئارا مۇئامىلىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش ئىمكانىيىتى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتى ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۇچرىشىشقا تەييارلىق كۆردى. 1987 - يىلى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋۇشۆچيەن نيۇ - يوركتا ئىسرائىلىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سىمون پېرىس بىلەن كۆرۈشتى. مۇنداق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۇچرىشىشى ئىككى دۆلەت تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئىدى. 1989 - يىلى 1 - ئايدا جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بىلەن ئىسرائىلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى پارىژدا ئۇچرىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرىنىڭ دائىملىق ئۇچرىشىپ تۇرۇشىنى بەلگىلىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمىگە ئاساسەن، جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت بىرلەشمىسى تېلئاۋىفتا باشقارما تەسىس قىلدى ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ تەبىئىي پەنلەر ۋە گۇمانىتار پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېيجىڭدا ئالاقىلىشىش باشقارمىسى تەسىس قىلدى. يۇقىرىقى ئىككى ئورگان 1991 - يىلى دىپلوماتىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتىكى كونسۇل مۇناسىۋىتى تىكلەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدىكى بىر قاتار جىددىي ئۆزگىرىشلەرمۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ ئۆزلىشىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بىرىنچىدىن، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ئوتتۇرا شەرقتىكى قاتتىق قوللۇق تەرەپدارلارنى ئىنتايىن ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، بۇ رايوندىكى تالاش - تارتىشنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كۈچلەرنى كۈچەيتىۋەتتى. مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتتا، ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تىنچلىقنى قوللايدىغان كۈچلەر رولىنى جارىي



قىلدۇرۇپ، مادرىد ئوتتۇرا شەرق يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگو ب د ت نىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىگە قانداق ئارىلىشىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ئەگەر ئۇنىڭغا ئارىلاشسا توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ بىرى بولغان ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بولمىسا بولمايتتى. ئىككىنچىدىن، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى، ھەتتا موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بولدى. جۇڭگودەك چوڭ دۆلەتنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنىڭ بولماسلىقى بارغانسېرى نورمال ئەھۋال بولماي قالدى. ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتمىسا بولمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. مۇشۇنداق «مېۋە پىشىپ ساپىقىدىن ئۈزى ئاجرىغان» ۋەزىيەتتە، جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ياڭ فۇچاڭ 1991 - يىلى 12 - ئايدىكى تېلئاۋىف سەپىرىدە ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى داۋىد لېۋىنىڭ 1992 - يىلى 1 - ئايدىكى بېيجىڭ سەپىرىدە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشنىڭ دىپلوماتىيە تەرتىپلىرى تاماملاندى. ئىككى دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى 1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاخبارات ئىمزالاپ، باش ئەلچى دەرىجىلىك دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو - ئىسرائىلىيە دۆلەتلىرى ۋە جۇڭگو - يەھۇدىي مىللەتلىرى مۇناسىۋىتى تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى.

## پايدىلىنىلغان كىتابلار ۋە ھۆججەتلەر

### چەت ئەل تىلىدىكى ماتېرىياللار:


بېن ساسسون تۈزگەن: «يەھۇدىي خەلقىنىڭ تارىخى»، لوندون 1976 - يىلى نەشرى.

خوۋارىد ساچېر: «ئىسرائىلىيە تارىخى: زىئونىزم گۈللەنگەندىن زامانىمىزغىچە»، نيۇ - يورك 1982 - يىلى نەشرى.

داۋىد ۋىئال: «زىئونىزمنىڭ باشلىنىشى» ئوكسفورد 1980 - يىل نەشرى.

A. كايىالى: «پەلەستىنىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى» لوندون 1978 - يىل نەشرى.

رىنچىپې ئوۋېندال: «ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىنىڭ مەنبەسى»، لونگمان نەشرىياتىنىڭ 1992 - يىل نەشرى.

فلاپان: «زىئونىزم ۋە پەلەستىنلىكلەر»، نيۇ - يورك 1979 - يىل نەشرى.

ناداۋ سافران: «ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە»، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى 1963 - يىل نەشرى.

ۋالتېر لاكۋېر: «زىئونىزم تارىخى»، نيۇ - يورك 1972 - يىل نەشرى.

موسې خېس: «رىم ۋە ئېرۇسالېم»، نيۇ - يورك 1958 - يىل نەشرى.

تېئودور خېرزل: «يەھۇدىيلار دۆلىتى»، نيۇ - يورك، 1946 - يىل نەشرى.

ناخۇم سوكولوۋ: «زىئونىزم تارىخى»، لوندون 1919 - يىل نەشرى.

ئارتۇر خېرزبېرگ: «زىئونىزم ئىدىيىسى: تارىخىي تەھلىل ۋە تاللانما ماقالىلەر»، نيۇ - يورك 1959 - يىل نەشرى.

يوسېف گورنى: «روسىيىنا ۋە دېگانىيەدىن دېموناغىچە: زىئونىزمنىڭ دەسلەپ بەرپا قىلىنىش تارىخى»، تېلئاۋىۋ 1989 - يىل نەشرى.

نىۋېللې ماندېل: «بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەر ۋە زىئونىزم»، كالىفورنىيە 1976 - يىل نەشرى.

دورېن ئىنگرامېس: «پەلەستىنگە دائىر ھۆججەتلەر 1917 — 1922»، لوندون 1972 - يىل نەشرى.

J. خۇرېۋلز: «دۇنيا سىياسىيسىدىكى ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقا»، يالې ئۇنىۋېرسىتېتى 1975 - يىل نەشرى.

سىدنېي فىشېر: «ئوتتۇرا شەرق تارىخى»، نيۇ - يورك 1968 - يىل نەشرى.

لېئونارىد ستېئىن: «بالفور خىتابنامىسى»، نيۇ - يورك 1961 - يىل نەشرى.

راپائىل پاتاي تۈزگەن: «زىئونىزم ۋە ئىسرائىلىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى»، نيۇ - يورك 1971 - يىل نەشرى.

E. كېدورلې بىلەن S. خائىم تۈزگەن: «پەلەستىندىكى زىئونىزم، ئەرەبچىلىك ۋە ئىسرائىلىيە»، لوندون 1982 - يىل نەشرى.

P. جونىس: «ئەنگلىيە ۋە پەلەستىن 1914 — 1948»، ئوكسفورد 1979 - يىل نەشرى.

مارتىن گىلبېرت: «يەھۇدىيلار تارىخىغا دائىر رەسىملەر توپلىمى»، نيۇ - يورك 1993 - يىل نەشرى.

كېنىنىس ستېئىن: «پەلەستىنىدىكى زېمىن مەسىلىسى 1917 — 1939»، شىمالىي كارولىنا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى.

ئارتۇر خېرزبېرگ: «يەھۇدىيلار ئامېرىكىدا»، نيۇ - يورك 1990 - يىل نەشرى.

V. جابوتىنىسكىي: «زىئونىزم رېۋىزىئونىستلىرى نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ»، پارىژ 1926 - يىل نەشرى.

«زىئونىزم تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، تېلئاۋىف ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ زىئونىزم تەتقىقات ئاكادېمىيىسى تۈزۈپ تارقاتقان.

ژ. مارىئوت: «شەرق مەسىلىسى، ياۋروپا دىپلوماتىيە تارىخىنى كۆزىتىش»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1947 - يىل نەشرى.

E. كېدورلې بىلەن S. خائىم تۈزگەن: « XIX ئەسىر ۋە XX ئەسىردىكى پەلەستىن - ئىسرائىلىيە»، لوندون 1982 - يىل نەشرى.

B. ۋاسسېرستېئىن: «ئەنگلىيە ۋە ياۋروپادىكى يەھۇدىيلار 1939 — 1945»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 1988 - يىل نەشرى.

A. گروبمان بىلەن D. لاندېس تۈزگەن: «چوڭ قىرغىنچىلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئوبزورلار توپلىمى»، سىمون ۋىتىسېنتال مەركىزى 1983 - يىل نەشرى.

ئىساك كوۋالىسكىي تۈزگەن: «يەھۇدىيلارنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە دائىر ھۆججەتلەر تاللانمىسى»، نيۇ - يورك 1984 - يىل نەشرى.

گېئورگې كىرك: «1945 — 1950 - يىللىرىدىكى ئوتتۇرا شەرق»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 1954 - يىل نەشرى.

گېئورگې كىرك: «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئوتتۇرا شەرق»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1954 - يىل نەشرى.

«زىئونىزم ئوبزورلىرى» ژۇرنىلى، دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان.



J. خورېۋىز: «پەلەستىننى تالىشىش»، نيۇ - يورك 1950 - يىل نەشرى.

داۋىد بېن گورىئون: «ئىسرائىلىيە جەڭ ئېلان قىلغان يىللار»، نيۇ - يورك 1963 - يىل نەشرى.

«ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى»، 1946 -، 1947 -، 1948 - يىللىرى ۋاشىنگتون، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ باسما ئىدارىسى.

مەھمۇد رىياد «ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقى ئۈچۈن كۈرەش»، لوندون 1981 - يىل نەشرى.

ئاۋىگدورداگان: «موسكۋا ۋە ئېرۇسالېم، ئىسرائىلىيە - سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ 20 يىللىقى»، لوندون 1970 - يىل نەشرى.

ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى: «ئىسرائىلىيىدىكى ئەرەبلەر»، 1952 - يىل نەشرى، ئىبرانىي تىلىدا.

داۋىد شەخىم: «ئىسرائىلىيىنىڭ 40 يىللىقى»، تېلئاۋىف 1991 - يىل نەشرى، ئىبرانىي تىلىدا.

م. ف. شۇكرى، م. ئانىس ۋە م. ل. خالاسلار بىرلىكتە تۈزگەن: «يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىي ماتېرىياللىرى»، مىسىرنىڭ ئانگورو نەشرىياتى 1960 - يىل نەشرى (ئەرەبچە).

ئابدۇساتتار تاۋىل: «ساداتتىن ئاراپاتقىچە — داۋىد ئېفىلىدا»، قاھىرە 1993 - يىل نەشرى (ئەرەبچە).

ئىبراھىم ئاساد: «رۇسلار كەلدى»، مىسىر ھازىرقى زامان كىتابخانىسى 1976 - يىل نەشرى (ئەرەبچە).

ئەنۋەر سادات: «ساداتنىڭ ئەسلىمىسى»، مىسىر «ئەلېھرام گېزىتى»گە 1975 - يىلى 9 -، 10 - ئايلاردا ئۇدا بېسىلغان (ئەرەبچە).

دىلىپ خىرو: «ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىچكى سىرى»، لوندون 1982 - يىل نەشرى.

سۇسان خاتىس رولف تۈزگەن: «ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ سىياسىي لۇغىتى»، ئېرۇسالېم 1993 - يىل نەشرى.

«خەلقئارا ئىشلارغا دائىر دوكلاتلار»، تۆھمەتكە قارشى ئىتتىپاق تۈزگەن، نيۇ - يورك.

نوئالوكاس: «ئىسرائىلىيىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخى»، لوندون 1975 - يىل نەشرى.

داۋىد خوروۋىتىس: «ئىسرائىلىيىنىڭ ئىگىلىكى»، ئوكسفورد 1967 - يىل نەشرى.

ئىسرائىلىيە بانكىسىنىڭ يىللىق دوكلاتى، ئېرۇسالېم.

كىدېئون رافائېل: «تىنچلىق ئۈچۈن: ئىسرائىلىيە تاشقى سىياسىتىنىڭ 30 يىلى»، نيۇ - يورك 1981 - يىل نەشرى.

M. كورتىس بىلەن A. S. گىتېلسون تۈزگەن: «ئىسرائىلىيە 3 - دۇنيادا».

ئىسرائىلىيە مەركىزى ستاتىستىكا ئىدارىسى: «ئىسرائىلىيە ستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ قىسقارتىلمىسى»، ئېرۇسالېم.

N. S. ئېيىسېنستات: «ئىسرائىلىيە جەمئىيىتى»، ئېرۇسالېم 1963 - يىل نەشرى.

J. R. ئىساك: «ئىسرائىلىيىدىكى سىياسىي پارتىيىلەر ۋە سىياسىي»، نيۇ - يورك 1981 - يىل نەشرى.

جۇدىس بېن ئېلېزىر: «شاڭخەيدىن ئايرىلىپ، ئېرۇسالېمغا قايتا ئىگە بولۇش»، ئىسرائىلىيە 1985 - يىل نەشرى.

داۋىد شوئېنبائۇم: «ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1993 - يىل نەشرى.

كامىل مەنسۇر: «ئىتتىپاقتىن ھالقىش: ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى ئىسرائىلىيە»، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى.



## خەنزۇ تىلىدىكى كىتابلار:

ئاپتورى بىرائىن، تەرجىمان نى شيۇجاڭ: «يەھۇدىي مىللىتىنىڭ تارىخى»، شاڭخۇ نەشرىياتى 1939 - يىل نەشرى.

ئاپتورى ئاببا ئېيبەن، تەرجىمان يەن رۇيسۇڭ: «يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىل نەشرى.

ئاپتورى روبېرت سېلىس، تەرجىمان جاۋلىشىڭ: «يەھۇدىيلارنىڭ ئىدىيىسى»، شاڭخەي سەنلىيەن كىتابخانىسى 1994 - يىل نەشرى.

پىڭ شۇجى تۈزگەن: «XX ئەسىردىكى ئوتتۇرا شەرق تارىخى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1991 - يىل نەشرى.

ئاپتورى رىچارد ئېلۇن، تەرجىمان ئەي ۋېيشىڭ: «ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىستىقبالى»، شاڭخۇ نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى.

ئاپتورى بېرنارد لۇئىس، تەرجىمان فەن جۇڭلىيەن: «ھازىرقى زاماندىكى تۈركىيىنىڭ گۈللىنىشى»، شاڭخۇ نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى.

ئاپتورى جونسون باگوت گراب، تەرجىمان خې شىن: «ئەنگلىيە ۋە ئەرەبلەر، ئەللىك يىللىق ئەھۋال ئۈستىدىكى تەتقىقات 1908 — 1958»، دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتى 1963 - يىل نەشرى.

ئاپتورى خاررى ترۇمىن، تەرجىمان لى شى «ترۇمىن ئەسلىمىلىرى»، سەنلىيەن كىتابخانىسى 1974 - يىل نەشرى.

ئاپتورى ئېيزىنخاۋېر، تەرجىمان جىن خەي: «تىنچلىق بەرپا قىلىش»، سەنلىيەن كىتابخانىسىنىڭ 1977 - يىل نەشرى.

شۇ شياڭچۇن ۋە يۇ چۇڭجيەنلەر تۈزگەن: «ئۈچىنچى مۇقەددەس قەسىر، ئىسرائىلىيىنىڭ باش كۆتۈرۈشى»، شىنخۇا

نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى.
جۇڭ دۇڭ تۈزگەن: «ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنىڭ سەكسەن يىلى»، شىنخۇا نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.
ئاپتورى گولدا مېير خانىم، تەرجىمان جاڭ جۇڭيۈەن: «مېير خانىمنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنخۇا نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.
ئاپتورى دائۈيى يوجىرو، ھەربىي ئىشلار پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چەت ئەل ھەربىي ئىشلىرى تەتقىقات بۆلۈمى تەرجىمە قىلغان: «ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىنىڭ تارىخى»، ئازادلىق ئارمىيە نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى.
جى گوشىڭ، چېن خېفىڭ قاتارلىقلار: «2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى 1987 - يىل نەشرى.
ئاپتورى مىچېل بائار، تەرجىمان فۇجىنيۇڭ: «ئالتە كۈنلۈك ئۇرۇشنىڭ مەخپىي تارىخى»، شاڭخەي تەرجىمە ئەسەرلەر نەشرىياتى 1987 - يىل نەشرى.
ئاپتورى ياك دېلور، تەرجىمان سۇن كۇنشەن: «ئىسرائىلىيىنىڭ مەخپىي تارىخى» ئاممىا نەشرىياتى 1988 - يىل نەشرى.
ئاپتورى بائار زوھال، تەرجىمان ليۇ رۇيشياڭ: «ھازىرقى زاماندىكى ئىسرائىلىيىنىڭ ئاتىسى: بېن گۇرىئوننىڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى.
ئىسرائىلىيە ئاخبارات مەركىزى تۈزگەن: «ئىسرائىلىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (خەنزۇچە)، 1995 - يىل نەشرى.
ئاپتورى پاۋل فىندلاي، تەرجىمان ۋۇ جەنرېن: «ئامېرىكىدىكى ئىسرائىلىيەپەرەس كۈچلەرنىڭ ئىچكى سىرى»، جۇڭگو تاشقى ئالاقە تەرجىمە نەشرىياتى شىركىتى 1990 - يىل نەشرى.
جاڭ شىجى ۋە جاۋ خۇيجىي: «ئامېرىكا — ئوتتۇرا شەرق



مۇناسىۋىتى تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1993 - يىل نەشرى.
ئاپتورى خاررى خوۋس، تەرجىمان شياۋ شيەن: «بېگىن ۋە ئىسرائىلىيە دۆلىتى»، يۈننەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1993 - يىل نەشرى.
ئاپتورى موشى دايان، شاڭخەي خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقات ئاكادېمىيىسى تەرجىمە قىلغان: «داياننىڭ تەرجىمىھالى»، شاڭخەي تەرجىمە ئەسەرلەر نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى.
ياڭ مەنسۇ تۈزگەن: «ئىسرائىلىيە تېپىشماقتەك دۆلەت»، دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتى 1992 - يىل نەشرى.
ئاپتورى ھائىم خېرزوك، تەرجىمان فەن يۇچېن: «باتۇر يەھۇدىيلار»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى.
ئاپتورى سىمون پېرېس، تەرجىمان شىن خۇا: «يېڭى ئوتتۇرا شەرق»، شىنخۇا نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى.

بۇ كىتاب شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتىنىڭ 1998-
يىل 2-ئاي 1- نەشرى، 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

مەسئۇل مۇھەررىرى: بارىجان زەپەر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 - يىل 12- ئاي 1- نەشرى
2001 - يىل 12- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 3000 ——1
ISBN7—228—06760—6/K. 958
باھاسى: 22.00 يۈەن